ISSN 1005-0876

# BULAK

# بۇلاق

1993 4



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com













# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
پەسىللىك ژۇرنىلى

14 -يىل نەشرى

ئومۇمىي 45 -سان

1993

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، قۇتلۇق قادىر.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، رەھمەتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتئىي، ئىمىن تۇرسۇن.




1993 - يىل 4 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


لىسانۇتـتەير ...... موللا سىدىق يەركەندى (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام ...... مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ھىرقەتى (89)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرائىل يۈسۈپ

ھېجرىي مەكتۇب ...... (116)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نېمەتۇللا ئەبەيدۇللا


### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


سوپى ئاللايار ھېكمەتلىرىدىن ...... (122)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت


### مەشھۇر كلاسسىكلار


مەشھۇر خەتتاتلار ۋە خەت نۇسخىلىرى ...... ئىبراھىم مۇتىئى (134)


### ئەدەبىي مۇھاكىمە


«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى ...... ئىمىن تۇرسۇن (137)

www.uyghurkitap.com

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

سەيپۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇل - جەمال (داستان) ............................ (145)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتئىمىن تۇردى
پادىشاھ بىلەن موزدۇز (چۆچەك) ............ رەتلىگۈچى: يۇنۇس سەمەت (170)
ھېكايەتلەر .............................. نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇنەۋۋەر تۇردى (175)
ئەپسانىلەر ........................ توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇكېرىم راخمان (181)
رىۋايەتلەر .................. توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇختەر مامۇت مۇھەممەدى (189)
بېيىت - قوشاقلار .............................. رەتلىگۈچى: مويىدىن سايىت (192)

## بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز

ئىستىبداتلىق ئالىم - ئىبراھىم مۇتىئى ........................ مېھرىگۈل تۇرسۇن (194)
تۆھپىكار ئەدىب ۋە تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ........... قادىر ئەكبەر (202)

*          *

رەسسام: ئابلىمىت ئابلىز، مەكىخان.
خەتتات: نىياز كېرىم شەرقىي، قەييۇم مۇتەللىپ.
كۆنچىك ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇ پېيچىڭ.

مۇقاۋىنىڭ 1- بېتىدە: 1991- يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۇمەر ھەييام» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىنغان قىستۇرما رەسىم. رەسسام: ھۈسەيىن بېھزاد (ئىران).

مۇقاۋىنىڭ 2- بېتىدە: ئىستىبداتلىق ئالىم — ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر.

مۇقاۋىنىڭ 3- بېتىدە: تالانتلىق ئەدىب، تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر.

مۇقاۋىنىڭ 4- بېتىدە: ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ بۇخارادىكى ھەيكىلى.

# لسانوت-تەير *



دوللا سمدىق يەركەندى * *

نەشرگە تەييارلغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سورىغان سوئالى

— ئەي مۇبارەك خۇلق ئىگىسى، — دىدى يەنە بىر قۇش ھۆپۈپكە، — نەپسىم ماڭا بىر زالىم دۇشمەندۇر. مەن ھەرقانداق بىر پەرماننى بەجا كەلتۈرمەكچى بولسام، نەپسىم ئۇنىڭغا خىلاپ يول تۇتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ناشايان ئىشلىرىدىن ھەمىشە ئۆزىنى ئەپۇ قىلىدۇ. ئۆزىگە - ئۆزى كەڭ - چىلىك قىلىدۇ. بۇنداق مۇشكۈل يولدا نەپسىم ماڭا دۇشمەن بولسا، مەن بۇ ئۇزۇن ۋە جاپالىق مۇساپىنى قانداقمۇ بىسىپ ئۆتەلەيمەن؟

## ھۆپۈپنىڭ جاۋابى

— ئەي ھىرىسمەن، — دىدى ھۆپۈپ جاۋاب بىرىپ، — سىنىڭ مەزھىپىڭ نەپسانىيەتچىلىك بولۇپتۇ. نەپسىڭ زۇ- لۇم قىلىپ، كۆڭلۈڭنى جاراھەتلەندۈرۈپتۇ. زەئىپ ۋە ناتىۋان بولۇپسەن. نەپسىڭنىڭ ھۆكۈملىرى بارغانسىرى كۈچىيىپتۇ. سەن ئۇنىڭغا كىچە - كۈندۈز ئىتائەت قىلىدى- كەنسەن. نەپسىڭ قانداق پەرمان قىلسا، سەن ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى تەۋە قىلىدى- كەنسەن. ئۇ ساڭا قانچە ئۇستۇنلۇك قىلغانسىرى، سەن ئۆزۈڭنى ئۇنىڭدىن تۆۋەن كۆرسەڭ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ قالىسەن. نەپسىڭنىڭ پەرمانىسىز بىر تىنىقمۇ تىنالمايدىغان، ئۇ نىمىگە

* بىشى ئۆتكەن ساندا.

* * بۇ ئىسىم ئۆتكەن ساندا «ئەلشىر نەۋائى» بولۇپ قالغان، مۇشۇ ساندىكىسى بويىچە تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى سورايمىز.

هەۋەس قىلسا، سەن ئۇنى دەرھال بەجا كەلتۈرىدىغان بولسەن؛ ئۆمرۈڭنى ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن سەرپ قىلسەن؛ ئۇنىڭ ئارزۇسى تەرىپىگىلا قەدەم باسسەن. ئاخىر نەپسىڭ سېنى ئېشەك قىلىپ بېشىڭغا نۇختا سالىدۇ. سەنمۇ ئۇنى ئۇستۇڭگە مىندۇرۇپ، ئۇ قاياققا باشلىسا، شۇ تەرەپكە قەدەم بېسىپ يۈرسەن؛ قەيەردە «توختا!» دېسە، شۇ يەردە ئارام ئالسەن. كىچىك ۋاقتىڭدا نەپسىڭنىڭ ئەسىرى بولۇپ، بىھۇدە ئويۇن - كۈلكىگە ۋە غەپلەتكە پاتقان بولساڭ، مانا ئەمدى يىگىتلىك دەۋرىڭ كەلدى. لېكىن سەن ئۇ ئىشلىرىڭدىن يانمىدىڭ. بىر پەس ئۆز ھالىڭغا كېلىپ ئويلاپ باقمىدىڭ. ئەگەر شۇنداق ئۆتىۋېرىدىغان بولساڭ، قېرىغان ۋاقتىڭدىمۇ ئاشۇنداق بىھۇدە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولسەن، ئۆمرۈڭ پاسىقلىق ۋە گۇناھ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. سېنىڭ پۈتكۈل ئۆمرۈڭ غەپلەت ۋە ئىتائەتسىزلىك بىلەن ئۆتمەكتە. ئەمدى يۈز تۈمەن ئارمان بىلەن ئۆلۈش پەيتىگە يېقىنلاشتىڭ. تەڭرى تائالانىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى يادىڭغىمۇ كەلتۈرمىدىڭ. پاسىقلىق ۋە بويۇنتاۋلىقتىن ئۆزگە ئىشقا ھېچ ئادەتلەنمىدىڭ. پۈتكۈل ئالەمدە ئۆز ئۆمرىنى سېنىڭدەك بىھۇدە ئۆتكۈزگەن غەلىتە مەخلۇقتىن يەنە بىرى تېپىلمىسا كېرەك. سېنىڭ تىرىك ۋاقتىڭدىكى نىيىتىڭ مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، قېنى ئۆلگەندىن كېيىن كۆر، قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىكەنسەن.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

بىر زالىم پادىشاھ بار ئىدى. ئىنتايىن قانخور، بۇلاڭچى ۋە بىھايا ئىدى. دائىم غەرق مەست يۈرەتتى. زالىم نەپسى ئۇنى ھەرقانداق ئىشقا بۇيرۇسا، بويۇن تولغىماستىن تولۇق بەجا كەلتۈرەتتى.

بىر كۈنى ئۇ ئەيش - ئىشرەت جامىدىن مەي ئىچىۋاتقىنىدا، كوچىدىن جەندە كىيگەن ئىككى نەپەر دەرۋىشنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى.

ئۇلار بىر - بىرىگە ھەم دوست، ھەمنەپەس ھەم سىرداش ئىدى. ھەم بىر - بىرىگە مېھرىبان ۋە غەمگۇزار ئىدى. ئۇلار بىر تەرەپكە سەپەر قىلىپ كېتىۋاتاتتى. پادىشاھ ئۇلارنى چاقىرتىپ، بىرىدىن سورىدى:

— سېنىڭ بۇ سەپەرداشىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟ ماڭا ئېيتىپ بەر.

— بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەت، — دېدى ئۇ دەرۋىش پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ، — دوستلۇق، ھەمدەملىك، ھەمكارلىق ۋە بىر - بىرىمىزگە يار - يۆلەكتە بولۇش بارچە ئىشتا ئورتاق بولۇش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت.

— ئەي يولۇچى، — دېدى ئۇ غەپلەت بىلەن مەست بولغان پادىشاھ، — ياخشىلىق جەھەتتە مەن ئارتۇقمۇ ياكى بۇ دوستۇڭمۇ؟

جەندە كىيگەن بۇ دەرۋىش جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي پادىشاھ، مەن ھەر ئىككىڭلارنىڭ ئەھۋالىدىن نېمىنى بىلسەم شۇنى ئەينەن بايان قىلىمەن، ھەر ئىككى ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، بۇ

ھەقتە ئۆزۈڭ ھۆكۈم چىقارغايسەن. ئەي تاجدار، ئالدى بىلەن سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باققىن. سەن گەرچە بىر ئەلگە پادىشاھ بولساڭمۇ، لېكىن ئۆزۈڭ تەڭرى يولىدىن بىخەۋەرسەن. ھەق يولىدىن ئازغان ئادەمسەن. كېچە-كۈندۈز تەڭرىنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا خىلاپ ئىشلار بىلەن مەشغۇلسەن. بۇ دەرۋىش گەرچە گاداي بولسىمۇ، لېكىن تەڭرىنىڭ پەرمانىنى ياخشى ئادا قىلىدۇ. ھەق يولىدىن تاشقىرى قەدەم باسمايدۇ. بەلكى ھەقنىڭ ئەمرىسىز تىن تارتمايدۇ. سەن پادىشاھ تۇرۇقلۇق نەپسىڭگە يېڭىلىپ، خارۇ-زار بولماقتىسەن. بۇ دوستۇم گاداي بولسىمۇ، لېكىن نەپسىنى يېڭىپ ئەسىر قىلدى. بۇ ھاياتلىق ئالىمىدە ئىككىڭلارنىڭ ئەھۋالى شۇكى، بۇ دوستۇم گادايلىقتا، سەن پادىشاھلىقتا ئۆتىسىلەر. ئەمما ئۆلگەندىن كېيىن بۇ گاداي پادىشاھ بولىدۇ؛ سەن بولساڭ گاداي بولىسەن. چۈنكى بۇ توغرا يولدا ماڭدى. سەن غەپلەت ۋە مەستلىك بىلەن ھايات كەچۈردۈڭ.

توغرا يولنىڭ پىر ئۇستازى بولغان بۇ دەرۋىش يۇقىرىقىدەك ھېكمەتلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، پادىشاھ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن سەسكىنىپ ئويغاندى. مەستلىكتىن يېشىلىپ، ھوشيار بولدى. ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، بىدار بولدى. شاھلىقتىن نومۇس قىلىپ، زەرباب تونلىرىنى سېلىۋەتتى. جەندە كىيىپ دەرۋىش بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەڭرىدىن سەزگۈرلۈك يېتىپ، شۇنى بىلىۋالدىكى، ئەسلىدە دەرۋىشلىك ھەقىقىي شاھلىق ئىكەن.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سورىغان سوئالى

يەنە بىر قۇش ئۆز ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلدى:

— لەنىتى شەيتان ھىيلە-نەيرەڭلەر بىلەن مېنى ئۆز قىلتىقىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قەستلەيدۇ، مېنى بىردەممۇ ئۆز ھالىمغا قويمايدۇ، كۆڭلۈمگە ھەر نەپەستە ئۆزگىچە بىر ئالەمنى كەلتۈرىدۇ. بېشىمغا ھەر لەھزە يۈز تۈمەن خىيال-ۋەسۋەسىلەرنى سالىدۇ. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشۇمنىڭ ھېچ بىر ئېھتىمالى يوق. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئىلاجىم بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى بېجىرىشكە مەجبۇرمەن. ئۇنىڭ ۋەسۋەسىلىرى تۈپەيلىدىن شۇ قەدەر بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالدىمكى، ئۇنىڭدىن خالاس بولۇشقا ئەقلىم ئاجىزلىق قىلماقتا.

## ھۆپۈپنىڭ قۇشقا بەرگەن جاۋابى

ھۆپۈپ بۇ قۇشقا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— سېنىڭ نەپسىڭ مەۋجۇتلا بولىدىكەن، شەيتانمۇ ئۇنىڭغا ئادەتتىكى بىر شاگىرت ھېسابلىنىدۇ. نەپسىڭ كۆڭلۈڭگە شۇ قەدەر مەغرۇرلۇقنى ئورنىتىپتۇ، مەنىۋى دۇنيايىڭغا ھېسابسىز زىيان سېپتۇ. بۇنى كۆرگەن شەيتانمۇ ھەيران قېلىپ، ھەسرەت

www.uyghurkitap.com

ۋادىسىدا سەرگەردان بولغۇسىدۇر. سىنىڭ نەپسىڭ قايسى ئىش بىلەن مۇرادىغا يەتسە، شەيتانمۇ دەل شۇ ئىشتىن ئارزۇسىغا قانىدۇ. سەن قايسى ئىشنى نەپسىڭنىڭ پەرمانى بىلەن قىلساڭ، شەيتانمۇ دەل شۇ ئىش بىلەن شاد-خۇرام بولغۇسىدۇر. سەن شەيتاننىڭ ئالدىدا خار ۋە ئاجىز بولدۇم دېمىگىن. بەلكى شەيتان نەپسىڭنى ئۆزىگە رەھبەر سايلاپ، ۋەكىل قىلىپ تەيىنلەپتۇ. شەيتان قانداق ئىشنى ئارزۇ قىلسا، نەپسىڭمۇ شۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. شەيتان بىلگەننى نەپسىڭمۇ بىلىدۇ. شۇنى بىلگىنكى، بۇ دۇنياغا تەئەللۇق ھەرقانداق ئىش بولسا، ئۇنىڭغا شەيتان ئارىلاشماي قالمايدۇ. نەپسىڭنى تەگرى تائالا شۇنداق ياراتتىكى، ئۇنىڭدا يۈز شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى ئورۇن ئالغان. نەپسىڭ ھىيلە-نەيرەڭلەرنى شۇ قەدەر كۆرسەتتۇكى، ئۇنىڭ ئالدىدا يۈز شەيتانمۇ تەڭ كېلەلمەي شەرمەندە بولىدۇ. سەن مۇشۇنداق نەپسىڭ بىلەن ئاشنا بولغان تۇرۇپ، يەنە نېمە ئۈچۈن شەيتاندىن شىكايەت قىلىسەن؟

## ھەزرىتى شەيخ ئەبۇلھەسەن① (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) مۇرىتلىرىنىڭ ھېكايىتى

ھەزرىتى شەيخ ئەبۇلھەسەن خەرەقانىنىڭ بىر مۇرىتى ئۆزىنىڭ سۇلۇك ۋە تائەت-ئىبادىتىدىن نائۇمىد بولۇپ، شەيخىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. مۇرىت ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ شەيخكە مۇنداق دېدى:

— شەيتان ئۆزىنىڭ كۆپ ھۈنەر ۋە مىكىرلىرىنى ئىشقا سالماقتا، كۆڭلۈمگە خۇددى يول توسار قاراقچىدەك كىرىۋېلىپ، مېنى بارلىق ياخشى ئىشلاردىن توسۇماقتا. ئۇنىڭدىن نامىزىمغا قۇسۇر يەتمەكتە. قىلغان ھەر بىر ئىشىمغا زىيان-زەخمەت كەلمەكتە.

— ئەي زالىم، — دېدى شەيخ مۇرىتقا، — سېنىڭ جەبىر-زۇلۇم تىغلىرىڭ بىلەن شەيتاننىڭ دىلىمۇ يارىلاندى. سېنىڭ جەبىر-جاپالىرىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، شەيتانمۇ ھەر خىل گەپلەرنى قىلدى. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «تەڭرى ئەزەلدە ماڭا ھىيلە-مىكىر بىلەن كىشىلەرنى يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشنى نېسىپ قىلغانىدى. مەن ئادەملەرنى گۇناھ ۋە ئىتائەتسىزلىك تەرىپىگە باشلايمەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى ئەيىب-نۇقسان ۋادىسىغا ئېلىپ كىرىمەن. سەنمۇ ئاشۇنداق مۇرىتتىن بىرىنى تەربىيىلەپسەنكى، بۇنداق خۇسۇسىيەتلەر ئۇنىڭدا مەندىن يۈز ھەسسە زىيادىرەك بار ئىكەن. مەن ھەر دائىم ئادەملەرنىڭ ئەڭ يامىنى بولغان بۇ مۇرىتىڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىرەر ۋەسۋەسىنى سالاي دېسەم، مەن قىلدۇرماقچى بولغان يامان ئىش بىلەن ئۇنىڭ ئاللىبۇرۇن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن. ھەتتا مېنىڭ خىيالىمغا كېلىشكىمۇ ئۈلگۈرمىگەن ئىپلاس

① ئەبۇلھەسەن خەرەقانى — خۇراسانلىق مەشھۇر شەيخ. ئۇ مىلادى 1033 — 1034-يىللار ئارىلىقىدا ۋاپات بولغان.

قىلىقلار ۋە قەبىھ قىلمىشلار ئۇنىڭ خاتىرىدە
ئاللىقاچان ئورۇنلىشىپ بولغان بولۇپ
چىققىدۇ.» شەيتان سىنىڭ ھەققىڭدە ئاشۇ
سۆزلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن، ساڭا پىر-
ئۇستاز بولغانلىقىم ئۈچۈن ماڭىمۇ كۆپ
ئاپىرىنلار ئېيتتى. سىنىڭ ئاشۇ مەككار-
لىقىڭ ۋە ھىيلە - نەيرەڭلىرىڭگە كۆپتىن-
كۆپ رەھمەت. چۈنكى ساڭا پىر بولغان-
لىقىم ئۈچۈن مەنمۇ شەيتاننىڭ ،رەھمەت
ۋە بارىكاللىسىغا ئىگە بولۇپ قالدىم.
مۇرىت شەيخكە:
ــ شەيتان ماڭا تۆھمەت قىپتۇ.
ئەسلىدە مىنى يامان ئىشلارغا ئىلھاملان-
دۇرۇپ، يېتەكلىگىنى ئاشۇ ئۆزى ئىدى،ــ
دېدى.
ــ ناھايىتى ياخشى ئىش بوپتۇ،ــ
دېدى شەيخ يەنىلا تەنە قىلىپ،ــ سەن
شەيتان بىلەن بۇ ئىشتا تالاش - تارتىش
قىلىۋاتىسەن. مەن ئىككىڭلارنىڭ ئاراڭلارغا
چۈشۈپ، ھەر بىرىڭلارنىڭ ئەرزىڭلارنى
ئاڭلىدىم. ئەمدى بۇ دەۋايىڭلارغا ھۆكۈم
چىقارغۇچىمۇ بولۇپ بېرەي. مېنىڭ
ھۆكمىم شۇكى، سەن شەيتاندىن يۈز
ھەسسە ئارتۇقراق ئۇياتسىز ئىكەنسەن.

## يەنە بىر قۇشنىڭ سوئالى

ــ ئەي مۇبارەك ھۆسن ئىگىسى،ــ
دېدى يەنە بىر قۇش ھۆپۈپكە،ــ كۆڭلۈم-
گە مال - مۈلۈكنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى نا-
ھايىتى چىڭ ئورناپ كېتىپتۇ. پۇل - مالغا
ئېرىشىش خىيالى ماڭا ھۇزۇر - ھالاۋەت
بېغىشلايدۇ، ئۇنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازىدىن
كۆڭلۈم شادلىققا چۆمىدۇ. ئەگەر قولۇمدا
بىر نەپەس ئالتۇن - كۈمۈش بولمىسا، مې-
نىڭ ھىجران ئازابىدىن ئۆلگىنىم شۇ.

## ھۆپۈپنىڭ جاۋابى

ــ ئەي نادان،ــ دېدى ھۆپۈپ جا-
ۋابەن،ــ سەن ھەقىقەتتىن يىراقلىشىپ
كېتىپسەن. دەرەم (پۇل) نىڭ پىراق ئازابى
جېنىڭنى جاراھەتلەندۈرۈپتۇ. ھېرىسمەنلىك
شارابى كۆڭلۈڭنى مەست قىلىپ بوپتۇ. بۇ
مەستلىك سەۋەبىدىن سەن نەپسىڭنىڭ قولىغا
قاراشلىق بولۇپ قاپسەن. سەن ھە دېسىلا
پۇل - مالنىڭلا كېپىنى قىلىدىكەنسەن. بۇ
قانداق گەپ؟! بۇنداق قىلىق ئادەملەرنىڭ
ئىشى ئەمەس. بۇنداق قىلىقتىن ئادەملەر نو-
مۇس قىلىدۇ. خىجىل بولىدۇ. بۇ قىلىق پەقەت
چاشقانلارغا خاس، چاشقانلار ئىنتايىن كۆپ
تىرىشچانلىقلار بىلەن يەرنى قېزىپ، لەخمە
كولايدۇ. بۇ پەس قىلىقلىرى تۈپەيلىدىن
يەر ئاستىدا خارۇ زار بولۇپ ياشايدۇ.
نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ تىنىم تاپماي
ساراي - ھۇجرىلارغا قارىتىپ تۆشۈكنى تې-
شىۋېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىرەر ئۆيدىن
تۆشۈك ئېچىلىدۇ. بۇ پەيتتە ئۆينىڭ بۇلۇ-
ڭىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان مۈشۈك تۇيۇقسىز
ئېتىلىپ چىقىدۇ - دە، ھىممىتى پەس چاش-
قاننى خۇددى ئىت تېرە ئۇستىدىكى تەي-
يار گۆش ۋە قاننى يېگەندەك ئاسانلا تۇ-
تۇپ يەۋېتىدۇ. سىنىڭ بۇ ئىشىڭ يەنە بىر
جەھەتتىن يىلاننىڭ ئىشلىرىغا ئوخشايدۇ.
يىلانمۇ خەزىنە ھەۋىسىدە لەخمە يىللاپ

www.uyghurkitap.com

تۇپراق ئالدىدا ساقلاپ ياتىدۇ. ئاقىۋەتتە
بۇ تەتۈر پەلەك ئۇنىڭغا شۇنداق بىر ئادە-
تىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ-دە، ئۇنىڭ بېشىنى
يانجىپ تاشلايدۇ. ئەي نىجىس، سەنمۇ
پاكى يىلان بولغىن ياكى چاشقان بولغىن.
چۈنكى سېنىڭ تەبىئىتىڭ خەسىسلىك؛ خە-
سىسلەرگە قاچانمۇ ئاسايىشلىق بولۇپ باق-
قان؟ ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، بېخىل ئادەت
ياخشى ئەمەس. سەن ئالتۇن-كۈمۈشنى
دوست تۇتۇپ، شۇنىڭ ئىشتىياقى بىلەن
مەست بولۇپ كېتىپسەن. ئۆزۈڭنىڭ جاھىل-
لىقىڭ تۈپەيلىدىن ئالتۇن-كۈمۈشنى ئۆزۈڭ-
نىڭ چوقۇنىدىغان مەبۇدى قىلىۋاپسەن. بە-
ئەينى ئىسلامنى تاشلاپ بۇتپەرەس بولۇپ-
سەن. بىلىمسىزلىكىڭ تۈپەيلىدىن جەننەت-
تىن يۈز ئۆرۈپ، دوزاخقا قاراپ يول ئاپ-
سەن. سەن بۇ جاھان بىغىدا هايات بولساڭلا
كۆڭلىڭنى دىشۋارچىلىق بىلەن ئۆتكۈسىدۇر.
پۇل-مالغا ھېرىسمەنلىكىڭ ۋە شەيدالىقىڭ
بىلەن ئاقىۋەت رەسۋالىقتا ئۆلۈپ تۈگىش-
سەن. مەن سېنى چاشقان دېمەي، قارۇن①
دېسەممۇ، يىلان دېمەي ئەفرىدۇن② دەپ
بىلگەن تەقدىردىمۇ سەن يەنىلا بەربىر
ھەممىنى تاشلاپ، بۇ دۇنيادىن كېتىسەن.
ئۇلار نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى چېكىپ،
خەزىنە-دەپىنىلەرنى تۇپلىغان بولسىمۇ،
لېكىن ئاقىۋەتتە ئۇلارنىڭ بىرىگىمۇ ئىگە
بولالماي، ئۇ دۇنياغا كەتتى. سېنىڭ ئاق-
ۋىتىڭمۇ ئاشۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە
بۇنداق ھاۋايۇ-ھەۋەسلەرنى بېشىڭدىن چى-
قىرىۋەتكىن. بېشىڭنى بۇ قاتتىق تاشلاردىن
قۇتقۇزۇپ نىجات تاپقىن. ئەگەر ئەركەك
بولساڭ ئەسلى مەقسەتنى كۆزلىگىن، ھەر-
قانداق سۆز قىلماقچى بولساڭ، ئەسلى مەق-
سەتنى سۆزلىگىن. ئۆز نۇقسانىڭ تۈپەيلى-
دىن ئۆز جېنىڭنىڭ ئۇۋالىغا قالىدىغان ئىش-
نى قىلمىغىن.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

بەسرە شەھرىدە بىر يارىماس، بې-
خىل كىشى بار ئىدى. ئۇ نادانلىق بىلەن
ئالتۇن-كۈمۈش يىغىشتا تەڭداشسىز ئىدى.
دۇنيا ۋە مال-مۈلۈك يىغىشتا ئۇنىڭ بې-
خىللىق داڭقى ھاتەمنىڭ سېخىيلىق داڭ-
قىدىنمۇ كەڭرەك تارقالغانىدى. ئۇ ئاچكۆز
كىشى كۆپ جاپا-مۇشەققەتلەرنى چېكىپ،
ئۈستى-ئۈستىلەپ ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى
توپلايتتى. ئۇنىڭ توپلىغان مال-دۇنيالى-
رى ھەددۇ-ھېسابسىز كۆپەيدى. ئۇ ئاچ-
كۆز يەر ئاستىدا يوشۇرۇن خەزىنىلەرنى
تەييار قىلىپ، مال-مۈلۈك ۋە ئالتۇن-
كۈمۈشلەرنى يوشۇراتتى. شۇنچىۋالا بايلىق-
لارغىمۇ كۆزى تويمىغان بۇ پەس مىجەز-
لىك كىشى بىرەۇنچە، ئالتۇن، تىللا ۋە قىم-
مەت باھالىق جاۋاھىراتلارنى يىپقا ئۆتكۈ-
زۈپ بويىنغا ئېسىۋالغانىدى. بۇ بايلىقلارنى
ئۇ تويمىغۇر ئادەم خۇددى پەلەك كۈندۈزى

① قارۇن — قەدىمدە ئۆزىنىڭ بايلىقى ۋە خەسىسلىكى بىلەن پۈتكۈل دۇنيادا داڭ چى-
قارغان بىر شەخس.
② ئەفرىدۇن — ئىران پىشدادىيلار سۇلالىسىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد پادىشاھى. ئۇ نۇرغۇن
مەملىكەتلەرنى ئالغان، ھېسابسىز كۆپ مال-دۇنيا ۋە خەزىنىلەرگە ئىگە بولغان.

يۇلتۇزلارنى يوشۇرغاندەك يوشۇرۇپ، بويـ
ندا ساقلايتتى. ئۇ كـۆڭلـدە: بۇ بايلىقلار
مېنىڭ تېنىمنىڭ قۇۋۋىتى، جېنىمنىڭ ساقـ
لىقى ۋە راھەتىدۇر دەپ ئويلايتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كىشى مال سوـ
دىسى بىلەن دەريا لېۋىگە باردى. بىردىنچە
هارام بايلىقنى قولغا چۈشۈرۈشنى كۆڭلىگە
پۈكۈپ، ئۇ يەردە ساقلاپ تاماق يېدى.
ئاندىن قولىنى يۇماقچى بولۇپ دەريا سۈ-
يىگە ئېگىشكەنىدى، بويىندىكى ئالتۇن ۋە
تىللا جاۋاھىرلىرى ناھايىتى ئېغىر بولغانـ
لىقى ئۈچۈن ئۆزىنى رۇسلىيالماي دەرياغا
چۈشۈپ كەتتى. بۇ قىلىقسىز كىشى ئۆزى
ئېسىۋالغان بايلىقلارنىڭ ئېغىرلىقـى بىلەن
هايال ئۆتمەيلا دەريا تېگىگە چۆكۈپ كەتـ
تى. ئۇ نەسلى پەس قانچە تىپىرلاپ باقـ
تى، بىرەرسىنىڭ ئۆزىگە ئارغامچا تاشلاپ
بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ، جېنىنىڭ بارىچە
تەلپۈندى. ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ يارىماسنى
دەريادىن سۈزۈۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىپ
بولغىچە، ئۇنىڭ ئېسىۋالغان بايلىقلىرى
ئۇنى شۇنچە تېزلىكتە سۇ ئاستىغا ئەكىرىپ
كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئېسىۋالغان ئالتۇن-
تىللالىرى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. شۇڭا ئۇ
كىشى سۇ تېگىدە مال-دۇنيا قاتارىدىكى
سەدەپكە ئوخشاش قېپقالدى.

ئۇ ئادەمنىڭ جېنىغا ئاپەت يەتكۈز-
گىنى ئەلۋەتتە ئۆزى يىغقان بايلىق ئىدى.
ئۇنىڭ يوشۇرۇپ قويغان يەر ئاستىدىكى
خەزىنىلىرىمۇ بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرىدى. ئالـ
تۇن-كۈمۈش يىغىشنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە
شۇنداق مۇدھىش بولىدۇ. سەن ئۇنىڭ سەۋ-
داسىدىن قول ئۈزگىن، بايلىق تەرەپـ
ھەرگىز مايىل بولۇپ كەتمىگىن، چۈن
بايلىق دېگەن — يوقلۇق دېڭىزى بولـ
دۇنيانىڭ گىردابىدۇر.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئال سورىغانلىقى

يەنە بىر قۇش ھۆپۈپكە سوئال قوـ
يۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەي ئالىي مەرتىۋە ئىگىسى، مېـ
نىڭ تۇرىدىغان ئورنۇم بېھىشتەك گۈزەل
بىر جايغا ئورۇنلاشقان. ئۇ جايدىكى ھەربىر
كۆچەت تۇبى① دەرىخىدەك گۈزەل، ھەمـ
مە تەرەپتىن كەۋسەردەك لەزىز ۋە سۈزۈك
سۇلار ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەرنىڭ راھەتـ
بەخش ھاۋاسى ۋە لەززەتلىك غىزاسى
جاننى ياشنىتىدۇ. ئۇ يەرنىڭ ئېتەكلىرى
جەننەت بېغىدەك كەڭرى، ئوتتۇرىسىدا
بىر ئالىي قەسىر بىنا قىلىنغان. ئۇ قەسىر-
نىڭ ئىچى ئالتۇن نەقىشلەر بىلەن زىننەتـ
لەنگەن. سىرتى بولسا ھەرخىل قىممەت
باھالىق تاشلار بىلەن ياسىلىپ، گۈل چېكىلگەن.
ئۇنىڭ ئۈستىگە گۆھەر، ياقۇتلاردىن كۆز قويۇپ
بېزەلگەن. ئۇ ئالىي قەسىر ئىچىدە بىر پاـ
دىشاھ ئارام ئالىدۇ. ئۇ پادىشاھ ھۆسن-
جامالدا تەڭداشسىز، نەسىل-نەسەبتە ۋە
ئەخلاق-ئەدەبتە كۆڭۈلدىكىدەك كىشى. مەن
ئۇ گۈلشەن ئىچىدە ئاشۇ پادىشاھ بىلەن
بىللە تۇرىمەن. ئۇ پادىشاھقا كېچە-كۈنـ
دۈز ھەمراھ بولۇمەن. مەن بولمىسام ئۇ پادىشاھ
بىردەممۇ تۇرالمايدۇ. مەن ئەنە شۇنداق
بىر پادىشاھنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشكەن تۇرۇپ،
يەنە بۇ شادلىقنى تاشلاپ، سىمۇرغنى ئىز-
دىسەم توغرا بولامدۇ؟

---

① تۇبى — جەننەتتىكى گۈزەل ۋە كاتتا بىر دەرەخ.

www.uyghurkitap.com

## ھۆپۈپنىڭ جاۋابى

ــ ئەي خام خىيال قىلغۇچى، ــ دې-
دى ھۆپۈپ ئۇ قۇشقا، ــ بۇ خىيالىڭ ۋە
بۇ سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسى ھېچنېمىگە ئەر-
زىمەيدۇ. گەرچە سېنىڭ كۆزۈڭگە ئۇ گۈل-
شىنىڭ شۇنچە گۈزەل، يېقىملىق كۆرۈنگەن،
ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بىلەن سۈيى شۇنچە
پاك بىلىنگەن، كۆز ئالدىڭدا ئۇ يەرنىڭ
دەرەخلىرى تۈبى دەرىخىدەك نامايان بول-
غان، گۈللىرى ساقا ناز-كەرەشمە قىلغان-
دەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گۈللەر-
نىڭ ھەممىسى ۋاپاسىز، بۇ سەرۋى ھەم
سۇمبۇل دەرەخلىرىمۇ ئۇ يەردە تۇراقسىز-
دۇر، مەڭگۈلۈك ئەمەستۇر. قاچانكى كۈز
پەسلى كېلىپ، ئۇ گۈلشەننىڭ باھارىنى
نابۇت قىلغىنىدا، ئۇ گۈللەرنىڭ ھەممىسى
تۇزۇپ، قارا تۇپراق بىلەن تەڭ بولىدۇ.
ئۇ يەردىكى ئالىي قەسىرنىمۇ پەلەكنىڭ
گەردىشى ئاشقىلارنىڭ كۆڭلىدەك بۇزۇق
ھەم ۋەيرانە ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇ
قەسىردىكى پادىشاھنىمۇ دەۋراننىڭ جاپاسى
ئاخىر بىر كۈنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، تاختى-
غا① ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇ باغ گويا گۈزەل-
لەردەك ۋاپاسىز، ئۇ يەردىكى پادىشاھمۇ
گويا بىۋاپالاردەك تۇراقسىزدۇر. سەندەك
ئاجىز ناتىۋاننى ئۇ يەردە كىم سورايتتى.
سەن ھەتتا ئۇ گۈلشەننىڭ بىرەر تىكىنىچە-
لىكمۇ ئېتىبارغا ئىگە بولالمايسەن. ئەگەر
مەرد بولساڭ، ئەبەدىلىك كوھىقاپىغا قاراپ
سەپەر قىلغىن. ئۇ جاينىڭ يۈكسەك تەختى-
دىكى پادىشاھنىڭ ۋىسالىنى ئىستىگىن.
چۈنكى بۇ گۈلشەننىڭ كامالىتى شۇ
يەردىن كەلگەن. باھارمۇ شۇ يەردىن،
خازانمۇ شۇ تاماندىن كەلگەن. پۈتكۈل
پادىشاھلارنىڭ گۈزەللىكى ئاشۇ شاھنىڭ جا-
مالىدىن، مەنسەپ ھەشمىتى ئۇنىڭ بۈيۈك-
لۈكىدىن كەلگەن. پۈتكۈل قەسىرلەر ئاشۇ
شاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن ئاۋات بولغان. يە-
نە ئاشۇ شاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ۋەيران
بولىدۇ.

## مەسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

بىر قەلەندەر بار ئىدى. دائىم مەست-
گاراڭ يۈرەتتى. ئۇ بەڭ خىيالى بىلەن
ئۆزىنى يوقاتقانىدى. كېچە-كۈندۈز بەڭ
چېكىپ ھوشسىز يۈرەتتى. ئۇنىڭ كۆرۈ-
نۈشى خۇددى بۇ ئالەمنى تەرك ئەتكەن بىر
شەيخكە ئوخشاپ كېتەتتى. ئەمما ئۇنىڭ كې-
چە-كۈندۈز خىيال قىلىدىغىنى شاراب بى-
لەن نەشە ئىدى. بەڭ چېكىپ مەست بولۇپ،
قۇرۇق خىياللارنى قىلاتتى. خىيال بىلەن
راھەتلىنىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ، بەڭنى ئادەت-
تىكىدىنمۇ كۆپرەك ئىستېمال قىلىپ، سەيلە
قىلىش ھەۋىسى بىلەن بىر خارابىلىققا
يېتىپ كەلدى. ئۇ بىر ئەسكى تامغا يۆلە-
نىپ ئولتۇرۇپ، خىيالەت ئالىمىنىڭ سىر-
ئەسرارلىرىنى سەيلە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ
مەستلىكتە ئۆزىنى بىر گۈلشەندە دەپ خى-
يال قىلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بارلىق ئەيشى

① تاختا ــ بۇ يەردە تاۋۇت تاختىسى كۆزدە تۇتۇلغان.

ئشرەت، كەيپ ـ ساپا ئەسلەھەلرى
تەپمۇ تەق تۇرغانمش. ئۆزى بر ئالي
قەسردە ئورۇنلاشقانمش. ئۇ قەسر كۆر-
كەملكتە ۋە زىبۇ ـ زىننەت جەھەتتە مەش-
ھۇر رەسسام مانىينىڭ سۇرەتخانىسىدنمۇ
گۈزەلمش. ئۇ بەگگى بارا ـ بارا ئۆزىنى
شاھ جەمشدنىڭ تەختدەك ئالي بىر تەخت
ئۈستدە ئولتۇرغاندەك ھىس قلدى. ئۇنىڭ
يېنىدا بىر گۈل يۈزلۈك گۈزەل قىز بار-
مش. ئۇ ئاشۇ قىز بلەن ئەيش ـ ئشرەتكە
مەشغۇل بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇرادىنى ھا-
سىل قلىۋاتقانمش. ئۇ بەگگى ئاشۇنداق
خىيال بلەن ئۆزىنى ئالي تۆشەكتە لەز-
زەتلنىپ يېتىۋاتىمەن دەپ بلەتتى. ئەمە-
لىيەتتە ئۇ يەنىلا ئاشۇ كونا تاملىقتا ئىدى.
ئۇ ھوشسىزلىقتا بۇ كونا تاملىقنى ئالي
قەسر دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

ئۇ ۋەيرانە جاينىڭ بۇلۇڭىدىن بىر
چايان چىقىپ كەلدى. ئۇ زەھەرلىك نەش-
تىرىنى ھەر تەرەپكە سانجىپ، ئەتراپىنى
ئايلىنىپ، ھېلىقى قەلەندەرنىڭ يېنىغا كەل-
دى. چايان ئۇنىڭغا ھەر تەرەپتىن نەشتەر
سانجىشقا باشلىدى. ئۇ قەلەندەر يەنىلا
ھېلىقى گۈل يۈزلۈك قىز بلەن سۆيۈشۈ-
ۋاتىمەن دەپ خىيال قىلاتتى. چايان
ئۇنىڭ ئەرلىك ئەزاسىغا نەشتەر سانجىدى.
لېكىن ئۇ بەگگى بۇنى بىلمەستىن ئۆزىنى
ئاشۇ گۈزەل قىزنىڭ ۋىسالىدىن لەززەت
ئېلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن پۈتكۈل ئارزۇلى-
رىغا قېنىپ، كۆڭۈل ئىستەكلىرىنى تامامەن

ھاسىل قىلىۋاتقاندەك سېزەتتى. بارا ـ بارا
ئۇنىڭ تېنىگە چايانىڭ زەھىرى ئۆز تە-
سىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. قەلەندەر
ھوشىغا كېلىپ، تېپىرلاشقا باشلىدى. ۋار-
قىراپ نالە ـ پەرياد كۆتۈردى. ئورنىدىن
تۇرۇپ، ئىزتىراپقا چۈشۈپ، بىتاقەت بو-
لۇشقا باشلىدى. نەزمە:

نې گۈلۈ گۈلشەن ئىدى، نې قەسرۇ تەخت،
نې يانىدا مەھۋەشى فىرۇزە بەخت.

قەلەندەر قارىسا، ئەتراپىدا گۈلمۇ
يوق، گۈلشەنمۇ يوق، يېنىدا ئاي يۈزلۈك
گۈزەلمۇ يوق ئىدى. بۇ پاسىق خىياللار-
نىڭ ھەممىسى ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ.
لېكىن تېنىدە چايانىڭ زەھىرى قېپقاپتۇ.
شۇندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان خى
ياللىرىنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى
چۈشەندى. ئەمما ۋاقتى ئۆتكەندە قىلغان
پۇشايماننىڭ تېرىقچىلىك پايدىسى بولمىدى.

ئەي غاپىل، ساڭمۇ راستىنلا ئاشۇن-
داق ئەھۋال دۇچ كەپتۇ. مېڭەڭگە بۇزۇق
خىياللار كىرىۋاپتۇ. قاچانكى ساڭمۇ
ئەجەل نەشتىرى سانجىلغاندا، ئاندىن غەپ-
لەت ئۇيقۇسىدىن سەسكىنىپ ئويغىنىسەن.
ئۇ چاغدا قىلغان پەرياد ـ پىغانلىرىڭ قىل-
چىلىك ئەسقاتمايدۇ. كېيىن ئەھۋالنى بىل-
گىنىڭدە نېمىشقا ئۇ پادىشاھتىن يىراق
چۈشكەندىمەن، دەپ، جېنىڭنى پىتراق
ئازابى چىرمىۋالىدۇ.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئال سورىغانلىقى

ــ ئەي ئىشق ئالىمىنىڭ تەڭداشسىز
دانىشمەنى، ــ دېدى يەنە بىر قۇش ھۆ-

پۈپكە، ــ ئىشق ـ مۇھەببەت كۆڭلۈمنى شۇ
قەدەر چۇلغىۋالدىكى، مەشۇقۇم جامالىنى

بىردەم كۆرمىسەم، كۆزۈمگە شۇ ھامانلا جاھان قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭسىز بىر نەپەس چىداشقىمۇ تاقىتىم يوق. ئۇنى كۆرمىسەم دەردۇ غەم ئىچىدە خۇدۇمنى يوقىتىپ قويىمەن. ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈش مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم، ئۇنىڭ ۋىسالى مېنىڭ كۆڭۈل ئارامىم. ئۇنىڭ ئىشقىغا شۇ قەدەر مۇپتىلا بولدۇمكى، ئۇنىڭدىن ئايرىلسام شىددەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتكە قالىمەن. ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاپ تۇرمىسام، جېنىم تېنىم بىلەن ۋىدالىشىدۇ. دىلىم ئۇنىڭ پىراقىدا خەستە، جېنىم ئۇنىڭ ۋىسالىغا تەشنادۇر. ئۇنىڭ پۇرقىتىدىن جېنىمغا زۇلۇم-كۈلپەت يۈزلىنىدۇ؛ قىلىدىغان ئىشىم كېچە-كۈندۈز نالە-ئەپغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن بىر دەممۇ ئايرىلمايمەن. ئۇنىڭ ۋىسالىدىن مەھرۇم بولۇش مەن ئۈچۈن ئۆلۈم دېمەكتۇر. ئۇ گۈزەلنىڭ ئىشقىدىن قانداق خالاس بولىمەن؟ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قاياققا بارىمەن؟

## ئۇ قۇشقا ھۆپۈپنىڭ بەرگەن جاۋابى

— ئەي جېنى ئۆرتەنگەن ئاشىق، — دېدى ھۆپۈپ ئۇ قۇشقا، — قىلىدىغان ئىشىڭ ھەممىسى كۆيۈپ-پىشىپ يۈرۈشتىن ئىبارەت ئىكەن. كۆڭلۈڭگە مەجازىي ئىشق ئوت سالغانلىقى ئۈچۈن، ھەقىقىي ئىشقتىن يىراقلاپ كېتىپسەن. سېنىڭ كۆڭلۈڭنى پىراق يالقۇنى ئۆرتەپتۇ. چۈنكى سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئەسلى يولدىن چەتلەپ كېتىپتۇ، چىغىر يولغا قاراپ يۈرۈشكە باشلاپتۇ. سەن ئابىھايات (تىرىكلىك سۈيى) نى ئىچمەستىن، ئۇسسۇز ھالدا ئۆتۈپ كېتىپسەن. ئۇنى ئۆزۈڭ تەرك قىلىپ، يەنە تەشنالىق، ئۇسسۇزلۇقىڭنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىپسەن. كۆڭلۈڭ تەڭداشسىز گۆھەرنى بىلمەستىن، مۆلدۈر تەرەپكە مايىل بولۇپ قاپتۇ. شەرق قۇياشىدىن يۈز ئۆرۈپ، شام يورۇقىغا مەھلىيا بولۇپسەن. كۆرۈنۈشتىكى گۈزەللىككە ئالدىنىپ، مەنىۋى گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولالماپسەن. تاشقى گۈزەللىكنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى رەڭدارلىق پەقەت قان بىلەن بەلغەمدىنلا ئىبارەت. بۇنداق ھۆسن-جامالنى ماختاپ ئولتۇرما. چۈنكى ئۇلارنىڭ يۈزىدىكى ئاق ۋە قىزىللىق ئەمەلىيەتتە بەلغەم بىلەن قاندىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭدا ۋاپا بولمايدۇ. بۇنداق گۈزەللىكنىڭ ساپاسى ۋە ئەبەدىيلىكى پەقەتلا يوق. بۇخىل گۈزەللىك ئاشىق ۋە شەيدا بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ. بۇنداق ئىشق كىشىنى رەسۋاچىلىقتىن باشقا تەرەپكە ئېلىپ بارالمايدۇ. ئۇنىڭدا ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك داۋاملىق بولۇۋەرمەيدۇ. چۈنكى بۇخىل گۈزەللىك ئۇلارغا ئارىيەت بېرىلگەن. شۇڭا ئۇلارنى بۈگۈن گۈزەل دېسەڭمۇ، ئەتە يەنىلا گۈزەل بولالمايدۇ. بۇنداق چىراي ۋە گۈزەللىك مەڭگۈلۈكقا يارىمايدۇ. سەن شۇنداق زاتنى دوست تۇتقىنكى، ئۇنىڭ ھۆسن-جامالى ھەمىشە ۋە ئەبەدىلئەبەد بەركامال بولۇپ تۇرسۇن. قۇياش يۈزىدىكى گۈزەللىك ئەبەدىي زاۋال تاپمىغاندەك، ئۇنىڭ گۈزەللىكى مەڭگۈلۈك بولسۇن. ئۇ زاتقا سەندەك يۈز مىڭلىغان كىشىلەر ئاشىق بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئاشىقلىقىغا لايىق بولالمايدۇ،

ھەربىر ئاشىق ئۇنىڭ ئۈچۈن يۈزلەرچە جان پىدا قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەۋەسنى يەنە شۇنچە يۈزلىگەن جانلارنى پىدا قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايات

ئەرەستۇنىڭ بىر شاگىرتى بار ئىدى. دائىم دەرس ھالقىسىدا ئۆگىنىشكە مەشغۇل ئىدى. ئەرەستۇ ھېكىم ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدە ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك ياقتۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ياخشى تەربىيە قىلىپ، بارلىق مەخپىي ئىلىملەردىن تەلىم بېرەتتى، ئۆگىتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يىگىت ئەرەستۇنىڭ تۆت يۈز ھېكىم ۋە ئالىم شاگىرتلىرى ئىچىدە ھەممىدىن بىلىملىك، بارچىسىدىن دانا بولۇپ يېتىشتى. ئىلىم-ھېكمەتتە ئەرەستۇدىن قالىسىلا ئاشۇ يىگىت تۇراتتى. ئەرەستۇ ھېكىمنىڭ كۆڭلىدە: «بۇ يىگىتنى ئىسكەندەرگە خاس مۇلازىم قىلىمەن» دېگەن خىيالى بار ئىدى. ئۆزى بىر ياقلارغا كەتكەندە بۇ شاگىرتىنى ئۆز ئورنىدا ئورۇن باسار قىلىپ قالدۇرماقچى ئىدى. بۇ يىگىتنى ئۆزىنىڭ مول ھېكمەتلىرى بىلەن ئەپلاتۇنغا ھەمكار بولۇپ، ئىسكەندەرگە ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ دانىشمەن شاگىرت بىر يول بىلەن سىرتتىكى بىر يەرگە باردى. شۇ تۇپەيلىدىن ئۇ بىرسىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى. ئۇ ئاي سۈپەت گۈزەل قىز ئىنتايىن تاش يۈرەك ئىدى. ئۇ ناز-كەرەشمە بىلەن كۆيپارلار بۇتخانىسىدىن چىقتى. يۈزىدىن نىقابىنى ئېلىپ، بۇ شاگىرتنىڭ دىلىنى ۋە ئىمانىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. بۇ يىگىت ئۇ كۈمۈش تەنلىك نازىنىننى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولدى. ئۇنىڭ ئىشقىدا زار بولدى. شۇندىن كېيىن يىگىت ئۇ قىزنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە بەل باغلاپ، نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار بىلەن ئارىغا كىشى قويدى. ھەددۇ-ھېسابسىز خەزىنە ۋە جاۋاھىراتلارنى خەجلەپ، ئۇ دىلرەبانى ئۆزىگە رام قىلدى. ئاخىر نىكاھىغىمۇ ئالدى. يىگىت بۇ گۈزەل سەنەمنىڭ ۋىسالىغا يەتكەندىن كېيىن، خۇددى كۆيپارلار بۇتپەرەس بولغاندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇ گۈزەل قىزغا بېرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭغا شۇ قەدەر شەيدا ۋە مەھلىيا بولۇپ كەتتىكى، كىتاب سەھىپىلىرىگە قاراپمۇ قويماستىن، ئاشۇ گۈزەلنىڭ چىرايىغا قاراپلا كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولدى. ئۇنىڭ رۇخسارىدىن بىردەممۇ كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئۇ ئۆز ئايالىغا مەستانە بولۇپ كەتكەچكە ئۆگىنىشتىنمۇ توختىدى.

ئەرەستۇ بۇ شاگىرتىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇنى پەند-نەسىھەت بىلەن ئوقۇشقا دەۋەت قىلماقچى بولدى. قانچە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يىگىتكە تەسىر قىلمىدى. ئۇ يىگىتكە نەچچە يىلدىن بېرى ئۆگەتكەن ئىلىم-ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىسى زايا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ تەڭداشسىز ئالىم قانچە-قانچە چارە-تەدبىر ۋە ئوي-پىكىرلارنى قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئىشقا ئۇنۇملۇك بىر چارە قىلالمىدى. ئەرەستۇ ئاخىر بىر چارىنى ئويلاپ چىقتى. بۇنى ئۇ شاگىرتىدىن مەخپىي تۇتتى.

ئەرەستۇ پەيتىنى پايلاپ تۇرۇپ، بىر

www.uyghurkitap.com

خەتەرلىك دورىنى ئۇ گۈزەل نازىنىنغا يېگۈزۈۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئاي يۈزلۈك جانان ئاھۇ-ئەپغان قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ جىسمىغا زەئىپلىك ئۈستىگە زەئىپلىك يۈزلەندى. ئاغرىق ئازابىدىن ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىشقا باشلىدى. ئۇ يىگىت قانچىلىغان چارە-تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى. يىگىت ئايالنىڭ نالە-پەريادىغا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇنىڭ رەنجۇ ئازابلىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ، يۇقىرى چەككە يەتتى. يىگىت شۇندىن كېيىن بىچارە بولۇپ، ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كەلدى. خىجالەتچىلىك ۋە قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئۇستاز ئەرەستۇ بۇ شاگىرتىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شاگىرتىنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— سەن بۈگۈن ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىگە بېرىۋەرگىن، مەن بۇ گۈزەللىكنىڭ ئاغرىقىغا ئامال قىلىپ، ئۇنى ساقايتاي، — دېدى ئەرەستۇ شاگىرتىغا.

شاگىرت ئۇستازىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىگە كەتتى. ئەرەستۇ بۇ پەرى پەيكەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا كىرىشتى. ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن ئىچىنى كېسەلدىن تازىلىغۇچى سۈرگە دورىلىرىنى تەييارلاپ ئىچۈردى. ئۇستاز ئۆز مۇلازىملىرىغا:

— سىلەر بىر قاچىنى ئېلىپ كېلىپ، ئىشىكتە ھوشيار ئولتۇرۇڭلار. بۇ ئاغرىقنىڭ ئىخراج قىلغانلىرى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى تۆكمەي بىر ئىدىشقا يىغىپ ساقلاڭلار، — دېدى.

ئۇستاز بۇ كۈلبىدىن چىققىنى ھامانلا، بۇ ئىخراج قىلغۇچى ئۆتكۈر دورىلار ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇ نازىنىننىڭ ئىچكى ئەزاسىدىكى بارلىق غەلىغەشلەرنى سۈرۈپ، ئىخراج قىلىپ، قەي قىلدۇرۇشقا باشلىدى. ئەرەستۇ ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ ئولتۇردى. ئىخراج سەۋەبىدىن ئۇ بىمارنىڭ ھېچ ماجالى قالمىدى. بىر تەرەپتىن قەي قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچى سۈرۈپ، جىسمىدا بىر قەترە قان ياكى بەلغەم ياكى سەۋدا ۋە ياكى سەپرا دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. بۇ ئاق بەدەنلىك گۈزەلنىڭ تېنى ماغدۇرسىزلىنىپ، چىرايىدىن رەڭ، كۆزلىرىدىن نۇر كەتتى.

كەچ كىرگەندە شاگىرت قايتىپ كەلدى. ئەرەستۇ ئۇنىڭغا:

— كىرىپ مەھبۇبىڭ بىلەن كۆرۈشكىن، — دېدى.

يىگىت ئۆيىگە كىرىپ ئايالىغا قارىدى. ئۆيدە چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، ھالسىزلانغان، كۆرۈمسىز بىر ئايال ياتاتتى. يىگىت ئۆز ئايالىنى تونۇيالمىدى.

— مېنىڭ گۈل بەدەنلىك، ئاي يۈزلۈك مەھبۇبۇم قېنى؟! — دېدى ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا پەرياد قىلىپ.

دانىشمەن ھېكىم ئۆز شاگىرتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆيىگە كىرىپ، مۇلازىملارغا بۇيرۇدى:

— بىمارنىڭ ئىخراج قىلغان غەلىغەشلىرى ئېلىنغان ئىدىشنى ئەكىلىڭلار. بۇ شاگىرت ئۇنى كۆرسۇن. چۈنكى بۇ شاگىرتنىڭ ياخشى كۆرگەنلىرى ئەنە شۇ غەلىغەش ۋە قۇسۇقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئىدىش كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەرخىل، ھەر قىسىما قۇسۇقلار قان، بەلغەملەر ۋە نىجىس، مەكرۇھ ماددىلار تولۇپ

تېشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بەدبۇي پۇراقلىرى ئۆيىنى بىر ئالدى. ئۇنىڭغا قارىغان كىشىنىڭ كۆڭۈللىرى ئېلىشىپ، ئەتلىرى تىكەنلىشىپ كېتەتتى. شاگىرت بۇلارغا قاراپلا سەسكەنىپ كەتتى.

— ئەنە، ئالغىن، — دېدى ئۇستاز ئۇنىڭغا ئىدىشنى كۆرسىتىپ، — سېنىڭ سەرۋى بويلۇق، گۈل يۈزلۈك ئارىقىڭ ئەنە ئاشۇ. سەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەنە ئاشۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپ كەلدىڭ.

يىگىت ئۇستازى ئالدىدا ئۇيالغىنىدىن يەردىن ئۇستۇن قارىيالمىدى. ئەرەستۇ بۇ شاگىرتنىڭ خىجىل بولغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئوغلۇم، مەن سېنىڭ ئەھۋالىڭنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاياللىڭغا چارە قوللاندىم. بۇ ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە سېنىڭ كېسىلىڭنى داۋالىدىم، — دېدى.

سېنىڭ ياخشى كۆرگەن مەشۇقىڭمۇ بۇ ھېكايىدىكى بىلەن ئوخشاش. ئەي ناپاك مەخلۇق، سېنىڭ بۇنداق ئاشىقلىقىڭ ھەقىقىي ئىشق ئىگىلىرى ئالدىدا ئۇياتتۇر.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سورىغان سوئالى

— ئەي مەخپىي سىرلارنى بىلگۈچى دانىشمەن، — دېدى يەنە بىر قۇش ھۆپۈپكە، — بۇ يولدا جېنىمغا ئۆلۈم ۋەھىمە سالماقتا. مەنزىلگە يېقىن بېرىپ بولغىچە جان تەسلىم قىلىشىم تۇرغان گەپ. چۈنكى تېنىم ئاجىز. ئۆزۈم ناھايىتى زەئىپ ۋە ناتىۋان بولغاچقا، ماڭا ھەمىشە قورقۇنچ غالىب كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالىم بىلەن بۇ يولدا سىلەرگە قانداقمۇ ھەمراھ بولالايمەن؟

## ھۆپۈپنىڭ قۇشقا بەرگەن جاۋابى

— ئەي ئاجىز بىچارە، — دېدى ھۆپۈپ ئۇ قۇشقا، — ئويلاپ كۆر، سەن قانچە يىل ئۆمۈر كۆرسەڭمۇ ئەجەل تىغى بەرىبىر كۆكسۈڭنى يارىدۇ. بۇ دۇنياغا كەلگەنلەر ئاقىۋەت يەنە كەلگەن يېرىگە قايتىدۇ. مەرىپەت ئەھلى شۇنى مۇقەررەر دەپ بىلىدۇكى، بۇ ھايات ھامان ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. پەقەت نادان كىشىلەرلا بۇ خىل ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدۇ. ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. بۇ جاھاندا مىڭ يىل پادىشاھ بولغان كىشىمۇ ئاخىر بىر نەپەس پادىشاھلىقمۇ ياكى بىر نەپەس پادىشاھلىق بولغىنىغا قالمىغان.

ئەنبىيا (پەيغەمبەر) لارمۇ بۇ قايىنامغا چارە-تەدبىر قىلالمىغان. ئۇنىڭدىن غەم-ئەندىشە بىلەن قۇتۇلغىلىمۇ بولمايدۇ. پارا بېرىپ، پۇل-مال بېرىپ ئامان قالغىلىمۇ بولمايدۇ. يېلىنىپ-يالۋۇرۇش، يىغلاپ نالە-زار قىلىش ئارقىلىقمۇ ئامان قالغىلى بولمايدۇ. بەرىبىر يولغا كىرمەي چارە يوق. مەيلى تەقۋادارلار بولسۇن، مەيلى پاسىقلار بولسۇن، مەيلى شاھلار بولسۇن ۋە ياكى گادايلار بولسۇن بۇ يولنى ئادا قىلماي ئامالى يوق. بۇ يولدا قورقۇشتىن ھېچكىمگە پايدا يوق. چۈنكى غەم ۋە قايغۇ، قورقۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمنى تونۇ-

www.uyghurkitap.com

مىغانلىق، يات كۆرگەنلىكتىن بولدۇ. ھېچ-
قانداق چارە بىلەنمۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلالماي-
سەن. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ھەقنىڭ پەرما-
نىغا بويسۇنغايسەن.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

ئەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، يۈكسەكلىك
ئاسمىنىنىڭ پارلاق يۇلتۇزى، بۈيۈك پەي-
غەمبەر سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى
تەخت ئۈستىدە ئارام ئېلىپ ئولتۇراتتى.
ئۇنىڭ ئالدىدا دىۋە - پەرىلەر خىزمەت
قىلاتتى. يۇتكۇل ئىنسانلار، جىنلار، ئۇ-
چار - قاناتلار، ھاشارەتلارنىڭ ھەممىسى
ئۇنىڭ پەرمانىنى جان - دىل بىلەن ئورۇن-
دايتتى. ئۇنىڭ پەردىسى ھەممە يەردە
ھەممە مەخلۇقاتلار ئالدىدا يۈكسەك ئېتى-
بارغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ مەرھەمەت ۋە
ئېھسانى ئاۋ خاسلارنىڭ ھەممىسگە ئور-
تاق ۋە يېتەرلىك ئىدى. بۇ تەڭرىنىڭ پەي-
غەمبىرى ئالدىدا بىر ھوشيار كىشى ئول-
تۇراتتى. ئۇ كىشى ئوي - خىيال بىلەن
ئۆزىنى ئۇنتۇغانىدى. شۇ چاغدا سۇلايمان
ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىر پەرىشتە
يېتىپ كەلدى. ئۇ پەلەك قابىزى — جان
ئالغۇچى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام ئىدى.
ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام سۇلايمان ئەلەيھى-
سسالامغا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن،
مۇنداق دېدى:

— ئەي ياخشى ئادەملەرنىڭ پەخرى،
تەڭرىنىڭ سىر - ھېكمەتلىرى ھەددۇ - ھې-
سابسىزدۇر. ئۇنىڭ ئالدىدا ئەقىل ئاجىز،
ئىدراك ھەيراندۇر. مانا يېنىڭىزدا تۇرغان
مۇنۇ ئەزىز كىشىنىڭ ھازىرلا ئەجىلى
توشتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن باش-
قا يول يوق. تەڭرىنىڭ ھۆكمى بويىچە
ئۇنىڭ جېنىنى ھىندىستان ئېقلىمىدا مۇشۇ
سائەتنىڭ ئۆزىدىلا ئېلىشىم كېرەك. مەن
شۇنىڭدىن ھەيرانمەن. بۇ كىشى ھازىر
سېنىڭ ھۇزۇرۇڭدا تۇرۇۋاتسا، ئۇنىڭ جې-
نىنى قانداقلارچە ھىندىستان مەملىكىتىدە
ئالىمەن؟

ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام شۇ سۆزلەرنى
ئېيتتى، بۇنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن
باشقا كىشى ئاڭلىيالمايتتى. شۇ ئەسنادا
سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا تۇرغان
ھېلىقى كىشى يەر سۆيۈپ تۇرۇپ، مۇن-
داق ئىلتىماس قىلدى:

— ئەي تەڭرىنىڭ ئەلچىسى، مەن بۇ-
گۈن ئۆز ئەھۋالىمغا ھەيرانمەن. چۈنكى
مەن مۇشۇ تاپتا ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە چۈ-
شۈپ قالدىم. سەن ماڭا بىر ئامال قىلىپ
بەرسەڭ، مەن بۇ يۇرتتا تۇرمىسام بولاتتى.
ئۇنداق بولمىغاندا ۋەھىمە تۈپەيلىدىن
ماڭا ھەممە ياق قاپقاراڭغۇ كۆرۈنىدۇ.
كۆڭلۈم ئەمدى تاپمايدۇ.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام شۇ ھامان
شامالغا پەرمان قىلىپ:

— بۇ كىشىنى كۆڭلى خالىغان يەرگە
ئېلىپ بارغىن، قەيەرگە دېسە، شۇ يەرگە
ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆڭلىدىكى ئىزتىراپ ۋە
بىئاراملىقىنى تۈگەتكىن، — دېدى.

شامال ئۇ كىشىنى تېزلىكتە ئۇچۇرۇپ
ئېلىپ ماڭدى. ئۇ كىشى ھىندىستان تە-
رەپكە ئىشارەت قىلدى. شامال ئۇنى ھىن-
دىستانغا ئېلىپ باردى. ئۇ كىشى: «بۇن-
دىن يىراققا بارمايمەن. ماڭا مۇشۇ يەردە

ئارام بەرگەن، مېنىڭ تەلەپ قىلغىنىم مۇشۇ يەر ئىدى» دېدى. شامال ئۇنى ئاشۇ يەردە قويۇپ ياندى. جان ئالغۇچى پەرىشتە دەرھال ئۇ يەرگە يېتىپ باردى. ئۇ كىشىنى ھىندىستاندا كۆرۈپ، تەڭرىنىڭ سۆيۈنى - قۇدرىتىگە ئاپىرىن ئېيتتى. ئاندىن ئۇ دانىشمەن كىشىنى باشقا ئۆلۈكلەر قاتارىغا قوشتى.

كىشى ئەگەر شامال بىلەن تەڭ پەرۋاز قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاخىر يەنە ئەزرائىلنىڭ قولىدا جان بېرىش بىلەن پۈتىدۇ.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئال سورىغانلىقى

يەنە بىر قۇش ھۆپۈپكە مۇنداق دېدى:

— ئەي پاكىزە زات، مەن پۈتكۈل ئۆمرۈمدە مۇرادىمغا يېتىپ باقمىدىم. ھەمىشە غەم - قايغۇ بىلەن ھايات كەچۈردۈم. شاد - خۇراملىقتىن ئەسەرمۇ كۆرمىدىم. يول يۈرۈش ئۈچۈن خاتىرجەم، كۆڭۈل شاد بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ھەرقانداق مالاللىق ۋە ئاۋارىچىلىقنى ئازايتقىلى بولىدۇ. بىراق مېنى بولسا بۇ ھايات غەمكىن قىلدى. تىرىكچىلىك ھەر نەپەستە ماڭا يۈزلىگەن غەم ۋە ئەلەملەرنى يۈكلەپ، جېنىمنى دەرد - ھەسرەت بىلەن كۆيدۈرمەكتە. قايسى كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقى بىلەن بۇ يولغا قەدەم باسىمەن؟! ئۇنىڭدىن كۆرە، كۆڭلى خۇش كىشىلە قەيەرگە بارسا، مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن.

## ھۆپۈپنىڭ جاۋابى

— ئەي غەمكىن، — دېدى ھۆپۈپ ئۇ قۇشقا، — سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭغا غەم - ئەلەم قىسمەت قىلىپ پۈتۈلۈپتۇ. لېكىن مۇنداق ۋادىنى بېسىپ ئۆتۈشتە ئەرەنلەرنىڭ يول ئۇزۇقى غەم ۋە ئەلەمدۇر. بۇ يولدا ئەرەنلەرنىڭ ئىشى غەمدىن ئىبارەتتۇر. غەمسىز كىشىنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. ئەرەنلەر غەم بىلەن شادلىق تاپىدۇ. غەمگە مۇپتىلا بولۇشنى ئازادلىق دەپ بىلىدۇ. بۇدۇنيا دەرد ۋە مېھنەت ۋادىسىدۇر، غەم - ئەلەم ماكانىدۇر. شۇڭا ئۇ ھەرخىل ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ھەر خىل تەرىزدە نامايان بولىدۇ. ئالەم ئەھلىنىڭ كۆڭلىدە مۇشۇ ئالەمنىڭ غېمى ئورۇن ئالغان. كىمنىڭ كۆڭلىدە غەم ۋە ئەلەم كۆپرەك بولسا، ئادەملەرنىڭ ياخشىراقى ئەنە شۇدۇر. لېكىن ئىشق ئەھلىدە بولسا، بۇ يولنىڭ غېمىدىن ئۆزگە غەم بولمايدۇ. بارچە ئادەملەرگە دۇنيا غېمى ئەلا كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئۇلارغا بولسا، مەرتىۋەت غېمى ئەلادۇر. سەن ئەگەر ھازىرغىچە ئالەم غېمىنى يەپ زارۇ - زەبۇن بولغان بولساڭ، ئەمدى بۇ يولنىڭ غېمى بىلەن شاد - خۇرام بولغىن. مۇھەببەت ئەھلىنىڭ غېمىگە ئورتاق بولساڭ ئۆزۈڭگە شادلىق ۋە ئازادلىق تاپىسەن. ئەھلى ئىرپانلار غەم بىلەن شادلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇرادى نامۇرادلىق بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ھەر كىشى بۇ يولنىڭ غېمىنى يېسە، مۇراد - مەقسىتى

www.uyghurkitap.com



گە يېتىدۇ. كىمدە بۇ غەم يوق بولسا، ئۇ ئەر كىشى ئەمەس—چۈنكى بۇ يولنى ئەنە شۇ غەم ئوزۇقلىرى بىلەن كۈچ تاپقاندىلا باسقىلى بولىدۇ.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

مىسىر شەھىرىدە بىر ئالىي ھىممەتلىك كىشى بار ئىدى. مەنىۋىيەت دۇنياسىدا ئۇ كىشى پادىشاھ ئىدى. ئۇنىڭ راھەت - پاراغەت ئەسلىھەلىرى تولۇق ئىدى. خىيالىدا ھېچ نەرسىگە ئېھتىياجى يوق ئىدى. ئۇنىڭ جەننەت قەسىرىدەك بىر مەنزىلى بار ئىدى. ئۇ يەردە بىر ھۆر سۈپەتلىك گۈزەل ئۇنىڭ بىلەن ھەمخانە ئىدى. لېكىن ئۇ ئالىي سۈپەتلىك پاك زات ھېچكىمگە پەرۋا قىلمايتتى. ئۇنىڭ دوستىمۇ، ئۈلپەتلىرىمۇ غەم بىلەن دەرد - ھەسرەتتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ھىجران زىندانىدا گوياكى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدەك مۇقىم ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

— كۆڭلۈك ھەمىشە غەم - ئەندىشە بىلەن ھەمراھ، ساڭا پۈتكۈل راھەت - پاراغەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسى تەل، ئۇنىڭدىن كۆڭلۈڭگە ئازادىلىك ۋە شادلىق يېتىشى كېرەك ئىدى. سەن بىزگە شۇنى ئېيتىق سۆزلەپ بەرگىن، شۇنچىۋالا پاراغەت شارائىتلىرىغا ئىگە تۇرۇپ، يەنە نېمە ئۈچۈن خاتىرىڭ بىردەم خۇشال ئەمەس، نېمىشقا غەمدىن ئۆزگە ھەمدىمىڭ يوق؟ — دەپ سوراشتى.

— بۇ جاھان تەرەققەت ئەھلىنىڭ زىندانىدۇر. چۈنكى بۇ ئالەمدە ھەقىقىي مەھبۇب كۆزدىن يىراقتۇر. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بۇ مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، كۆڭۈل تىلىكىگە يېتىش كېرەك. كىشى زىنداندا قاچان خۇشال بولۇپ باقىقان؟ غەم ئۆيىدە كىممۇ شادلىنالىسۇن؟ مەن مەھبۇبىمدىن ئايرىلىپ، دەرمانسىزلىقتا قالدىم. شۇڭا جەننەت بېغىدا بولغان تەقدىرىمدىمۇ، ئۇ جاي مەن ئۈچۈن زىنداندۇر. ۋىسال گۈلزارىغا يەتمىگۈچە، غەم تىكەنلىرىدىن خالاس بولالمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ كىشى.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئال سورىغانلىقى

— ئەي تەڭداشسىز زات، — دېدى يەنە بىر قۇش، — مەن ھەق ئەرىنى بەجا كەلتۈرگۈچىمەن، ئۇنىڭ پەرمانىغا دائىم تەييار تۇرىمەن. بۇنىڭدىن ئۇ غەزەپلەنسۇن ياكى ئېھسان قىلسۇن، بۇ مەن ئۈچۈن ئوخشاش. مەن نېمىنى بۇيرۇغان بولسا، شۇنى قىلىمەن. ئۇنى قوبۇل قىلامدۇ ياكى رەت قىلامدۇ ئۆزى بىلىدۇ. مەن قىش - ياز ئۇنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلىشقا مەشغۇلمەن. رەت قىلىش ياكى قوبۇل قىلىشى بىلەن مېنىڭ ئىشىم يوق. ئۇنىڭ ئەرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش مەن ئۈچۈن تائەت، ئۇنى ئادا قىلىش ماڭا سائادەتتۇر.

## ھۆپۈپنىڭ جاۋاب بەرگەنلىكى

— ئەي شېرىن سۆزلۈك جانۋار، — دېدى ھۆپۈپ ئۇ قۇشقا، — بۇ سۆزۈڭ ناھايىتى ياخشى، سۆزۈڭدىن ئۆزۈڭ بەكرەك ياخشى ئىكەنسەن. ئەمما، بۇ سۆزلەرنى ئۆزۈڭ ئېيتماستىن، باشقىلار ئېيتقىنى تېخىمۇ ياخشى ئىدى. چۈنكى بۇ جەھەتتە كامالەتكە ئېرىشىشنى يەنىلا ھەق نېسىپ ئەتكەن. كىمكى ئۇنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنى بېجىرسە، بۇ يولدا ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ئۈستۈن بولىدۇ. ھەركىم ئۇنىڭ ئەمرىدىن بويۇن تولغىسا، غەيرىدىن كۆڭۈل ئۈزمىسە، مەردۇد بولىدۇ. ئۇنداق كىشىنى مۇبارەك ئىقبالغا ئىگە، مەقبۇل بەندە دېگىلى بولمايدۇ. مەقبۇل بەندىلەر تەڭرىگە ئىتائەت قىلىشنى ئۆز كۆڭلىنىڭ مۇرادى دەپ بىلىدۇ، بۇ مۇرادىنى ھاسىل قىلمىسا، بىردەممۇ ئارام تاپمايدۇ. لېكىن ئەرەنلەر تەڭرىنىڭ ئەمرىگە قانچىلىك ئىتائەت قىلىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشى بىلەن پەخىرلەنمەيدۇ، بۇنداق كىبىر - تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۆز جېنىغا ئاپەت سالمايدۇ. كىمكى ئۆزىنىڭ قىلغان تائەت - ئىبادەتلىرى بىلەن پەخىرلەنسە ۋە مەغرۇرلانسا، ئۇ بىھۇدە مۇشەققەت چەككەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇنداق تائەتنىڭ بولغىنى بىلەن بولمىغىنىنىڭ ھېچ پەرقى يوق. ئۇنداق كىشىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى بەرىبىر قوبۇل بولمايدۇ. بەلكى ئۇنداق كىشىنىڭ ئۆزىمۇ يوقالغىنى ياخشىراق. بەخت - سائادەت كوچىسىنى تاپقان ۋە تەقۋادارلىق - ئىبادەتتىن نەپ ئالغان كىشىلەر ئۆزىدىن پەخىرلىنىشكە، ئۆزىنى ئۆزى ئەزىز بىلىشكە قىزىقمايدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ تائەت - ئىبادەتلىرىنىڭ قىممىتىنى بىر يارماقچىلىكمۇ بىلمەيدۇ. ئەنە شۇنداق تائەت قىلغان تەقۋادار كىشىلەر بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەردۇر.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

تەڭرى تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ تېنى ئىچىگە روھ شامىنى يورۇتۇشتىن بۇرۇن، بارلىق پەرىشتىلەر تەڭرىنىڭ تائەت - ئىبادىتىگە مەشغۇل بولۇپ، ئۇنىڭ ئەدەب ۋە رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرەتتى. بۇ پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سەردارى ئەزازىل (شەيتان) ئىدى. ئۇ بارلىق مۇشكۈل تۈگۈنلەرنى يەشكۈچى پىر - ئۇستاز ئىدى. ئۇ ھەق ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، نەچچە مىڭ يىل تائەت - ئىبادەت قىلدى. ئۇنىڭ قىلغان تائەت - ئىبادەتلىرىنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىز ئىدى، ئۇ ئىمكانىدىن ئارتۇق ئىشلار ئالدىدا ئەقلىمۇ ھەيران ئىدى. نەقىل قىلىنىشىچە، پۈتكۈل يەر يۈزىدە ۋە كائىناتنىڭ توققۇز پەلەكتە ئۇ ناتىۋانلىق بىلەن سەجدە قىلىپ يۈز قويمىغان بىرەرمۇ بوش ئورۇن قالمىغانىكەن.

ۋاقتىكى، تەڭرى ھەزرىتى ئالەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتتى، ئۆزىنى ئاشىق، ئۇنى مەشۇق قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئاندىن پەرىشتىلەرگە پەرمان قىلىپ: «مەخ-

www.uyghurkitap.com

لىۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان ئادەمـ
گە سەجدە قىلىڭلار!» دېدى. پەرىشتىلەر بۇ
ئەمرىنى ئاڭلاش بىلەنلا، تەڭرىنىڭ پەرماـ
نىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامـ
غا سەجدە قىلدى.

ئەزازىل نەچچە مىڭ يىل ئىبادەت
قىلىپ، تەڭرىنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش
ۋە تەقۋادارلىقتا يۇقىرى مەرتىۋىگە يەتكەـ
نىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلىدە كىبىرى ۋە
غۇرۇر پەيدا بولۇپ، تەڭرىنىڭ ئادەم
ئەلەيھىسسالاەغا سەجدە قىلىش ھەققىدىكى
ئەمىر ـ پەرمانىنى رەت قىلدى. تەڭرى ئۇنى
پەرىشتىلەر ئارىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ،
كۆڭلىدىن ئىبادەت زوقىنى ئېلىۋەتتى.
بوينىغا لەنەت ھالقىسىنى سالدى. ئەزاـ
زىل شۇندىن كېيىن نەچچە مىڭ يىلدىن
بېرى تۈرۈۋاتقان ئەھەدىيەت دەرگاھىدىن
قوغلاندى. ئۇنىڭ قىلغان نەچچە مىڭ يىلـ
لىق تائەت ـ ئىبادىتى نابۇت بولدى.

شۇنى بىلگىنكى، بۇ يولدا مەنمەنـ
لىكتىن ئارتۇق ئېغىر گۇناھ يوق. قىلغان
تائىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزى
مەنمەنلىكتۇر.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئال سورىغانلىقى

يەنە بىر قۇش ھۆپۈپكە مۇنداق
دېدى:

ــ ئەي ئەزىز، ھەر كىشى ھەق يوـ
لىدا پاك ۋە ساداقەتمەن بولسا، ئۇنىڭدىن
قانداق مەنپەئەت ھاسىل بولىدىغانلىقىنى
مەن بىچارىگە ئېيتىپ بەرگىن. چۈنكى
ماڭا بۇ مەسىلە ئېنىق ئەمەس.
ئەمما مەن بۇ يولدا ناھايىتى
پاكلىق بىلەن ئىش تۇتىمەن،
يارنىڭ يادى بىلەن داۋاملىق
ھاجەتمەنلىك ياشلىرىنى تۆكۈپ
تۇرىمەن.

## ھۆپۈپنىڭ جاۋاب بەرگەنلىكى

ھۆپۈپ مۇنداق دېدى:

ــ بۇ ناھايىتى مۇشكۇل يولدۇر.
تەڭرى كىمگە يار بولسا، بۇ يول شۇنىڭـ
غا ئاسان بولغۇسىدۇر. ھەر قانداق ئالىي
ھىممەتلىك كىشى بۇنداق بەخت ـ دۆلەتـ
نى تاپسا، بۇ يولنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق
ئوزۇقى يوقتۇر. بۇ يولنىڭ ئوزۇقى ئوزۇقـ
سىزلىقتىن ئىبارەتتۇر، يەنى ئوزۇق ـ تۈـ
لۈك ئىسكەنجىسىدىن ئازاد بولۇشتىن ئىـ
بارەتتۇر. بۇنىڭ شەرتى شۇكى، بۇ يولغا
كىرگەن مەسلەك ئىگىلىرى ۋە زاھىدلار
ئۆزىنىڭ بارلىقىنى، پۈتكۈل تائەت ـ ئىباـ
دەتلىرىنى، ھەممە پايدا ـ زىيانلىرىنى يىـ
غىپ، ئۇنى يوقلۇق ئوتىدا كۆيدۈرۈپ،
كۈلىنى تەڭرى يولىدا ھاۋاغا سورۇغاي،
ئۇنىڭدىن ھېچبىر ئەسەر قالمىغاي. ئاناـ
دىن كېيىن كۆڭۈل چىمەنىگە نالە ـ پىغان
بوستانىنىڭ ھاۋايۇ ـ ھەۋەسلىرىنى سىپىلىپ،
كۆڭلىنى يۇتتۇرگەي. قىلغان ئىش ـ ئەمەلـ
لىرىنى مۇتلەق كۆڭلىدىن چىقارغاي. پۈتـ
كۈل نەرسىلەرنىڭ يادى ـ پىكرى ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىدىن چىققاي. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى

مانا مۇشۇنداق يوقلۇقتا يەتكەندىن كېيىن،
ئاندىن بۇ يولغا قەدەم قويغاي. ھەقىـقەت
ئىگىلىرى مۇنداق دەيدۇ: «شۇنى ياخشى
بىلىۋالغىنكى، مەسلەك ئىگىلىرىنىڭ يـولى
ھەقىـقىي تـەلەپ تەرەپـكە قـاراپ قەدەم
تاشلايدىغان يولـدۇر.» ئۇ قـەدەم شۇكى،
بار ـ يوقنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۇرۇپ، ئۇلار ـ
دىن ئەسەر قالدۇرماسلىق كېرەك. مۇشۇنـ
داق قەدەمنى باسقاندىلا، ئاندىن تەلەپنى
قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، ئارىـدىن ھىجـ
ران كېتىـپ، مەھـبۇبـىنىڭ ۋىـسالـىغا
يېتىدۇ.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

سۇلتان ئىبراھىم ئەدھەم پانى (ئۇ ـ
نىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن) بولسا تەرىقەت
ئەھلىنىڭ پېشۋاسى، ھەقىـقەت ئەھلىـنىڭ
پىر ـ ئۇستازى، ھەق يولىنىڭ يېقىن مەھـ
رىمى، ساداقـەتمەنـلىك يولـىنىڭ خالـىس
ۋە سادىق ۋەكىلى ئىدى. ھەزرىـتى شاھ
ئىبراھىم ئىـبنى ئەدھەم (پاك ۋە مۇقەدـ
دەس تەڭرى ئۇنـىڭغا رەھـمەت قىلـغاي)
تەڭرى تائالا يولىدا شاھلىق تەختىنى ۋە
بېشىدىكى تاج ـ دۆلىتىنى تاشلاپ، جەندە
ۋە كۇلاھ كىيىپ، تەڭـرىگە يـۈزلىنىڭ ھاـ
جەتمەنلىكلەرنى ئىزھار قىلـدى. ئۇ سادا ـ
قەتمەن پادىشاھ يولغا چۈشۈپ، بـەلختىن
نىشاپۇرغا سەپەر قىلدى. ئۆز شاھلىقىـنى
ئۆزى ۋەيران قىلـدى. شۇنـداق قىلىپ،
نىشاپـۇردىن ئىـبارەت بۇ ماكـان بۇ پاك
گۆھەرگە كان بولدى. سۇلـتان ئۇ يەردە
يەتتە يىل ماكان تۇتتى؛ كۈنـدۈزى روزا
تۇتۇپ، كېچـىسى تىك تـۇرۇپ ئىـبادەت
قىلـدى. كۈنـدۈزى ئۇ ۋادىـدىن خەس ـ
خەشەكلەرنى يىـغىپ، بىر قۇچاقتىن باغـ
لايتتى. ئۇنى مەردانىلەرچە يۈدۈپ، بازار ـ
غا ئەكىرىپ ساتاتـتى، پۇلـغا ئىپـتارلىق
سېتىۋالاتتى. بىرلوقما ھالال تاماققا ئىگە
بولۇش ئۈچۈن، ناھايىتى كۆپ رىيازەت
چېكەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ جىسمى بارغانسېرى
زەئىپلىشىپ، ناتىـۋان ھالـغا چۈشـتى.

بىر كۈنى ئۇ خەزىنىلەر كـانى بولـ
غان سۇلتان ئىبراھىم ئەدھەم ئۇچىسىدا
بىر باغلام ئوتۇننى يۈدۈپ، جىسمى رەنـ
جۇ ـ ئەلەمگە پاتقان ھالدا، ئاشـۇ ھالال
كەسپى ئۈچۈن شـەھەرگە كىـردى. زامان
پېشۋالىرىدىن بىر نەچچىسى ئۇنىڭ تەرىـ
قەت مەسلەكلىرىدىكى ئەھۋالىنى سىـناپ
باقماقچى بولۇپ، ئارقىـسىغا چۈشتى. بىر
يەرگە كەلگەندە، ئۇلاردىن بىرى ئىـبراھىم
ئەدھەمگە بىر مۇشت ئۇردى. پېـقىرلىق ۋە
يوقلۇق يولىغا كىرگەن بۇ بىچارە ئۇلارغا:

— مەن بەلخنى تـاشـلاپ بۇ يەرگە
كەلگەندىن بېرى، سەن مەنـدىن تالىشىدىـ
غان نەرسە ئىلـگىرىـكى ئاشۇ يەردە قالـ
دى، — دېدى ـ دە، كەتتى.

ئۇلار بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:
«بۇ ئوتۇننىڭ ئاستىدا بۇ تېـخى پىـشىپ
يېتىلمەپتۇ. چۈنـكى بەلـخ تېـخى ئۇنىڭ
يادىدىن چىقماپتۇ. بۇ سۆز ئۇنىڭ كۆڭۈلـ
سىز خاتىرىسىدە ساقـلىنىپ تۇرۇۋېتىـپتۇ.
ئۇنىڭ يادىدىن مۈلۈك ۋە مەملىكىتى چىـ
قىپ كېتىشى، كۆڭلىنىڭ غەيـرىدىن تازىـ
لىنىشى ئۈچۈن، يەنە بىرنەچچە يىل مۇـ
شەقـقەت چـېكىشىگە توغـرا كەلـگۈدەك»
دېيىشتى.

www.uyghurkitap.com

بىر يىلدىن كېيىن ئۇ بىرنەچچە پېشۋا سۇلتان ئىبراھىمنى يەنە تاپتى. ئۇ ئىلگىرىكىدەك زەئىپ ۋە ناتىۋان ھالەتتە ئوتتۇن يىغىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ھەزرىتى ئىبراھىم ئەدھەمنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يەنە بىر مۇشت ئۇردى. بۇ قېتىم ئۇ ئۈن-تىن چىقارمىدى. بۇ پېشۋالار شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ھالىغا يېتىپ: «بۇ ئەمدى تەرىقەت ئادەتلىرى بىلەن مۇرادىنى تېپىپتۇ. سۇلۇك ئىچىدە ئۇنىڭ ئىشلىرى تامام بوپتۇ» دېيىشتى. ئۇلار بۇ ئىشتا تەڭرىگە شۈكرىلەرنى ئىزھار قىلىپ، ئۆزلىرىنى سۇلتانغا تونۇشتۇردى. ئۇلار شۇندىن كېيىن سۇلتان ئىبراھىمنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى ۋە بىر-بىرىگە ھەمدەم، ھەمئەسرار بولۇشۇپ، كەبىگە سەپەر قىلدى. چۈنكى شاھ ئىبراھىمنىڭ كۆڭلىدىن ئىلگىرىكى پادىشاھلىقى پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. پېشۋالار بۇنى سېزىپ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە غەيرىنىڭ ئەس-يادى ساقلىنىپ تۇرغىنىدا، ئۇنىڭ ئىلاھىي سىرلارنى بىلىشىگە بۇ خىل خىياللار خۇددى پەردىگە ئوخشاش توسالغۇ بولغان بولاتتى. غەيرىي خىياللار ئۇنىڭ كۆڭلىدىن پۈتۈنلەي يوقالغانلىقى، مەنىمەنلىك پەردىسىنى چۆرۈپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆيىنىڭ تۆرىگە يول تاپالىدى.

كىمكى ئاشۇنداق يوقلۇق مەنزىلىگە يېتىپ بارالىسا، ئاندىن ئۇنى پاك ۋە ساداقەتمەن ئاشىق دېيىشكە بولىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ يول ھەۋەسكارلار كىرىدىغان يول ئەمەس.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئال سورىغانلىقى

— ئەي دانىشمەن، — دېدى يەنە بىر قۇش ھۆپۈپكە، — مېنىڭ ھىممىتىم ناھايىتى ئۈستۈن. ئەگەر كىشىگە ھىممەتلىك بولۇشنىڭ پايدىسى بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ پايدىسى ماڭا ئاشكارا بولۇشى كېرەك. مەن گەرچە ناھايىتى ئاجىز بولسامۇ، لېكىن ھىممىتىم ئىنتايىن يۇقىرى. بۇ ھەقتە دانالار نېمە دەيدىكىن؟

## ھۆپۈپنىڭ ئۇ قۇشقا بەرگەن جاۋابى

— بۇ دەۋانى قىلغىنىڭ ياخشى، — دېدى ھۆپۈپ، — بۇ يولدا بۇنداق تەمەننانىڭ كۆپ پايدىسى بار. ئەگەر ئۆزىنى پەس تۇتقان كىشىلەرنىڭمۇ ئەگەر ھىممىتى ئۈستۈن بولسا، ئۇنداق كىشىنىڭ يەنىلا ئۆز لايىقىدا ئىززەت-ئابرويى ۋە مەرتىۋىسى بولىدۇ. ئادەم بىر سەدەپ بولسا، ھىممەت ئۇنىڭ ئىچىدىكى گۆھەرگە ئوخشايدۇ. سەدەپنىڭ شان-شەرىپى ئۇنىڭ ئىچىدە گۆھەر بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. كىشى ھىممەتلىك بولسا، ئۇنىڭ ئەمەل-مەنسىپى، ھەيۋەت-ھەشەمىتى، مال ۋە مەملىكىتى بولمىغان تەقدىردىمۇ بۇنىڭ كارى چاغلىق. چۈنكى ئۇنىڭ بايلىقى ۋە بەخت-دۆلىتى مال ۋە مەنسەپ ئەمەس، بەلكى ھىممەتتۇر. كىشى ھېچقانداق ئىشنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ھىممەتلىك بولسىلا، بۇنداق كىشى ھىممەتسىز

غالىبلارغا قارىغاندا كۆپ ئەۋزەلدۇر. ئەر كىشىگە ھەممەتتىن يۇزلەرچە ئىززەت ۋە ئابرويى كېلىدۇ. بۇ خىل ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ ئەمەل - مەنسەپ، يۇرت - مەملىكەت ۋە بايلىق - خەزىنە دېگەنلەر بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتى يوق. ئەگەر كىشىنىڭ مال - دۇنيالىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ھەممىتى يوق بولسا، بۇنداق كىشى ئەقىل ئىگىلىرى ئالدىدا يەنىلا ئىززەت - ئىېتىباردىن مەھرۇمدۇر. ئالىي ھەممەت كىشىلەرگە ئىززەت، ئىقبال ۋە بەخت ئاتا قىپتۇ. ئەگەر خۇدايى تائالا بىرەر پادىشاھنىڭ ھەممىتىنى پەس قىلغان بولسا، ئۇنداق پادىشاھتىن ھەممىتى ئۇستۇن قەلەندەرمۇ كۆپ ياخشى. چۈنكى ھەممەتسىز پادىشاھلار ھامان ھەممەتلىك گادايلار ئالدىدا مەغلۇپ بولىدۇ. ھەممەت ئىنسانلاردىكى گۈزەللىكنىڭ تۈپ مەنبەسىدۇر. نەپسنىڭ تەربىيىلىنىشىمۇ ھەممەت تۈپەيلىدىندۇر. ھەممىتى پەس كىشى يۇقىرى ئورۇنغا ۋە بەختكە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، خۇددى تاغدىق بىر تەتۈر پېشانىدەك مەڭگۈ ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك بولالمايدۇ. بىر يالىلانما چوپان مىڭلارچە قويغا مۇھاپىزەتچىلىك قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئۇ قويلارغا بۆرىدىن خەۋپ - خەتەر يېتىدىغان بولسا، ئۇنداق چوپاننىڭ كۆنىدىن ئىتنىڭ كۆنى ياخشىراقتۇر. مال - دۇنيادىن خەزىنىلىرى بار، ئەمما ھەممىتى يوق كىشىلەرگە ئەنە شۇ قوي ۋە قويچىنىڭ ئەھۋالى ياخشى مىسالدۇر. بۇنداق كىشى ئۆز خەزىنىلىرىگە قاراۋۇللۇق قىلىشتىن ئارتۇق نەپكە ئىگە بولالمايدۇ. ئۇنداق قويچىمۇ قوي بېقىشتىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى بۇنداق بايلىقلار ھەممەتلىك ۋە بېغەم كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشسە، ئۇنى بىر گادايغا بېرىۋېتىپلا تۈگىتىدۇ. چۈنكى ھەممەتلىك ۋە يۈرەكلىك كىشىلەر مال - دۇنيانى كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئۇچۇن مىڭلىغان خەزىنە ۋە قوي پادىلىرىنى سەدىقە قىلىش، بىر دەرەم پۇلنى سەدىقە قىلغانچىلىكلا ئىش.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

ھەممەت ئەھلىنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەر بەرگۈچى كىتابلاردا مۇنداق نەقىل قىلىنغان:

قىيامەت كۈنى ھەر كىشى ئۆز قەبرىسىدىن قوپۇپ، ھەرىكەتكە كېلىدۇ. پۇتاكۈل تەقۋادارلار ۋە پاسىقلار، تاجدارلار ۋە قەلەندەرلەرنىڭ ھەممىسى مەھشەرگاھ مەيدانىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئالىي مەرتىۋىلىك پىر - ئۇستاز ھەزرىتى شەيخ ئەممەدى جام گوياكى مەست پىلدەك بەخىرامان يۈرۈپ، دوزاخ ئەھلى تەرەپكە بارىدۇ، ئۇلارغا ئىبرەت كۆزلىرى بىلەن نەزەر سالىدۇ. ئۇ يەردە خىلمۇ خىل ئازاب - كۇلپەتلەرگە دۇچار بولغان كىشىلەرنى كۆرۈپ، شەيخنىڭ ھەممەت دەرياسى دولقۇنلايدۇ. شەيخ شۇندىن كېيىن تەڭرى تائالاغا ھاجىتىنى ئىزھار قىلىپ، مۇنداق مۇناجات قىلىدۇ: «ئەي تەڭرىم، بارلىق قىرى - ياش دوزاخ ئەھلىگە رەھىم قىلىپ، گۇناھىدىن ئۆتسەڭ، ئۇلارنى مەغپىرەتلىرىڭ، كەرەم ۋە ئېھسانلىرىڭ بىلەن ئازاد قىلساڭ. چۈنكى بۇلارغا رە-

ھەم ـ شەپقەت قىلىش سىنىڭ دەرگاھىڭدا ئاساندۇر. بۇ خالايىقنىڭ ھەممىسى سىنىڭ ئالدىڭدا تۇپراق بىلەن ئوخشاش. ئەگەر بۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشكە رازى بولمىساڭ، ماڭا شۇنداق چوڭ بىر قەددى قامەتنى ئاتا قىلغىنكى، ئۇنىڭدىن پۈتكۈل دوزاخ لىق تولسۇن. سىنىڭ مەقسىتىڭ ئازاب سېلىش بولسا، مەن بۇ ناتىۋانلارنىڭ ئورنىدا ئازاب تارتاي».

ئۇ ھىممەتلىك ۋە يۈرەكلىك زاتنىڭ شاپائەت ئۈچۈن بۇنداق ئىلتىجا قىلىشى تەڭرى تائالانىڭ ئۇ بىچارە گۇناھكارلارنى كەچۈرۈشىگە سەۋەب بولغۇسى. قاچانكى ھۇمايىنىڭ ھىممىتى قانات قاقسا، ئۇنىڭدىن يۈز تۈمەنمىڭ خەلق نىجات تاپىدۇ.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سورىغان سوئالى

— ئەي پاك نەسىللىك زات، — دېدى يەنە بىر قۇش، — ھەق تائالا ماڭا ئەزەلدە ئىنسابنى نېسىۋە قىلىپ بېرىپتۇ. ئىنساب نېمىتى ئارقىلىق جېنىمغا قۇۋۋەت ئاتا قىپتۇ. كىشىنىڭ ئىنسابى بار بولسا ئۇنىڭغا تەڭرى تائالادىن ياخشىلىق بارمۇ؟ بۇنداق سۈپەتكە ئىگە بولغان كىشىنىڭ ئۇ ھەزرەت (سۇمۇرغ) نىڭ دەرگاھىدا ئۇ زاتقا يېقىنلىقتىن نېسىۋىسى بارمۇ.

## ھۆپۈپنىڭ ئۇ قۇشقا بەرگەن جاۋابى

ھۆپۈپ مۇنداق دېدى:

— مۇنۇ نەقىل پۈتكۈل خالايىق ئالدىدا ماختاشقا سازاۋەردۇر: «ئادەمنىڭ نۇرغۇن ياخشى سۈپەتلىرى بار، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىكى ئىنسابتۇر.» ئىنسابسىز قىلمىشلاردا نۇقساندىن ئۆزگە نەتىجە ھاسىل بولمايدۇ. شۇڭا ئىنسابى يوق كىشىنى ئىنسان دېگىلى بولمايدۇ. ئىنساب ئادەملەرنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىدىندۇر. لېكىن بۇنداق دۆلەتكە ھەر قانداق كىشى مۇشەررەپ بولۇۋەرمەيدۇ. ئىنسابى يوق كىشىدىن ھايۋان ياخشىراقتۇر. شۇڭا ئىنسابسىزنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. ھەقىقەت ئىگىلىرى باشقىلاردىن ئىنساب ئىستىمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئادىتى ئۆزى ئۆلگە بولۇشتىن ئىبارەت. كىمكى ئەلدىن ئىنساب تەلەپ قىلىپ، ئۆزى ئىنساب قىلمىسا، ئۇ مۇتلەق نائىنسابتۇر.

## ھەزرىتى خوجا مۇھەممەد پارسا① (ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولغاي) نىڭ ھېكايىتى

دىنپەرۋەر ۋە ئالىي نەسەبلىك خوجا مۇھەممەد پارسا (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت

① خوجا مۇھەممەد پارسا ـ بۇخارالىق مەشھۇر شەيخ؛ خاجە باھاۋىددىن نەقشبەندىنىڭ شاگىرتى؛ ئۇ مىلادى 1419 - يىلى ۋاپات بولغان.

قىلغاي) بۈيۈك مەككە سەپىرىگە تەييارلاندى. ئىسلام دىنىنىڭ كەبىسى بولغان مۇقەددەس جايىنى تاۋاپ قىلماقچى بولۇپ يولغا چىققىنى خوجا ئەبۇ نەسىر ② ئۇنىڭ پەرزەنتى، خىزمەتكارى ۋە ئەڭ يېقىن سىردىشى ئىدى.

ۋاقتىكى، ئەسلى مەقسەت ھاسىل بولدى. ئۇلار بۈيۈك تەڭرىگە شۈكرىسانا ئادا قىلىشتى، پەرھىزلەرنى ئادا قىلىشتى. خالايىق مەسلىھەتلىشىپ، پۈتكۈل خالايىقنىڭ ھەج تاۋاپلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن دۇئا-تەلەپ قىلىشنى لايىق كۆردى. دۇئانى باشلاپ بېرىشكە ھەممىسى ئالىي نەسەبلىك خوجا مۇھەممەد پارسانى تەكلىپ قىلىشتى. ھەقنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەن ئالتە يۈز مىڭ يولۇچى خوجىغا بۇ ئىلتىماسنى ئىزھار قىلدى.

«قۇدسىيە»، «فەسلۇل-خىتاب» ناملىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى بولغان بۇ خوجا جامائەتكە مۇنداق جاۋاب بەردى:

— سىلەر مېنى بۇ ئىشقا لايىق كۆرگەن بولساڭلار، مەن بۇ تەلىپىڭلارنى قوبۇل قىلىشتىن ئۆزگە يولغا قەدەم باسمايمەن. بىراق بۇ ئىشنى بېجىرىشنى ئۈستىگە ئالغۇچى كىشى پەزىلەت ۋە كامالەتتە شەك-شۈبھىسىز يۈكسەك ۋە ئىنساب ئالىمىدە يەككە-يېگانە بولۇشى زۆرۈر. شۇڭا بۇ ئىشقا خوجا ئەبۇ نەسىر مەندىنمۇ بەكرەك لايىق ۋە مۇناسىپتۇر. بۇ زامانە ئەھلىنىڭ ھەجلىرىنىڭ مەقبۇل بولۇشىغا ئەڭ ياخشىسى شۇ دۇئا قىلسۇن.

خوجا مۇھەممەد پارسانىڭ پىكرى بويىچە، كىشىلەر خوجا ئەبۇ نەسىرنى ئەلنىڭ دۇئاسىغا تەكلىپ قىلدى. خوجا پارسانىڭ ئىنساب ۋە ئىبھاسانلىرىدىن كىشىلەر تەسىرلىنىشتى. خوجا ئەبۇ نەسىر دۈنبەرگە چىقىپ ئەلنىڭ دۇئاسى ئۈچۈن قول كۆتۈردى. تەڭرى تائالا ئالدىدا دۇئا ۋە مۇناجاتلارنى ئوقۇپ، خالايىق ئۈچۈن ھاجەتلەرنى ئىزھار قىلدى. خوجا پارسا بولسا مۇنبەر تۈۋىدە ئۈزلۈكسىز ھالدا چىن دىلىدىن «ئامىن» دەپ تۇراتتى. دۇئا ئاخىرىدا مۇنبەر ئۈستىدە تۇرغان ئەبۇ نەسىر مۇنداق دېدى:

— ئەي قۇدرەتلىك تەڭرىم، ئەگەر مېنىڭ دۇئا ۋە تەلەپلىرىمنى لايىق ۋە مۇناسىپ كۆرمىسەڭمۇ، لېكىن پەستە تۇرۇۋاتقان كىشىنىڭ «ئامىن» ىنى زايا قىلمىغايسەن!

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئالتە يۈز مىڭ كىشى چوڭىدىن كىچىكىگىچە پەرياد چېكىپ، زار-زار يىغلاشتى. ئۇلار بۇ ئىككىيلەنىنىڭ ئالىي سۈپەتلىرىگە، يەنى ئاتا بىلەن ئوغۇلنىڭ ئىنسابىغا ئاپىرىن ۋە بارىكاللا ئېيتىشتى.

بۇ دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئىنسابتىنمۇ ياخشىراق سۈپەت يوق. بۇنى پەقەت مەرىپەتسىز كىشىلەرلا سېزەلمەيدۇ.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئال سورىغانلىقى

— قۇلنىڭ خوجىسىغا ئەدەبسىزلىك قىلىشى راۋامۇ؟ — دېدى يەنە بىر قۇش، —

② خوجا ئەبۇ نەسىر — خوجا مۇھەممەد پارسانىڭ ئوغلى. ئۇ مىلادى 1460 - يىلى ۋاپات بولغان.

www.uyghurkitap.com

ئالىي شاخلىق سىدرەتۇل - مۇنتەھا دەرىخىگە بىر قۇشنىڭ ئەدەبسىزلەرچە قونۇپ ئولتۇرغىنىدەك، بىر بىدىل دىۋانىنىڭ خوجىسىغا ئەدەبسىز، گۇستاخلىق قىلىشى ئازابقا ئېلىپ بارامدۇ؟ ياكى خوجىسىنىڭ بىھاجەتلەرچە ئىستىغناسىغا بۇنداق گۇستاخلىق قوبۇل بولارمۇ؟

## هۆپۈپنىڭ ئۇ قۇشقا جاۋاب بەرگەنلىكى

هۆپۈپ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— سېنىڭ بۇ قويغان سوئالىڭنىڭ جاۋابىدا ئىككى خىل ئەھۋال بار: بىرى بىراۋنىڭ شاھ ئالدىدا ئەدەبسىزلىك ۋە گۇستاخلىق قىلىشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇ كىشى ئۆزلۈك شەخسىيىتىنى يوقاتقان بولۇشى كېرەك. يوقلۇق مەرتىۋىسىگە يېتىپ، ئۇ شاھقا خاس بولۇشى لازىم. شۇندىلا بارلىق ۋە يوقلۇق پەردىلىرى ئارىدىن كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ، ئۇنىڭ دېگەن ھەر قانداق سۆزى شاھنىڭ سۆزىگە يېقىن بولغان بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەردىن گەرچە ئەدەبسىزلىك، گۇستاخلىق جۈرئىتى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇنداق گۇستاخلىق جۈرئىتى ماھىيەتتە ئۇنىڭ شاھ بىلەن بىرلىك ھاسىل قىلغانلىقى يەنى ۋەھدەت دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىدۇر. يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، ئۇنداق كىشى ئىشقىنىڭ سەۋدايىلىقى بىلەن خۇدىنى يوقىتىپ، ئاشىقلىق، پاراكەندىلىك ۋە مەجنۇنلۇق شارابىنى ئىچىپ مەستۇ - مۇستەغرەق بولغان بولۇشى كېرەك. ئۇلارنى مۇھەببەت زارۇ زەبۇن قىلغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز ھالىنى سەزمەيدۇ. ئىختىيارسىز ھالدا سۆزلەيدۇ. «مەن ئەئرەفەللاھۇ تاله لىسانەھۇ» (كىمكى ھەقنى تونۇسا، ئۇنىڭ تىلى ئۇزۇن بولىدۇ، يەنە ئىختىيارسىز ھالدا كۆپ سۆزلۈك بولىدۇ.) دېگەن ھەدىس ئەنە شۇنىڭدىن بېشارەتتۇر. بىراق مۇنداق سۆزلەردە تەكەببۇرلۇق، مەنمەنلىك ۋە باشقا غەرەزلەر يوشۇرۇنغان بولماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭ دېگەنلىرى پەقەت ۇھەببەتتىن ئىبارەت بولسا، بۇنداق سۆزلەرگە لايىق كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوق. ئۇلار مۇتلەق ھالدا ھەقنىڭ مەشۇقىدۇر. شۇڭا ئۇلار ھەقنىڭ سۆزىدىن باشقا نەرسىنى دېيەلمەيدۇ.

## تەڭرىنىڭ سەۋدايىسى مۇھەممەد رازى (ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولغاي) نىڭ ھېكايىتى

بىر ئالىي سۈپەتلىك سەۋدايى بار ئىدى. خالايىق ئۇنى «مەجنۇنىل - ھەق» (ھەق يولىدىكى دىۋانە) دەپ ئاتايتتى. ھەق يادى ئۇنىڭغا مەھبۇب ئىدى. كېچە - كۈندۈز بۇ ئوي - خىيال بىلەن ھالىدىن كەتكەنىدى. سۆز قىلىش ۋاقتىدا بۈيۈك تەڭرىگە خىتاب قىلىپ سۆزلەيتتى. يەنە ئۇنىڭغا ھەق تىلىدىن ئۆزى جاۋاب بېرەتتى.

باھار كۈنلىرىدە ئۇ بەيتۇللانى تاۋاپ قىلماقچى بولۇپ، كەبىگە سەپەر قىلدى. سەپەر جەريانىدا رىيازەتتىن ئۇنىڭ جىسمى بەك زەئىپلىشىپ كەتكەنىدى. مىنگەن ئېشىكمۇ ئىنتايىن ئورۇق ئىدى. سەپەر ئۈستىدە بىر جايغا كەلگەندە، ياmغۇر يېغىشقا باشلىدى، تۈن قاراڭغۇ بولغانىدى. بۇ سەۋدايى يول يۈرۈشنىڭ ناھايىتى مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بىر ۋەيرانىگە كېلىپ چۈشتى.

— ئەي تەڭرىم، — دېدى ئۇ تەڭرىگە خىتاب قىلىپ، — ئېشىكىمدىن خەۋەر ئېلىپ قويارسەن.

شۇندىن كېيىن ئۇ ئېشەكنى سىرتتا قالدۇرۇپ، ئۆزى ۋەيرانە ئىچىگە كىردى. ئۇيقۇسى كېلىپ، بېشىغا بىر چالمىنى قويۇپ ياتتى. ئېشەك ئۇ ۋەيرانىنىڭ سىرتىدا قېپقالدى. ئۇ دىۋانە بەخىرامان ھالدا ئۇيقۇغا كەتتى. ھايال ئۆتمەيلا باھار بۇلۇتلىرى ياmغۇرنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ياmغۇر سۇلىرى ۋەيرانە ئىچىگە شىددەت بىلەن تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ياmغۇرنىڭ شىددىتى بۇ سەۋدايىنىڭ باشلىرىدىن ئۇيقۇنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇ بىچارە ئورنىدىن تۇرۇپ، ياmغۇر توختىغىچە ئۆرە ئولتۇردى. بىر ھازادىن كېيىن ياmغۇر توختىدى. ئۇ دىۋانە يولغا چۈشمەكچى بولۇپ، ئېشىكىنى ئىزدەپ ۋەيرانىدىن چىقتى. قاراڭغۇدا ئېشىكىنى تاپالمىدى. ۋەيرانە سىرتىدا ئېشەك كۆرۈنمەيتتى. ئۇ مەجنۇننىڭ كۆڭلى ساراسىمىگە چۈشتى، تەڭرى تائالاغا غەزەپ بىلەن خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي تەڭرىم، مەن ساڭا ئېشىكىمنى تاپشۇرغانىدىم. سەن ماڭا ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنى مۇشۇنداق ئاسرىدىڭمۇ؟! مەن ساڭا مېھمان بولۇپ كەلگەن تۇرسام، ئېشىكىمنى ساڭا تاپشۇرۇپ، بۇ ۋادىدا قالدۇرغان تۇرسام. ئەجەبا، سەن مېھماننىڭ مىنىپ كەلگەن ئۇلىغىدىن ئوبدان خەۋەر ئالماي، بىپەرۋالىق قىلىپ، ئۇنى يوقىتىپ قويساڭ، بۇ قانداق بولغىنى؟! سەن ئېشىكىمگە قاراپ قويۇشتىن نومۇس قىلىپ، ئۇنى قاراڭغۇ تۈندە كۆزدىن يوقىتىپ قويغانسەن!!

ئۇ سەۋدايى ئەنە شۇنداق ئاچچىقلانغىنىچە غودۇراپ، ئېشىكىنى ئېگىز-پەس جايلاردىن ئىزدەشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئىشقىنىڭ نۇرلۇق چاقمىقى چېقىلدى. ئۇ چاقماقنىڭ نۇرىدىن پۈتكۈل ئالەم نۇر ئىچىگە غەرق بولدى. بۇ يورۇقتا ئۇ دىۋانىنىڭ كۆزى ئېشىكىگە چۈشۈپ قالدى. قارىسا ئۇ ئېشەك ھەر تەرەپكە تىمىسقىلاپ، خەس-خەشەكلەرنى يەپ ئوتلاپ يۈرەتتى.

ئۇ مەجنۇن ئېشىكىنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدى. ئېشەككە مىنىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ ئەمدى ئاچچىقلىنىشىنى تاشلاپ، يېڭىباشتىن سىلىق-سىپايە گەپلەرنى قىلىپ، تەسەللىي بېرىشكە باشلىدى.

— ئەي مېنىڭ جىسمىمدىكى جېنىم تەڭرىم، ساڭا مېنىڭ يۈز جېنىم بولسىمۇ پىدا بولسۇن. سەن باشتا مېنىڭ ئېشىكىمدىن خەۋەر ئالماي، ئۇنىڭ بويىنىغا ئارغامچا باغلاپمۇ قويماي يوقىتىپ قويۇپتىكەنسەن. شۇڭا بىر ئاز چېچىلىپ قالدىم. قەھرىمدىن ساڭا تەگەپ قاپتىمەن. چۈنكى مەن ئېشىكىمنى ساڭا تاپشۇرغانىدىم. خوش، سېنىمۇ ئەتىۋەتلەتە ئۇنى ۋاقتىدا

قايتۇرۇپ بېرىشلىك لازىم ئىدى - دە. هال-
بۇكى، سەن ئامانەتنى ماڭا ۋاقتىدا تاپ-
شۇرماستىن، هايال قىلدىڭ. ئەمما مېنىڭ
خاپا بولغىنىمنى كۆرۈپ، تەدبىرمۇ تاپ-
تىڭ. چارە - ئامال قىلىپ، چاقمىقىڭنى
چاقتىڭ. كۆزنى يورۇتقۇچى مەشئىلىڭنى
ياقتىڭ. كۆزۈمگە ئېشىكىمنى كۆرسىتىپ
بېرىپ، ئۆزۈڭنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە مەرھە-
مىتىڭنى ئىزهار قىلدىڭ. گەرچە باشتا
مەن سەندىن ئاغرىنىشقا ھەقىقەتەن ھەق-
لىق بولساممۇ، لېكىن سەنمۇ ماڭا تاقا-
بىل تۇرۇپ، دىققەت بىلەن ئامال تېپىپ
غايىب بولغان ئېشىكىمنى پەيدا قىلىپ
بەردىڭ. بۇ ئىشىڭ بىلەن مېنى ئېيتقان
گەپلىرىم ئۈچۈن ئامالسىز ۋە ماجالسىز
هالغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭ. ساڭا قىلغان
قوپاللىقىم ئۈچۈن ئۇياتقا قالدىم. مەن
ئەمدى سېنىڭ بۇرۇن قىلغانلىرىڭنىڭ ھەم-
مىسىنى تامامەن ئۇنۇتتۇم. سەنمۇ مەرھە-
مەت قىلىپ، مېنىڭ قىلغانلىرىمنى ئۇنۇت-
قايسەن. مەن ئەمدى يەنىلا سەن بىلەن
يارىشىپ قالماقچىمەن. سەنمۇ ئاردىكى بۇ
كۆڭۈلسىزلىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن. مەن سېنى
خىجىل قىلمايمەن. سەنمۇ مېنى ئۇيالدۇر-
مىغىن. مەن بۇ ئىشتا سېنى پۈتۈنلەي
ئەپۇ قىلدىم. سەنمۇ ئاداۋەت ساقلىماي،
ماڭا كۆڭلۈڭنى ساپ تۇتقىن.

ئۇ سەۋدايى ھەدەپ ئۆزىنى ئۆزى
يوللۇق دەپ ماختايتتى، تەگرىگىمۇ
تۈرلۈك مېھرىبانلىق ۋە مەرھەمەتلەرنى
كۆرسىتىپ، تەسەللىي بېرەتتى. نەزمە:

تەلبە رازى گەرچە نامەقبۇل ئىدى.
چۈن مۇھەببەتتىن ئىدى مەقبۇل ئىدى.

تەلۋىنىڭ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى گەر-
چە نامەقبۇل سۆزلەر بولسىمۇ، لېكىن
مۇھەببەت تۈپەيلىدىن ئېيتىلغان بولغاچ-
قا، مەقبۇل ئىدى.

دېمەك، ئەگەر ھەر بىر مەجنۇن
خۇداغا ئاشۇنداق سىرلارنى ئېيتقان بولسا،
ئۇ باشتۇڭلۇق ۋە ئەركىلىك قىلغان
بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بۇنداق كىشىلەر
تەڭرىگە سۆيۈملۈكتۇر. سۆيۈملۈك كىشى-
نىڭ قىلغان ھەرقانداق قىلىقى
يېقىملىقتۇر.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سورىغان سوئالى

يەنە بىر قۇش ھۆپۈپكە مۇنداق
دېدى:

— ئەي يول بىلگۈچى، مەن باشقى-
لارنىڭ ئۆي - پىكىرلىرىدىن پۈتۈنلەي ئا-
زاد بولغانمەن. دائىم بىر تەڭرىنىلا ئوي-
لايمەن. ئاشۇ بىر خىيال بىلەنىلا كۆڭ-
لۈمنى خۇشال قىلىپ كېلىۋاتىمەن. چو-
قۇم بىر كۈنى ئۇنىڭ ۋىسالى بىلەن شاد-
لىنىمەن. شۇڭا ئۇ خىيالدىن بىر نەپەسمۇ
ئايرىلماي، ئۇنى ئىزدەيمەن. شۇنداق
تۇرسا، قانداقمۇ سەپەر قىلىشنىڭ ھەۋەس-
نى قىلىمەن؟.

## ھۆپۈپنىڭ قۇشقا بەرگەن جاۋابى

— سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ پۈتۈنلەي قۇ-
رۇق دەۋادىن ئىبارەتتۇر، — دېدى ھۆ-
پۈپ ئۇ قۇشقا، — ئۇنىڭ مەن بىلەن ھېچ-
قانداق ئالاقىسى يوق. ئۆزىنى بۇ قەدەر

ماختاپ لاپ ئورۇش ھېچ كىشىنىڭ ھەدـ
دى ئەمەس. سەن ئاي ۋە يىللاپ مۇـ
شەققەت چېكىپ دائىم ئۆز سۈپەتلىرىڭنى
بايان قىلىپ يۈرىسەن. سەن ئۆزۈڭنى
غەيرىدىن ئازاد بولۇپ، ھەق بىلەن بىر
گەۋدە بولدۇم دەيسەن. لېكىن سېنىڭ
بۇ ئىشىڭ تەڭرى دەرگاھىدا مەقبۇلمۇ
يوق، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. سەن بۇنـ
داق بىر سۆزلەرنى قىلغان بىلەن راست گەپ
قىلغان بولمايسەن. چۈنكى سەن ھەتتا
ئۇنىڭ ئالدىدا قانداق ھالەتتە بولۇشۇڭنىمۇ
بىلمەيسەن. سەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئىلتىماـ
سىم بولۇپ قالسۇن دەپ، مۇنداق دەۋاـ
نى ھەر نەپەستە قىلىپ تۇرىسەن. تايىنـ
لىقكى، ئۇنىڭغا بۇ ئىلتىماسىڭنىڭ قوبۇل
بولۇشى ياكى بولماسلىقىنىمۇ بىلمەيسەن.
سەن نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭ ئېتىباـ
رى بولمايدۇ. ئۇ زات نېمىنى ئاشكارا
قىلسا، ئۇنىڭ ئېتىبارى بار. ئەگەر ئۇ
ئىنايەت قىلىپ، سۆزلىرىڭنى قوبۇل قىلـ
مسا، ھەر قانچە قۇرۇق گەپ قىلغىنىڭ
بىلەنمۇ ئىشىڭغا ئەسقاتمايدۇ. تاكى ئۇنىڭ
دەرگاھىدىن مەقبۇللۇق ۋە ئىنايەت بولـ
مىغۇچە ياخشىلىق يوق. شۇڭا بۇ خىل
بىمەزە سۆزلەرنى ئېيقىنىڭدىن كۆرە، ئۇنىڭ
لۇتپى ۋە ئېھسانىغا كۆز تىككىنىڭ ئەلا.

## ھەزرىتى شەيخ بايەزىد بەستامى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) نىڭ ھېكايىتى

ھەزرىتى شەيخ بايەزىد بەستامى
(تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) سىر
خەزىنىسىنىڭ پاك ئېتەكلىك پاسبانى،
مەنە ئەھلىلىرى تەختىنىڭ ئەزىز سۇلتانى
ئىدى. شەيخ بۇ دۇنيانىڭ لەڭگىرىدىن
يولغا چىقىپ، ئېرىقى دۇنيانىڭ جەننەت
گۈلىستانىدا بەزمە تۈزدى.
بىر كۈنى ئۇنى بىر مۇرىتى چۈشىدە
كۆرۈپ، مۇنداق سورىدى:
ــ ئەي سەرخۇشلۇق شارابىنى ئىچكەن
زات، سەن ئۆز ئەھۋالىڭدىن بىزگە بىر
ئۇچۇر بەرگىن. قايتىدىن ھاياتلىق بېغىشـ
لاپ ئادالەت كۆرسەتكۈچى تەڭرى ساڭا
نېمىلەرنى قىلدى؟ بىز سەندىن ئايرىلغانـ
دىن بېرى جۇدالىق دەردىدە نۇرغۇن
كۈلپەت چەكتۇق. سەن ئۆز ئەھۋالىڭدىن
خەۋەر بېرىپ، بىزنى تىنچلاندۇرغىن.
مۇرشىدى كامىل مۇنداق دەپ جاۋاب
بەردى:
ــ لەھەت ئاستى ماڭا ماكان بولغانـ
دىن كېيىن، سوئال سورىغۇچى پەرىشتـ
لەر كىرىپ: «سېنىڭ ياراتقۇچىڭ كىمدۇر؟»
دەپ سورىدى. مەن جاۋاب بېرىپ: «بۇ
سۆزنى مەندىن سورىماڭلار، سوئالىڭلارغا
جاۋاب بەرمىگەنلىكىم ئۈچۈن مېنى ئەيىبـ
كە بۇيرۇماڭلار. سىلەر بېرىپ ياراتقۇچىنىڭ
ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭلار. ئۇ ئۆز دەرگاـ
ھىدا ماڭا قۇللۇققا ئورۇن بەرسە، بەندـ
چىلىكىمنى قوبۇل قىلىپ خىتاب قىلسا،
بۇ جاۋاب سىلەرگىمۇ يېتەرلىك جاۋابتۇر.
ئۇنداقتا مېنىڭ ئۇنىڭ دەرگاھىدا بەخت ـ
ئىقبال تەختىدە ئەزىزلىنىدىغانلىقىمنى
بىلىۋېلىڭلار. ئەگەر ئۇ مېنى مەقبۇللۇق
ئىقبالىدىن نائۇمىد قىلىپ، جۇدالىق ئازاـ
بىدا ئەبەدىي ئاۋارە قىلسا، ئۇنداقتا مېنى
رەت قىلىنغۇچى دەپ بىلىپ، كۆڭلۈڭلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىمنى خالسا، شۇنداق قىلىڭلار» دېدىم. مەندىن يۇقىرىقى جاۋاب چىققاندىن كېيىن، غايىبتىن: «ئەي سوئال سورىغۇچىلار، بۇ بەندە مېنىڭ قوبۇل قىلىشىمغا ئېرىشكەن ياخشى بەندەمدۇر» دېگەن خىتاب كەلدى. دېمەك، كىشىنىڭ كۆزى ئۇنىڭ نۇرى بىلەن يورۇمىسا، ئۆزىنى ئۆزى دېمەكلىك بىلەن توغرا كەلمەيدۇ.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سورىغان سوئالى

— ئەي دوستۇم، — دېدى يەنە بىر قۇش ھۆپۈپكە، — مەن كامالەت دەرياسىغا چۆمدۇم. نەپسىدە كامالەتكە ئېرىشتىم. بۇ ئارقىلىق كۆڭۈل مەقسەتلىرىگە يېتىشتىم. مېنىڭ مۇرادىم بۇ يەردە ھاسىل بولغان ئىكەن، يول ئازابىنى تارتىش مەن ئۈچۈن مۇشكۇل كېلىدۇ.

## ھۆپۈپنىڭ جاۋابى

— ئەي مەقسىتىڭ بىلەن نەپرەتكە ئىگە بولغۇچى، — دېدى ھۆپۈپ ئۇ قۇشقا، — كۆڭلۈڭگە غەپلەت بىلەن نادانلىق غۇرۇر پەيدا قىپتۇ. سەن ئۆز خىيالىڭغا مەغرۇرلىنىپ، ئەسلى ئىشتىن يىراقلاپ كېتىپسەن. بۇ خىيالىڭ پۈتۈنلەي نەتىجىسىزدۇر. بەلكى، باشتىن- ئاخىرى بىكار خىيالدۇر. پىشمىغان، نۇقسانلىق كىشىلا ئۆزىنى كامىل، ۋايىغا يەتكەن دەپ ھېسابلايدۇ. ئۆز نۇقسانلىرىنى ئىسپاتلىيالىغان كىشىلا ھەقىقىي كامىل كىشى ھېسابلىنىدۇ. كامالەتكە ئېرىشكەنلەر ئۆز كامالىتى ھەققىدە سۆزلەپ يۈرمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئەكسىچە نۇقسانلىق كىشىلەر ئارىسىدا مەۋجۇت. سەن ھەددىدىن ئارتۇق نۇقسانلىرىڭ بىلەن كامالەتكە يېتىپ، يۇقىرى پەللىگە چىقىپسەن. ئۆزۈڭنى ئالىم دەپ ئاتىغىنىڭدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، ھەقىقىي نادان، جاھىلنىڭ ئۆزىسەن. ئۆز كامالىتى ھەققىدە گەپ سېتىش ئۆزىنىڭ جاھىللىقى، بىلىمسىزلىكىنى ئىسپاتلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. كىمكى ئۆزىنى ۋايىغا يەتكەن دەپ بىلسە، دىتسىز، نادان، جاھىلنىڭ ئۆزى ئەنە شۇ، نۇقسان دېگەن ئەنە شۇ. بۇنداق نۇقسان كىشىنىڭ كامالەتكە يېتىشىگە ھەرگىز يول بەرمەيدۇ. قۇياشمۇ چۈش ۋاقتىغا يەتكەندە، ئۆزىنى ئەڭ ئېگىز نۇقتىغا چىقتىم، كامالەتكە يەتتىم، دەپ ئويلايدۇ. ھالبۇكى شۇنداق ئويلاش بىلەنلا ئۇ زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ چۈش مەزگىلىدە قۇياش ھەقىقەتەن كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ. بىراق ئۇ كامال تاپتىم دەپ ئويلىغانلىقى ئۈچۈن، زاۋاللىققا قاراپ ماڭىدۇ. ئاخىرى پاتىدۇ. ئەگەر بىر نۇقسانلىق كىشى خۇشاللىق پەيتىدە ئۆزىنى كەم - كۈتسىز، ۋايىغا يەتكەن دەپ ھېسابلىسا، ئۇنىڭغا شۇ ھامان كۆڭۈلسىزلىك يۈزلىنىدۇ. ئۆزىنى كامالەتكە يەتكەن دەپ ھېسابلىغۇچىلارنى ئۆزگەرتىش، تۈزىتىش ئىنتايىن مۇشكۇل. چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ بىناسى تەكەببۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن قەد كۆتۈرگەن بولىدۇ. ئەي ناتىۋان، شۇنى بىلگىنكى، سەن گۇمان قىلغان كامالەت ساپلا چالا - چۇاتىلىق ۋە قۇسۇر - نۇقسانىڭنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

## ھەزرىتى شەيخ ئەبۇ بەكرى نىشاپۇرىنىڭ① ھېكايىتى

شەيخ ئەبۇ بەكرى نىشاپۇرى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) مەنە مەملىكىتىگە يول تاپقان زات ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ساياھەت قىلماقچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاۋات ماكانى بولغان نىشاپۇردىن يولغا چىقتى. لېكىن ئۇنىڭ شەيخلىق مەرتىۋىسى ئىنتايىن ئۈستۈن بولۇپ، مۇرىت-مۇخلىسلىرى ھەددى-ھېسابسىز كۆپ ئىدى. مەپىلىرى، تۇغ-ئەلەملىرى بىلەن گۇرۇھ-گۇرۇھ مۇرىت-مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يولغا چىققانىدى. شەيخ ئۆزىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ھەيۋەتلىك گۇرۇھنىڭ ھەشەمىتىگە قاراپ كۆڭلىگە بىر بىھۇدە خىيالنى كەلتۈردى. ئۇ خىيال شەيخنىڭ كۆڭلىنى ئىگىلىۋالغان ئىدى. دەل شۇ مەزگىلدە بىر ئېشەك ھاڭراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئېشەك يۇقىرى ئاۋازدا يەل قويۇۋەتتى. شەيخ بۇ بىشارەتتىن چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى-دە، ھاياجانلانغىنىدىن يەرگە يىقىلدى. شەيخنىڭ مۇرىت-مۇخلىسلىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى. مۇرىتلار ئىچىدىن بىرى:

— بۇ نېمە ئەھۋال؟ — دەپ سورىدى سۆزلەشكە پېتىنىپ:

— ئەي، سىر-ئەسرار ئىزدىگۈچى دوستۇم، — دېدى شەيخ جاۋاب بېرىپ، — قارىسام، سان-ساناقسىز خالايىق ماڭا ئەگىشىپ پۈتكۈل دالىنى قاپلاپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ ئىش تۈپەيلىدىن، شۇم نەپسىم كۆڭلۈمگە مۇنداق بىر ۋەسۋەسىنى سالدى: «ئىلگىرىكى يولباشچى پېشۋالاردىن شەيخ جۈنەيد، شەيخ شىبلى، شەيخ بايەزىد بەستامى، شەيخ ئۇبەيد نۇرى، شەيخ ئەبۇ سەئىددەك ماشايىخلاردىن قايسىبىرى پېقىرلىق بوستانىدا مۇشۇنچىلىك مەرتىۋە ھەم ھەيۋەت-ھەشەمەتلىك مۇخلىسلار قوشۇنىغا ئىگە بولالىغان؟» نەپسىم كۆڭلۈمگە بۇ ۋەسۋەسىنى سالغان ھامان ئۇ ئېشەك مېنىڭ بۇ بىھۇدە خىياللىرىمغا دەل ۋاقتىدا جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭدىن ئۆز خىيالىمغا جاۋاب تاپقانلىقىم ئۈچۈن، ھاياجاندىن ھالسىزلاندىم.

بۇ ئېشەكنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى بىلەن يەل قويۇۋەتكەن ئاۋازى شەيخكە «سېنىڭ بۇ مەرتىۋە، ھەيۋەت-ھەشەمەتلىرىڭ ئېشەكنىڭ ئۇسۇرۇقى بىلەن ئوخشاش» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە بىشارەتنى بەرگەنىدى.

تەڭرى تائالا بىلەن بىرلىك ھاسىل قىلىپ، بېشىڭدىن ئاشۇ ئېشەكنىڭ ئۇسۇرۇقىدەك نىجىس خىياللارنى چىقارغىن. مانا بۇ ھەقىقىي مەرتىۋە، ھەيۋەت-ھەشەمەتتۇر. ئىنساب ۋە دىيانەت ئەھلى بولغان مۇئەللىپلەردىن مۇنداق ئىش كۆرۈلگەن يەردە ھىممىتى پەس ھەۋەسكارلار، ئەيىب-نۇقسانلىق بەندىلەر قاچانمۇ مۇنداق ئالىي مەرتىۋىلىك دۆلەتكە يېتەلىسۇن؟ —

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئال سورىغانلىقى

— ئەي ھۆرمەتلىك زات، — دېدى يەنە بىر سوئال سورىغۇچى قۇش، — بۇ يول-

① شەيخ ئەبۇ بەكرى نىشاپۇرى — ئىسمى ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەد. ئۇ مىلادى 853 — يىلدىن 935 — يىلغىچە ياشىغان. مەشھۇر شەيخ، پىقھى پەنلىرى ئالىمى (قانۇنشۇناس)

غا قەدەم قويغىنىمدا ئۆزۈمنى نېمە مەشغۇلات بىلەن خۇشال قىلىمەن؟ ئەگەر ماڭا ھەر خىل غەم-غۇسسىلەر يۈزلەنسە، ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلىمەن؟ قانداق قىلسام كۆڭلۈمگە شادلىق، ئۆزۈمگە ئازادلىق تېپىپ، ئۇنىڭدىن ھەرقاچان ھوزۇر ئالالايمەن؟

## ھۆپۈپنىڭ ئۇ قۇشقا بەرگەن جاۋابى

ھۆپۈپ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئەگەر ئۆزۈڭنى شاد قىلىشنى، كۆڭلۈڭنى ھەر خىل قايغۇدىن ئازاد قىلىشنى ئىستىسەڭ، ھەر دائىم ئۇ زاتنى ياد قىلىشنى ئادەت قىلغىن. يەنى، شادلىق ئىستىسەڭ ئۇنى ئەسلە. ئۇنىڭ يادى، خىيال-پىكرىدىن ئۆزگە شادلىق ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ يادى بىلەن بولمىغان ئەيش-ئىشرەتتىن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ئېرىشكەن راھەت-پاراغەتتىن، ئۇنىڭ خىيال-پىكرىدىن تاشقىرى ھوزۇر-ھالاۋەتتىن غەم-ئەلەم ياخشىراقتۇر. بۇنداق كۆيۈش-ئۆرتىنىشتىن كۆرە، ماتەم ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭ يادى بىلەن يەتكەن ھەر قانداق غەمنى شادلىق دەپ بىلگىن. ئۇ سېنى غەپلەتنىڭ ھەر قانداق بالا-قازالىق كىشەنلىرىدىن ئازاد قىلىدۇ.

## خوجا ئابدۇللا ئەنسارى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي)① نىڭ ھېكايىتى

ئىلىم-ئىرپان يولباشچىسى بولغان خوجا ئابدۇللا ئەنسارى (ئەقىل-ئىدراك ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن مىڭدىن بىرىنىمۇ شەرھلەپ بېرەلمەيدۇ) مۇنداق دېگەنىدى: «كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقى ۋە ئۇنىڭ پەقىرلىق يولىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى دىلدا ئۇنىڭدىن ئۆزگە، يەنى خىيالدا جاناندىن ئۆزگە نەرسىنىڭ بولمىغانلىقىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ھەر بىر كۆڭۈل شۇنداق سۈپەتكە ئىگە بولسا، ئۇنى كۆڭۈل دەپ بىلگىن. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ، دېڭىز ياكى كان بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكىن. ئۇ زاتقا كۆڭۈل بەرگەن كۆڭۈللا كۆڭۈلدۇر. بۇنداق كۆڭۈل جاناندىن ئۆزگىگە ئورۇن بەرمەيدۇ. دائىم ئۇنىڭ يادى بىلەن مەستۇ-مۇستەغرەق بولغان بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغان كۆڭۈلنى گۈلشەن بولغان تەقدىردىمۇ گۈلخان دەپ بىلگەيسەن.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سورىغان سوئالى

— ئەي بەختىيار زات، — دېدى يەنە بىر قۇش ھۆپۈپكە، — مەن ئۇ زاتنىڭ ئىشقىنى ئىختىيار قىلسام، ئەگەر ئۇنىڭ ۋىسال شەربىتىگە مۇشەررەپ بولسام، ۋىسال تاپقانلىقىمنى بىلگەن ھامانلا، ھاجەتمەنلىكىمنى ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭدىن نېمە تەلەپ قىلسام بولار؟

① خوجا ئابدۇللا ئەنسارى — ھىراتتا ئۆتكەن مەشھۇر شائىر ۋە شەيخلەردىن بىرى. ئۇ مىلادى 1005 – يىلىدىن 1088 – يىلىغىچە ياشىغان.

## ھۆپۈپنىڭ ئۇ قۇشقا بەرگەن جاۋابى

— ئەي خام تەمە، — دېدى ھۆپۈپ ئۇ قۇشقا جاۋاب بېرىپ، — ھوش ۋادىسىدا خام خىيال قىلىپ، ئەفسۇسكى ئېزىپسەن. ئۇ زات ساڭا مەقسەتلەرىنىڭ مەقسىتىدۇر. ئۇنىڭدىن ئۆزگىسى ھەممىسى يوقلۇقتىن ئىبارەت. ئەگەر سەن تىلىكىڭگە يېتىپ، مەھبۇبىڭ قولۇڭغا كەلسە، تىلىكىمگە يەتتىم دەپ بىلگىن. سەن ئۇنىڭدىن يىراق ۋاقىتتا، كۆڭلۈڭ ئۇنى ھەۋەس قىلاتتى. جان ۋە دىلىڭدا ئۇنىڭدىن ئۆزگە تەلەپ يوق ئىدى. ئارىدىن يىراق كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشكىنىڭدە، بۇنىڭدىن ياخشىراق يەنە نېمىنى ئىستەمەكچى ئىدىڭ؟! تەن ۋە جانىدىن مۇراد ئاشۇ. ئۇنىڭدىن ئۆزگە يەنە قانداق مۇراد - مەقسەت بولسۇن؟ ئۇنى تاپقان ھامان، باشقا تىلەكلەردىن كۆڭلۈڭنى ئۈزۈپ، بار - يوقۇڭنى ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيدۈرگەيسەن.

## ھەزرىتى شەيخ ئەبۇ سەئىد ئەبۇلخەير (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) نىڭ ھېكايىتى

ۋىسال دەرياسىغا چۆمۈلگەن شەيخ ئەبۇ سەئىد ئەبۇلخەيرى (ئۇنى سۈپەتلەشكە ئەقىل ئاجىزلىق قىلىدۇ) نىڭ لەقەملىرى خەرراز ئىدى. ئۇ كېچە - كۈندۈز مەھبۇبى بىلەن سىرداش ئىدى.

بىر كۈنى مەككىدە دۇئا ۋاقتىدا بىر گۇرۇھ كىشىلەر تەڭرى تائالادىن مۇرادىنى ئىستەكچى بولۇشتى. ئۇ ئەۋلىيا سۈپەت كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھەق سىرلىرىدىن ئاگاھ بولغانىدى. ئۇلار تەقۋادارلىق ۋە تائەت - ئىبادەتلەر بىلەن ھەقنى ئىستەپ، مۇناجات قىلىشاتتى. ھەممىسى ئۇ دەرگاھقا ئاشىنا بولۇش ئۈچۈن كەبىگە يۈزلىرىنى سۈرتۈپ دۇئا - تەلەپ قىلىشتى.

لېكىن، ھەقىقەت سىرلىرىنىڭ خەزىنىسى ۋىسال بېغى گۈللىرىنىڭ گۈلشىنى بولغان ئەبۇ سەئىد بۇ چاغدا تەلەپكارلار ئارىسىدا خامۇش ئىدى. كۆڭلى ۋەھدەت جامىدىن ئىچكەن شاراب بىلەن بىھوش ئىدى. كىشىلەر دۇئا - تەلەپ قىلىشىۋاتقان پەيتتە، شەيخ ئۇلارغا قاراپ ئىختىيارسىز ھالدا مۇنداق سۆزلەرنى قىلدى:

— ئەي تەڭرىم! بۇ كىشىلەر تەلەپ قىلىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مەن مۇشەققەت چەكمەيلا تېپىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. بۇلار سېنى ئۆزلىرىگە مەقسەت دەپ ساڭا يېتىشمەكنى ئىستەيدۇ. مەن بولسام سېنى ئاللىقاچان تاپقانمەن. مۇشۇ ھالىتىم بىلەن گويا سېنى ئىزدەشنى تاماملىغان كىشىگە ئوخشايمەن. مەن سەندىن بىر نەپەسمۇ ئايرىلىپ باققان ئەمەسمەن.

شۇڭا، تېپەپ بولغان نەرسىنى يەنە ئارزۇ قىلىش بىمەنىلىك ئەمەسمۇ؟ مەنىڭغۇ ۋەسىلىك بىلەن مەقسىتىمگە يەتكەنمەن. ئەمما بۇ تەلەپكارلارنى مۇرادىغا يەتكۈزگەيمەن.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۆپتىن سورىغان سوئالى

— ئەي تەرىقەتشۇناس، — دېدى بىر قۇش ھۆپۆپكە، — بۇ سەپەر كۆڭلىمىزگە ئوت سالدى. ئەمدى بۇ يولنى بېسىپ، شاھ بەزمىسىگە كىرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان ناھايىتى نەپىس بىر سوۋغا بولۇشى شەرت. ئۇ شاھ قانداق سوۋغاتنى ياقتۇراركىن؟ بۇ ھەقتە بىزگە چۈشەنچە بەرسەڭ.

## ھۆپۆپنىڭ ئۇ قۇشقا بەرگەن جاۋابى

— سېنىڭ بۇ سوئالىڭ ناھايىتى ياخشى بولدى، — دېدى ھۆپۆپ، — دەرھەقىقەت، شاھ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشقا بىرەر مۇۋاپىق سوۋغا تاپقىن. سېنىڭ تاپقان سوۋغاڭ دۇنيادا تېپىلغۇسىز ۋە يەككە-يېگانە بولسۇن. گۆھەر-ياقۇتلارنىڭ ئۇ دەرگاھتا كېرىكى يوق. چۈنكى ئۇنىڭ خەزىنىسىدە بۇنداق جاۋاھىراتلار ھەددى-ھېسابسىزدۇر. ئۇنىڭ قىلچە قەدىر-قىممىتى يوقتۇر. ئۇ دەرگاھتا يەنە مالائىكىلەرنىڭ تائەت-ئىبادەتلىرى، تەقۋادارلارنىڭ شەرەپلىك نەپەسلىرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ چەككەن ھېسابسىز رىيازەتلىرى، ئەۋلىيالارنىڭمۇ ئىبادەت-ئېتىقادلىرى تولۇپ تېشىپ تۇرۇپتۇ. بۇ دەرگاھتا قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ دەرگاھتا تۇپراق بىلەن تەڭ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇ ئالىي دەرگاھنىڭ ئەڭ ياخشى سوۋغىسىنىمۇ تېپىش مۇمكىن. ئۇ بولسىمۇ كۆيۈش، ئۆرتىنىش، دەرد-ئەلەم چېكىشتىن ئىبارەت. ئۇ دەرگاھقا غەملىك، ئاھ چېكىشتىن ئارتۇق سوۋغا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ دەرگاھ ئېھتىياجسىزلىق ۋە ئىززەت دەرگاھىدۇر، ئۇرنى يۈز تۈمەن مىڭ ئەرشتىنمۇ يۈكسەكتۇر. ئۇ يەردە يۈكسەكلىك، ئىستىغنا (ئېھتىياجسىزلىق) ۋە ناز ھەددىدىن تاشقىرى كۆپتۇر. پەقەت ئاجىزلىق، شىكەستىلىك، زەئىپلىك ۋە ھاجەتمەنلىك بىلەن يالۋۇرۇش ئۇ يەردە تېپىلمايدۇ. سەن ئۇ يەرگە ئۆزۈڭ بىلەن بىللە دەرد-ئەلەم، يالۋۇرۇش-يېلىنىشلارنى ئېلىپ بار. ناتىۋانلىقتا زار بولغان جىسمىڭنى ۋە غەمكىن جېنىڭنى ئېلىپ بار؛ مانا بۇ سوۋغىلار ئۇ دەرگاھتا يوق. ئەگەر ئۆزۈڭنى ئۇ دەرگاھقا ئاشىنا قىلاي دېسەڭ، جىسمىڭنى كۆيۈش-ئۆرتىنىشلەر ئىچىدە يوق قىلغىن.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇ پۈتكۈل شاھلارنىڭ شاھى ئىدى، ئالەم ئەھلىنىڭ بېشىغا چۈشكەن تەڭرىنىڭ سايىسى ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى تاجى قۇياشتىن، گۆھەرلە-

رى بولسا يۇلتۇزلاردىن پۈتكەندى. مەغرىبتىن مەشرىققىچە بولغان يۇرتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پەرمانىنى تۇتاتتى. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. بۇ كونا پەلەك ئۇنىڭدەك ئەزىمەت ئوغلاننى ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ئوغۇل گۈزەللىك ئاسمىنىدا پارلىغان نۇرلۇق يۇلتۇز، لاتاپەت بۇرجىدا چاقنىغان يورۇق گۆھەر ئىدى. ھۆسن جامالى كېچىنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق شامدەك، قەددى - قامىتى گۈزەللىك گۈلشىنىدىكى يۇمران سەرۋىدەك ئىدى. شاھ ئۇنىڭ ھۆسنىدىن دۇنياغا ئوت تۇتىشىپ كەتمىسۇن دەپ، ئوغلىنى ئالىي قەسىر ئىچىدە ئاسراپ ساقلايتتى. بۇ جاھانغا ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن ئاپەت چۈشۈپ، جاھان ئەھلى ئۇنىڭغا مۇپتىلا بولۇپ قېلىشىنى چاغلاپ، ئۇنىڭ چىقىدىغان يوللىرىنى بېكىتىۋەتكەن، توسۇۋەتكەنىدى. ئۇ ھەرەم گۈلشىنىدىن ئورۇن ئالغانىدى. باغلار ئىچىدە توزدەك مېڭىپ يۈرەتتى. ئاتىسى ئۇنىڭ سىرتقا چىقىشىنى مەنئى قىلغاچقا، ئاشۇ چىمەن ئىچىدە سەيلە قىلىش بىلەنلا قانائەت قىلاتتى.

ۋاقتىكى، ئۇ پادىشاھ ئەجەل شارابىنى ئىچتى. تەختى شاھزادىگە قالدى. دۆلەت خۇتبىسى شاھزادىنىڭ نامىغا ئوقۇلدى. ئۇلۇغلۇق ئاقچىسى ۋە ھۆكۈمدارلىق تەڭگىسى شاھزادىنىڭ نامىدا سوقۇلدى.

بىر كۈنى شاھزادە تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ، كۆڭۈل مەملىكىتىنى ئول تاماشادىن ئېچىلدۇرماقچى بولدى. ئات بىلەن جەۋلان ئۇرۇپ مەيدانغا ئاپەت سالغىلى كىردى. ئات چاپتۇرۇپ مەيداندا چەۋگان ئوينىدى. ياق، چەۋگان ئەمەس، بەلكى خالايىقنىڭ باشلىرىنى توپ قىلىپ جان ئوينىدى. ئۇ تۇلپارنى قايسى تەرەپكە سۈرگەن بولسا، شۇ تەرەپتىكى مەملىكەت ۋە شەھەر ئەھلى ئىچىدە سۈرەن - چۇقان ۋە غوۋغا - توپىلاڭلار باشلاندى. ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر سەۋدايى بولدى، زار ۋە ناتىۋانلىقتا قالدى، ئىشق دامىغا گىرىپتار بولدى. بۇ شاھ ئۇلارغا شۇ قەدەر چوڭ ئاپەتلەرنى سېلىپ قويۇپ، خۇددى شامالدەك تېزلىك بىلەن ئۆز گۇلشىنىگە قايتىپ كەتتى. شەھەر خەلقى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن غوۋغا - چۇقان سېلىشىپ «يارەببىم» دېيىشەتتى. ئۇنىڭ ئىشقى تۈپەيلىدىن ئاھۇ - پەريادلىرىنى كۆكلەرگە يەتكۈزۈشەتتى. ئۆز شەھىرىدە قېلىپ قالماي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، ھەممەيلەن ئۇنىڭ قەسرى ۋە بېغىغا يېتىپ كېلىشتى.

زالىم شاھ ئۆز مۈلكىنى ئۆزى خا قىلىپ، قەسىردىن چىققىنىچە خالايىققا مۇنداق بۇيرۇق قىلدى:

— بۇ غوۋغا كۆتۈرگەنلەرنى ھەر تەرەپكە تارقىتىۋېتىڭلار، كەتمىگەنلەرنى بولسا جازالاڭلار!

شاھنىڭ مۇلازىملىرى كىشىلەرنى تارقىتىشقا قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئادەملەر يەنە كەتمىدى. ئۇلارنىڭ ئادەملەرنى تارقىتىش ئۈچۈن قىلغان بارلىق ھەرىكەت ۋە ئىنتىلىشلىرى ھېچبىر پايدا بەرمىدى. شەھەر خەلقى باشتىن - ئاياغ ھەممىسى تەلۋە - ساراڭ بولغانىدى. ھەتتا ساراڭدىنمۇ ئارتۇقراق ئەھۋالغا چۈشۈپ، پاراكەندە ۋە دىۋانە ھالەتتە شاھ بېغىنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇۋەردى. قېرى ۋە ياش، پاسىق ۋە زاھىد، ئېسىل ۋە پەس تەبىقىلەردىكى ھەممە خەلق ئاشىقلىق ۋە تەلۋىلىك كوچىسىغا كىردى.

www.uyghurkitap.com

پادىشاھ خالايىقنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئۆز ئەھۋالىغا ھېچبىر چارە تاپالمىدى. بۇ غەلۋە - غوۋغالارنىڭ ھەددى - پايانى يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلماي ئامال بولمىدى. شاھ ئۇ خالايىق تەرەپكە بىر كىشىدىن مەكتۇپ ئەۋەتىپ: «مېنىڭ ئىشقىمدا خاراب بولغانلارنىڭ ھەربىرى بىرەر كەسىپنىڭ ئىگىسىدۇر. ئۇلار ھەر بىرى ئۆز ھۈنىرىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرسۇن. ھەممەيلەن ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولسۇن. مەندىن يارلىق چۈشكەندە، ھەربىر كىشى ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ پەزىلەت ۋە كامالىتىنى ئىزھار قىلسۇن. ئەگەر كىمنىڭ ھۈنىرى كۆڭلۈمگە ياقسا، ئۇنى ئۆزۈمگە مۇلازىم قىلىۋالىمەن. بەزمە - مەشرەپلەردە ئۇ ماڭا ھەمسۆھبەت ۋە سىرداش بولىدۇ. ئەگەر قىلغان ئىشلىرى كۆڭلۈمگە ياقمىسا، ئۇنىڭغا كۆپ ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى سېلىپ، بېشىنى كېسىپ خارۇ - زارلىق بىلەن ئۆلتۈرىمەن.»

شاھ بۇ پەرمانىنى چىقارغاندىن كېيىن ئاشىقلار ئىچىگە ھېسابسىز غەم - ئەندىشىلەر چۈشتى. لېكىن كىشىلەر بۇ ۋەدىگە ئۈمىدۋار بولۇپ، ھەربىرى ئۆز ھۈنىرىگە مەشغۇل بولدى. ئۇلار كېچە - كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. پەزىلەت ئىگىلىرى، ئالىملار، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشىنى تاشلاپ، شاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا مەشغۇل بولدى. ئالىملار كىتاب يازماق نىيىتىدە، سازەندىلەر ئاھاڭ - كۈيلەرنى ئىجاد قىلمىش خىيالىدا بولدى. شائىرلار مەدھىيە - قەسىدىلەرنى يېزىشقا باشلىدى. كاتىپلار: «مەن يازغان خەتلەرنى شاھ ياقتۇرۇپ قالارمىكىن» دېگەن ئۈمىد بىلەن قوللىرىغا قەلەم ئېلىپ، شاھنى سۈپەتلەپ قەلەم تەۋرىتىشكە باشلىدى. زەرگەرلەر ئۆز ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، شاھقا ئالتۇن كەمەرلەرنى ياسىماقچى بولدى. تىكۈچىلەر ئۆز كارخانىسىغا بېرىپ، شاھنىڭ كىيىشى ئۈچۈن زەر تونلارنى تىكىشكە باشلىدى. ياغاچچىلار «شۇنداق بىر تەخت ياسايكى، بۇ تەختكە سائادەتلىك شاھ چىقىپ ئولتۇرسۇن» دېگەن ئۈمىد بىلەن تەخت ھازىرلاشقا كىرىشتى. ئوق ۋە ياسىغۇچىلارمۇ شاھقا ئاتاپ ئۆز سەنئىتىنى كۆرسىتىشكە بەند بولدى.

دېمەك، شەھەردىكى بارلىق خالايىق ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولۇپ، ھەر بىرى بىر ئىشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇلار شاھنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، مۇرادىغا يېتىش ئۈچۈن، خىلمۇ خىل رەنجۇ - مۇشەققەتلەرنى ئۈستىگە ئالدى. ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن جاپالىق ئىزدەندى.

ئەلقىسسە، شاھ بىر كېچىسى ئىشرەتخانىسىدىن چىقىپ، خالايىقنىڭ ھۈنەر - سەنئەتلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىككى مەھرىمى بىلەن بىللە شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. شاھ شۇ تەرىزدە يۈرۈپ، كىشىلەر قىلغان ئىشلارنى بىرمۇ بىر كۆزىتىپ، ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقتى. ئۇ ئالىي سۈپەتلىك پادىشاھ قايسى ئىشنى كۆرمىسۇن، ئۆز ئۆزىگە: «بۇنىڭدىن بىزنىڭ خەزىنىمىزدىمۇ بار، بەلكى ئۇ يەردە بۇنىڭدىن ياخشىلىرىمۇ كۆپلەپ تەييار» دەيتتى. يۈرە - يۈرە ئاخىرى ئۇ بىر غېرىب بىچارە تۇرغان جايغا يېتىپ كەلدى. بۇ كىشى ئاشىق بولۇپ، ناھايىتى كۆپ كۈلپەت چەككەن، خار ۋە زەئىپ ھالەتتە ئىدى. بۇ ناتىۋان

ھەر زامان جىگەرلىرىدىن تېمىۋاتقان قانلى-
رىنى كۆز يوللىرى ئارقىلىق ھەر تەرەپلەر-
گە ئاققۇزاتتى. كۆزىدىن ئاققان قانلىق
ياشلىرى بىلەن ھاسىل بولغان پاتقاقتا
مىلىنگىنىچە ياتاتتى. ئۇنىڭ بۇ مۇشكۇل
ھالەتتە قىينالغان كۆڭلى گويا چالا بوغۇز-
لانغان قۇشتەك ئىزتىراپتا چۇشكىنىدى.
ئۇ، ھەر نەپەستە ئۆزگىچە بىر نالە-پەرياد
قىلار، ئۇنىڭ چەككەن ئاھۇ-پەريادلىرىدىن
ئەل كۆڭلى بۇزۇلار ئىدى. ئىشق تىغى
ئۇنىڭ خەستە كۆڭلىنى يېرىپ، كۆڭلىدىن
ئۆزلۈك ئىختىيارىنى سىقىپ چىقارغانىدى.
ئىشق زۇلۇملىرىدىن شۇنچىلىك ئازاب-
ئۇقۇبەت چەككەن ئىدىكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى
يوقىلىشقا باشلىغانىدى. بۇ يوقلۇق
ئۇنى تۇپراققا ئارىلاشتۇرۇپ تاشلىغانىدى.
ھەتتا ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ھەر بىر تۈككە
ئىشق تۈپەيلىدىن يۈزلىگەن شىكەستلەر
يەتكەنىدى.

ئۇ دىۋانە ئاشۇ خىل ھالەتتە يېتىپ،
ئۆز-ئۆزىگە مۇنداق دەيتتى: «ھەركىم
ئۆز ساھەسىدە ئاشىقانە ھالدا كامالەتكە
يەتكەن ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەتە ئۇلار
شاھ بەزمىسىگە قاتنىشىدۇ. شاھ ئۇلارنىڭ
ھەربىرىگە ئۇتىپ-مەرھەمەتلەر كۆرسىتىدۇ.
مەندە بولسا، دەرد ئەلەم ۋە ئاھۇ-پەر-
ياد چېكىشتىن ئۆزگە تۆھپە يوق. مەن
ئۇلارغا قانداق قىلىپ شېرىك بولالايمەن؟
شاھتا يا ئېھسان كۆرۈلىدۇ ياكى سىيا-
سەت. شاھ مەن بىچارىگىمۇ ئۆز دەرگاھى-
غا بېرىشقا رۇخسەت بەرسە ئەمما مەن
ئۇنىڭ مەرھەمەت ۋە ئېھسانىغا لايىق
ئەمەسمەن. ھەتتاكى جازا بېرىشىگىمۇ ئەر-
زىمەيمەن. كاشكى، ئۇ جازا تىغىنى سۇغۇ-
رۇپ، ئۆز قىلىچىنى بويىنۇمغا يەتكۈزسە-

ماڭا شۇ شەرەپنىڭ ئۆزى كۇپايە. بۇنىڭ-
دىن ئۆزگە مەقسىتىممۇ يوق. لېكىن مەن
شۇنچىلىك ئېتىبارسىزمەنكى، ھەتتا ئۇنىڭ
مېنى ئۆلتۈرۈشىگىمۇ ئىشەنچىم كامىل ئەمەس.
ئاھ، مەندىكى دەرد-ئەلەم كۈچىيىپ ھا-
لاكەتلىك تۈس ئالماقتا. مەن ئۆزۈمنىڭ
بۇ ھالىتىم ئۈچۈن ماتەم تۇتماقتىمەن.»

شاھ بۇ غېرىب بىچارىنىڭ ئەھۋالىنى
كۆرۈپ تەسىرلەندى. ئۇنىڭغا مېھرىنى بې-
رىپ، ۋەيرانىگە خۇددى قۇياش كەبى كى-
رىپ كەلدى. ئۇ دىۋانىگە ئۇتىپ-ئېھسان
كۆرسىتىپ، كۆڭلىنى ئۇۋلىدى. بەلكى ئۇ-
نىڭ جېنى جىسمى ئۆيىدىن قوغلانغاندەك
بولدى. بىچارە ئاشىق بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ،
چەكسىز ھەيرانلىق تۈپەيلىدىن، نېمە قى-
لارىنى بىلەلمەي لال بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ
كۆڭلى بۇ خۇشاللىققا بەرداشلىق بېرەل-
مەي، مېھمان ئالدىدا ئۆز جېنىنى تارتۇق
قىلدى.

بىلگىنكى، بۇ خىل ئۆلۈم جاندىنمۇ
ياخشىراقتۇر، جان دېگەن نېمە ئۇ، بەلكى
مىڭ-مىڭلارچە ھاياتتىنمۇ ئەۋزەلرەكتۇر.
ئەگەر كىشىگە بۇنداق ئۆلۈم نېسىپ بولسا-
يۇ، لېكىن ئۇ كىشى ئۆز جېنىدىن ۋاز
كېچەلمىسە، ئۇنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ.
ئىشق ئىچىدە بۇنداق كۆيۈش ۋە ئۆرتى-
نىش كىشىنىڭ روھ شامىنى پارلاپ تۇرغان
مەشئەلگە ئايلاندۇرىدۇ. شۇنى بىلگىنكى،
شام كۆز ياش تۆكۈپ كۆيگەنلىكى تۈپەيلى-
دىن كېچىلىرى قۇياشنىڭ ئورنىنى باسالايدۇ.

نەزمە:

فانىيا، ئىستەر ئىسەڭ مەقسەدغە يول،
ئاھۇ دەردۇ سوز بىلە خۇرسەند بول.

ئەي فانىي، ئەگەر مەقسەتكە يول تاپ-
ماقچى بولساڭ، ئاھ چېكىش، كۆيۈش ۋە
دەرد-ئەلەم بىلەن ئۆزۈڭنى خۇشال قىل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سورىغان سوئالى

يەنە بىر قۇش مۇنداق دەپ سورىدى:

— ئەي پاك زات، رەھبەرلىك بابىدا سەن ھەممىدىن زېرەك ۋە چاققان. بۇ يولنىڭ شىددىتى ھەددىدىن ئاشتى. ئۇنىڭ ئاخىرىمۇ چەك - چېگرىسىز ئىكەن. ئېيتقىنچۇ، بۇ بالا - قازا دەشتىنى قاچان بېسىپ تۈگىتىمىز؟ ئەسلى مەنزىلگە قاچان يېتىپ بارالايمىز؟ بۇ ئىشتىن بىزنى خەۋەردار قىلغىن. بۇ يولنىڭ سۈرئىتى ۋە ئارامىنى ئىزھار قىل. ئۇنىڭ قانداق باشلىنىپ نېمە بىلەن تۈگەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەر. ئاۋۋال بىز چېكىدىغان مۇشەققەتلەر، ئاخىرىدا يېتىشىدىغان ئەيش - ئىشرەتلەر ۋە مۇراد - مەقسەتلەر ھەققىدە سۆزلە.

## ھۆپۈپنىڭ قۇشقا بەرگەن جاۋابى

— ئەي بۇ يولدا ھەمراھ بولغان دوستۇم، — دېدى ھۆپۈپ جاۋاب بېرىپ، — بۇ سوئالىڭ ناھايىتى نازۇك سوئال بولدى. سەن مەندىن بۇ سەپەر كەيپىياتىنى، ئۇنىڭ ەنزىل ۋە ۋادىلىرىدا دۇچ كېلىدىغان يىنچىلىق ۋە شادلىقلار ھەققىدە سورىدىڭ. لگىنكى، بۇ يول نەچچە ۋادا ۋە نەچچە مەنزىلدىن ئىبارەتتۇر. ئەمدى مەن بۇلارنى ساڭا بىرمۇ بىر شەرھلەپ بېرەي، سەن بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ قالغىن. كۆز ئالدىمىزدا يەتتە ئۇلۇغ ۋادا تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە ھەددۇ - ھېسابسىز خەۋپ - خەتەر ۋە غەم - غۇسسىلەر بار. بۇ ۋادىنىڭ ھەر بىرىدە سان - ساناقسىز مەنزىللەر بولۇپ، ئۇلارنى ساناپ چىقىشقا ئەقىل - ئىدراك ئۈلگۈرەلمەيدۇ. لېكىن بۇ مەنزىللەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە ئاشۇ يەتتە ئۇلۇغ ۋادىغا تەۋەدۇر. مەن ئەنە شۇ ۋادىلارنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى ۋادا — تەلەپ ۋادىسىدۇر. ئۇنىڭغا شەرەپلىك تۇغرا يول كۆرسەتكۈچىلا باشلاپ ئېلىپ بارالايدۇ. ئىككىنچىسى، ئىشق ۋادىسىدۇر. سەن بۇ يەردە ئىشق ئوتى ئىچىدە بار - يوقۇڭنى كۆيدۈرۈپ تاشلىشىڭ لازىم. ئۈچىنچىسى، مەرىپەت ۋادىسىدۇر. سەن بۇ ۋادىغا قەدەم قويۇپ، ئۇنىڭ مەنزىللىرىنى بېسىپ ئۆتكەيسەن. تۆتىنچىسى، ئىستىغنا (ھاجەتسىزلىك) ۋادىسىدۇر. ئۇنىڭ يۈكسەكلىكى ۋە كەڭلىكى ئالدىدا بۇ بۈيۈك پەلەك پەستۇر. بەشىنچىسى تەۋھىد (يېگانىلىك) ۋادىسىدۇر. ئۇنىڭدىن ئۆتۈش ئۈچۈن كىشى يالغۇز بولۇشى شەرت. ئالتىنچىسى ھەيرەت (ھەيرانلىق) ۋادىسىدۇر. بۇ يەردە ساڭا كۆپلىگەن شىددەتلىك ئاپەتلەر يۈزلىنىدۇ. سەن ئۆز تىرىشچانلىقىڭ بىلەن بۇ ۋادىنى بېسىپ ئۆتۈسەن. يەتتىنچىسى، پەقرۇ فەنا (پېقىرلىق ۋە يوقلۇق) ۋادىسىدۇر. سەير قىلغۇچى سالىك (سۆلۈك ئەھلى) شۇنىڭ بىلەن يولنى پايانىغا يەتكۈزىدۇ. بۇ يەردە سۆلۈك ئەھلى ئۆز مەقسىتىگە يېتىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرى ئۆزگىچە بىر ھالەت بىلەن تامام بولىدۇ. لېكىن بۇ ۋادىدىكى مەنزىللەردىن ھېچكىم خەۋەر بەرگەن ئەمەس. چۈنكى بۇ يولدىن كەتكەنلەردىن ھېچكىم قايتىپ كەلگەن ئەمەس. بۇ يەتتە ۋادا قىسقىچە بايان قىلىندى. ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى سۆيەتلەش ئىنتايىن مۇشكۈلدۇر.

## تەلەپ ۋادىسىنىڭ سۈپىتى

تەلەپ ۋادىسىغا قەدەم قويساڭ، ئالدىڭغا ھەر نەپەستە يۈزمىڭ دەرد-ئەلەملەر دۈچ كېلىدۇ. ھەر قەدەمدە يۈزلىگەن قىيىنچىلىق، مىڭلىغان ئاجايىپ ھالەتلەر يۈزلىنىدۇ. تەلەپ قىلىشنىڭ رەنجۇ-مۇشەققەتلىرى كۆڭلۈڭنى زار ۋە ئىنتىزار قىلىدۇ. لېكىن، تاپالماسلىق ئالەملىرى روھىڭنى مەجرۇھ قىلىدۇ. مەھرۇملۇق بىلەن جېنىڭنى كۆيدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ۋىسال ئۈمىدى ساڭا مەلۇم بولمايدۇ. مۇشەققەت ۋە كۈلپەتلەر جىسمىڭغا نەشتەر سانجىيدۇ. ھېسابسىز ئېغىر دەرد-ئالەملەر ۋۇجۇدۇڭنى پارە-پارە قىلىدۇ. سەن ئۇ تېپىلغۇسىز گۆھەرنى قولغا كىرگۈزۈشنى ئارزۇ قىلىسەن. لېكىن ئۇنى تاپالمايسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئەسلەھەلىرىنى تەرك ئەتمەك زۆرۈر. سۈلۈك ئەھلى ئۆز يولىغا توسقۇن بولىدىغان مال-مۈلۈك ۋە باشقا نەرسىلەردىن ۋاز كېچىپ، پانىيلىقنىڭ تۆت تەكبىرىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇشى كېرەك. ئەگەر سەن ئالەم ماتاسىدىن پۈتكەن تەللىنى تاشلاپ، ئۆزۈڭنى مەقسەت مەنزىلىگە باشلىساڭ، سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا بۇ ئالەم بايلىقلىرىدىن ھېچ نەرسە قالمىسا، ساڭا باشقىچە ھالەتلەر يۈزلىنىدۇ. ئۇ يوشۇرۇن خەزىنىدىن سېنىڭ ۋەيرانە ۋۇجۇدۇڭغا مەنپەئەت يېتىدۇ. ئۇ زاتنىڭ نۇرىدىن جېنىڭغا يورۇقلۇق چۈشىدۇ. ئۇ يورۇقلۇق ئىشتىياق ئوتلىرىڭنى ئۇلغايتىدۇ، تەلەپ تۇلپارىڭنى تېزلىتىدۇ. بۇ چاغدا ئۆزۈڭدە بىر تەلەپ ئورنىغا يۈز تەلەپنى تاپىسەن. بۇ پەيتتە تاغلار سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا دالىدىكى ئاددىي قىرلاردەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. جېنىڭغا تەلەپ راھەتتى يېتىدۇ. سېنىڭدىن مۇشەققەت چېكىش شىددەتلىرى كېتىدۇ. كۆڭلۈڭ گۆھەر تېپىشقا قانچىلىك مۇھەببەت قويسا، سەن ئۈچۈن غەۋۋاسلىق قىلىش شۇنچىلىك ئاسان بولىدۇ. ۋىسال قۇياشى جامالىنى كۆرسەتىشى بىلەنلا تۈنلىرىڭ تاڭغا ئۇلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇ پەيتتە ئالدىڭغا مەست پىل دۈچ كەلگەن تەقدىردىمۇ، سەن ئۇنى پاشىچىلىك پەسەنتىڭگە ئالمايسەن. يولۇڭنى يۈزلىگەن شىر ياكى ئارسلانلار توسسىمۇ، سەن ئۇنى بىر چولاق چۈمۈلىدەك كۆرۈسەن. ئۇ خەزىنىگە ئېرىشسەڭ، كۆڭلۈڭگە ئەجدىھادىن خەۋپ يەتمەيدۇ. كۇپۇرلۇق بىلەن ئىماندىن تەڭلا قول يۇيىسەن. شۇندىن كېيىن ئالدىڭدا بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ. ئىچكىرىگە كىرگىنىڭدە، ئۇ يەردە نە كۇپۇرلۇق، نە دىندىن نىشان قالمايدۇ. سەن ئۇلارنىڭ بارچىسىدىن قۇتۇلىسەن. چۈنكى كۇپۇرلۇق ياكى ئىمان دېگەنلەر بۇ يولغا كىرگەن كىشى ئۈچۈن مەسىلەك ئەمەس. بۇلار ئەسلى يولدىكى توسقۇندىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

بىر كاتتا پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ خەزىنە-دەپىنىلىرى خۇددى لەشكىرى سىپاھىلىرىدەكلا سان-ساناقسىز ئىدى. تەڭرى تائالا بۇ پادىشاھقا بىر گۈزەل

www.uyghurkitap.com

پەرزەنت ئاتا قىلغانىدى. ئۇ شاھزادىنىڭ ئالدىدا بۈيۈك پادىشاھلارمۇ قۇل بولاتتى. ئۇنىڭ ھۆسنى جامالى ئالدىدا شەرق قۇياشمۇ شەرمەندە بولۇپ، كوچىسىنىڭ توپىرىقىغا بېشىنى قوياتتى. سەرۋ بويلۇقلار ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتىنىڭ سايىسىگە ئوخشايتتى. ئاي ئۇنىڭ گۈلدەك چېھرىدىن قىزغىناتتى. يۈزلىرى جاھاننى يورۇتقۇچى قۇياشتەك ياكى تولۇن ئايدەك ئىدى. ئۇ تەخت ئۈستىدە خۇددى ئاسمان تەختىدە ئولتۇرغان قۇياشتەك ھەرىكەت قىلاتتى. كۆزى ھەر بېقىشتا ئالەمنى بۇزار. ئىشق ئەھلىنىڭ كۆزلىرىگە بۇ ئالەمنى ئۆزگىچە قىلىپ كۆرسەتەتتى. سۆزلىگەندە ئۇنىڭ ياقۇت لەۋلىرى جانلارنى ئالاتتى. ئەگەر ئۇ لەۋلەر تەبەسسۇم قىلسا، كىشىگە ئەبەدىي ھاياتلىق بېرەتتى. پۈتكۈل ئالەم ئۇنىڭ مەستانىلەرچە ئاشىقى بولغانىدى. ھېچكىم ئۆلتۈرۈلۈشتىن غەم قىلماس ئىدى. ئۇنىڭ قاراقچى كۆزلىرىدىن جاھان ئەھلىنىڭ ھەممىسىگە ئۆلۈم ۋەھىمىسى كېلەتتى. تولپارىنى مىنىپ ھەر تەرەپكە چاقماقتەك چاپتۇرسا، پۈتكۈل جاھاننى ئۇ چاقماق بىلەن كۆيدۈرۈپ تاشلايتتى. ئالەم ئەھلى ئۇنىڭغا سەۋدايىلارچە شەيدا بولغانىدى. لېكىن ئۇ، ناز ئىستىغنا ئىچىدە يەككە يېگانە ئىدى.ئۇ، كىشىلەرگە كۆزىنىڭ ئۇچى بىلەن بىر قىيا باقسا، زۇلۇم تىغىدىن تۈمەن مىڭ كىشىلەرنىڭ قېنىنى ئاققۇزاتتى. پۈتكۈل جاھان خەلقىنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئۇنىڭ پەرۋاسى يوق ئىدى، بەلكى ئۆلتۈرۈشتىن ئۆزىنى قىلچە توختاتماس ئىدى. تاڭ شامىلىمۇ ئۇنىڭ كوچىسىغا يولىيالمايتتى. ئۇنىڭ كوچىسىدا ھەرىكەت قىلىشتىن جانلىرىغا قورقۇنچ يېتىپ، مەيىن شامالمۇ ئۇنىڭ گۈلشىنىگە كىرەلمەيتتى. شامال ئۇ گۈلشەنگە يول ئالالمىغاچقا، ئۇ يەردىكى گۈل بەرگىلىرىمۇ گۈللەردىن تەنبىھ ئالاتتى.

بىر كۈنى ئۇ شاھزادە سەھراغا ئاتلىنىپ، دالا تاماشاسى قىلىپ ياندى، ئۇنىڭ يولىدا يۈز تۈمەن مىڭ سەۋدايىلار تۇرۇۋالدى. ئۇلار پۈتكۈل دەشتنى قاپلاپ ياتاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شاھزادىنىڭ ئىشقى شىددەتلىرىدىن زار ۋە بىقارار بولغانلار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ يۈزلىرىگە نەزەر سېلىش ئۈچۈن ئۇلاردا ئىمكان يوق ئىدى. ئۇنىڭ تەرىپىگە بېقىشتىن ئۇلار بەھرىمەن بولالمايتتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىشمەكنى ئىستەر، لېكىن بۇنىڭغا يېتىشمەككە ھېچكىمدە ئىمكان ۋە دەرمان يوق ئىدى.

ھەر ھالدا، ئۇ سائادەتلىك شاھزادە سەھرادا تۇرغان ئەلگە نەزەر سالدى. كۆزى ئۇلار ئارىسىدىكى ئىشق زەنجىرىگە مۇپتىلا بولغان ئىككى نەپەر بىچارە ئاشىققا چۈشتى. شاھزادە ئۆز مۇلازىملىرىغا بۇيرۇق بېرىپ:

— بۇ ئىككى سەۋدايى سۈپەت كىشىنى ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كېلىڭلار! — دېدى.

ئۇلار ئىككى بىچارىنى تۇتۇپ، پادىشاھ قەسرى تەرەپكە قاراپ ئات سالدى. پادىشاھ ئۇلاردىن بىرىنى زىندانغا تاشلاپ، ئىككىنچىسىنى ئۆزىگە ئىت باقارلىق خىزمىتىگە تەيىنلىدى. بىرىنچىسى زىنداندا ياتقان مەھبۇسلار بىلەن ھەمخانە بولسا، ئىككىنچىسى زەنجىرلەنگەن ئىتلارغا ھەمدەم بولدى. ئۇلار شۇ قىيىن ئەھۋالدا بىر قانچە ۋاقىتلار ئۆتكىچە كۈلپەت تارتتى.

بىر دەردمەن كىشى ئۇلارنىڭ بىرىنىدىن:

ــ بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە سىزنىڭ هالىڭىز قانداقراق ئۆتۈۋاتىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــمۇشۇمۇ ئازاب ـئوقۇبەت بولامدۇ؟ــ دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ،ــبۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ مۇراد ـ مەقسىتىم ئىدى. مانا قارىماسەن، تۇرغان ـ پۈتكىنى ھەممىسى راھەتقۇ؟ بۇ قانداقمۇ مۇشەققەت چېكىش بولسۇن؟ مېنىڭ كۆڭلۈم ئىشق ئىچىدە بىر ئورۇنغا ئىگە بولدى، مەن ئۇنىڭ كوچىسىدا ئىت بولۇشقىمۇ رازى ئىدىم. گەرچە مەن ئۇنىڭ ئىتلىرىغا خىزمەتكار بولسامۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئىتلارغا باشلىقمەن.

ئۇلاردىن يەنە بىرى مۇنداق دېدى:

ــ ئۇنىڭ ئىشقى كۆڭلۈمگە شۇ قەدەر غالىب كەلگەن ئىدىكى، بۇ تۆپىلىدىن ئەگەر مېنىڭ تۇرالغۇ جايىم گۆر بولغان تەقدىردىمۇ رازى ئىدىم. گەرچە ھازىر زىنداندا كىشەنلەنگەن ھالدا ياتقان بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋىسالىدىن كۆڭلۈم ئۈمىدۋار.

ئۇ ئاي يۈزلۈك شاھ ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى پىنھان جايدا تۇرۇپ ئاڭلاۋاتقان ئىدى. ئۇلار شۇ تەرىزدە ئۆز ئىستەكلىرىگە سادىق، ئىشق يولىغا مۇۋاپىق ئىدى. بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەن قۇياش كەبى شاھ چەكسىز خۇرسەن بولدى. بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ كۆڭلىگە ناھايىتى خۇش ياقتى. ئۇلارنىڭ ئىخلاسىنى بىلىپ، ھەر ئىككىسىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن خاس مەھرەملىرىدىن قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇلار ئۆز تەرەپلىرىدە ساداقەتلىك بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاقىۋەتتە ئەنە شۇنداق مېۋىگە ئېرىشتى.

## ئىشق ۋادىسىنىڭ سۈپىتى

تەلەپ ۋادىسىنى تامام قىلغىنىڭدىن كېيىن، شۇ ھامان ئىشق ۋادىسىغا قەدەم قويىسەن. ئىشق ــ ئۆچمەس بىر مەشئەلدۇر. ئۇنىڭدىن ھەممە ئالەم نۇرلىنىدۇ. ياق، ئۇنى مەشئەل ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جاھاننى كۆيدۈرگۈچى شولا دەپ بىلگىن. ئىشققا ھەر قانداق نەرسە تاقابىل تۇرالمايدۇ. ئوتقا خەس ـ خەشەكلەر قانداقمۇ تەڭ بولالىسۇن؟ سەمەنىدەردىن باشقا قايسى جانىۋار ئوت ئىچىدە يۈرەلەيدۇ؟ ئىشق ئىچىدە قەلەندەر بولغانلىقىنىڭ ئۆزى ئوت دېڭىزىدا سەمەندەر بولغانلىقتۇر. ئاشىق بولغان دىۋانىنىڭ ئىشى شولا ئىچىدىكى پەرۋانىدەك كۆيۈشتىن ئىبارەت . دانالىقنى رەنالارنىڭ ئىشى دەپ ئېيتما. پەرۋانە بولۇشقا كېپىنەكنىڭ ھەددىمۇ؟ كېپىنەك ياش بالىلارغا ئۆز ھۆسنى ۋە زىبالىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، گۈللەر ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قولىدىن جەندە كىيگەن دىۋانىنىڭ ئىشىنى قىلىش كەلمەيدۇ. ئۇ، پەرۋانىگە ئوخشاش ئۆزىنى ئوتقا ئۇرالامدۇ؟ گەرچە كېپىنەك ئۆزىنىڭ تۈرلۈك رەڭ ۋە ھالەتلىرى بىلەن كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنسىمۇ، لېكىن پەرۋانىدەك يېنىپ كۆيەلمەيدۇ. ئەزەلدىن ئىشق ئارا كۆل بولغان ھەربىر قۇشنىڭ ئىسمىنى بۇلبۇل دېگىلى بولامدۇ؟ ئىشق ئىچىدە كۆيمىگەن ئادەمنى ئىشققا بېرىلگۈچى دېمە. كىمكى جېنىنى پىدا قىلمىسا، ئۇنى ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شق دەپ ھېسابلىما. ئىشق ئەھلى كۆيۈپ ئۆرتىنىش بىلەن خۇشال بولىدۇ. ئىشق ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىگىلىگىلى بولىدىغان ھۈنەر ئەمەس. ئىشقتا مۇپتىلا بولغان كىشىنىڭ كۆڭلىدىن چىققان ئوت پۈتكۈل ۋەيرانىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغۇچى ئەجدىھانىڭ نەپەسلىرىدەك قۇدرەتلىكتۇر.

ئاشىقلارنىڭ كۆڭلى ئاھ چېكىشتىن خالى ئەمەس. ئوتخانا ئىچىدىن تۈتۈندىن ئۆزگە نېمە چىقىش مۇمكىن؟! ئىشقتىن چۈشكەن يالقۇن پۈتۈن ئالەمنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغۇچى چاقماقتەك جاھاننى ئۆرتەيدۇ. ئىشق ئوتىدا ھەقىقىي پاك ئاشىقلار كۆيۈپ ئۆرتىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئۆرتىنىشى گوياكى چاقماق چۈشكەن خامانغا ئوخشايدۇ.

سەن ئاشىق كۆڭلىنى ئەزەلدىن ئوتسۇق دەپ ئويلىما. بەلكى ئىشق ئۇنى ئەنە شۇنداق ئوتخانىغا ئايلاندۇرغان. ئىشق بىر ئوت كەبى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالىدۇ. چۈنكى ئوت ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن كىشى كۆيمەي قالمايدۇ.

ئىشق بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ. جىسمىڭغا ئوت چۈشسە، ئۇ سېنى قۇيۇندەك سەرگەردان قىلىدۇ. ئىشق ئىچىدە كۆيۈپ ئۆرتىنىشتىن ئۆزگە ئىش يوق. ئوت ئىچىگە كىرگەن كىشىنىڭ كۆيمەي ئامالى يوق. ئىشق ئاسمىنىدىن قاياقتا چاقماق چۈشسە شۇ يەردە جانلارنى ئوت كەلكۈنىگە غەرق قىلىپ تاشلايدۇ. ئىشق چاقمىقى خانۇماننى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. خانۇمان ئەمەس بەلكى پۈتكۈل جانۇ - جاھانغا ئوت قويىدۇ. جاننى تەرك قىلىش ئاشىقلارنىڭ ئاساسلىق ئىشىدۇر. ئۇلار ئالدىدا يار ئۈچۈن ئۆلۈش ئادەتتىكى ئەھۋال.

## ھەزرىتى شەيخ ئەجمەدۇ (ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولغاي)① نىڭ ھېكايىتى

شەيخ ئەجمەدۇ ھەج سەپىرىگە كېتىۋېتىپ بىر مەنزىلگە كەلدى. ئۇ يەردە دەل - دەرەخلەر، گۈل - گىياھلار بىلەن بىر بۇلاق سۈيىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ بۇلاقنىڭ بۇلدۇقلىغان ئاۋازى خۇددى ھاياتلىق سۈيىدەك يېقىملىق ئىدى. ئۇ سۇ گوياكى ئاشىقلار جىنىدەك پاك ۋە سۈزۈك ئىدى. ئىرىقلىرى خۇددى كۆز ياشلىرىدەك ئېقىپ تۇراتتى. شەيخ ئەجمەدۇ ئۇ سۇنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ، بىر نەپەس كۆڭلىدىن غەم - قايغۇنى يۇيدى. كۆڭلى ئۇ مەنزىلدە بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئاندىن ئۇنىڭ كۆزى بۇلاق بېشىدىكى بىر تاش تاختىغا چۈشتى. ئۇنىڭدا: «ئەي ھىجاز ئەھلى،② ئەگەر بۇ سىرنى بىلسەڭلار شۇنىڭغا

① شەيخ ئەجمەدۇ — تولۇق ئىسمى ئەبۇ سەئىد ئەبدۇل مەلىك بىننى قۇرەيب. مەشھۇر تىلشۇناس ئالىم ۋە شەيخ ئۇ، مىلادى 828 - يىلى ۋاپات بولغان.

② ھىجاز ئەھلى ھەجگە بارغۇچىلار.

ئىلاج قىلىپ باقسايسىلەر، ئەگەر بىر كى-
شى ئىشققا مۇپتىلا بولۇپ ئىشىق ئۇنىڭ
سەۋرى - تاقىتىنى تارتىۋالغان بولسا، قانداق
قىلىدۇ؟ دەپ يېزىلغانىدى.
شەيخ ئەجەمىي قولىغا قەلەم ۋە
دۇۋەتىنى ئېلىپ، بۇ خەتنىڭ تېگىگە
مۇنداق دەپ يېزىپ قويىدى: «كىمكى
بۇ ھالاكەت گىردابىغا چۈشۈپ ئۇنىڭدىن
پاك چىقاي دىسە، ئۆزى چۈشكەن يول-
دىن قورقمىسۇن».
شەيخ ئەجەمىي يۇقىرىقى سوئالغا
ئاشۇنداق جاۋاب يېزىپ قويۇپ بۇ مەن-
زىلدىن كېتىپ قالدى. ئەتىسى يەنە شۇ
جايغا كېلىپ، خەت يېزىلغان تاشقا
نەزەر سالدى. قارىسا، ئالدىنقى كاتىب
يەنە ئۆز قەلىمى بىلەن شەيخ ئەجەمىينىڭ
خېتىنىڭ ئاستىغا تۆۋەندىكىلەرنى يېزىپ
قويۇپتۇ: «ئەگەر جانلىرى قاقشىغان
ئاشىق ئۆزى پاك بولسايۇ، يەنە ئىشقىنى
يوشۇرۇن ساقلىسا، لېكىن ئۇنىڭ قەل-
بىدىكى مۇھەببەتنىڭ شىددىتى تېزلىشىپ،
ئۇنىڭ تاقىتى تاق بولسا، ئۇ ۋىسالغا ئېھ-
تىياجلىق بولۇپ قالسا بۇنداق چاغدا
ئۇ نېمە قىلىشى كېرەك؟ ئەگەر بۇ ئىش-
ىنىڭ ئىلاجىنى تاپالمىسا قانداق قىلىدۇ؟»
شەيخ بۇ پەۋقۇلئاددە سىرنى كۆر-
گەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ سېھىرلىك
قەلىمى بىلەن يەنە مۇنداق دەپ يازدى:
ئىشق ئىچىدە مەن نەسىھەت قىلغان
ئاشۇ دەردلىك ۋە ناتىۋان كىشى بۇ نەس-
ھەتلىرىمدىن ئۆز مەقسەتلىرىگە ئې-
رىشمىگەن بولسا، ئۆلسۇن - دە، شۇ ئار-
قىلىق ئىشق ئوتىدىن ئۆزىنى خالاس
قىلسۇن»
بۇ رەھىمسىز نەسىھەتچى ئەنە شۇن-
داق ھالاكەتلىك جاۋابنى يېزىپ قو-
يۇپ، بۇلاق يېنىدىن كېتىپ قالدى.
ئۇ، بىر كۈن باشقا جايدا ھايال بولۇپ،
ئەتىسى ئۆز تۆگىسىنى يەنە شۇ تەرەپكە
قاراپ ھەيدىدى. ئۇ ئاشىقنىڭ جاۋابىنى
بىلمەكچى، ئاشۇ ھەسرەتلىك غايىبا-
نە ئاشىقنىڭ يەنە نېمىدەپ خىتاب
قىلغانلىقىنى كۆرمەكچى بولدى. كەلسە
ئۆمرىدىن ۋاز كەچكەن، ئەپتىدىن زارۇ -
زار بولغانلىقى ئاشكارا تۇرغان، رەڭگىرو-
يىدىن ئاغرىقچانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆز
ئەھۋالى بىلەن ئەل كۆڭلىنى بۇزالىغۇدەك
روھسىز بىر كىشى بۇلاق يېنىدا يېتىپ-
تۇ. ئۇ ئىشق ئىچىدە مۇشكۇللەرنى ھەل
قىلىش ئۈچۈن، بېشىنى تاش تاختايغا
شۇنداق ئۇرۇپتۇكى، بۇ زەربىدىن تاش
سۇنۇپ كېتىپتۇ. بۇلاقنىڭ سۈيى ئۇنىڭ
قانلىرى بىلەن لالە رەڭگىگە كىرىپتۇ.
سۇ تەرەپتىكى تاش ئۈستىدىن بېشى پەس-
كە ساڭگىلىغان ھالدا جېنىدىن جۇدا
بولۇپ يېتىپتۇ.
ئۇ نەسىھەت قىلغۇچى بەرگەن پەن-
دۇ. نەسىھەتلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇ ئا-
شىق ئۆز جېنىنى تەرك قىلدى. ئۆزىنى
ھىجران ئازابىدىن قۇتقۇزدى ۋە ئىشق
ئىچىدە ئۆزلۈكىنى يوقاتتى.
بۇ ئاجايىپ ئەھۋالنى كۆرۈش
بىلەنلا، شەيخ ئەجەمىينىڭ كۆڭلىگە يۈز
خىل قىيىنغۇچى نەشتەرلەر سانجىلدى؛
تونلىرىنى يىرتىپ، سەللىسىنى يەرگە
ئۇردى. ئۆز نەسىھىتىگە قۇلاق سالغان
كىشى ئۈچۈن ماتەم تۇتتى. ئۇ، بۇنىڭ-
دىن ئارتۇق بىرەر ئېغىز ئەھۋالنى كۆرۈپ
باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاھ - پەرياد ئۇرۇپ،

www.uyghurkitap.com

ئاچچىق - ئاچچىق يىغلىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. يەرنى كولاپ ئۆلۈكنى قەبرىگە قويدى. ھالاك بولغان كىشى شەھىد ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جىسمىغا ئۆزىنىڭ قانلىق كىيىملىرى كېپەن بولدى. نەزمە:

فانىيا، ئىشق ئىچرە فانىي بۇيلە بول،
بولمىسا سەبرۇ شىكىبلىق بۇيلە ئۆل.

ئەي پانىي! ئىشق ئىچىدە ئەنە شۇنداق پانىي بول. ئەگەر سەۋرى تاقىتىڭ تۈگىگەن بولسا، ئەنە شۇنداق ئۆل. قۇدرەتلىك ۋە بۈيۈك تەڭرى بۇ خىل ئۆلۈمنى كىمگە نېسىپ قىلسا، بۇنداق ئۆلۈمگە يۈز تۈمەن جان پىدا بولسۇن.

## مەرىپەت ۋادىسىنىڭ سۈپىتى

شۇنى بىلگىنكى، ئىشق ۋادىسىدىن كېيىن مەرىپەت ۋادىسىغا كىرىسەن، بۇ جايىنىڭ ناھايىتى بىپايان بىر باياۋان ئىكەنلىكىگە نەزەر سالغىن.

كىمىكى بۇ ۋادىغا كىرسە، ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارنىڭ بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇ ۋادىدا يۈز تۈمەنلىگەن يوللار بار، ئۇلار بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئۇ يەردە بىر پۈتۈنلۈك ۋە ئايرىم بۆلەكلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ قارىمۇ قارشىلىق بار. تەرەققىياتمۇ، زاۋاللىقمۇ شۇ جايدا مەۋجۇت، سەن ئۇ يەردە يۈز تۈمەنلىگەن يولۇچىلارنىڭ بىقارار ۋە ئىنتىزار بولغان ھالدا، ھەر بىرى باشقا - باشقا يولدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزلىرى كېتىۋاتقان يول بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ھەربىر كىشى ئەلنى ئۆز يولى تەرەپكە بۇراشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. بىرى، ياخشى كۆرگەن يولىنى ئىككىنچىسى خالىمايدۇ، ھەر بىر يولۇچىنىڭ كۆزىگە ئۆزىنىڭ يولى ياخشى كۆرۈنىدۇ. باشقىلارنىڭ يولىنى بولسا ئەسلا پىسەنتىگە ئالمايدۇ. ئېتىراپمۇ قىلمايدۇ. ئۇ يەردە پاشىمۇ، پىلمۇ ئوخشاشلا يولۇچى. بۇ ۋادىدا پاشىمۇ، جىبرائىلمۇ ئۇچىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ، پىرئەۋنمۇ يول يۈرىدۇ. لېكىن شۇنى بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ يولى بىر ئەمەس. ئۇ يەردە ئىمام مەھدىمۇ، دەججالمۇ تەڭ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى ئۆزىنىڭ مەزھىپىنى ئۇلۇغلايدۇ. لېكىن ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ مىنگەن ئېشىكى قانداقمۇ تەڭ بولالىسۇن؟ بۇ ۋادىدا يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇجەھىلمۇ ئۇچرايدۇ. لېكىن، بۇلارنىڭ بىرى نۇرغا غەرق بولغان بولسا، يەنە بىرى زۇلمەتكە پاتقاندۇر.

بۇ يەردە بارچە ياخشى-يامانىنىڭ ھەممىسى سەيلە قىلىدۇ. مۆمىنمۇ، كۇپپارمۇ يولۇچىلىق قىلىدۇ. ئاتەشپەرەسلەر بۇ يەردە ئۆز ئوتلىرىغا تەلپۈنىدۇ. كەبە ئەھلى (مۇسۇلمانلار) بولسا بىرلا تەڭرىگە سېغىنىدۇ. كۇپپارلار بۇتنى ھەممىدىن ئاگاھ دەيدۇ. ئىسلام ئەھلى بولسا «لائىلاھە ئىللەللاھ» (بىر خۇدادىن ئۆزگە خۇدا يوق) دەيدۇ.

شۇنداق بولغانىكەن، بۇ يەردىكى ئىش زىددىيەتلىك بولماي قانداق بولاتتى؟ يول باشلىغۇچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋەسالام ئاتا قىلغاي)

مۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر بېرىدىپ «كىمكى ھەقـ
قە ئېرىشمەكچى بولۇپ سەپەرگە ئاتـ
لانسا ۋە بۇ يولنىڭ سان - ساناقسىز
ئىكەنلىكىنى كۆرمەكچى بولسا، ئۇنى پۈتكۈل
خالايىقنىڭ ئېلىۋاتقان نەپەسلىرى بىلەن
تەڭ دەپ بىلسۇن.» دېگەنىدى. بۇ
خالايىقلارنىڭ ھەممىسى قارا كۆڭۈل ئە-
مەس، ياكى ھەممىسى ئاق كۆڭۈلمۇ ئە-
مەس. ئاشۇ زۆرۈرىيەت بىلەن كىشىلەرنىڭ
ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدۇ.

ئەگەر گاداي ياكى پادىشاھ بولسۇن،

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياكى ھەر بىر ئۆز-
گىچە بىر يول بىلەن ئۆز سۈلۈكىنى ئادا
قىلدۇ. لېكىن نەپسانىيەت سەۋەبىدىن
ھەركىم ئۆز يولدا كامالەتكە ئېرىشىش
ئۈچۈن، شۇ يولنى سۈپەتلەش لازىم بول-
دى. شۇنىڭ بىلەن يولۇچىلار ئوتتۇرىسىدا
پەرق كېلىپ چىقتى. بىرسىگە دېھراپ
ۋە مەسچىت پەيدا بولدى. يەنە بىرىگە
بۇت ۋە بۇتخانا زاھىر بولدى. ھەركىمـ
گە ئۆزىنىڭ ئىرپانى (چۈشەنچىسى) سۈپەت
ۋە ئالاھىدىلىك بولۇپ قالدى. كۆرگىنـ
كى، شۇ قەدەر كۆپ پەرقلەرنىڭ ھەممـ
سىنى مەرىپەت پەيدا قىلدى. ھەركىم
ئۆز يولدا كامالەتكە يېتىشنى ئارزۇ قى-
لىپ، بۇ ۋادىنى كېزىشكە مەشغۇل بول-
دى. گەرچە ئۇلارنىڭ مەسلەك ۋە يوللى-
رى باشقىچە بولسىمۇ، لېكىن، ھەممىسىنىڭ
مەقسىتى بىردۇر. يولنىڭ تۈز ياكى ئەگـ
رىسى، يىراق ياكى يېقىنى بولدۇ. ئۇلار-
نىڭ ھەر بىرىگە خىلمۇ خىل يوللار
دۇچ كېلىپتۇ. ئۇ يولدا بەزىسى ھالاك
بولۇپ، بەزىسى يۈرۈپ كېتىپتۇ. بەزىسى
ئاۋارە بولۇپ، يولنى بېسىپ تۈگىتەلمەپـ
تۇ. يەنە بەزىلەر يولدىن ئادىشىپتۇ. يەنە
بەزىلەرگە تۇرلۇك توسالغۇلار، قىيىنچىلىقـ
لار دۇچ كەپتۇ. لېكىن بۇ يولنى بېسىپ
ئۆتمەي تۇرۇپ، ھېچكىمنىڭ ئۆز مەقسىتىـ
گە يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. مەرىپەت
قۇياشى تۇغۇشى بىلەنلا، ھەركىم ئۆز
مەقسىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆز يولى
بويىچە، يۈرۈپ نەتىجە ئىستەيدۇ. ئۆزى
شۇغۇللىنىۋاتقان سۈلۈك ئارقىلىق، مەقـ
سەت بايلىقىنى قولغا كىرگۈزۈشنى ئارزۇ
قىلدۇ. چۈنكى مەرىپەتتىن ئىبارەت بۇ
پاكىز نۇر نۇرلۇق شولىلارنى چېچىش
بىلەنلا، بۇ شولا ھەركىمنىڭ كامالەتكە
ئېرىشىشىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ.
كىمكى ئۆز يولدا مۇشەققەت چەككەن
بولسا، تارتقان رەنجىنىڭ مىقدارىغا باراۋەر
خەزىنىگە ئىگە بولدۇ. بۇ مەسلەكلەر ئىـ
چىدە كۆپلىگەن ئىختىلاپلار يۈز بەردى.
لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بولغان،
ئاز بىر قىسمى ساپ ئىدى. پەيغەمبەرلەر
شەرىئىتىنىڭ قانۇن - قائىدىلىرىگە تەۋە
بولغانلىرىلا، ئاشۇ پاك ۋە ساپ مەسلەك-
لەردىن بولالايدۇ.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

نەقىل قىلىنىشىچە، بىر توپ قارىغۇ
كىشىلەر بىر سەۋەب بىلەن مۇساپىرلىق
ياكى تۇتقۇنلۇق سەۋەبىدىن ھىندىستانغا
بېرىپ قاپتۇ. كېيىن، پەلەكنىڭ گەر-
دىشى بىلەن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشىپ
كېلىشىپتۇ. بۇ يەردە بىر كىشى

ئۇلاردىن:
— ھىندىستاندا پىلنى كۆردۈڭلار-
مۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ-
لار. ئۇ كىشى:
— كۆرگەن بولساڭلار قىنى دەلىل
كەلتۈرۈپ سۆزلەپ بېقىڭلار، — دېدى.
ئۇلار ئەسلىدە پىلنى كۆرمىگەن.
ئۇ ھەقتە ھەتتا ياخشىراق سوراپمۇ بى-
لىشۋالمىغانىدى. ھەربىرى پىلنىڭ بىرەر
ئەزاسىنى سىلاپ-سىيپىلاپ، شۇنىڭدىن
بىلىم ھاسىل قىلىشۋالغانىدى. شۇ سە-
ۋەبتىن، پىلنىڭ قۇللىرىنى سىلىغان
كىشى:
— پىل تۈۋرۈككە ئوخشاش ئىكەن، —
دېدى.
بۇ چاغدا پىلنىڭ قورسىقى ۋە
ئۈچىسىنى سىلىغان كىشى دەرھال
قارشى چىقىپ:
— ياق، پىل تۈۋرۈكسىز تاغقا ئوخ-
شايدىكەن، — دېدى.
پىلنىڭ خارتومىنى سىيلىغان كىشى:
— پىل ئەجدىھاغا ئوخشاش بىر نەر-
سە ئىكەن، — دېسە، ئۇنىڭ چىشلىرىنى
سىلىغان كىشى:
— پىل دېگەن ئىككى تال قوزۇق-
تىنلا ئىبارەت ئىكەن، — دېدى.
پىلنىڭ قۇيرۇقىدىن خەۋەر تاپقان
كىشى:
— پىل گويا كى ئېسىلىپ تۇرغان
يىلانغا ئوخشايدىكەن، — دېدى.
پىلنىڭ بېشىنى سىلاپ-سىيپىلى-
غۇچى كىشى:
— پىل بىر چوقىنىڭ ئۇمشۇقىغا
ئوخشاش نەرسىكەن، — دېدى.
پىلنىڭ قۇلىقىغا قول تەگكۈزگەن
كىشى:
— پىل قىمىرلاپ تۇرغان ئىككى تال
يەلپۈگۈچكە ئوخشاش مەخلۇق ئىكەن، —
دېدى.
ئۇلار كور بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەنە
شۇنداق سۆزلەرنى ئېيتىشتى. گەرچە ئۇ-
لارنىڭ ئېيتقان سۆزلىردىنىڭ بارچىسى توغرا
بولسىمۇ، لېكىن، ھەممىسى نۇقسانلىق
ئىدى. ئۇلاردا تەرتىپ مەۋجۇت ئەمەس
ئىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نەسلى
ھىندىستانلىق بىر پەيلاسوپ ئۇلارنىڭ
ئېيتقان سۆزلىرى ئۈچۈن تەنە ياكى
مەسخىرە قىلمىدى. ئۇ كىشى پىل باققۇ-
چىلىق ساھەسىدە ئۇستاز ھېسابلىناتتى.
ئۇ مۇنداق دېدى:
— ھەر بىر كىشى پىل ھەققىدە
ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى ئېيتىپ، ئۇ ھەقتە
نىشانە بەردى. ئۇلار بىر-بىرىگە زىت
پىكىر قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئەيىب-
لىك ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر بىرى
ئۆزى بىلگەن سۆزنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ
ھېچبىرى پىلنى كۆرمىگەن بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلار ئېيتقان بۇ سۈپەتلەرنىڭ
ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلسا، ئۇنىڭدىن
پىل ھەققىدە مۇئەييەن تەسەۋۋۇر ھاسىل
قىلغىلى بولىدۇ.
بۇ يىراقنى كۆرگۈچى كىشىنىڭ
نەزەرىدە بۇ مەسىلە ئېنىق بولغانلىقى
ئۈچۈن، ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن بۇ قا-
رىغۇ كىشىلەر ئېيتقان سۆزلەرنىڭ ھەم-
مىسىنى راست دەپ ھېسابلىدى.

## ئىستىغنا ۋادىسىنىڭ سۆپىتى

ئىستىغنا (ھاجەتسىزلىك) ۋادىسىدا
يۇقىرى ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ
ھەممىسى تەڭ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەردە
ھەر نەپەستە ئىستىغنا شاماللىرى چىقىپ
ئالەمگە توپىلاڭلار سالىدۇ. ئىستىغنا بۇ-
لۇتىدىن ياغقان يامغۇر تۆپەيلىدىن، يۈز
تۈمەن ئالەمنى سەل ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ
دەرگاھتىكى ياەغۇر ئالدىدا يەتتە بۈيۈك
دېڭىزمۇ بىر تامچە سۇدەك كۆرۈنىدۇ.
بۇ ۋادىنىڭ ئالدىدا يەتتە ئاسمانمۇ كۆك-
نار غوزىكىچىلىك كۆرۈنىدۇ. ئۇ يەرنىڭ
چاقماقلىرى ئالدىدا يەتتە دوزاخنىڭ
ئوتى خۇددى بىر ئۇچقۇندىنلا ئىبارەت.
سەككىز جەننەت ئۇنىڭ ئالدىدا بىر
شەبنەمچىلىكلا كۆرۈنىدۇ.

ئۇ يەردە چۈمۈللەرگە شىرلارمۇ
يەم بولىدۇ. بۇ ۋادىنىڭ پاشىلىرى پىل-
لارنى ئۆۋلاشقىمۇ قادىر. ئىستىغنا دەرگا-
ھىدا يەتتە ئىقلىمنى بويسۇندۇرغان
پادىشاھ بىلەن ئادەتتىكى بىر گاداي
ئوخشاش. قاتىللىق تىغى بىلەن سەپ
تارتىپ تۇرغان يۈزمىڭلىغان قوشۇنلارمۇ
قىلچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. قاقىم① تېرى-
سىدىن تىكىلگەن قىممەت باھالىق كې-
يىملەر نەزەر پىسەنتىگە ئېلىنمايدۇ.
كۆكنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىشكە قادىر
بولغان ئەجدىھامۇ ئۇ يەردە بۆۋى مەرىيەم-
نىڭ ئىنچىكە يىپى بىلەن تەڭ تۇرىدۇ.
ئۇ يەردە مىڭ-مىڭلىغان پەرىشتىلەر
توپلىرىمۇ نەزەر ئېتىباردىن قېپقالغان

بولسىمۇ، تاسادىپىي ھالدا ئادەم شاراپەت
تاجىنى كىيىدى. يۈزمىڭلىغان جىسىم
ئۆز جانلىرىدىن ئايرىلغىنىدا نوھ ئەلەي-
ھىسسالام كېمىچىلىك بىلەن ئادەملەرنىڭ
ھاياتىنى ئاپەتتىن ساقلاپ قالدى.

ئۇ يەردە نەمرۇدنى سان-ساناقسىز
پاشىلار چاققانلىقى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسا-
لامنىڭ ئوتنى گۈلزارلىققا ئايلاندۇرغانلى-
قى، يۈزمىڭلىغان بالىلارنىڭ بىگۇناھ
ھالدا بىكاردىن-بىكارغا قان تۆكۈشلى-
رى، كالامۇللانىڭ ئەزىزلىنىشى، يۈزمىڭ
دىن ئەمەلنىڭ ئۆز ئېتىقادىدىن ۋاز كې-
چىپ زۇننار باغلىشى، ئەيسا ئەلەيھىسسا-
لامنىڭ نەپەسلىرىدىن بەدەنلەرنىڭ جان
تاپقانلىقى، بۇ كونا زالىم دۇنيانىڭ
يۈزمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قانلىرىنى
تۆكۈشلىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ
بىر كېچىسى ئەرش ئۈستىدە سەير قىلغان-
لىقى ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى، پۈتكۈل
بار-يوق نەرسىلەر (دىندارلىق ۋە كۇپپار-
لىق)نىڭ ھەممە-ھەممىسى بىردەك تەڭ
ھېسابلىنىدۇ.

مىڭ يىللاپ خەلقنىڭ قانلىرىنى
تۆككەن زەھھاك ② بولسۇن، ياكى ئۆل-
گەن بەندىلەرگە جان ئاتا قىلغان ئەيسا
بولسۇن، ئەلگە ھېسابسىز زۇلۇم-كۈلپەت-
لەرنى سالغان بۇختۇننەسىر ③ بولسۇن،
ياكى ئادالەت ئىگىسى بولغان نوشىرۋان
ئادىل④ بولسۇن، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھەم-

---

① ئىرىسى يۇمشاق ۋە ئاق يۇڭلۇق بىر خىل ھايۋان

② زەھھاك — ئىران ئەپسانىلىرىدە رىۋايەت قىلىنىدىغان يەلكىسىدىن يىلان ئۈنۈپ چىققان زالىم پادىشاھ.

③ بۇختۇننەسىر — قۇددۇسنى ۋەيران قىلغان مۇستەبىت پادىشاھ.

④ نوشىرۋان (ئانوشىرۋان) — ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھى خۇسرەۋ ئىبنى قۇباد (مىلادى 531 — 589)نىڭ لەقىمى.

www.uyghurkitap.com

مىسىگە بىر خىل ھۆكۈم چىقىرىلغان دەپ بىلگىن. كەل، قاراپ باق، بۇ قەدەر ئىستىغنا (ئېھتىياجسىزلىق)نى تاماشاقىلغىن.

بۇ ۋادىدا يۈز تۈمەن قۇياش يوقىلىپ كەتسە، ئاسماندا بىر تال زەررىچە كېمەيدى دەپ ھېسابلا؛ ئەگەر يۈز تۈمەن چوڭقۇر دېڭىز يەرگە سىڭىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بىر تامچە سۇ غايىب بولدى دەپ سانا؛ يۈز تۈمەنىڭ ھۆر-پەرىلەر كۆيۈپ ئۆرتەنسە، بىر پاشىنىڭ سۇنغان قانىتى كۆيدى دەپ قىياس قىل. ئۇ يەرنىڭ بورىنى بۇ توققۇز پەلەكنى سورۇپ تاشلىسا، بۇنى بىر تىنىقنىڭ بىر تال ئەخلەتنى ئۇچۇرغانلىقى دەپ بىل. ئۇ يەردە كوھىقاپتەك يۈزمىڭ تاغنىڭ يوقالغانلىقىنى يەر يۈزىدە بىر تال قۇمنىڭ كېمەيگەنلىكى دەپ بىلگىن. ئەگەر جەننەتتە ئۆسىدىغان سىدرەتۇلمۇنتەھا ۋە تۇبىدەك بۈيۈك دەرەخلەرنىڭ يوقالغانلىقىنى ئورماندىن بىر ياپراقنىڭ كېمەيگەنلىكىدىنلا ئىبارەت دەپ تونۇغىن.

بۇ ۋادىدا يولدىن ئازغۇچى بىلەن يولباشلىغۇچىنى ئوخشاش دەپ بىلگىن. بۇتخانا بىلەن تەڭرىنىڭ ئۆيى بولغان كەبىنى تەڭ كۆرگىن. سېنىڭ ئېتىقادىڭ يۈكسەك ياكى تۆۋەن بولسۇن، خۇدا گۇيلۇق بولسۇن ياكى ئاتەشپەرەسلىك بولسۇن، بۇ بەرىبىر. چۈنكى ئۇ يەردە كەبە بىلەن بۇتخانا بىر ھېسابلىنىدۇ. ئاۋاتلىق بىلەن ۋەيرانلىك ئوخشاش سانىلىدۇ. بۇ ۋادىغا كىرگىنىڭدە مىڭ ياشلىق بىلەن بۈگۈن تۇغۇلغاننى، مۇقەددەس ئەرش بىلەن ئاددى بىر كۆكنار غوزىكىنى، كۇپۇرلۇق بىلەن ئىسلامنى ئۇ مۇقەددەس زاتنىڭ ئالدىدا ھەممىنى ئوخشاش دەپ بىلگەيسەن. ئۇلارنىڭ قەدىر-قىممىتىنى باراۋەر دەپ تونۇغايسەن. ئىستىغنا ۋادىسىغا يەتكەندە، سۇلۇك ئەھلىگە ھېسابسىز زور قىيىنچىلىقلار يۈزلەنگۈسىدۇر.

## تەمسىل

شاھمات ئوينىغۇچى ئىككى ئۇستاز شاھمات تاختىسىنى ئېچىپ ئىككى تەرەپتە ئولتۇردى. ئاندىن شاھماتنىڭ ئۈستىگە شاھمات ئورۇقلىرىنى تۆكتى. ھەر تەرەپتىن بىردىن شاھ تاختا ئۈستىدە تىزىلىپ قوپتى. ئۇلارنىڭ رەسمىيەت بويىچە شاھلارغا ئوخشاش خىزمەتكارلىرى، لەشكەرلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر نەچچىسىدىن توغرا يۈرگۈچى ۋەزىرلىرى، يەنە بىر نەچچىدىن ئەگرى يۈرگۈچى پەرزىنلىرى (پىلللىرى) مۇ بار ئىدى. ئۇ ئىككى شاھتىن بىرى (ئاق ئورۇقلىرى) رۇم ئەھلىگە شاھ بولسا، ئىككىنچىسى زەڭگىلەر ئېلىگە (يەنى قارا ئورۇقلارغا) باشپاناھ ئىدى. ئۇستازلار شاھ ۋە باشقا ئورۇقلارنى تىزىپ، ئۇلارغا زىننەت ۋە پەردازلارنى بەرگەن ھالدا تاختا ئۈستىدە سەپ تارتتى. شۇنىڭدىن كېيىن رەقىبلەر مەيدانغا ئات سېلىپ، ئۇ يەردە جەۋلان قىلغان ھالدا تۈرلۈك ھۈنەرلەرنى كۆرسەتتى. بۇ يەر گوياكى ئۇرۇش مەيدانىغا ياكى قورشۇۋېلىنغان قەلئەگە ئوخشايتتى. بىر تەرەپ ئىككىنچى تەرەپنى مەغلۇپ قىلىشقا قاتتىق كىرىشىپ كەتكەندى. بۇ ئۇرۇش

مەيدانىدا پىللارغا زىننەت بېرىىپ، ئەر-
كەك شىرلاردەك كۈچتۈڭگۈر رۇخ (تۇپ)
لارنى ئالدىغا سېلىپ، چاققان ۋە ماھىر
پىيادە چېرىكلەرنى ئاتلىقلارنىڭ ئالدىغا
سېلىپ جەڭ قىلىشقا ھەرىكەت قىلىشاتتى.
قوشۇنلار ئۇرۇش قائىدىسى بويىچە،
ساناقسىز ھۈنەرلەرنى كۆرسىتىپ، جەڭ
ئېلىپ بارماقتا ئىدى. بىر تەرەپ ئۆزلەش-
كەنلىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن
قورغانلارنى بېكىتسە، ئىككىنچى تەرەپ
بۇ قوشۇنلارنى بۇزۇش ئۈچۈن تەدبىرلەر-
نى كۆرەتتى.
ئوتتۇرىدا ئاجايىپ قىزىق ئويۇنلار
نامايان بولماقتا. بەلكى ھېسابسىز ھىيلە
ۋە تەدبىرلەر كۆرسىتىلمەكتە ئىدى.
بۇ پالۋانلار ۋە قوماندانلارمۇ بىر-بىرلى-
رىگە ھۇجۇم قىلىشاتتى. بۇ ھالەت
گوياكى ئىككى قەھرىمان پادىشاھنىڭ
قوشۇن تارتىپ، بىر-بىرلىرىگە قارشى
ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىغا ئوخشايت-
تى. بۇنىچە، كۆپ قوشۇن ۋە ھەيۋەت-
ھەشەمەت، قەلئە، مەيدان ۋە ئات چاپتۇ-
رۇپ جەۋلان قىلىشلار، ھەم ئوڭ قانات
قوشۇن، ھەم سول قانات قوشۇن، ھەم
قوشۇننىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسىملىرى-
نىڭ ھەممىسىدە ئەنە شۇنداق غوۋغا-تۇپى-
لاڭلار بىلەن جەڭ بولماقتا ئىدى. ھەر بىر
قوماندانىنىڭ ئوغلى جەڭنىڭ ئالدىنقى
سەپلىرىدە يۈرۈپ ئاتىسىدىن بۇرۇن جەڭ-
گە كىرەتتى. ئۇلار جەڭ مەيدانىنى
تولۇق بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاتى-
سىنىڭ ئورنىنى باساتتى. پىيادىلەر
چاقماقتەك ھەرىكەت قىلىپ شۇنداق چاق-
قانلىق كۆرسەتتىكى، بۇ تېز يۈرگۈچى
پەلەكمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر پىيادىدىن
زىيادە ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى
مەيداندا شۇ قەدەر قەھرىمانلىق كۆرسەتەت-
تىكى، بەزىدە يالغۇز ئۆزىلا پۈتۈن بىر
قوشۇننى تارمار قىلالايتتى.
ئۇرۇش مەيدانى ئەنە شۇ خىل تۈر-
لۈك تۈمەن تاسادىپىلىقلارغا تولغان
بولۇپ، گويا بىر-بىرلىرىگە ئاداۋەت ساق-
لىغان ئىككى پادىشاھنىڭ جەڭ قىلىۋاتقى-
نىدەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىدە گوياكى
ئۇرۇش ئۈچۈنلا تۇغۇلغان يۈز تۈمەن
ياش يىگىت بار ئىدى. بۇنداق جەڭ مەي-
دانى كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. ئېلىپ
بېرىلىۋاتقان ئۇرۇشلارمۇ بۇنچىلىك
شىددەتلىك بولمايدۇ. شۇنداقلا
قوشۇنلارمۇ بۇنچىلىك دەرىجىدە قو-
رال-ياراق، جەڭ ئەسلىھەلىرى بىلەن
زىننەتلىنەلمەيدۇ.
شۇنچىلىك ھەيۋەت-ھەشەمەت، مەي-
دان، قەلئە، ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش
ۋە ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشلارنىڭ ھەممە-
ھەممىسى (ئەگەر ئۇ ئىككى ئوينىغۇچى
ئۇرۇقلارنى يىغىشتۇرۇشنى نىيەت قىلسا)
بولارنىڭ بارچىسى ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈ-
لۈپ يوققا چىقىدۇ. شۇ چاغدا ئۇرۇش
ۋە دۈشمەنلىكتىنمۇ، جەڭ ئېلىپ بېرىش-
نىڭ تەرتىپ-قائىدىلىرىدىنمۇ ئەسەر
قالمايدۇ. يۈز بەرگەن ھەممە ئەھۋاللار،
رەسمىي-قائىدىلەر، ئىككى تەرەپنىڭ جەڭ
مەيدانىدىكى ھۇجۇم قىلىشلىرىنىڭ ھەم-
مىسى ئەگەر چوڭقۇر ئويلاپ كۆرۈلىدىغان
بولسا، ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشىنىڭ ئالدىدا
ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. گوياكى يۈز ياش-
قا كىرگەن بىر كېسەلچان كېنىزەكتەك
ھېچ ئىشقا يارىمايدۇ. ئۇلارنى ھەتتا
بىر پارچە ماتاغا چېگىپ، ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ

www.uyghurkitap.com

تاشلىۋېتىش مۇمكىن. چۈنكى ئەھۋال ئۆزگىرىپ، ئۇنى ئوينىغۇچى ئۇستاز ئۇچۈن ئويۇن تۈگەش بىلەنلا ئۇلاردا ھېچقانداق پەرق تاپاۋەت ۋە ئىززەت-ئېتىبار قالمايدۇ. شاھمات ئورۇقلىرى خالتىغا سېلىنغاندا، ھەتتا «شاھ» تېگىدە قېلىپ «پىيادە» بولسا يۇقىرى ئورۇنغا چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىستىغنا (ھاجەتسىزلىك)نىڭ نىشانىسى بەلكى ئادەتتىكى بىر كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەتتۇر.

خوش، سەن بۇ تەمسىلگە نەزەر سال. ئەسلى ئىستىغنانى بۇنىڭدىن يۈز-مىڭ ھەسسە زىيادە دەپ بىل. ئەگەر سەن بۇنىڭ مەنىسىگە يول تاپالىساڭ، بارچە ئىشنى شۇنىڭغا ئوخشاش قىياس قىلغىن.

## تەۋھىد ۋادىسىنىڭ بايانى

تەۋھىد (يېگانىلىك) ۋادىسىنى شۇنداق دەپ تونۇغىنىكى، ئۇ يەردە يەككە-يېگانە بولۇپ، ئارتۇقچە نەرسىلەردىن خالى بولۇش شەرت. بۇ ۋادىغا قەدەم بېسىپ سەيلە قىلماقچى بولساڭ، ئۇ يەردە ساڭا يەككە-يېگانىلىك ئاساسىي قائىدە بولۇپ قالىدۇ. بۇ ۋادىدىكى سەيلە-ساياھەتنىڭ چېكىگە يەتسە، ئۇ چاغدا يۈز-تۈمەن مىڭ ئۇچارلىقنى بىر قۇش دەپ بىلىسەن. تەۋھىد ئەھلىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرى يەككە-يېگانىلىكتۇر. كۆي-ناۋالىرى يالغۇزلۇقتۇر. تەرىقەت ئەھلىنىڭ ئىشلىرى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندە، يەككە-يېگانىلىك بىلەن يوقىلىش بۇلار ئۈچۈن ئاساسىي ئىش بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە خوجا ئەبۇ ئەلى راۋتىنى مۇنداق دېگەندى، نەزمە:

تۇ مەباش ئەسلاكى، تەجرىدەست ئىن،
رۇدى رەۋ گۇم شەۋكى، تەفرىدەست ئىن.

سەن ئۆزۈڭنى پۈتۈنلەي يوقات، يالغۇزلۇق دېگەن ئەنە شۇ. يوقلۇق ئىچىدە بارلىقىڭنى يوق قىل، يەككە-يېگانىلىك دېگەن ئەنە شۇ.

تەۋھىد ئىگىلىرى ئالدىدا شۇنىسى ئايانكى، ئۇلار ئۇ زات بىلەن بىرلىك ھاسىل قىلغاندۇر. بىر كەررە بىر ھامان بىر بولىدۇ. ئۇ ۋادىدا بۇنىڭدىن باشقىچە سۆزلەشكە ھېچقانداق ئەقىل-ئىدراكنىڭ ھەددى يوق. بۇ قىيىن سىرلار سېنىڭ نەزەرىڭدە ھەل بولغاندا، بىردىن ئۆزگىسى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ دەپ بىلگەيسەن، شۇ بىر بىلەن بىرلەشكەيسەن، بىر دېگەيسەن، بىر كۆرگەيسەن ۋە بىرنىلا ئارزۇ قىلغايسەن. بۇ ۋادىدا ھېچقاچان ئىككىلىككە مايىل بولما. چۈنكى بۇ شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. بۇ يولدا ئىككىلىك ئارتۇقلۇق قىلىدۇ. بەلكى بىرلىك سىرلىرىنى بىلىشتىن چەتلىگەنلىك بولىدۇ.

## شەيخ مەنسۇر[1]نىڭ مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايىتى

ھەزرىتى شەيخ مەنسۇر (ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن) تەۋھىد ۋادىسىدا

[1] شەيخ مەنسۇر ھەللاج (858 — 922) مەشھۇر تەسەۋۋۇپ پېشىۋاسى. ئۇ «ئەنەل ھەق» (مەن ھەقىقەت) دېگەن سۆزى ئۈچۈن دارغا ئېسىلغان.

يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەنلىكتىن «ئەنەل ـ ھەق» دېگەن سۆزنى دائىم تىلىدىن چۈشۈرمەيتتى.

دىن ئەربابلىرى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— سېنىڭ بۇ ئىشىڭ ئەھلى يېقىنلارنىڭ ئىشى ئەمەس، كۆپلىگەن سۇلۇك ئەھلىگە بۇنداق ھالەت كەشىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەدەب ساقلاپ، مۆتىدىللىك ۋە نورمال كەيپىياتىنى ئاسراپ كەلگەن. سەنمۇ ئۆزۈڭنى شۇلاردەك تۇت. بۇنداق دەۋانى ئىزھار قىلما. جىنىڭنى دارغا تۇتۇپ بەرمە، — دەپ تەكرار ـ تەكرار ئېيتقانىدى.

لېكىن ئۇنىڭ ئىچكەن ۋەھدەت (بىرلىك) شارابى ئۇنى قاتتىق مەست قىلغانىدى. شۇ مەستلىك تۈپەيلىدىن، «ئەنەل ـ ھەق» نەغمىسىنى تەكرارلاپ ئارام تاپمايتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر ھالەت يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ خىيال پىكرىنى ھەر تەرەپكە ئېلىپ قېچىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خىيالى تەڭرىنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بېرىپ يەتتى. ئۇنىڭ يادىغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇراق ناملىق ئاتقا مىنىپ ئاسماننى سەير قىلغانلىقى، ئۇنىڭغا بىرلىك گۆھىرىدىن تاج بەخش ئېتىلىپ، ۋەھدەت پەللىسى مىراج بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا يۈكسەك ئاسمان ئىككى قاش ئارىلىقىدەك يېقىن بولۇپ، ساپلىق ۋە يېقىنلىقىقا ئېرىشكەنلىكى، تەڭرىدىن ئۇلىڭغا خىتاب كېلىپ: «ئەي دوست، ئىستىگەن مەقسىتىڭ نېمە» دەپ سورالغاندا، ئۇ تەڭرىنىڭ ئىھسانىغا ئۆزرەخاھلىق قىلىپ، ئاسىي ئۈممەتلەرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشىنى تىلىگەنلىكى كەلدى. چۈنكى ئۇنىڭ دەرگاھىدا ئېھسان كۆپ، لۇتپ ـ مەرھەمەت ھەممىگە يېتەرلىك، ئۇنىڭدا ياخشىلىق، سېخىلىق ھەددىدىن زىيادە ئىدى. ئۇنىڭدىكى سېخىلىق ۋە مەرھەمەتلەر خۇددى تەڭرىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭدىن «ئىستىگىنىڭنى سورا» دەپ مەرھەمەت قىلغىنىدەك چەكسىز ئىدى. ئۇ ئەرەبلەر شاھى ئەنە شۇ تەرىزدە ئاسىي ئۈممەتنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىشىنى ئىلتىماس قىلدى: «ئەزەلدىن تائەبەدكىچە بولغان ئارىلىقتا ئەگرى يول بىلەن ماڭغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ شەپقەت قىلغۇچىسى بولغىن. ئىھسانلىرىڭنى ئايىمىغىن، رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ، بارچىنى ئەپۇ قىلغىن. كەچۈرۈم يۈزىسىدىن ھەممەيلەننىڭ گۇناھىدىن ئۆتكىن» دەپ تىلىگەنىدى. شەيخ مەنسۇرنىڭ كۆڭلىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئۇ سادىقلىق ۋە پاكلىق كانى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ئادەملەرنىڭلا گۇناھىنى كەچۈرۈشنى سوراش بىلەنلا كۇپايىلەنگەن بولغىيتتى؟» دېگەن خىيال باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ دائىم شۇنىلا ئويلاپ يۈرەتتى. بۇ خىيال ئۇنى ئېزىپ، ئاجىزلىق ۋە ھەيرانلىق قۇللىرىدا لال قىلاتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايان بولدى. ئۇنىڭغا مۇنداق سۆزلەرنى ئېيتىپ، كۆڭلىدىكى مۇشكۇللىرىنى ھەل قىلدى:

— ئەي تەلۋىلىك ئايۋىنىدا ئولتۇرۇپ، ۋەھدەت لاپلىرى بىلەن ئەنەل ھەق دېگۈچى، بىلمىدىڭمۇ؟ ئاشۇ ئاخشىمى

ئالىي پەلەكلەردە كېزىپ يۈرگىنىمدە، مەندە ھېچقانداق «مەن»لىك خىيالى يوق ئىدى. بەلكى بۇ سۆزنى تەلەپپۇز قىلىشىڭمۇ ھېچبىر ئېھتىمالى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ دەرگاھقا ئېلىپ چىققىنىمۇ، يولباشلىغىنىمۇ، ئىستىگىنىمۇ، بەخش ئەتكىنىمۇ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزى ئىدى. سەن ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى يىراقنى كۆرەلمەسلىكىڭ تۈپەيلىدىن، بۇ جەھەتتە ئۆزۈڭنىڭ كورلۇقۇڭ ۋە نادانلىقىڭنى ئاشكارا قىلدىڭ. چۈنكى سەن تەۋھىد ۋادىسىدا ياكى يەككە-يېگانىلىك گۈلشىنىدە «مەن»لىك ۋە «سەن»لىك تەرىپىگە يول ئاچتىڭ. لېكىن بۇنداق ئىككىلىك سۈپەتلىرىدىن ئۇ مۇتلەق ئېھتىياجسىز زات پاك ئىدى. سورىغۇچىمۇ ئۆزى، بەرگۈچىمۇ ئۆزى. ساخاۋەت قىلىپ چاچقۇچىمۇ ئۆزى. تەرگۈچىمۇ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ رەقەملىرى «مەن»لىك رەڭلىرىدىن پاك، ئاھاڭلىرى ئىككىلىك نەغمىسىدىن مۇستەسنا ئىدى. مەن ئۇ يەردە «سەن»لىكنى خىيال قىلىپ، ئىككىلىك پىكرىنى ئەقلىگە كەلتۈرەلەيمەنمۇ؟ شۇنى بىلگىنكى، سەندىكى بۇ ئەھۋال ئەلەسلىك تۈپەيلىدىن بىر نەرسىنى ئىككى قىلىپ كۆرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنداق خىيالنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىپ يوق قىلىۋەت.

## ھەيرەت ۋادىسىنىڭ سۈپىتى

شۈبھىسىزكى، تەۋھىد ۋادىسىنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن، ھەيرەت (ھەيرانلىق) ۋادىسى نامايان بولىدۇ. بۇ ۋادىدا، ھەيرەت ئەھلىنىڭ باشلىرىغا تېخى بالا ۋە مېھنەت تىغلىرى يەتمەستىن تۇرۇپ، يۈزمىڭلىغان ئاھ ۋە ھەسرەتلەر چۈشىدۇ. بۇ يەردىكى ھەيرانلىق تىللارنى كېكەچ ۋە لال قىلىدۇ. ئەقىل-ئىدراكلارنى يوقىتىپ، پايمال قىلىدۇ. كىشى ھەر قانچە باققان بىلەن كېچە-كۈندۈزنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. كېچىنىڭ كېچە ئىكەنلىكىنى، كۈندۈزنىڭ كۈندۈز ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ. يوقنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ، بارنىمۇ سېزىۋالالمايدۇ. ھەرقانداق نەرسىگە كۆز سالسا، ئۇنىڭدىن ھەيران ۋە سەرگەردان بولىدۇ.

كىشى بۇ ھەيرەت ۋادىسىغا قەدەم قويسا، ئۇنىڭ ھەيرانلىقتىن باشقا ئىشى بولمايدۇ. تەۋھىد ۋادىسىدا يەككە-يېگانىلىك ۋە يالغۇزلۇقتىن ھەرقانداق ئەھۋالنى ئادەت قىلغان بولسا، بۇ ھەيرەت ۋادىسىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يوقىلىدۇ. بەلكى ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىمۇ مۇتلەق ھالدا يوق بولىدۇ. ئەگەر بار ۋە يوقلۇقتىن سوئال سورالسا، ئۇنىڭ ھېچ قايسىسىغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. باردىنمۇ، يوقتىنمۇ سۆز ئاچالمايدۇ. ئۆزىنىڭ بار ياكى يوقلۇقىغىمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ سەپنىڭ ئالدىدا ياكى ئارقىدا ئىكەنلىكىنىمۇ، ئىچكىرىدە ياكى تاشقىرىدا ئىكەنلىكىنىمۇ، زادى قايسى تەرەپكە يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەيدۇ. ھەيرەت ئۇنى ھەممىدىن مۇستەسنا قىلغان بولىدۇ. ئۆزىنىڭ پانىي ئىكەنلىكى ياكى باقىي ئىكەنلىكىنى، مەست ئىكەنلىكى ياكى ھوشيار ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەيدۇ. ئۆزىنى

مەۋجۇتمۇ ياكى يوقالغانمۇ، زاتىنى مەلۇممۇ ياكى نامەلۇممۇ دىگەنلەرنىمۇ ئاڭقىرالمايدۇ. قاياققا قارىسا ھەيرانلىقى ئېشىپ، ھەيرانلىق ئىچىدە ئۆزگىچە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇ. ھەيران قالغۇچى ئۆزىنىڭ ئاشىق ئىكەنلىكىنى ۋە كىمگە ئاشىق بولغانلىقىنىمۇ سەزمەيدۇ. پۈتكۈل زەررىچىلەردىن تارتىپ ھەر بىر زەررىچىگىچە كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ بارلىقى ياكى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاشتىن ھەيرانلىقتا قالدۇ. بۇ ۋادىدا ھېسابسىز ئاجايىپ-غارايىباتلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى تامام بولماي تۇرۇپ، يەنە مىڭلىغان ئاجايىباتلار ۋە ھەيرانلىقلار يۈزلەنگۈسىدۇر.

## بىر پادىشاھنىڭ مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايىتى

بىر جاھانگىر پادىشاھ بار ئىدى. سەلتەنەت ئىگىلىرى ۋە تاجدارلار ئۇنىڭ دەرگاھىدا ئاددى مۇلازىملاردىن ئىدى. ئۇنىڭ مەملىكىتى ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچىلىك يەتكەن بولۇپ، بارچە ئۇنىڭ پەرمانىغا بويسۇناتتى.

ئۇنىڭ پاكلىق پەردىسى ئىچىدە ساقلىغان يېگانە گۆھەردەك بىر مەستۇرە قىزى بار ئىدى. بۇ گۈزەلنىڭ ھۆسنى ئالدىدا ھۇر ۋە پەرىلەرمۇ شەرمەندە بولۇپ قالاتتى. ئۇ، گۈزەللىك بوستانىدا ئۆسكەن بىر نازۇك كۆچەت، ياق، كۆچەت ئەمەس، بەلكى پەلەككە باش سوزغان سەرۋى ئىدى. ئۇ، جان ھۇجرىسىدىكى دىللارنى سۆيۈندۈرگۈچى نۇرلۇق شام، ياق-ياق، شام ئەمەس، بەلكى پارلاق قۇياش مەشئىلىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ ناز بۇلاقلىرىدىن ئىبارەت بولغان كۆزلىرى جانلارغا ئاپەت سالاتتى. دەۋران بۇنداق بالا-قازالىق كۆزنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى ۋە خالىنىڭ پىتنىلىرى ئىپار ھىدلىرىنى تارقىتاتتى. بۇنداق پىتنىگە دۇچ كەلگەن كىشى ھېچقاچان ئامان قالماس ئىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە جايلاشقان ياقۇت لەۋلىرى بىلەن يېقىملىق نەپەسلىرى خۇددى قۇياش بىلەن ئەيسا روھۇللادەك ئىدى.

ئۇنىڭ ۋىسالىدىن قانچىلىغان دۆلەتمەن كىشىلەر، بەلكى ئالىي مەرتىۋىلىك پادىشاھلار ئۈمىد كۈتەتتى. بىراق، بۇ ئارزۇ ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولمىدى. ئۇنىڭ ۋىسالىدىن ھېچكىمنىڭ كۆڭلى شادلانمىدى. بۇ گۈزەل قىزنىڭ ئۆزى ئەلگە يېقىنلىشىشنى خالىمايتتى. شۇڭا بۇ خىل ئارزۇ ئىككىلا تەرەپتىن ئۈزۈلگەنىدى. يەنى، بىر تەرەپتىن بۇ دەۋران ئىچىدە يېگانە بولغان ئاشۇنداق گۈزەل قىزغا كىممۇ جۈپ بولالىسۇن؟ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ قىز ئاشۇنداق خىسلەتكە ئىگە بولغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭغا قانداقمۇ خېرىدار بولالىسۇن؟

تاسادىپىي ھالدا، ئۇ گۈزەل قىز كېچىسى چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر گۈزەل يىگىت ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامى ۋە سەۋر تاقىتىنى تارتىۋالدى. ئۇ يىگىتنىڭ تۇرغان-پۈتكىنى روھتىنلا مۇجەسسەم بولغاندەك سۈزۈك ۋە پاكىز ئىدى. گۈزەللىك ئاسمىنىدا ئۇ گوياكى شەرق قۇياشىنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئۇنىڭ ھۆسن جامالى سەھىپىسىگە ئىپار تۇسلۇك خەت

(بۇرۇت) پۇتۇلگەندى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى خال بولسا، ئاشۇ خەتنىڭ ئۈستىدىكى چېكىتكە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ شوخلۇقى ۋە رەنالىقى سەرۋ نوتىسىنىڭ ئۆزى ئىدى. نازۇكلۇق ۋە زىبالىقى بولسا، گۈلنى ئەسلىتەتتى. بۇ قىز شەرق قۇياشىدەك بولسا، ئۇ يىگىت نۇرلۇق تولۇن ئايدەك ئىدى. ئۇ ئىككىسى بىر تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دەممۇ دەم ۋىسال جامىدىن مەي ئىچىشەر، بىر - بىرىنىڭ ۋىسالىدىن بەھرىمەن بولۇشار ئىدى.

گۈل يۈزلۈك قىز ئۇيقۇدىن كۆز ئېچىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن چىدام ۋە تاقىتى يوقالغانىدى. ئۇنىڭ شەيدالىقى بارغانسىرى كۈچىيىپ، بۇ ئەھۋالدا رەسۋا بولۇشى ئايان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەردائىم ئاشۇ چۈشنى قايتا كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن كۆزىدىكى بۇ ئۇيقۇنى كۆز ياشلىرى ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاسايىشلىق قالمىغان، تىنچلىقى بۇزۇلغانىدى. كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ تىنچ - ئاراملىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا ھىجران دەردى ئېغىر كېلىپ، پاراكەندە ھالەتتە ئۆزىنىڭ ئالىي قەسرىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىگە تەسكىن بېرىش ئۈچۈن ھەر تەرەپلەرگە باقار، سەۋر - تاقەتلىك ۋە تەرتىپلىك بولۇش يولىنى ئارزۇ قىلىپ، ئوتلۇق ئاھ ئۇرار ئىدى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرى ئىختىيارسىز ھالدا پادىشاھنىڭ بەزمە تۈزگەن جايىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ يەردە چۈشىدە كۆرگەن كىشىنى كۆرۈپ، ئاھ ئۇرغان ھالدا ھوشىدىن كەتتى. ئۇ دەۋران روزىغارىغا پىتنە سالغۇچى نەۋجۇۋان يىگىت پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرى ئىدى.

دەل شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىلا يىگىتنىڭمۇ قىز تەرەپكە كۆزى چۈشۈپ قالدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆڭلى ئىشق ئوقىغا نىشان بولدى. ئۇنىڭ ئاجىز جېنىغا ھاياجان چۈشتى. بۇ ھاياجان ئۇنىڭ مەجرۇھ تېنىگىمۇ تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل مەملىكىتى ئىچىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، جېنىغا قەست قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدا نە خۇشاللىق قالدى، نە سەۋر - تاقەت. ھەتتا ئۆزىمۇ سەۋر - تاقىتىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى تاكى ئاخشامغىچە شۇ ھالەتتە داۋام قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. تۈن قاراڭغۇلۇقى زېمىنغا ئۆز پەردىسىنى يايغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن يۈز مىڭلىغان نالە - پەريادلار چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئاھۇئەپغان چېكىش بىلەن ئۆتتى. ئاھ بىلەن تۆككەن كۆز ياشلىرى خۇددى كەلكۈنگە ئوخشايتتى. تاڭ قۇشلىرى سەھەر سىرلىرىنى ئاشكارا قىلىش بىلەنلا، ئۇ يىگىت يەنە ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئۆز كۆكسىگە تاش ئۇرۇش بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئىشق ئىككى تەرەپكە ئەنە شۇنداق سەۋدالارنى سالغان بولۇپ، گوياكى ئىككى مەملىكەتتە بىرخىل غوۋغا پەيدا بولغاندەك ئىدى. گەرچە يىگىت قىزنىڭ ئىشقىدا زار - زار بولغان بولسىمۇ، لېكىن، بىرخىل سېھرىي كۈچ بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى.

ئۇ ئاي يۈزلۈك قىز ئىشق ئىچىدە زارۇ زەبۇن بولۇپ، شۇ قەدەر بىتاقەت بولدىكى، ئىختىيارى قولىدىن كېتىپ، ئىشق

رەسۋاچىلىقى مۇئەييەنلىشىپ قالدى. ئۇ
ئۆزىنىڭ ھەددىدىن زىيادە بىچارە بولغان-
لىقىنى سېزىپ، ئامال ئىزدەش ئىشىنى
زۆرۈر تاپتى. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ ئىش مەخ-
پىي تۇتۇش قەرەلىدىن ئۆتۈپ كەتتى. تا-
كى ئۇنى كىشىگە بىلدۈرمىگۈچە ئامال
يوق» دەپ ئويلىدى.

ئۇنىڭ ئىككى يېقىن مەھرىمى بولۇپ،
شادلىق ۋە غەملىك پەيتلەردە ئۇنىڭغا ھەم-
دەم ئىدى. ئۇلار ھەربىر ئىشنىڭ چار-
ىسىنى تېپىشقا ئۇستا ئىدى. شۇنداقلا ھەر
ئىككىلىسى ئاجايىپ ھۈنەرلەرنى كۆرسەت-
كۈچى ماھىر سېھىرگەر ۋە قىزىق ئويۇنلار-
نى ئوينىغۇچى سەنئەتكار قىزلار ئىدى.
ئۇلار مىكىر-ئەپسۇنلارنى پۇختا ئىگىلەپ
ۋايىغا يەتكۈزۈشكەنىدى. ھەتتاكى، پا-
شا بىلەن پىلنى بىر-بىرىگە جۈپ قىلالاي-
دىغان دەرىجىدە ماھىر ئىدى. ئۇلار بۇ
ئىشنى شۇ قەدەر ئۇستىلىق بىلەن قىلاتتى-
كى، بۇ ئىشتا پاشا ئۆزىنى كىچىك دەپ
ھېس قىلماس، پىلمۇ ئۆزىنى چوڭ كۆر-
مەس ئىدى. ئۇلار ھەربىرى ئەنە شۇ خىل
ھىيلە-ئەپسۇن ۋە نەيرەڭلەر ئىگىسى بو-
لۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە ئىشق
بىلەن سەۋر-تاقەتنى بىر يەرگە جەم قىلا-
لايدىغان دەرىجىدە قابىل ئىدى.

ئۇلارنىڭ بىرى مۇزىكا بابىدا يېگانە،
ئىككىنچىسى بولسا، ناخشا ئېيتىشتا تەڭ-
داشسىز ئىدى. ئۇلار ساز ۋە كۈينى ما-
ھىرلىق بىلەن ئورۇنداشقا باشلىغاندا، چال-
غان كۈي-ئاھاڭلىرى زۆھرە يۇلتۇزى ئۈس-
تىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن كۆككە كۆتۈرۈ-
لەتتى. ئۇ بىرى سازنىڭ مۇڭلۇق ئۈنى بىلەن
تىرىكلەردىن جان ئالسا، بۇ بىرى ئۆزىنىڭ
يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئۆلۈكلەرگە جان

سالاتتى. ئۇلاردىن بىرى ساز چېلىپ، يەنە
بىرى ناخشا ئېيتىشقا باشلىغان ھامان، ھوش-
يارلار ئەقىل-ھوشلىرىنى يوقىتىپ قوياتتى.

ئۇ ئاي يۈزلۈك گۈزەلگە ئىشق شىد-
دىتى كۈچەيگەچكە، ئاشۇ ئىككى كېنىزەكنى
چاقىرىپ، خىلۋەت ھۇجرىغا كىردى. ئۇلار-
غا ئاچچىق-ئاچچىق يىغلىغان ھالدا ئۆز
ئەھۋالىنى بايان قىلدى. ئىشقنىڭ ئۆزىنى
قانداق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى بىل-
دۈردى. چۈشىدە كۆرگەن يىگىتنىڭ ئۇنى
غەم-ئەلەمگە سالغانلىقىنى، ئۇڭدا كۆرگى-
نىدە بولسا، دىۋانە قىلغانلىقىنى، ئۇ يىگىت-
نىڭ ئىشقى تۈپەيلىدىن بىتاقەت بولۇپ،
مەستانە ۋە ھوشسىز بولۇپ قالغانلىقىنى
بىرمۇبىر ئېيتىپ بەردى، ئاندىن يەنە مۇن-
داق دېدى:

— سىلەر ئىككىڭلار مېنىڭ سۆيۈملۈك
دوستلىرىم، شۇڭا مېنىڭ بۇ دەھشەتلىك
ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشىمغا ياردەم بېرىڭلار. ئۇن-
داق قىلمىساڭلار، بۇ سىرلىرىمنىڭ تىكىنى
خەلق ئارىسىدا گۈل بولۇپ ئېچىلىدۇ. بۇ
ئىشق ئوتى تېنىمنى كۆلگە ئايلاندۇردى.
بۇ كۆيۈپ ئۆرتىنىشتىنمۇ ھېچ غەم يېمەي-
مەن، ھەتتا ئۆلۈپ كەتسەممۇ ھەسرەت
چەكمەيمەن. بىراق، مەن شۇ كەمگە قەدەر
تەقۋادارلىق جەھەتتە لاپ ئۇرۇپ كەلگە-
نىدىم. ئەمدى بۇ سىرلىرىم ئەلگە ئاشكارا
بولسا، نومۇستىن ئۆلىمەن. ئاتامنىڭمۇ بۇ
ئىشتىن ئۇياتقا قېلىشىدىن كۆپ غەم قىلى-
مەن. بۇ غەم-غۇسسىلىرىمنى ھەتتا بايان
قىلىشقىمۇ ئاجىزمەن. چۈنكى ئۇ پەلەكنىڭ
شاھىدەك كاتتا كىشى ئالدىدا بۇ ئىشىم
بەكمۇ ئار كېلىشى تۇرغان گەپ. ھالبۇ-
كى، ئاتام ئۈچۈن مەندەكلەردىن يۈزى ئۆل-
سىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس. بۇ خۇددى دەر-

www.uyghurkitap.com

يادا بىر خەسىنىڭ چۆكۈپ كەتكىنىچەلىك
ئىش. مەن شۇنداق ئۇلۇغ بىر پادىشاھنىڭ
مېنىڭ تۆپەيلىمدىن نومۇسقا قېلىپ شەر-
مەندە بولۇشىغا چىدىيالمايمەن. شۇنىڭ
ئۈچۈن غېمىم بارغانسېرى زورايماقتا. مەن
سىلەرگە ئۆز ئەھۋالىمنى بايان قىلدىم.
ئەمدى مېنى ئۆلتۈرەمسىلەر ياكى بۇ ئىشىم-
نىڭ ئىلاجىنى قىلامسىلەر، ئىختىيار ئۆزۈڭ-
لەردە. مەن ئىلگىرى توسۇن بولغان بول-
سام، ئەمدى ئىشق قولىغا چۈشۈپ خار بول-
دۇم. ئىلگىرى كۈچلۈك بولغان بولسام،
ھازىر ئاجىز بولۇپ قالدىم. مېنىڭ بۇ
غەملىك ھالىمغا رەھىمڭلار كەلسۇن. نالە-
پەريادلىرىمغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن.

ئۇ ئىككىسى بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇنداق دېيىشتى:

— سېنىڭ ئالدىڭدا جانلىرىمىز پىدا بول-
سۇن. بىز شۇنداق بىر چارە تاپايلىكى، ئۇ
نازىنىن يىگىت سېنىڭ ئەڭ يېقىن ئۈلپە-
تىڭگە ئايلانسۇن. بىز قىلغان بۇ ئىشنى
ھېچ ئادەم بىلەلمەيدۇ. ھەتتاكى، شۇ مەھ-
بۇبىڭمۇ سېزەلمەيدۇ. ئەمما سەن بىرنەچ-
چە كۈن سەۋر-تاقەت قىلغىن. دائىم بۇن-
داق ئاھ-ۋاھ چېكىۋەرمە. بىر مۇددەت
ئۈن چىقارما. چۈنكى سېنىڭ بۇ مەقسىتىڭ-
نى يوشۇرۇن ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا
توغرا كېلىدۇ. بىزمۇ شۇ تەرىزدە ئىش
تۇتماقچىمىز.

ئۇ ئاي يۈزلۈك قىز ۋىسالدىن
ئۈمىدۋار بولۇپ، سەۋر-تاقەت قىلىشقا ۋە-
دە بەردى. ئىككى نەپەر دانىشمەن كېنى-
زەك بۇ ھەقتە دىققەت بىلەن چوڭقۇر ئوي-
لانغاندىن كېيىن، ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.
بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئۇ يىگىت بىلەن بې-
رىش-كېلىشنى يولغا قويدى. ئۇلار يى-
گىت بىلەن سىرداشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
كۆڭلىدىمۇ ئاشۇنداق ھېسسىيات بارلىقىنى
بىلدى. ئۇندىغا شۇنچىلىك ھىيلە-مىكىر-
لەرنى ئىشلەتتىكى، بۇ بىچارە غېرىب يى-
گىت ئاخىرى ئۇلارنىڭ تۇزىقىغا چۈشتى.
ئۇلار يىگىتكە:

— ساڭا بىز چارە تېپىپ بېرىمىز.
سەن بىزگە ئۆز ئەھۋالىڭنى بايان قىلمى-
غان بولساڭمۇ، سېنىڭ نېمىدىن ناتىۋان
بولغانلىقىڭنى بىلىۋالدۇق. ئەگەر ئۇنىڭ
ئىشقى كۆڭلۈڭ مەملىكىتىنى ئىشغال قىلى-
ۋالغان بولسا، ھىجرانلىرىڭغا بىزدىن ۋى-
سال ئۈمىدى يېتىدۇ،— دېيىشتى.

يىگىت بۇ ئەھۋالدىن خۇرسەن بو-
لۇپ، ئۇ ئىككىسىگە جان-دىلى بىلەن
موھتاجلىق ئىزھار قىلدى. نېمە دېسە،
پەرمانىغا جان-جېنى بىلەن ئىتائەت قىل-
دى. بۇ ئىككى بىلەرمەن ھىيلە-مىكىر ۋە
ئالدامچىلىق بازىرىنى ئەنە شۇنداق قىزى-
تىپ، بۇ ئاجايىپ قۇشنى ئاشۇنداق ئوۋلى-
دى. ئۇلار:

— بىزنىڭ مەنزىلىمىزگە يۈر،— دەپ
يىگىتنى ئۆز ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلدى.

ناتىۋان يىگىت ئۇلارنىڭ ئۆيىگە شادى-
مان بولۇپ باردى. ئۇ يەردە كۆڭۈللەرنى مەھ-
لىيا قىلغۇدەك دەرىجىدە بىر شاھانە بەز-
مە تۈزدى. ئىشق ئىچىدە ئۆتقۇن بولغان
بۇ يىگىت مەي ئىچىشكە باشلىدى. مەي-شا-
راب تەسىرى بىلەن مەستخۇش بولغاندىن
كېيىن، ئۇ ئىككى كېنىزەك ھېكايە ئېيتىش-
قا باشلىدى. ئىشق ۋە ئاشىقلىقنىڭ ئوت-
لىرىدىن، ۋىسال بىلەن ھىجراننىڭ پايدا-
زىيانلىرىدىن سۆزلەپ، ناھايىتى كۆپ يې-
قىملىق سىرلارنى بايان قىلدى. ئۇ مۇرا-
دىغا يېتەلمىگەن يىگىت بۇ ھېكايىلار بى-

لەن مۇراد شارابىنى ئىچكەندەك بولدى.
مەينىڭ كەيپى، ئۇ ھېكمەتلىك ھېكايىلارنىڭ
تەسرى بىلەن، يىگىت شۇ قەدەر ناتىۋان
بولدىكى، ئۇنىڭغا خامۇشلۇق يۈزلىنىپ،
ھەر نەپەستە ئۆزىنى يوقىتىپ، يەنە ھو-
شىغا كېلەتتى.

بۇ چاغدا ئۇ ئىككى ئەپسۇنگەر نەغ-
مە-ناۋانى باشلىدى. بىرى ئۇدنى قولىغا
ئېلىپ، كىشىنى بىھوش قىلغۇچى مۇڭلۇق
ئاھاڭلارغا چالسا، يەنە بىرى كۆڭۈللەرنى
كۆيدۈرگۈچى ئوتلۇق كۆيلەرنى ئېيتاتتى.
ناتىۋان يىگىت جانغا ئوت سالغۇچى بۇ
كۆي-نەغمىلەرنى ئاڭلاپ ھوشنى يوقاتتى.
گويا ئۇ ھوشىدىن كەتكۈزگۈچى مەي ئىچ-
كەندى. كېچە ئىنتايىن قاراڭغۇ ئىدى.
ھوشىدىن كەتكەن يىگىت كېنىزەكلەرنىڭ
قارشىسىدا ياتاتتى. ئىككى كېنىزەك قىز ئۆز
مەقسەتلىرىگە يېتىشكەندى. ئۇلار سۇس-
لۇق قىلماستىن، دەرھال بىر ئاجايىپ بۆ-
شۈكنى ئېپكەلدى. يىگىتنى چاققانلىق بى-
لەن بۆشۈككە سېلىپ، ئۇنى تېزدىن بۇ
يەردىن ئېلىپ كەتتى-دە، ئاي يۈزلۈك
قىزنىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزدى. بۇ جايدا شاد-
لىق ۋە راھەت-پاراغەتكە كېتەرلىك بار-
لىق ئەسۋابلار تەييار ئىدى. شېرىن لەۋ-
لىك گۈزەل قىز ئۇلارنى خىلۋەتتە كۈتۈپ
تۇرغانىدى. بۇ تەجرىبىلىك ئىككى كې-
نىزەك بۆشۈككە بۆلەنگەن بىر ئاق-بەدەن-
لىك سەرۋىنى قىزنىڭ قەسرىگە يەتكۈزدى.
ئۇنى ئاي يۈزلۈك قىز ئولتۇرغان تەخت
تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ، ئايىنى قۇياشقا
تاپشۇرۇشتى.

ئاي يۈزلۈك قىز ۋىسالدىن ئۆز مەق-
سىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، يىگىتنىڭ
يۈزىگە گۈل سۈيى سېپىشنى بۇيرۇدى.
ئەتىر ھىدلىرى ئۇ ھوشسىزنىڭ دىمىغىغا يې-
تىش بىلەنلا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچ-
تى. ئۆزىنىڭ جەننەت كەبى بىر جايدا
ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ يېنىدا ھۆر ۋە
پەرىلەرگە ئوخشاش بىر گۈزەل قىز، يەنى،
ئۇنىڭ كۆڭلىنى زار-زار قىلغان ئاشۇ ئاي
يۈزلۈك جانان تۇراتتى. يىگىت شۇ ھامان
ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، يەنە ئاجايىپ
بىر ھالەت بىلەن قايتا يەرگە ئولتۇرۇپ
قالدى. تۆت ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن قا-
راشقا باشلىدى. ئاستىدا كاتتا بىر شاھانە
تەختنى، يېنىدا بەختىيار ھالدا كۈلۈپ
تۇرغان دىلبىرىنى كۆردى.

— ئەي تەڭرىم! — دېدى يىگىت
ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك،— بۇ قانداق
ئەھۋال؟ بۇ ئەھۋال مېنىڭ چۈشۈممۇ
ئويغۇممۇ ياكى خىيالىممۇ؟!

ئاي يۈزلۈك قىز ئۇنىڭغا شېرىن
سۆزلەر بىلەن تەسكىن بەردى. ۋىسال قا-
ئىدىلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، مۇنداق دېدى:

— ئەي ھوشىدىن ئادىشىپ قالغان،
بۇ چۈش ئەمەس. خىيالمۇ ئەمەس. بەلكى
ۋىسالدۇر. سەن تەڭرىگە شۈكرى قىلىپ،
كەمدى ۋىسال شارابىنى ئىچكىن!

پەرى شۇ سۆزلەرنى ئېيتقاچ قولىغا
بىر جامنى ئالدى-دە، ئۇنى تولدۇرۇپ
ئۆزى ئىچتى. ئاندىن يەنە تولدۇرۇپ،
ئۇنىڭدىكى گۈل رەڭلىك مەينى يىگىتكە
ئۇزاتتى.

گويا كى ئۇزارادەك گۈزەل چېھرىلىك
بۇ ساقىي ھوشنى يوقاتقان يىگىتكە ئارقا-
ئارقىدىن نەچچە نۆۋەت قەدەھ تۇتۇپ، شا-
راب ئىچۈردى. ئۇ گويا كى مەي جامىدا
شەرمى ھايا ئوتلىرىغا سۇ سەپتى. شۇندىن
كېيىن ئۇلار بىر-بىرىگە پەردىسىز سۆز-

لەرنى ئېيتىشقا باشلىدى. غەملىك ئاشىق بىلەن مۇڭلۇق مەشۇق پاراغەت ئۆيىدە ئەنە شۇنداق بىللە بولدى. ئۇلار شۇ قەدەر بىرلىككە ئېرىشكەن ئىدىكى، ئارىدىن ئىككىلىك دېگەن نەرسە كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ ئىككى ھەمنەپەس ھەۋەس ئىمكان بېرىدىغانلىكى كۆڭۈل ئېچىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، بىر-بىرىدىن بەھرىمەن بولۇشتى. ئۇلار شۇ قەدەر ئەدەبسىز ئىشلارنى قىلىشتىكى، بۇلارنى شەرھىلەپ ئولتۇرۇشمۇ ئەدەبتىن چىققانلىق بولار. نەزمە:

ھەم يىگىت مۇشتاقۇ ھەم مۇھتاج قىز،
يۈزگە يۈز قويۇپ ئاغىز ئۈزرە ئاغىز.

يىگىتمۇ مۇشتاق ئىدى، قىزمۇ مۇھتاج ئىدى. ئۇلار يۈزلىرىگە يۈز، ئاغىزلىرىغا ئاغىز قويۇشقانىدى. قالغان ئىشلارنى شۇنىڭغا قىياس قىلىپ، ئاخىرى قانداق ئىش بىلەن تۈگىگەنلىكىنى شۇنىڭدىنلا بىلىۋالساڭ بولار.

ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە ئەنە شۇنداق ئىشرەت ۋە پاراغەت كەيپىنى سۈردى. ھەر ئىككىلا تەرەپ ئەدەبسىز ئىشلارغا يول قويۇشتى. سۈبھى تۈنىنىڭ سىرلىرىنى پاش قىلدى. يەر ئۈستىدىكى ئىپاردەك قاراڭغۇلۇق ئۈستىگە ئاپئاق كاپۇر سېپىشكە باشلىدى. تاڭ سۈزۈلمەكتە، مەي ئۇلارغا كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، ئىككىيلەننىڭ ھوشىنى قويمىغانىدى. بۇنىڭدىن ئىزتىراپقا چۈشكەن ئىككى كېنىزەك پەردە ئارقىسىدىن چىقىپ ساز چېلىپ، كۈي كۈيلەشنى باشلىۋەتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلاپ، يىگىتنى يەنە بېھوش ھالەتكە كەلتۈرۈشتى. خەستىلىك ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپ، ھالسىزلانغىنىدىن يەرگە يىقىلدى-دە، سېزىمىنى يوقاتتى.

تەدبىرلىك كېنىزەكلەر بۇ ئىشنى ئورۇنلىدىغاندىن كېيىن، ئاشىق يىگىتنى يەنە بۆشۈككە سېلىپ، ئاياغلىرىنى مەھكەم باغلىدى. ئۇنى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ئىلگىرىكى كۆلبىگە ئاپىرىپ قويدى. غەمتىكەنلىرىدىن ئازار چەككەن بۇ بىچارە ئاشىقنى يەنە ئۆزىنىڭ غەملىك كۆلبىسىگە يەتكۈزۈپ قويدى.

يىگىت مەستلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىش بىلەنلا، ئۇنىڭ دىمىغىغا تاڭ شامىللىرى كېلىپ ئۇرۇلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللار، يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ئۇنىڭ خىيالىدا بىرمۇ-بىر گەۋدىلەندى. مەھبۇبىنى ئەسلەپ، ئىچ-ئىچىدىن مۇڭلۇق ئاھ ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ، بەدەنلىرىنى تاشقا ئۇرۇپ، ساق يېرىنى قالدۇرمىدى. ئۆزى ئۆزى بىلەن كۆپ جېدەل-ماجىرالارنى قىلدى. بۇ يورۇق ئالەم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇ بولدى. كۆزلىرىدىن يۇلتۇزلار كەبى ياشلىرىنى توختىماستىن تۆكتى. ئاھ ئۇردى، ھەسرەت چەكتى. پىغان تارتىپ ئەتراپقا غوۋغا سېلىشقا باشلىدى. ئۇ، ۋىسال بەزمىنى ئەسلەپ، سەۋدايىلاردەك نالە قىلاتتى.

— ئەي تەڭرىم! — دەيتتى ئۇ پەرياد چېكىپ، — نېمە تەدبىر قىلاي، ھالىمنى كىمگە بايان قىلاي! ئەگەر بۇ بىراۋغا ئېيتماي خامۇش تۇراي دېسەم، تاقىتىم يەتمەيدۇ! ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ماغدۇرۇم يەتمەيدۇ. ئەھۋالىمنى يوشۇرۇشنىمۇ، ئاشكارىلاشنىمۇ، سۆزلەشنىمۇ، شۈك تۇرۇشنىمۇ بىلمەيمەن. بۇ دەردلىرىمنى ئېيتقان بىلەن تۈگىتىپ بولغىلى

بولسۇلمۇ؟! مەلدە ئۇنىڭ مىگدىن بىرىنى
سۆزلەشكىمۇ ئىمكان بارمۇ؟! ئەگەر ئۇنى
مەخپىي تۇتۇشنى نىيەت قىلسام، شۇ هامان
جاندىن كېچىشمەكە توغرا كېلىدۇ.

يىگىت شۇ تەرىزدە چوقان كۆتۈرەتـ
تى. ئۇنىڭ تېنىدە روھ، بېشىدا هوشتىن
ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل هەيـ
رەتكە چۆكۈشلىرى هەر نەپەستە جېنىغا
تەسىر قىلاتتى. كىشلەرمۇ ئۇنىڭ هالىتىگە
هەيران ئىدى. هەر كىشى ئۇنىڭ بۇ ئەهـ
ۋالىنى سورىسا، ئۇ جاۋاب بەرمەستىن، پەـ
قەت مۇنۇ سۆزلەرنىلا قىلاتتى.

ــ مەندىن بۇلارنى سورىماڭ. مۇشۇ
كۆيۈۋاتقىنىمىمۇ يېتەرلىك. مېنى يەنە كۆيـ
دۈرمەن دېمەڭ. ئەهۋالىمنى چۈشەندۈـ
رۈپ بولالمايمەن. چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ،
كىشى ئۇنى هېس قىلالمايدۇ. ئەي تەڭرىم!

شۇ قەدەر ئىقبال بىلەن ۋىسال بەزمىسىدە
ئىستىقبالغا ئېرىشكەن كىشى مەنمىدىم؟!
ئەگەر مەن ئۇنى شەرھىلىمەكچى بولسام،
باشقا كىشلەر بۇنىڭغا ئىشىنەلەمدۇ؟! ئاھ،
قانداق قىلاي، هەيرانلىقىم ئامۇىلىشالىمىنى
كۆيدۈرمەكتە؟! قانداق چىداي، بۇ هەيـ
رەتلىرىم ۋەيران بولغان ناتىۋان جىسمىمـ
نى ئۆرتىمەكتە. ئاۋۋال ۋىسال بىرلىكى
ئىچىدە مەقسىتىمگە ئېرىشىپ مەشۇقۇم بىلەن
قوشۇلدۇم. ئاخىرىدا هىجران تۇپەيلىدىن
بۇ قەدەر مىهنەت ـ مۇشەققەتلەرگە دۇچ كېـ
لىپ، هەيرانلىق ئىچىدە هەيرانلىققا چۆمـ
مەكتىمەن. ئەي تەڭرىم! مەن شۇنداق چەكـ
چېكىرىسىز، باش ـ ئاخىرىسىز ئاجايىپ بىر
هالغا چۈشۈپ قالدىمكى، ئۇنى هېچكىمگە
يولۇقتۇرما!

## فەقرۇفەنا ۋادىسىنىڭ بايانى

هەيرەت ۋادىسى تامام بولغاندىن كېـ
يىن، فەقرۇ فەنا ۋادىسى دۇچ كېلىدۇ. بۇ
ۋادىدا خامۇشلۇق، مەڭدەش، گاسلىق ۋە
هوشسىزلىقتىن ئۆزگە نەرسە يوق. چۈنكى
بۇ چوڭقۇر دېڭىز تولپانلىرىنىڭ قايىنىمى
ئىچىدىكى ۋادا بولۇپ، ئۇ قايىنامغا يۈز
تۈمەن ئالەممۇ غەرق بولۇپ كېتىدۇ. كۈچـ
لۈك بوران ئۆزىنىڭ يۈكسەك دولقۇنلىرى
بىلەن سۇ يۈزىدە ئۆركەشلەرنى پەيدا قىـ
لىپ، مىڭ خىل نەقىشلەرنى هاسىل قىلىـ
دۇ. بۇ نەقىشلەر دەمىمۇ دەم يوقىلىپ، يەـ
نە مىڭ تۈرلۈك يېڭى دولقۇنلار پەيدا بوـ
لۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر سەن بۇ هادىسىگە
ياخشى نەزەر سالساڭ، دېڭىز دولقۇنلىرىدا
تۇراقلىق بىر مەۋجۇتلۇقنىڭ يوق ئىكەنلىـ
كىنى كۆرۈسەن. چۈنكى ئۇ هامان دېڭىز
يۈزىدە يوقىلىپ تۇرىدۇ. دېڭىزدىن باشقىـ
سىنىڭ هەممىسى يوقالغۇچىدۇر.

ئەنە شۇ چەكسىز دېڭىز هەق ۋۇـ
جۇدىدىن ئادىي بىر نەمۇنىدۇر. ئۇنىڭ يۈـ
زىدىكى دولقۇن ۋە ئۆركەشلەر بولسا، بۇ
ئالەمدىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن نەرسىلەردىن
ئىبارەتتۇر. مەنە ئەهلىلىرى ئېتىراپ قىلىـ
دىغان بۇ ئۇن سەككىز مىڭ ئالەم ئىچىدە،
قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،
ئۇلارنىڭ هەممىسى كۆرۈنۈشتىكى شەكلەن
مەۋجۇتلۇق بولۇپ، شەكلىي جەهەتتىنلا
كۆزگە چېلىقىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر.

يەر يۈزىدە يۈز مىڭ خىل ئاجايىپ
شەكىللەر بار. هەربىر شەكىلدە يەنە يۈز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈمەن خىل ئاجايىپ ـ غارايىپ رەڭ ـ بىـ
زەكلەر ۋە ھىد ـ پۇراقلار بار. سەن پەرەز
قىلغىن، ئەتراپتىكى دېڭىزلار، مەدەنلەرگە
تولغان كانلار، دەشتۇ ـ سەھرالار، گۈلشەنـ
لەر ياكى تورغاي ۋە بۇلبۇللارنى ئۆزىگە
مەھلىيا قىلىپ، ئۇلارنى ھالاك قىلالايدىـ
غان دەرىجىدىكى چىرايلىق گۈل ۋە رەيـ
ھانلار، تۈرلۈك ئۆسۈملۈك ۋە مەملىكەتلەر،
دەريالار، بۇلاقلار، تاغلار، شۇنداقلا ئۇلارـ
نى ئوراپ تۇرغان ئوت ۋە ھاۋالار ۋە بۇـ
لاردىن باشقا يەنە قانچىلىغان نەرسىلەر بار.
بۇلارنىڭ ئەتراپىدا يەنە توققۇز قەۋەتلىك
ئاسمان بار. ئۇ يەردە يەنە تۇراقلىق جىـ
سىملار، سەييارىلەر ۋە پەرىشتىلەر جامائىتى
بار. ئۇلار سان ـ ساناقسىز. بەلكى ساناق
ئىچىدە چەكسىز كۆپتۇر. ئۇ يەردە كۆزگە
كۆرۈنمەس دەرىجىدىكى ئەرزىمەس بىر
يۇلتۇزمۇ يەرنىڭ جىسمىغا باراۋەر كېلەلەيدۇ.

تۆت ئۇنسۇر، يەتتە قات كۆك ۋە
ئالتە تەرەپ كائىناتنىڭ ئەڭ نادىر ۋە ئەڭ
ئالىي ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. كائىناتـ
تىكى بارلىق نەرسىلەر ئىچىدە ھەممىدىن
ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغراقى ئىنسان بوـ
لۇپ، ئۇنىڭ يېتۈكلۈكى ۋە كاملىلىقى
ئالدىدا ئەقىل ھەيراندۇر.

سەن بۇ يەردىكى كۆپچىلىك بولسۇن، ياـ
كى ياڭغۇز كىشى بولسۇن، ئالىي مەرتىۋىلىك
سۇلتانلار بولسۇن ياكى ھۆكۈمران خاقانلار
بولسۇن، ئىقتىدارلىق ۋە دانە ھېكىم ـ پەيلاسوپلار
بولسۇن ياكى ئىجتىھاتلىق ئالىملار بولسۇن،
دىنىي مۇجتەھىدلەر بولسۇن ياكى ئەنبىيالار
بولسۇن ياكى تەڭرىنىڭ ئەلچىسى بولمىش پەيـ
غەمبەرلەر بولسۇن، چېچىلاڭغۇ، پاراكەندە
قوۋملار بولسۇن ياكى ئىناق ۋە ئۇيۇشقان جاـ
مائەتلەر بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممە ھەممىسىنى
ھەق زاتىنىڭ دېڭىزىدىكى بىر ۋاقىتلىق ئۆرـ
كەش دەپ بىلگەن ياكى شۇ ئۆركەشلەردىن
ھاسىل بولغان نەقىش دەپ ھېسابلا. ئاشۇ دېـ
ڭىزدىن ئىبارەت بىرلا مەۋجۇتلۇقنىڭ مەھـ
سۇلى دەپ تونۇغىن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى
ئۆتكۈنچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە نەقىشلەردىن
ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەبەدىـ
يلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس. دېڭىزـ
نىڭ چايقىلىشى ئەنە شۇنداق ئۆركەشلەرـ
نى ھاسىل قىلغان ۋە سۇ يۈزىدە
تۈرلۈك ـ تۈمەن نەقىشلەرنى پەيدا قىلـ
غان. بۇ دولقۇنلۇق دېڭىز بىر پەس
چايقىلىشتىن توختىسا، ئۇ دولقۇن، ئۆرـ
كەش ۋە نەقىشلەردىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ.
ئەگەر ھەربىر كىشىدە ئەقىلدىن ئەسەر بولـ
سا، شۇنى بىلسۇنكى، بۇ ئالەمدىكى ئەزەلـ
دىن تائەبەدكىچە بولغان ھەممە نەرسە
مەۋجۇدلۇقتا ئىگە ئەمەس، پەقەت شەكىل
جەھەتتىكى كۆرۈنۈشكىلا ئىگە. بەرھەق ۋە
قۇدرەتلىك تەڭرىدىن ئۆزگە ھەممە نەرسە
فانىي (ئۆتكۈنچى) دۇر. مۇتلەق باقىي
(ئەبەدىي) لىق پەقەت تەڭرىگىلا خاستۇر.
ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق زۆرۈرىيىتى مۇتلەق ھۆـ
كۈمگە ئايلانغان، ئەبەدىيلىكى بىردەك
ئېتىراپ قىلىنغان. ھەقتىن ئۆزگە ھەرقانـ
داق زات، ھەتتاكى ئۇ ئابىھايات ئىچكەن
بولسىمۇ، بۇ ئالەمدە يەنىلا مۇتلەق فانىيـ
دۇر. ئەگەر سەن باقىيلىق ئىستىمەكچى بولـ
ساڭ، ئۆزۈڭنى فانىي (يوق) قىلغىن.

## ھەزرىتى ئەبۇل ئەبباس قاسساپ ( ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولغاي ) نىڭ ھېكايىتى

ھەزرىتى ئەبۇل ئەبباس قاسساپ ① ئۆز دەۋرىنىڭ زەبەر دەست پېشۋالىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ فەنا ۋادىسىغا قەدەم قويۇپ، ئۇ يەردە ئۆز ۋۇجۇدىنى يوقاتقانىدى.

بىر كۈنى ئۇ خانىقادا ئولتۇراتتى. سۆھبەتداشلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، ئايىغىغا باش قويۇشقانىدى. بۇ چاغدا بىر غەلىتە دىۋانە بىئەدەبلىك بىلەن خانىقا ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ كىرگەن ھامان مۇنبەر تەرەپكە قاراپ:

— ئەي خانىقادا تۇرغۇچىلار، سۆزلىرىمگە ئوبدان قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار! ماڭا لىق سۇ تولدۇرۇلغان ئۆۋرىدىقتىن بىرنى بېرىڭلار. مەن ئاۋۋال ئىستىنجانى پاكىزلاپ، ئاندىن تەرەت ئالىمەن! — دېدى.

ئالىي مەرتىۋىلىك شەيخ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ئۇنىڭغا ئۆۋرىدىقتا سۇ ئەكىلىپ بېرىڭلار! — دېدى.

خانىقادىكى بىر دەرۋىش چوڭ ھەم چىرايلىق بىر ئۆۋرىدىققا لىق سۇنى تولدۇرۇپ ئەكىلىپ بەردى. ئۇ نەسلى پەس شۇ ھامان ئۆۋرىدىقنى سۇندۇرۇپ تاشلاپ، يەنە دەرھال بىر ئىدىشتا سۇ كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. دەرۋىش يەنە بىر ئۆۋرىق سۇ ئېلىپ كەلدى. ئۇ شۇ ھامان بۇنىمۇ ئۇرۇپ سۇندۇردى.

دەرۋىش شەيخكە بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

— بېرىڭ، — دېدى شەيخ دەرۋىشكە، — ئۇ قانچىلىك سۇندۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەنە باشقىسىنى ئەكىلىپ بېرىۋېرىڭ.

ئۇنىڭغا قانچىلىك ئۆۋرىق ۋە ئىدىشلاردا سۇ ئەكىلىپ بەرگەن بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ تاش بىلەن ئۇرۇپ، سۇندۇرۇپ تاشلىدى. دەرۋىش ئاخىر ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئامالسىزلىقىنى ئىزھار قىلىپ ئەپۇ سورىدى.

— ئىدىش، ئۆۋرىدىقلارنىڭ ھەممىسىنى سۇندۇرۇپ بولدۇڭ. خانىقادىكى بارلىق ئىدىش ۋە ئۆۋرىدىقلارنى ساڭا ئېلىپ كەلدىم. سەن ئۇنى بىرمۇبىر چېقىپ تاشلىدىڭ. ئەمدى خانىقادا ئۆۋرىق ۋە ئىدىشلار قالمىدى.

— ئەگەر ئۆۋرىدىقلار توگىگەن بولسا، — دېدى ئۇ كىشى دەرۋىشكە، — بېرىپ ئاۋ شەيخىڭگە ئېيت، ئۇ ئۆزىنىڭ ساقىلىنى دەرھال بۇ يەرگە ئېلىپ كەلسۇن. مەن شۇنىڭ بىلەن ئىستىنجانى ئادا قىلىپ، بۇ ئىشتىن ئۆزۈمنى خالاس قىلىمەن!

شەيخ بۇ ھاياسىز سۆزلەرنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇ ئادەم تەرەپكە ماڭدى ۋە مۇنداق دېدى:

— بىر قاسساپ ئوغلىغا ساقال چىقىپ، ئۇنى يۇيۇپ-تاراپ، دەرۋىش قىلىپ كەلگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇنىڭ بۇ ساقىلى مۇشۇنداق سائادەتلىك بىر ئىشقا ئەسقاتسا، بىر كىشى

① ئەبۇل ئاببىاس قاسساپ-ئىسمى: ئەھمەد بىننى مۇھەممەد بىننى ئەبدۇلكەرىم، ئۇ مەشھۇر شەيخلەردىن بىرى بولۇپ، مىلادى 921-يىلى ۋاپات بولغان.

بۇ ساقالغا ئىلتىپات قىلسا، ساقالمۇ ئۇ كىشىنى غەم-غۇسسىدىن ئازاد قىلسا، بۇ نېمىدېگەن ياخشى سائەت، نېمىدېگەن بەختىيار ھالەت-ھە؟!

شەيخنىڭ كېلىشكەن ئاپئاق ساقىلى بار ئىدى. ئۇنى ئۇچۇمىغا ئېلىپ ئۇزاتقىنىچە ھېلىقى كىشىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئادەم غاپىل، ھاياسىز كىشى ئىدى، بەلكى ئەقلىدىن ئازغان ساراڭنىڭ ئۆزى ئىدى. لېكىن ئۇ شەيخنىڭ بۇ قەدەر فانىيلىق خىسلەتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، يەنە بىھۇدە ئالجىشقا باھانە تاپالمىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ ئادەم شەيخنىڭ ئايىغىدا ئۆزىنى توپا-تۇپراق قىلىپ، يەرگە باش قويغىنىچە ھوشىدىن كەتتى.

فانىيلىقتا ئېرىشكەن بۇ بۈيۈك شەيخ ئۇ ئادەمگە نەزەر سالدى. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئەسەرمۇ قالدۇرماي، يولىدىن ئازغان بىر گۇمراھنى ئاشۇنداق كامالەتكە يەتكۈزدى. ئۇ گويا مىسنى ئالتۇنغا ئايلاندۇردى. ھەر بىر كىشى رەڭ، نەقىش ۋە پۇراقلاردىن ۋاز كەچمەي، يەنى ئۆزلۈكىنى يوقاتماي تۇرۇپ، بۇنداق ئىشنى قىلالايدىغان دەرىجىگە يېتىشى مۇمكىن ئەمەس. نەزمە:

فانىيا، مۇنداغ فەنا ھەقدىن تىلە،
تا بەقا تابغايسەن ئول ئىفنا بىلە.

ئەي فانىي، ھەقتىن مۇشۇنداق فانىيلىقنى تىلە، مۇشۇ خىل فانىيلىق بىلەنلا باقىيلىققا ئېرىشىسەن.

## ھەزرىتى خوجا بەھاۋۇل-ھەققۇ-دىن نەقشىبەند (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) نىڭ ھېكايىتى

ئالىي سۈپەتلەر ئىگىسى بولغان ئەزىز ۋە مۆتىۋەر زات شاھ بەھاۋۇل-ھەققۇدىن نەقشىبەند ① (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) بۇ ئىقلىم ئۈستىدە تەخت قۇرۇپ، فانىيلىق مەملىكىتىنىڭ مەنىۋى سۇلتانى بولدى. بۇ ھەقنى بىلگۈچى كىشى پاك سەيلە قىلىش پەيتلىرىدە ئۆز ۋۇجۇدىنى تۈرلۈك نەرسىگە ئوخشىتىپ قىياس قىلاتتى. لېكىن ھەممە نەرسىدىن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتاتتى. ئۆزىنى خۇددى سەرۋى ئالدىدىكى ئەخلەت، گۈل يېنىدىكى تىكەن دەپ بىلەتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ كۆزىگە پاكىزلىق ئادەتلىرىدىن تولىمۇ يىراق بولغان بىر قوتۇر ئىت كۆرۈندى. شەيخ ئۇنى ئۆزىگە سېلىشتۇرۇپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا نالە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ مۇنداق دېمەكتە ئىدى:

— بۇ ئىت ۋاپا قىلغۇچىلاردىندۇر. مەن بولسام ئۆز يامانلىقلىرىم بىلەن يەنە ئۆزۈمنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دەپ ئېيتالمايمەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىگىسىگە ۋاپا قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. مېنىڭ قولۇمدىن بولسا جاپادىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ!

① بەھاۋۇددىن نەقشبەند-ئىسمى: سەئىد مۇھەممەد ئىبنى جەلالىددىن، بۇخارالىق كاتتا مۇتەپەككۇر. شۇنداقلا «نەقشبەندىيە» تەرىقىتىگە ئاساس سالغان مەشھۇر شەيخ. ئۇ مىلادى 1318-يىلى تۇغۇلۇپ، 1390-يىلى ۋاپات بولغان.

ئۆتكۇر لەزەر ئىگىسى بولـغان شەيخ
شۇنداق دەپ تۇراتـتى، ئىت ئۇنىڭ ئالدى-
دىن ئۆتۇپ كەتتى. ئىتـنىڭ تۇپراق ئۇس-
تىدە قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلىرىـنى كۆرگەن
شەيخ يەنە سىلىشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ:
ــ مەن ئارتۇقـمۇ ياكى بۇ ئىزمۇ؟ــ
دېـدى ـ يۇ، دەرهال يەنە ئۆزـگە مۇنداق
خىتاب قىلدى:
ئەي ئىنسابسىز، بۇ ئىز ۋاپا ئەهلـ-
نىڭ ئايىغىدىن قالـغان نىشـانىدۇر. سەن
بولـساڭ ۋاپـاسىزلىـق تەرەپـكە ئىـتەك
سۆرەيسەن!
شەيـخ بۇ مەنىلىك سـۆزلىرىنى دەپ
بولـۇپلا، يەر سـۆيدى. ئىتنىڭ قالـدۇرۇپ
كەتكەن ئىزلىرىغا يۈزلىرىنى سۈرتتى.

ئەي غاپىللار، هەقنى تـونۇغانلار ئۆز
ۋۇجۇدىنى ئاشۇنداق ئىنكـار قىلىدۇ. بار-
لىقىنى ئاشۇ دەرىجـىـدە يـوققا چىـقىرىدۇ.
ئۇلاردا ئـۆزلـۇكىدىن ئەنە شۇ دەرىجـىدە
ئەسەر قالمىغاندىلا، فانىيلىـق جامىدىن شا-
راب ئىچىدۇ. ئۇلار ئـۆز ۋۇجـۇدىدىن
ئەسەر تاپماي، تەڭرى زاتىدا ئۆزىنى يوق
قىلدى. ئۇلار هەق ۋۇجـۇدىدىن نىشـان
تاپىدى، ۋەهدەت جامىدىنمـۇ ئەبەدىيلىك
هاسىل قىلالمىدى، نەزمە:

چۈن فەنا خەيلىغە داخىل بولدىلا،
باقىئى مۇتلەقغە ۋاسىل بولدىلا.

ئۇلار يوقلۇق ئەهلىگە قوشۇلغاندىلا،
ئاندىن مۇتلەق مەۋجۇتلۇققا يېتىشتى.

## پەرۋانىلەر جامائىتى ۋە شام هەقىقىتىنىڭ شەرهى

بىر كـېچىسى پـەرۋانىلەر يـىغىلىپ،
شامغا ئـېرىشىشكە تەلەپكـار بولۇپ، هەرىـ-
كەت قىلىشتى. ئۇلار:
ــ بىز ئىزدەنگۈچـىلەرمىز، شام نۇ-
رىدىن نىشان ئىزدەيمىز. بىز ئەگەر ئۇنىڭدىن
هەرقانداق نەرسىنى تاپساق، ئۇنى ئىزهـار
قىلايلـى، شەرهلەش ئارقىلـىـق، ئۇنىڭ
ئەسلى زاتىنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىـ-
كىنى ئېنىقلايلى، ــ دېيىشتى.
بۇ سۆز تۈگىشـى بىلەن تەڭلا، پەر-
ۋانىلەزدىن بىرى قانـاتلىرىنى قېقىپ، شام
هەقىقىتىنى بىلىش ئۈچۈن، بىر كېچىلىك ئول-
تۇرۇش بولـۇۋاتقان كـۈلبـىگە باردى. ئۇ
يەردە بىر شام يـېنىپ تۇراتتى، شام ئۈس-
تىدە بىر تـوپ پەرۋانە كـۆيۈۋاتقان شامغا
قاراپ تۇراتتى. شامنىڭ شـولىسىدىن پەر-
ۋانىنىڭ كۆزى نۇرلاندى. ئۇ دەرهال قايـ-
تىـپ، شام هەققىدە بىلگەنلىرىنى ئالـەمگە
يايدى. ئۇ قانچىلىك سـۆزلىسـۇن، لـېكىن
باشقىلارنـى شام هەققىدە هـېچ نەرسىدىن
خەۋەردار قىلالـمىدى. ئۇنىڭ سـۆزلىرى
باشقا پەرۋانىلەرنىڭ قەلبىگە يېتىپ بارالـ-
مىدى. ئۇ پەرۋانە قانچىلىك كۆيۈپ ـ پىشىپ
چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، باشقىلار ئۇنىڭدىن
هـېچقانداق نەپكە ئـېرىشەلمىدى. ئۇنىڭ
ئېيتقان سۆزلىرىدىن هېچبىـر پايدىغا ئىگە
بولالمىغاچقا، باشقا بىر پەرۋانە شام تەرەپـ-
كە قاراپ پەرۋاز قىلدى. ئۇ كەچلىك بەز-
مىگە كىرىپ، شامنىڭ نۇرىغا دىققەت بىلەن
نەزەر سالدى. ئۇ يەنە بايىقى پـەرۋانىگە
ئوخشاش قايتىپ، قانچىلىك چۈشەندۈرگەن
بولسىمۇ، پەرۋانىلەر جامائىتىنىڭ مەقسىتىـ-
نى هاسىل قىلالمىدى. يەنە باشقا بىر پەر-
ۋانىمۇ بۇ ئىشقا كىرىشىپ، ناهايىتى كۆپ

تىرىشچانلىق بىلەن شامنىڭ ئەتراپىدا ئىنتايىن كۆپ ئايلاندى. لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ مۇراد ھاسىل بولمىدى، مۇشكۈل ئىش ھەل بولمىدى. بۇنىڭدىن باشقا پەرۋانىلەرمۇ ئىزتىراپقا چۈشۈپ، مەقسەت تەرەپكە تېز-لىك بىلەن قانات قاقتى. ئۇلار شامنىڭ ئەتراپىدا كۆپ ئايلاندى. ھەربىرى قانات، قۇيرۇقلىرىنى كۆيدۈرۈشتى. ھەربىرى قان-چىلىك دەرىجىدە كۆيگەن بولسا، ئۆز مەق-سەتلىرىگە شۇنچىلىك مىقداردا ئېرىشتى. لېكىن بۇنى شەرھلەش ناھايىتى قىيىن ئىش ئىدى. چۈنكى كىشى ئوتنى تىل بىلەن شەرھلەپ كېتەلمەيدۇ. كۆيمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلمەيدۇ.

پەرۋانە بۇ ئىش ھەقىقىتىدىن خەۋەر-دار بولغاچقا، قورقماستىن ئۆزىنى ئوتقا ئۇرۇپ، بەدەنلىرىنى ئوت ئىچىدە كۆل قىل-دى. ئۇنىڭ جىسمىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئۇ ۋەھىمىسىز ھالدا ئۆزىنى شولىغا ئۇر-غاچقا، ئۇنىڭ ئەزاسىغا ئوت تۇتىشىپ پاك بولدى. نەتىجىدە ئۇمۇ شولىغا ئايلاندى. ئىستىگەن مەقسىتى ئۇنىڭغا ئايان بولدى. ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن ئارتۇق بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. چۈنكى ئۇ مەقسەت ئىچىدە نابۇت بولۇپ، بۇ فانىيلىق بىلەن ئەينى مەقسەتنىڭ ئۆزىگىلا ئېرىشتى. ئۇ، ھەقىقەتنىڭ دەل ئۆزىدىن خەۋەر تاپتى. شۇنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا يېتەرلىك بولۇپ، باشقا سۆز ئېيتىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى.

ئەگەر كىشىلەر پەرۋانىنىڭ بۇ ھال-تىگە دىققەت قىلسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئىككى پىكىر كەشپ بولىدۇ. بىرىنچىسى شۇكى، كۆيمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ مۇشكۈلى ھەل بولمايدۇ، شام بىلەن بىرلىككە ئېرىش-مەي تۇرۇپ، مۇرادقا يېتەلمەيدۇ. تاكى فانىيلىق ئوتىغا ئۆز ۋۇجۇدىنى سېلىپ، بۇ شولا بىلەن بار-يوقىنى كۆيدۈرمەيدىغان بولسا، مەقسەت نۇرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىر-مەيدۇ. تىلىگەن ۋىسالى ئۇنىڭغا يۈز كۆر-سەتمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ خىل چاقماق ئۇنى ئوت دېڭىزىغا غەرق قىلغاچقا، ئۇنىڭ-دا سۆزلەش ئىمكانى قالمايدۇ. بۇ ئىشنىڭ سىرىنى سۆز بىلەن بايان قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ. بۇ فانىيلىق ئوتىدا كۆيمەي تۇرۇپ، ھېچ كىمنىڭ مۇشكۈلى ھەل بولمايدۇ. كۆيگەنلەرنىڭ ھالىنى كۆيمىگەنلەر زادىلا بىلەلمەيدۇ. نەزمە:

فانىيا، لافى فەنا ئۇرماقنى قوي،
ۋەسل ئىستەكامىڭ، فەنا ئوتىغە كۆي.
ئەۋرۇلۇپ شەمئ ئوتىغە پەرۋانەۋار،
ئۆزنى تاشلا شۇئلەغە دىۋانەۋار.

ئەي فانىي، فانىيلىق ھەققىدە لاپ ئۇرۇشنى قوي! ۋىسالغا ئېرىشمەكچى بول-ساڭ، فانىيلىق ئوتىدا كۆي! شام ئوتىنى ئايلانغان پەرۋانىگە ئوخشاش، ئۆزۈڭنى شو-لىغا سەۋدايىلاردەك ئۇر! ۋۇجۇدۇڭدىن ئەسەر، بارلىقىڭنىڭ ئارقاق-ئۆرۈشلىرىدىن نىشان قالمىغاندىلا، مەقسەت ئىچىدە تىلى-گىنىڭگە ئېرىشىسەن! خالايىق بۇ ماجىرانى بىلمىسە بىلمەيۋەرسۇن!

## ھەزرىتى شەيخ سۇفيان سەۋرىي ① (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي)نىڭ ھېكايىتى

دىن ئەھلىنىڭ پېشىۋاسى، ئەھلى يېقىنلارنىڭ نەمۇنىسى بولغان ھەزرىتى شەيخ-

① سۇفيان سەۋرىي— ئىسمى: ئەبۇ ئۇبەيدۇللا بىننى سەئىد، مەشھۇر شەيخلەردىن بولۇپ، مە-لادى 783 - يىلى ۋاپات بولغان.

سۇفيان سەۋرىي (ئەگرى ئۇنىڭ جايىنى نۇرلۇق قىلسۇن) بىر كۈنى مەرىپەت ھەققىدە سۆزلەۋاتقىنىدا، بىر شاگىرت ئۇنىڭدىن:

— ئەگەر بىر كىشى تەڭرىگە يېتىشمەكچى بولسا، بۇ مەقسەتكە قانداق يول بىلەن يېتەلەيدۇ؟ — دەپ سورىدى.

شەيخ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— بۇ مۇساپىدە مىڭ مەنزىل بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە دەرد ۋە ئاپەتلەر بار. ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا ئوت ۋە نۇردىن ھاسىل بولغان يەتتە بۈيۈك دېڭىز بار. ئۇلارنىڭ كەڭلىكىنىڭ پايانى يوق. بۇ دېڭىزدىن ئۆتمەكچى بولساڭ، سېنى ئۆز قىلتىقىغا چۈشۈرمەكچى بولغان كاتتا لەھەڭ پەيدا بولىدۇ. ئۇ شۇنداق دەھشەتلىكتۇركى، بىر دەم تارتسا، ئىككىلا ئالەمنى پۈتكۈل مەخلۇقاتلىرى بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋېتەلەيدۇ. ئۇ ئىستىغنا دېڭىزىدا ماكان تۇتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۈزۈپ يۈرىدۇ.

## قۇشلار ئەھۋالىنىڭ پايانى

شۇنى بىلگىنكى، سۆز چېھرىسىگە ئاشۇنداق ياخشى نىقابلار تارتىلىپ، سوئال جاۋابلار شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەن قۇشلار ئەقىل چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان دەرىجىدە قىيىن ھالەتكە چۈشتى. قۇشلارنىڭ ھەممىسى كۆڭلىدە: «بۇ ئىش بىزگە لايىق ئەمەسكەن» دەپ ھېس قىلىشتى. ھەممىسى ئۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، بۇ ۋەھىمىدىن خۇدىنى يوقاتتى. ئۇلار بۇ قەدەر ھالاكەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ، بارچىسىنىڭ قەلبىدىن پىغان تۈتۈنلىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇلار بۇ ئىش سىرلىرىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، چەكسىز ۋەھىمىگە پاتتى. بۇ ۋەھىمە شۇ ھامان ئۇلاردىن بىرقانچىسىنى ھالاك قىلدى. قالغان قۇشلار ھەيرەتكە چۆمگەنلىرىچە يولغا چۈشتى. ئۇلار يىللار تىنىم تاپماستىن قانات قاقتى. ئالدىغا دۇچ كەلگەن بالايىئاپەتلەردىن قورقمىدى. ئۇلار شۇ يوسۇندا ئۆزلۈكلىرىدىن ۋاز كەچكەنگە قەدەر ئېگىز پەس ئۇچۇپ، ھېسابسىز كۆپ يوللارنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ يولدا ئۇلارغا شۇ قەدەر كۆپ قىيىنچىلىقلار دۇچ كەلدىكى، ئۇلارنى يۈزمىڭ تىل بىلەنمۇ سۆزلەپ بولغىلى بولمايتتى. ئەي تەلەپكار سېنىڭ ئالدىڭغىمۇ بۇ يول دۇچ كېلىپ، ئۇنى بېسىپ ئۆتسەڭ، ئۇ يەردىكى قىيىنچىلىقلارنى ئاندىن مۇلاھىزە قىلالىشىڭ مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بۇ يولدا قانچىلىك قان يۇتۇشقانلىقىنى شۇ چاغدىلا بىلەرسەن.

بۇ زار-زار بولغان قۇشلار گۇرۇھىدىن ئازغىنا بىر قىسمى تەنلىرى ئىنتايىن قىينالغان ۋە جانلىرى ئۆرتەنگەن ھالدا مەقسەت مەنزىلىگە يېتىپ كېلىشتى. چۈنكى يول چەكسىز ئۇزاق بولۇپ، ئۇنىڭدا بالايىئاپەت، دەرد-ئەلەم ۋە رەنج مۇشەققەت سان-ساناقسىز كۆپ ئىدى. شۇڭا بۇ قۇشلاردىن بەزىلىرى يولدا جان تەسلىم قىلدى. بەزىلىرى ئېغىر كېسەلگە دۇچار بولۇپ، يېرىم يولدا ئادىشىپ قالدى. قۇشلارنىڭ ئالدىدا ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ ئاچچىق شاماللىرى سوقۇپ تۇرار ۋە مۇساپىرلارنىڭ ئۆمۈر يىپلىرىنى ئۈزەر ئىدى. بۇ يولدا ئۇلارنى بالاغا دۇچار قىلغۇچى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھادىسىلەر ھەددۇ-پايانسىز ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىمكاندىن ئارتۇق نابۇت بولدى.

ئاقىۋەتتە يۈز تۈمەنمىڭ قۇشلار ئىچىدىن ئوتتۇز نەپەر قۇش يۈز مىڭلىغان بالايىئاپەتلەرنى ساق-سالامەت بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار شۇنچىلىك ھېرىپ-چارچىغان ئىدىكى، تەنلىرىدە ھاياتلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. جىسمىدا بىرەرمۇ پۈتۈن پەيلىرى قالمىغان، شەكىل-سىياقى بەئەينى قورۇق ئوتۇنغا ئوخشاش چاك-چاك يېرىلغانىدى. تەنلىرى يول ئازابىدىن ھالسىزلىنىپ خاراب بولغان، جانلىرى مۇشەققەت ئوتلىرىدا كۆيۈپ كاۋاپ بولغانىدى.

ئۇلار كەلگەن جايدا ئالىي دەرىجىلىك بىر دەرگاھنى كۆردى. بۇ شۇنداق جاي ئىدىكى، ئۇنىڭ كەڭلىكىنى پەرەز قىلىشقا ئەقىل-ئىدراك ئاجىز ئىدى. پۈتكۈل ئاسمان-ئۇ يەردىكى ئاددىي بىر ئەخلەتتىنمۇ كىچىكرەك ئىدى. ئۇ يەردە ئىستىغنا (ئېھتىياجسىزلىق) بۇلۇتىدىن ئۈزۈلۈكسىز ھالدا مۆلدۈرلەر يېغىپ تۇراتتى. ھاۋا دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ، ئۆتكۈر چاقماقلار چېقىلىپ تۇراتتى. گويا ئالەمگە بالا توپانى يېغىپ، ئاسماننى ئاپەت چاقماقلىرى كۆل قىلىپ تاشلايدىغاندەك ئىدى. بۇ دەرگاھتا يەتتە ئاسمان بىر چاڭگال تۇپراقتەك ئىدى. جەننەتتە ئۆسىدىغان تۇبى ۋە سىدرەتۇل-مۇنتەھادەك بۈيۈك دەرەخلەرمۇ بۇ يەردە ئۆزىنى ئادەتتىكى ئەخلەت چاۋاردەكلا ھېس قىلاتتى.

قۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ھالىغا ھەيران قېلىشتى، ئاجىزلىق، زەئىپلىكتىن زار ۋە پەرىشان بولدى. ئۇلار بۇ يەردە يۈز-مىڭلىغان نۇرلۇق قۇياشلارنىڭ ئاددىي زەررىچىلەردىن يۈزدىن بىرىچىلىك قەدىر-قىممەتكىمۇ ئىگە ئەمەسلىكىنى كۆردى. بۇ ئەھۋالدىن ئۇلارنىڭ قانات قۇيرۇقلىرىغا ئوت چۈشتى. ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا چەكسىز نادامەتلەرنى چېكىشىپ، «ۋاھ ھەسرەتا!» دەپ پەرياد قىلىشقا باشلىدى.

قۇشلارنىڭ كۆڭلىگە بۇزۇق خىياللار پەيدا بولۇپ، مۇنداق دېيىشتى:

— بىز خام خىيالغا مۇپتىلا بولغان ئوتتۇز قۇش كۆڭلىمىزگە مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى پۈكۈپتۇق. جانلىرىمىز ھەرنەپەستە ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى چەكتى. بۇ يولنى بېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن دەھشەتلىك كۈلپەتلەرنى باشتىن كەچۈردۇق. ئۆمرىمىز ھەسرەت چېكىش بىلەن ئۆتتى. قېنى، بىز ئاشۇ مەقسەتلەرگە ئېرىشتۇقمۇ؟! بۇ دەرگاھ شۇنداق بۈيۈك ۋە قورقۇنچلۇق جاي ئىكەن. بۇ يەردە بىزنىڭ نە سانىمىز، نە سالمىقىمىز بولسۇن؟!

شۇ سۆز بىلەن ھەر بىرىنىڭ باشلىرىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئۇلاردا ھەر نەپەستە يېڭى بىر ئۈمىدسىزلىك يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇ ئاۋارىلەرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، باشلىرى ئايلاندى. ئۆز مېھنەتلىرىگە ھېچبىر چارە تاپالمىدى. دەرد-ئەلەم تۈپەيلىدىن ئۇلاردا يا ئۇچۇشقا قۇۋۋەت ياكى قونۇشقا تاقەت قالمىغان، ھەممىسى سەرسان-سەرگەردان بولدى. شۇ ئەسنادا ئۇ ئالىي دەرگاھتىن چىققان بىر غايىب ئاۋاز بۇ بىچارە قۇشلاردىن ھال-ئەھۋال سورىدى:

— ھەي، مىڭ بالا-قازاغا مۇپتىلا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېچبىر بەھرە ئالالمىغان، پەرىشان ۋە سەرگەردان بولغان، قەدىر-قىممەت جەھەتتە تۇپراق بىلەن تەڭ

بولغان، بۇ قەدەر كۆپ خارلىقلارغا دۇچار
بولۇپ، ھاقارەتتىن باشقا ھېچ نەرسىنى
كۆرەلمىگەن بۇ قانداق جامائەت؟!

قۇشلار جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بىز شاھ ئىستەپ يولغا چىققان
ۋە بۇ يولدا جىنىمىزنى تۇرلۇك بالا-قازا-
لارغا گىرىپتار قىلىپ، ئاجىز، خارۇ-زار
ۋە بىئەختىيار بولغان بىر گۇرۇھ. چۈنكى
بىز پادىشاھىمىز يوق بىر قوشۇن ئىدۇق.
ئەگەر قوشۇندا پادىشاھ بولمىسا، ئۇ قان-
داقمۇ قوشۇن بولالىسۇن؟! شۇڭا بىز
ئۆمۈر بويى مۇشەققەت چەكتۇق. يۈز تۈ-
مەنلىگەن خارلىقلارنى كۆردۇق. بىزنىڭ
يۈزمىڭلىغان جامائەتلىرىمىز بار ئىدى.
ئۇلارنى كۆرۈپ بولۇشقا كۆزلەرمۇ ئاجىزلىق
قىلاتتى. بۇ يولغا يۈزلەنگەندىن بېرى
ھەممىسى ھالاك بولدى. بۇ ئالىي دەرگاھقا
بىز ئوتتۇز نەپەر قۇش ئارانلا يېتىشتۇق.
ئەمدى بىزنىڭ ئىستەيدىغىنىمىز: سۇمۇرغ
بىزگە پادىشاھ بولۇپ، بارچە ياخشى-يا-
ماندىن خەۋەر ئالسۇن. بىزنىڭ بۇ ئىلتى-
ماسىمىز شاھنىڭ ھۇزۇرىدا قوبۇل قىلىنسا،
بىز خارۇ-زارلىقتا ئەسىر بولغان بەندىلەر
ئۇ پادىشاھقا قۇل بولىمىز.

غايىبتىن يەنە مۇنداق خىتاب كەلدى:

— ئەي يولدىن ئازغان گۇرۇھ، سى-
لەر ئەقىلسىزلىككە مەھلىيا بولۇپ قېلىپ-
سىلەر. مۇشۇنچىۋالا پاراكەندە ئەھۋالدا
تۇرۇپمۇ يەنە مېڭەڭلەرگە بىھۇدە خىيال-
لارنى كەلتۈرۈۋاتىسىلەر. قايسى تىل بىلەن
ئۇ پادىشاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاۋاتىسىلەر؟!
بۇنداق خىيال قانداق قىلىپ مېڭەڭلەرگە
كىرىۋالدى؟! سىلەر ھېچ نېمىگە ئەرزىمەي-
سىلەر. بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن تۇرىدى-
غان بىر گۇرۇھ. ئۇ پادىشاھ بولسا سىلەر-
نىڭ ئۇزاڭكىسىز خىيال قىلغىنىڭلاردىنمۇ
كۆپ يۈكسەك تۇرىدۇ. ئۆزۈڭلار ھېچ نەر-
سىگە ئەرزىمەيدىغان تۇرۇپ، يەنە بىكار-
دىن بىكارغا ئالجىپسىلەر! گويا ئۆزۈڭلارنى
مەۋجۇتىمىز دەپ تەسەۋۋۇر قىلىۋېتىپسىلەر!
سىلەردە ئەسلىدىلا سانمۇ، ھېسابمۇ، مەۋ-
جۇتلۇقمۇ يوق. سىلەر بولساڭلار بىز بار
دەپ ياڭغان ئېيتىسىلەر. ئەمەلىيەتتە سىلەر
يوق. كۆڭلىڭىزلەر خام خىيال بىلەن تول-
غان، مۇددىئايىڭىزلارنىڭ ھەممىسى ئەمەل-
گە ئاشمايدىغان ئىشلاردۇر. بۇ يەر شۇ قە-
دەر بۈيۈك جايدۇركى، بۇ دەرگاھتا يۈز-
مىڭلىغان قۇياشمۇ كىچىك بىر زەررىچە
چاچقانچىلىك نۇر چاچالمايدۇ، يۈزمىڭ
قۇترىغان پىل بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ يەر-
دە بىر ئۆلۈك پاشا بىلەن تەڭ تۇرالمايدۇ.
مۇشۇنداق بىر جايدا سىلەرنىڭ بار بولغى-
نىڭلار بىلەن يوق بولغىنىڭلارنىڭ ھېچبىر
پەرقى يوق. بار بولغىنىڭلار بەلكى يوق
بولغىنىڭلارغا يەتمەيدۇ. شۇڭا بۇنداق بى-
ھۇدە گەپلەرنى قىلماي، دەرھال ئارقاڭ-
لارغا قايتىڭلار. ئەگەر يەنە ئەرزىگىزلە
بولسا، قايتىۋاتقاچ يولدا ئېيتىڭلار!

بۇ خىتابنى ئاڭلاپ، قۇشلارنىڭ ھو-
شى بېشىدىن ئۇچتى. ئۇلار ھەممىسى ھەي-
رانلىق ئىچىدە لال بولدى. تىللىرى گەپ-
كىمۇ كەلمەي قالدى. ئۈمىدسىزلىك، قور-
قۇنچ ۋە خەۋپ-خەتەر ئوتلىرىدا كۆيۈپ-
پىشىپ، ھەممىسى ئۆلۈمگە يېقىنلاشتى.
ئۇلار ئۆز-ئۆزىگە مۇنداق دېيىشتى:

— ئاھ بۇ زايا كەتكەن مېھنەتلىرى-
مىزگە مىڭ ئەپسۇس! تارتقان شىددەت
ۋە كۈلپەتلىرىمىزگە مىڭ ئەپسۇس! ئەگەر
ئۇ پادىشاھ مۇشۇنداق ئالىي دەرگاھقا ئىگە
بولسا، بىزدەك ۋەيران بولغانلار ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدىدا قانداقمۇ نەزەرگە ئېلىنالايمىز؟! ئۇ بىزدەك پەقىرلەرنى پىسەنتىگە ئالارمۇ؟ ئېيست، شۇنچە ئۈمىد بىلەن ھەرىكەت قىلغانلىرىمىز! ئېيست، ئەبەدىي دۆلەتكە ئېرىشىمىز دېگەن ئارزۇلىرىمىز!

قۇشلارنىڭ ھەممىسى چوڭقۇر قايغۇغا، چەكسىز ھەسرەتكە ۋە پايانسىز ئارمانلارغا گىرىپتار بولدى. ئۇلار:

— بۇ ئالەمدە ئارزۇ-ئۈمىدلىرىدىن يىراق چۈشكەن بىزگە ئوخشاش غەمكىن گۇرۇھتىن يەنە بىرى بارمىدۇ؟! — دەپ نالە قىلىشتى.

## ھۆپۈپنىڭ قۇشلارغا خىتاب قىلغانلىقى

ھۆپۈپ-ئۆزخانۇماندىن ئايرىلىپ بىچارە ۋە ئاۋارە بولغان بۇ گۇرۇھقا مۇنداق دېدى:

— سىلەر ئۇ پادىشاھنىڭ لۇتپى-ئېھسانىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلەر، چۈنكى ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى كەرەم قىلىشتۇر. گەرچە ئۇنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش قىيىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشقىدا ئۆلۈش يەنىلا ياخشى. بىز بۇ ئىقبالنى قولغا كىرگۈزۈپ، بۈگۈن ئۇنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ كەلدۇق. شۇ سائادەتنىڭ ئۆزىمۇ بىز ئۈچۈن ئالىي مەرتىۋىدۇر. ئەمدى ئۇنىڭ ئىشقىدا ھەممىمىز ھالاك بولساقمۇ مەيلى.

بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەن قۇشلارنىڭ ھەممىسى كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى ئىزھار قىلىپ، ھۆپۈپكە مۇنداق دېيىشتى:

— ئەي ھېكمەت ئىگىسى، بىز بېشىمىزغا دۇچ كەلگەن ھەممە بالا-قازالارغا سەۋر-تاقەت قىلىپ، سېنىڭ بارلىق پەرمانلىرىڭنى قوبۇل قىلدۇق. سەن قەيەرگە قانات ئۇرغان بولساڭ بىز سەندىن ئايرىلمىدۇق، نېمىنى بۇيرۇساڭ قارشىلىق كۆرسەتمىدۇق. ئەمما، ۋىسال پەيتىدە بىزگە جۇدالىق غېمى يۈزلەندى. بۇ سەن ئېيتقان سۆزلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغۇ؟!

ھۆپۈپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

— سىلەر چۈشكۈنلەشمەڭلەر، بۇنىڭدىن ئەسلا زارلىنىپ، رەنجۇ-مۇشەققەت چەكمەڭلەر. بىزنىڭ بۇ يولغا قەدەم قويۇپ، يۈزمىڭ خىل بالا-قازانى چېكىشكە جەزم قىلغان ۋاقتىمىزدا، بىزنىڭ بۇنىڭدىن مەقسىتىمىز شاھقا ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىغا يېتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمدى بىز بۇ مەقسىتىمىزگە يېتىپ، ئۇنىڭ دەرگاھىغا يول تاپقان ئىكەنمىز، ئۆزۈڭلەرنى ئەسلى مەقسەتتىن يىراقتا دەپ گۇمان قىلماڭلار. ئەگەر ئاشىق ئۆز ئىشقى بىلەن ھەقىقىي كامالەتكە ئېرىشكەن بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھىجرانمۇ، ۋىسالمۇ باراۋەردۇر. چۈنكى يارنىڭ خاھىشى ئاشىق ئۈچۈن ئارزۇ قىلىنغان نەرسىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئۇ نېمىنى ئىستىسە شۇنى قوبۇل قىلىش كېرەك. يار ۋىسالنى قولغا كىرگۈزەلمىگەن بولساڭلار، سىز ئۈچۈن ئۇنى ئەسلەش ۋە سېغىنىش بىلەن ياشاشنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟! ھەر بىر كىشى يارنىڭ پىكىر-خىيالى بىلەن جان بەرسە، بۇنداق ئۆلۈم مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

## مەجنۇننىڭ مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايىتى

بىر كىشى مەجنۇننى چۆلدە ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلەشمەكتە ئىدى. ئۇ كىشى مەجنۇندىن:

— سەن كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتىسەن؟ —

دەپ سورىدى.

— ئەي بەختلىك ئادەم،— دېدى مەجنۇن جاۋاب بېرىپ،— مەن لەيلى بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن.

— لەيلى تۇرغان جاي بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقىدا ناھايىتى ئۇزاق مۇساپە بارغۇ؟— دېدى ئۇ كىشى ھەيران بولۇپ.

—ئەي غاپىل،— دېدى مەجنۇن-ئۇ كىشىگە،— ئۇ مېنىڭ جېنىمدىن ئورۇن ئالغان. ئۇنى ئەسلەش جېنىمغا قۇۋۋەت بېغىشلايدىغان تۇرسا، يولنىڭ يىراق بولۇشى بىلەن ئۇنى ئۇنتالايمەنمۇ؟!

كىمكى ئىشق ئىچىدە كامالەت ھاسىل قىلغان بولسا، مەشۇق يادى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا دۇجەسسەملەشكەن بولىدۇ. ئەگەر سىزدۇ ئىشق ھەققىدە لاپ ئۇرماقچى بولسىڭىز، مەشۇقىڭىزدىن سىزگە دەرد كەلسىمۇ، ئۇنى شادلىق ئورنىدا قوبۇل قىلىڭ.

## قۇشلار ھالەتلىرىنىڭ بايانى

بۇ مۇساپىر قۇشلار ناھايىتى كۆپ دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقلارنى كېزىپ، بۇ مەقسەت قارارگاھىغا كەلگەنىدى. ئۇلار كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈشتىن ھارماي، ئالدىلىرىغا كەلگەن ھەر قانداق بالا ۋە كۈلپەتلەردىن يۈز ئۆرۈمەي، ئۆز مەقسەتلىرىگە ئېرىشكەنلىرىدە، بۇ مەغلۇپ جامائەتكە شاھ جامالىنى كۆرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان پەردە تارتىلدى. بۇ قۇشلارغا شاھ ئۆز ئۇلۇغۋارلىقىنى كۆرسىتىپ، قانچىلىك قاتتىق سۆزلەرنى قىلغان بولسىمۇ، بۇ بىناۋا قۇشلار ئۆز پىكىرلىرىدىن قايتمىدى. گەرچە ئۇلاردىن بەزىلىرى كۆڭۈلسىزلىك ئىزھار قىلغان بولسىمۇ، ھۆپۈپ توغرا يولغا باشلىغۇچ سۆزلىرى بىلەن، ئۇلارنىڭ چۈشكۈنلۈك ۋە كۆڭۈلسىزلىككە چۆكۈشكە يول قويماي، بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئېيتتى. ھۆپۈپ ئېيتقان سۆزلەردىن ئۇلارغا جان كىرىپ، مۇشكۈل ئىشلىرى يەنىمۇ ئاسانلاشتى. چۈنكى ئۇلارغا سادىقلىق ۋە ئىخلاسمەنلىك يار بولدى. يارنى ئىستەشتە، بۇ ئىككى ھالەتنىڭ پايدىسى كۆپتۇر. گەرچە ئۇلار ئۇلۇغلۇق ئالدىدا خار ۋە تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ھۆپۈپ ئۇلارنى غەم يېمەسلىككە ئۈندەپ، كۆپلىگەن مىساللارنى دەلىل كەلتۈردى. ئۇلاردا مەردانىلىك مەۋجۇت ئىدى. شۇنداقلا كامىل يول باشچىسىمۇ ئەقىللىق ۋە دانا ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ سادىقلىق ۋە ئىخلاسمەنلىكتىكى ئىككىنچى فەنا① غا ئېرىشىش يارنى ئۇلارغا ئاشىنا قىلدى. ۋىسال بېغىدىن مەرھەمەت كۆرسەتكۈچى تاڭ شاماللىرى ئەستى ياكى ئەيسا ئەلەيھىسسالام كۆڭلىنىڭ پاكىزە تىنىقلىرى يېتىپ كەلدى. بۇ شامال ئۇلار ئالدىدا نىقاب بولۇپ تۇرغان بارلىق پەردىلەرنى بىرمۇبىر ئېلىپ تاشلىدى. نۇر ۋە زۇلمەتتىن ئىبارەت بولغان ھەممە پەردىلەر بىر تەرەپ قىلىندى. ۋىسال بېغىدا شادلىق ۋە مەقسەت گۈلى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ خۇش بۇيى پۇراقلىرىدىن كۆڭۈللەر يايرىدى. قۇشلارنىڭ دىللىرىدىكى سواغۇنلۇق يوقىلىپ، ۋىسال

① ئىككىنچى فەنا-ئەڭ ئالىي دەرىجىدىكى فانىيلىق. تەسەۋۋۇپ تەلىماتى بويىچە بۇ باسقۇچتا سوفى روھى جەھەتتىن يار(خۇدا) ۋەسلىگە ئېرىشكەن بولىدۇ.

ئىچىدە شۇ قەدەر مەقسەت ۋە شادلىقلارغا
ئېرىشتى. بۇ گۈلشەندىكى ھەر-بىر گۈل-
گىياھ بىر ئەينەككە ئوخشايتتى. قۇشلار
قاياقىقا قارىسا، ئۆزلىرى نامايان بولاتتى.
بۇ يەردە قۇشلاردىن باشقا يەنە نۇر ۋە
پاكىزلىق، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇنلۇقنىڭ
ھەممىسى بار ئىدى. بۇ گويا كىشىنىڭ ئەي-
نەككە قارىغىنىغا ياكى تىنىق ۋە پاكىزە
سۇغا باققىنىغا ئوخشاش، ھەممە نەرسە باش-
تىن-ئاياغ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ
خۇددى ئەينەك ياكى سۇنىڭ كىشى ئەك-
سىنى كۆرسىتىپ بەرگىنىگە ئوخشايتتى.
بۇ ئوتتۇز قۇشنىڭ شۇنچە كۆپ مۇ-
شەققەت ۋە رەنج چېكىپ بۇ يەرگە كەل-
گەنلىكلىرىدىن مەقسەت، سۇمۇرغنىڭ جاما-
لىنى كۆرۈپ، بۇ فانىيلىقتىن باقىيلىققا
ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىدى، نەزمە:

كۆردىلەر ئۆزىنى، قايانكىم تۇشتى كۆز،
ئەللاھ - ئەللاھ، نې ئاجايىبتۇر بۇ سۆز.

ئۇلار قاياققا قارىسا، ئۆزلىرىنى كۆردى.
ئاللا - ئاللا! بۇ قانداق ئاجايىپ سۆزدۇركى،
سۇمۇرغنى ئارزۇ قىلغان ئوتتۇز قۇش ئۆز-
لىرىنى ئاشۇ سۇمۇرغ① سۈپىتىدە كۆرۈشتى!
بۇنىڭدا خۇددى سەدەب گۆھەرگە ئايلانغى-
نىدەك، «مىن ئەرەف ۋەسفەھۇ فەقەد ئەر-
رەفە رەببەھۇ»② سىرى زاھىر بولدى.
ئەي كۆڭۈل! بۇ نازۇك مەنىلىك
سۆزلەر قۇشلار تىلىدۇر. ياق، بەلكى ئىل-

ھام ۋە بىشارەت مەملىكىتىدىن خەۋەردار
بولغان كىشىلەرنىڭ سۆزىدۇر. گەرچە بۇ
سۆزلەر چۈشىنىش قىيىن بولغان تېپىش-
ماقتەك قىلىنسىمۇ، ئۇ، رىيازەت چېكىش
بىلەن روشەنلىشىدۇ. چۈنكى رىيازەت ئىن-
سانلاردىكى ھايۋانى سۈپەتلەرنى يوق قى-
لىدۇ. كىشى شۇ يوسۇندا ئۆزىنىڭ نەپسا-
نىيىتىنى ئىنكار قىلالىسا، ئۇنىڭدا روھىي
جەھەتتىكى پاكلىقتىن باشقا، ھېچ نەرسە
قالمايدۇ. سەن بۇ مەنىگە خىلاپلىق قىلما!
چۈنكى ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا شۇقەدەر شە-
رەپلەر باردۇركى، ئەگەر ئۇ يامان خۇلق-
لىرىنى تۈگىتىپ، پىرئۇنچە زالىملىق
سۈپەتلەردىن قاچسا، ئۇنىڭ زاتىدا مۇسا
ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىدەك
خىسلەتلەردىن باشقا ھېچ نەرسە قالمايدۇ؛
شاراپەت خەزىنىسىگە يېقىنلىشىپ، ئەبۇ-
جەھىلنىڭ يامان قىلىقلىرىنى ئۆز زاتىدىن
يوقاتسىلا، ئۇنداق ئىنسان تەڭرىنىڭ دوستى
بولغان مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدەك شان-
شەرەپلەرگە ئېرىشىپ، بارلىق ۋە يوقلۇقتىن
خەۋەر تاپىدۇ؛ شۇنداقلا ۋەھدەت (بىرلىك)
مېراجىغا چىقىپ، پاكلىق سىرلىرىدىن خە-
ۋەردار بولىدۇ. كۆزلىرى ۋىسال نۇرىدىن
يورۇپ كېتىدۇ-دە، ئارىدا «سەن» لىك
ۋە «مەن» لىكتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ.
تەڭرى ۋۇجۇدى دېگىز قايناملىرىنى
ھاسىل قىلىدۇ. قاينام ۋە ئۆركەشلەردىن
ھاسىل بولغان ئېگىز-پەس نەقىشلەر دې-

①سۇمۇرغ-ئەسلى «سىمۇرغ» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، پارس تىلىدا بۇ سۆز سۇمۇرغنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرگەندىن باشقا، يەنە «ئوتتۇز قۇش»دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

②بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «كىمكى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلسە، ئۇ، ئۆز خوجىسى (خۇداسى) نىمۇ بىلىدۇ».

گمزغا هېچبىر پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلـ
مەيدۇ. دېگمز دولقۇنلۇق بولسۇن ياكى
دولقۇنسىز بولسۇن، ئۇ ئۆزىدىكى سۇ بىلەن
بەرىبىر دېگمز ھېسابلىنىدۇ. بىراق سۇسىز
دولقۇن ۋە نەقىشلەر ھاسىل بولمايدۇ.
دولقۇن ۋە نەقىشلەرنىڭ بولۇش-بولماسـ
لىقىنى دېگمز بەلگىلەيدۇ.

ئەگەر سەن بۇنى چوڭقۇر ئويلاپ
كۆرسەڭ ياكى ئىشق سىرلىرىنى دىققەت
بىلەن مۇلاھىزە قىلساڭ، ئۆزۈڭ ئاللانىڭ
سۈپەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ كېتىش دەرىـ
جىسىگە يېرىپ يەتكىنىڭدە، ھوشيار دىلىڭـ
دا مۇنۇ سۆزلەرنى ئېيتىشتا جۈرئەت ھاـ
سىل بولغانلىقىنى سېزىسەن؛ ياراتقان ھەمـ
مە نەرسىدىن ئاساسىي مەقسەت پەقەت
سەن ئۆزۈڭ! سېنىڭ زاتىڭدىن باشقا ھېچ
نەرسە مەۋجۇد ئەمەس! سەن ئۆز زاتىڭ
بىلەن ھەم ئىچىدىم ھەم تەپسىلىيسەن!
شۇنداقلا بارلىق مۇشكۇللەرنى چۈشىنىپ
يەتكۈچىسەن! شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ۋۇجۇـ
دۇڭ ھەققىدە تەپەككۇر قىلغىن، نېمىنى
ئىزدىمەكچى بولساڭ ئۆزۈڭدىن ئىزدىگىن!

سەن جەننەت باغچىسىدىكى ئاجايىپ
بىر قۇشسەن، شەرىپ بوستانىدىكى پاك
مەۋجۇداتسەن. سۇمۇرغنى ئىزدىگەن قۇشـ
لار توپىمۇ سۇلۇك ئىچىدە رىيازەت بىلەن
سەيلە قىلىپ، بۇ يولدا ئۆزلىرىنى قابىل
قىلدى، بۇ تەلەپ بىلەن ۋىسالنى ھاسىل
قىلدى. سەنمۇ ئاشۇ ھالەتلەر بىلەن ئىمـ
كان قىلىپ، يامان قىلىقلىرىڭنى تۈزەتـ
سەڭ، مەقسەتكە ئېرىشىسەن! ئەگەر بۇ
يولدا ئۆزۈڭنى قابىل قىلىپ چىقماي تۇـ
رۇپ، ئېگىز-پەس سۆزلەرنى قىلساڭ، دارـ
غا ئېسىلىشىڭ تۇرغان گەپ.

شۇنى بىلگىنكى، كىمكى بۇ مەنىـ
دىن خەۋەردار بولسا، بۇنداق سۆزلەرنى
قىلىشتىن تىلىنى تارتىدۇ. بۇنداق سۆزلەر
باشقا گەپ، مەنە بولسا باشقا گەپ. سۆز
بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالغان كىشى ئۇنىڭدىكى
مەنىنى ئاڭقىرالمايدۇ.

ماڭا قانداق مەنە ئايان بولغان بولـ
سا، ئۇنى قۇش تىلى بىلەن بايان قىلدىم.
سۆزلىرىم يۈزەكى مەنىدىلا چۈشىنىلمىسۇن.
ھەقىقىي مەنە قىزنىڭ يۈزلىرى يېپىلىپ
قالمىسۇن. پەقەت زېرەك قۇشلارلا بۇ سۆزـ
لىرىمنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئۇنى چۈشىنىپ
كېتەلەيدۇ، ئۇنى چۈشەنگەن قۇشلار قاتـ
تىق ۋەھىمىگە چۈشىدۇ. چۈنكى ئەقىللىق
قۇشلار بۇ سۆزلىرىمنىڭ تېگىدە نېمىلەرنىڭ
بارلىقىنى سېزىۋالالايدۇ. بۇ سۆز بارلىق
سۆزلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇشكۇل سۆزدۇر.
چۈنكى ئۇ تىلسىزلارنىڭ تىلىدۇر. ئۆز تىـ
لىدىن بېشىغا ئاپەت يەتمەسلىكى ئۈچۈن
بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر يەنە باشقىلارغا شەرھـ
لەپ ئولتۇرمىسۇن.

ئەي تەڭرىم، مەن بۇ سۆزلىرىـ
ئۈچۈن ئالدىڭدا تەۋبە قىلىمەن. ئېيتما
دىغان سۆزلەرنى دېگىنىمگە سەندىن پانا
تىلەيمەن. مەن بۇ سۆزلەرنىڭ لايىھىسىنى
ئۆزۈم تۈزمىدىم، بەلكى شەيخ فەرىدىددىن
ئەتتارنىڭ سۆزلىرىنى شەرھلىدىم. بۇ
سۆزلىرىدىن ماڭا ئاپەتلەر كېلىشىدىن
ئۆزۈڭ ئاسرىغىن. چۈنكى مېنىڭ سەندىن
ئۆزگە پاناھىم يوق. مەن گەرچە بۇ سۆزـ
لەردە خاتالىققا يول قويغان بولساممۇ، لېـ
كىن بۇ شەيخ ئەتتارنىڭ سەۋەنلىكى
ئەمەس. چۈنكى شەيخ ئەتتار خالىقلارغا يول
قويماي، كامالەت سەھىپىلىرىگە بۇ سۆزـ
لەردىن نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى تىزىپتۇ.
بۇ سۆزلەرنى مېنىڭ تەبىئىتىم خاتا تەرىـ

پـىگە ئارتىـپ كەلگەن بولسا، مېنى ئاشۇ
كـامىل پېشىۋانىڭ سۆزلىرى تـۇپـەيلىدىن
ئەپۇ قىلغىن. چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئارقىسـ
دىن ئەگىشىپ، سېنىڭ ھەققىڭدە سۆزلەپ
قالدىم. ئۆزرەمنى قوبۇل قىلىپ گۇناھىمـ
دىن ئۆتكىن.

## ھېكايەت

كۆڭلى پـاراكەندە بولغان بىر سەۋ-
دايـى بار ئىدى. ئۇ بىر ئاي يـۈزلۈكنىڭ
سەۋداسـى بىلەن زار ۋە نـاتىۋان بولغا-
نىدى. ئۇ سەۋدايـىنى شەيدا قىـلغان ئاي
يۈزلۈك گـۈزەل ھۆسن-جامـالدا ئالـەمگە
غوۋغا سالغانىدى. شۇ تـۇپەيلىدىن مەملى-
كەت-مەملىكەت، شەھەر-شەھەرلـەردە سۆ-
رەن-چـوقانلار پەيدا بولغانىدى. ئۇ گـۈ-
زەللىكى بىلەن جاھانغا ئاپەت سالسا، ناز-
كەرەشمىلىرى بىلەن جانلارنى بالاغا قوياتتى.
ئۇنىڭ چېھرى ئالدىدا ھۆر-پەرىلەرمۇ مەغلۇپ
ئىدى، ھۆسن-جامالى ئالدىدا ئاي بىلەن كۈنـ
مۇ پىنھانغا يوشۇرۇنۇپ، ئۆزىنى كۆرسەتـ
مەيـتتى. گەرچە ئۇنىڭ ھۆسـنـىدىن
لۇتپۇ-ئېھسان كۆرۈلۈپ باقمىغان بولسىمۇ
لېكىن ئۇ ئىككى ئىش بىلەن مەشھۇر ئىدى،
بىرى: ئۇ ناھـايىتى زېرەك ئىدى. ئەقىل
ۋە سەزگۈرلـۈك جەھەتتە كامالەتكە يەتكە-
نىدى؛ يەنە بىرى: جاپـا ۋە زۇلـۇم سـې-
لىشتا شىددەتلىك ئىدى.

ئىشق ئىچىـدە مەجنـۇن كەبى پارا-
كەندە بولغان بۇ ئاشىق بىر كۈنى مەشۇقىنى
ئەسلەپ، ئۇنىڭ يۈزىنى گۈلگە، بويلىرىنى
سەرۋىگە، كۆرۈنۈشىـنى تـوزغا، يۈرۈشلە-
رىنى كەكلىككە ئوخشىتىپ قىياس قىلـدى.
ئۇ دىۋانە ئۆزىگە خۇش ياققان ئاشۇ سۆز-
لەرنى ھە دەپ تەكرارلاۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ
مەشۇقى يېتىپ كەلدى-دە، پىنھان جاي-
دا تۇرۇپ، بۇ سـۆزلـەرنىڭ ھەممىسىنى
ئاڭلىدى. ئانـدىن يوشۇرۇنـغان يەردىن
چىـقىپ، ئۇ بىچارىـنىڭ يېنىغا كەلـدى.

— سەن ئېيتقان بۇ مەدھىيەلەرنىڭ
ھەممىسى تەنە ۋە كىنايىدىن باشقا نەرسە
ئەمەس، — دېدى ئۇ گـۈزەل، — بۇ سۆز-
لىرىڭ ماڭـا قاتتىق ھاقارەت، چەكسىز
ئار-نومۇس! سەن مېنىڭ قامىتىمنى
سەرۋى دېدىڭ، لېكىن سەرۋى ماڭا ئوخ-
شاش ماڭالامدۇ؟! يۈزۈمنى گۈلگە ئوخ-
شاتتىڭ، لېكىن گۈلنىڭ يۈزلىرىدە مېنىڭكـ
دەك يۈزلەرچە بالا-قازا پەيدا قىلالايدى-
غان كۆز ۋە قاش بارمۇ؟! شەكىل-سىيا-
قىمنى توزغا ئوخشاش دەپ گۇمان قىلى-
دىڭ، توز قاچان ئەلنىڭ ئەقىل-ھوشىنى
ئېلىۋالالىغان؟! يۈرۈشلىرىمنى كەكلىككە
ئوخشىتىپ، لەقەم قويدۇڭ، بىراق كەكلىك
كىشىلەرنى ئۇۋلىيالمايلا قالماستىن، ئەك-
سىچە، كىشىلەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۇلارغا
ئەسىر بولىدىغۇ؟!

ئاي يۈزلۈك گـۈزەل غـەزەپ بىلەن
بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئۇ بىچارىگە خىتاب
قىلدى. ئاشىق ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشتىن
ئاجىز بولۇپ، مۇنداق دېدى:

— مەن يېڭىلىشىپتىمەن. بۇنىڭ
ئۈچۈن ئالدىڭدا ئىنتايىن خىجىلمەن.
لېكىن مەن ئۆزۈمچە سېنىڭ تەرىپ-
تۆسىپىڭنى قىلغانىدىم. مەن سېنىڭ گۇناھ-
كار قۇلۇڭمەن!

— سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭنى ھازىرلا بۇ

جاھالدىن يوق قىلىپ تاشلايمەن! — دېدى ئۇ ئاي سىياقلىق گۈزەل غەزەپ بىلەن.

ئۇ سەۋدايى شۇ ھامان ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، يالۋۇرغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئەي ھۆسنىڭ بىلەن ھور-پەرىلەرنى شەرمەندە قىلغان گۈزىلىم. مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت، سەمىمىي ساداقەت ۋە ئىخلاسمەنلىك تۈپەيلىدىن ئېيتىلغان سۆزلەر ئىدى. ئۇ تەرىپلىرىمدە شىكايەتتىن، تەنە ۋە كىنايە دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. لېكىن سېنى ماختاش ۋە سۈپەتلىرىڭنى بايان قىلىشتا دىتسىزلىق قىلىپ، كەمچىلىك سادىر قىلدىم. بۇ ئىشتا مېنى ئەپۇ قىلغىن، ماڭا رەھمىڭ كەلسۇن. چۈنكى مەن تەلۋىنى شەرمەندىلىك ھالاك قىلماقتا. مېنى ئۆلتۈرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ، ھەرەج تارتىپ يۈرمىگىن!

سەۋدايى ئاشىق ئۆزىنىڭ گۇناھىنى بويىنىغا ئالغاچقا، ئۇ نازىنىن رەھىم-شەپقەت قىلىپ، ئۇنىڭ قېنىدىن كەچتى.

## خوجا ئابدۇللا ئەنسارىنىڭ ھېكايىتى

تەرىقەت ئەھلىنىڭ يېتەكچىسى بولغان خوجا ئەبدۇللا ئەنسارى مۇنداق دېگەنىدى:

— كىشى سازلىرىنى تىڭشەپ كۆيلىسە، ساز ئاۋازىغا ماسلاشتۇرۇپ، يېقىملىق قوشاقلارنى ئېيتسا، بىراق بۇ كۈي ۋە قوشاقلاردىن مەقسەت تەڭرىنى يادىغا ئېلىش بولسا، ئەي پاك ئېتىقاد ئىگىسى، شۇنى بىلگىنكى، ئۇنىڭ بۇ ئىشى غەپلەت ئاھاڭى بىلەن قۇرئان تىلاۋەت قىلغانىغا قارىغاندا كۆپ ياخشىدۇر. تائەت-ئىبادەتكە مەشغۇل بولغان چاغدا يۈز بەرگەن گۇمراھلىقتىن كۆرە، تەنە ۋە مالامەت سۆزلىرىنى قىلغاندا ئېرىشكەن ئاگاھ (ھوشيار) لىق ئەلا.

## مۇناجات

تەي ئەدەمدىن بارچەغە خەللاقى جۇد،
بارچە جۇد ئەھلىغە فەييازى ۋۇجۇد،
لۇتفۇ ئېھسانىڭغە يوق پايانۇ ھەد،
بەخششۇ ئىنئامىڭا سانۇ ئەدەد.
ھەرنەكىم ۋەسفىڭغە تەھرىر ئەيلەگۈم،
سەھۋ ئەگەر قىلسامكى، تەقسىر
ئەيلەگۈم
مەن نە بولغۇمكىم ئەگەر ئەللامەلەر،
سۈرسە يىللار ۋەسفىڭ ئىچرە خامەلەر.
بولسەلەر ئىنساف سارى مۇنسەرىف،
ئەجزىغە بولغاي كېرەكدۇر مۇئتەرىف.
فانىئى، دىۋانەئى، ئاشۇفتە خۇى،
نېچە سۆز گەر سەن دېگەيسەن
گۇفتۇگۇي.
سەھۋۇ تەقسىرىن كەرەمدىن ئەفۋ قىل،
نامەئى ئەئمالىدىن مەھۋ ئەيلەگىل.
ساڭا بولماسىكىم، نەكىم سۈردۇم قەلەم،
سەندىن ئايىتتىم، يوقكى غەيرىدىن
رەقەم.
ئارتۇق ئەر ئۆكسۈك دېدىم، سەئىدىن

دېدىم،
چىن ئەگەر ئۆترۈك دېدىم، سەندىن
دېدىم.
ئولچە ئەسرارىڭ ماڭا ئېردى ئەيان،
ئەيلەدىم قۇشلار تىلى بىرلە بەيان.
قۇش تىلى بىرلە بۇدەم يالبارماغىم،
نىم بىسمىل قۇشدەك ئۆزدىن بارماغىم.
بارچە ئاندىندۇركى بولماس بارچە
قۇش،
نۇكتەئى رەڭگىنۇ گويالىككە تۇش.
زاغ خارىج سەۋتى بىپايان ئېرۇر،
لۇتفى ئىلە بولبۇلغە مىڭ داستان
ئېرۇر.
بەس بارى قۇشنىڭ نەۋاسى خۇش
ئەمەس،
بارچە تايىر نەغمەسى دىلكەش ئەمەس.

چۇن ئۇلار ئىلھامىدىن سۇردۇم كەلام،
بارچەنىڭ لەھنىغە بولماس بىر مەقام.
تۇتىيۇ شارەك ئەگەر ناتىق ئېرۇر،
ھەر بىرىگە ئۆزگە بىر مەنتىق ئېرۇر.
نەقلىدىن ئانىڭ تەفاۋۇت بولغۇسى،
بىر ئىلاھ بولسە، بىرى بۇت بولغۇسى.
بىردە سەك بولسە، بىرىسىدىن يەقىن،
بىردە كۇفر ئولسە يەنە بىرىدە دىن.
كۇفرۇ دىن بولسە چۇ يوق مانەندى
ئىش،
چۇنكى ھەرنى ئول دېمىش، شەندىن
دېمىش.
چۇن نەسىبى ئەيلەدىڭ جاھى فەنا،
بەرمەك ئىقبالدىن بەقاسىن بىل يەنا.
فانىيا، سالدىڭ يەنە تەرھى ئەجەب،
ئەيلەدىڭ قۇشلار تىلىن شەرھى ئەجەب.

## مۇئەللىپ ئەھۋالىدىكى بەزى ھالەتلەرنىڭ شەرھى

ئەي فانى، سەن يەنە بىر ئاجايىپ لايىھەنى تۈزدۈڭ، قۇشلار تىلىنى ئاجايىپ ھالەتتە شەرھىلەپ بەردىڭ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇشلار تىلىنى بىلىشكە سۇلايمان پەيغەمبەر (ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن) يول تاپقانىكەن. ئۇنىڭدىن ئاسەف تەلىم ئېلىپ ئۈگەنگەن؛ ئۇندىن باشقا ھېچكىمگە تەلىم بېرىپ، ئۆگەتمىگەنىدى. ئاشۇ ئىككى زاتتىن باشقا ھېچ كىشىگە بۇ خىل ئامەت نېسىپ بولمىغانىدى، شۇڭا ھېچكىم قۇشلارنىڭ تىلىنى چۈشىنەلمەيتتى.

بۇ ئۇچقۇر پەلەك تېزلىك بىلەن ئايلىنىپ، نەچچە مىڭ يىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، بۇ خىل مۇبارەك ئىقبالغا ئىگە قۇشتىن يەنە بىرى پەيدا بولدى. ئۇ شۇ قەدەر ئۇچقۇر، سۆزمەن ۋە ھوشيار ئىدى. ئۇ بولسا فانىلىق كوھىقاپىنىڭ ئەنقاسى، جىمى قۇشلار تىلىنىڭ داناسى، شەرىئەت يوللىرىنىڭ پېشۋاسى، تەرىقەت ئەۋلىيالىرىنىڭ قىبلىگاھى، ھىدايەت شامى بىلەن قەلبىنى نۇرلاندۇرغۇچى، ھەقىقەت سىرلىرىنىڭ كەشپىياتچىسى، نازۇكلۇق نۇرلىرىنىڭ ناتىقى، مەرىپەت ئەھلىلىرىنىڭ تاجدارى، ئىلىم - ئىرپان بازىرىنىڭ ئەتتارى①ھەزرىتى شەيخ فەرىدىددىن ئەتتار

① ئەتتار — 1) ئىپار، ئەتىر ئۇپا-ئەڭلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك خۇش پۇراق دورا - دەرمەكلەرنى ساتقۇچى كىشى. 2) مەشھۇر شائىر شەيخ پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ تەخەللۇسى.

(تەگرى ئۇنلڭ ياتقان جايىنىيورۇق قىلـ -
سۇن) دۇر.
ئۇ زات بۇ گۈلشەنگە پەيدا بولغانـ -
دىن كېيىن، قۇشلارمۇ نۇتۇقنى ئۇنىڭدىن
ئۆگەنگەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ قۇش تىلى
بىلەن سۆزلەشلىرى سۇلايمان بىلەن ئاسەفـ
تىنمۇ ئارتۇق ئىدى. چۈنكى ئۇ ئىككىسى
قۇش تىلىنى ئاڭلاپ بىلەلىگەن بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلاردىن خالايىقـقا ھېچبىر نەپ
تەگمىگەنىدى. ھەزرىتى بۇزرۇكـۋار شەيخ
(پەرىدىددىن ئەتتار) بارلىق قۇشلارنىڭ
تىلى بىلەن سۆزلەپ، «مەنتىقۇت - تەير»
(قۇشلار نۇتقى) نى ئاشكارا ۋە روشەن
قىلدى. بۇ تىلدىكى سۆزلەرنى تەلتۆ-
كۈس تولۇق بايان قىلىپ، ئىلاھىي سىر-
لارنى شەرھلەپ بەردى. ئۇنىڭ باشلىنىـ -
شىدىن ئاخىرىغىچە ھېكمەتلەرنى بايان قىـ -
لىپ، سىرلار خەزىنىلىرىدىن شۇنداق گۆ-
ھەرلەرنى چاچتىكى، بۇ گۆھەرلەردىن زا-
مانە ھۆسنىگە زىننەت بېرىپ، پۈتكۈل
زامانە ئەھلىنى بەھرىمەن قىلدى. ئۇ
خەزىنىنىڭ تىلسىمىنى ئاچقانلىقتىن، ھەر
بىر گادايي ئۇنىڭدىن ئۆزىگە يارىشا نېسى-
ۋىگە ئىگە بولدى. ئۇ گويا قۇياشتەك ھەمـ
مە كىشىگە تەڭلا پايدا يەتكۈزدى. ئۇنىڭ
سۆزلىرى خۇددى جەمشىدنىڭ جېمىغا ئوخـ
شاش ھەممە ئادەمنىڭ تەشنالىقىنى قانـ -
دۇردى. كىمكى سۇسىزلىق تۇپەيلىدىن
قاغجىرىغان بولسا، ئۇلارغا بۇ جامدىن مەي
ئىچۈردى. ئۇ ئۆز سۆزىنى سۆزلەشتىن
تىلىنى يىغىپ، قۇش تىلىدا سۆزلىدى ۋە
بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل خالايىق ئىچىدە
ناتىق بولۇپ تونۇلدى.
پارسچە بىلىدىغان خەلقلەر ئۇنىڭ
ئۇتۇقلىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئۇنىڭدىكى
يوشۇرۇن نازۇكلۇقلارنى تونۇدى. ئەمما
ساددا تۈركىي خەلقلەر پارس تىلىنى پىشـ
شىق بىلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، قۇش تىـ -
لىنى ئاڭلىيالمىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ
قوللىرى قۇشتىن خالى بولمىسىمۇ، لېكىن
قۇش تىلىنى چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى.
مەنمۇ شۇنداق بىر قۇش ئىدىمكى،
كېچە - كۈندۈز ئەتتارنىڭ①دۇكىنىدىن شې-
كەر ئېلىش بىلەن مەشغۇل ئىدىم. گوياكى
تۇتىغا ئوخشاش ئۇ دۇكاندا شېرىن سۆز-
لۈك قىلاتتىم. قاچانكى ماڭا قۇش بىلەن
خىتاب قىلىنسا، ئۇنىڭغا تۇتىدەك جاۋاب
بېرەتتىم. بەلكى ئۇ بۈيۈك زات (پەرى-
دىددىن ئەتتار) نىڭ مۇقەددەس روھ
قۇشى ئەرش بېغىدىن كېلىپ، كۆڭلۈمدە
ئۇۋا ياسىغان بولسا كېرەك. ئۇ ماڭا قۇش
تىلىنىڭ نۇشكۇللىرىنى ئۆگىتىپ، مېنى
بۇ تىلنىڭ ئۇستازى قىلىپ تەربىيىلىدى.
بۇ تىل ساھەسىدە شۇنداق پىشىپ يېتىلـ
دىمكى، قۇشلارنىڭ سۆزلىرىنى تۈركىي تىل
بىلەن سۆزلىدىم. تۈركلەرچە سازلارغا
تۈركلەرچە كۈي ۋە ناخشىلارنى جور قىلـ -
دىم؛ مەستلىك ئىچىدە گوياكى يېقىملىق
سايرىغۇچى قۇشتەك ناۋا قىلدىم. بۇلبۇلـ
دەك مىڭلارچە داستان تۈزدۈم، ھەر بىر
داستاندا يۈزلەرچە ئاھۇ - ئەپغانلارنى
چەكتىم. مېنىڭ بۇ داستانلىرىم گۈل
شوقىدىن، نالە ۋە ئەپغانلىرىم گۈل زوقىـ
دىن ئىدى. مەن ئەنە شۇنداق مىڭ - مىڭ
نالە - ئەپغانلار ئىچىدە بىر داستان تۈزۈپ
ناۋا قىلغۇچى بۇلبۇلمەن. مېنىڭ بۇ سايـ
راشلىرىمدىن بىر قۇشنى تەسەۋۋۇر قىلـ -
غىنكى، ئۇ قۇش نالە - پىغان چېكىشكە

① پەرىدىددىن ئەتتار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتابلىرى بىكىتى www.uyghurkitap.com

باشلىسا، ئۇنىڭدىن ئەيب - نۇقسان كۆرۈلمەيدۇ. بۇنداق ياردەم ۋە مەدەت ماڭا شەيخ (پەرىددىن ئەتتار) نىڭ روھىدىن يەتكەن بولغاچقا، ناۋالىرىمدا بۇلبۇل ئاھاڭى ناھايىتى كۆپ چېلىنىدۇ. كىشى بۇ ئۇلۇڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەتكە كۆز تاشلىسا، ئۇنىڭ يادىغا قەقنۇس(1)نىڭ ئىشلىرى نامايان بولغۇسى.

## قەقنۇس ھەققىدە ھېكايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا قەقنۇس دېگەن ئاجايىپ بىر قۇش بار ئىكەن. ئۇ ھىندىستان ئېلىدە ماكانلاشقان بولۇپ، شۇ يەردە سەيلە قىلىدىكەن. ئۇ قۇش ناھايىتى كېلىشكەن، كۆچلۈك ۋە ساغلام ئىكەن. ئۇنىڭ ھەر بىر پەيلىرىدە ئۆزگىچە نەقىش ۋە رەڭلەر تاۋلىنىپ تۇرىدىكەن. قەقنۇسنىڭ شەكىل - سىياقى شۇ قەدەر ئاجايىپ بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ تۇمشۇقلىرىمۇ غارايىپ ئىكەن. ئۇنىڭ تۇمشۇقىدا ناھايىتى كۆپ تۆشۈكچىلەر بولىدىكەن. ئەگەر ئۇ جانلارنى سۆيۈندۈرگۈچى يېقىملىق ناۋالارنى تۈزسە، تۇمشۇقىدىكى ھەر بىر تۆشۈكچىدىن يۈز خىل ئاجايىپ ئاھاڭلار تارقىلىدىكەن. ئۇنىڭ سايرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان كىشى ھوشىدىن ئايرىلىدىكەن.

قەقنۇس جۈپسىز ھالدا تەنھا ياشايدىكەن. ھېچقانداق قۇش ئۇنىڭغا جۈپ بولۇشقا لايىق كېلەلمەيدىكەن. قەقنۇس ئۆزى ياشاۋاتقان ئورماندا بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە قونۇپ، سايراشقا باشلىغىندا، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر پەيلاسوپ كىشى ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق ساپتۇ. ئۇ كىشى بۇ سادالار ئىچىدىكى تۈرلۈك ئاھاڭلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ ئايرىپ چىقىپ، مۇزىكا پېننى كەشىپ قىلغانىكەن.

قەقنۇس ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئورماندا ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەن. ئۇ پۈتكۈل ئۆمرىدە ئوتۇن يىغىش بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن. خاھى قۇرۇق، خاھى ھۆل بولسۇن ئوتۇنلا بولسا قويماي يىغىدىكەن. ئۇنىڭ يىغقان ئوتۇن دۆۋىسىدىن غايەت زور بىر خامان ھاسىل بولىدىكەن. قەقنۇس بولسا ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمرى ئىچىدە يىغقان ئاشۇ ئوتۇن خامىنىغا ئورۇنلىشىپ؛ ئوتۇن دۆۋىسىگە چىقىپ، يېقىملىق سايراشقا باشلايدىكەن. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بارلىق جانلىقلار، ئۇ مەيلى ئۇچار قاناتلار بولسۇن ياكى ۋەھشىي ھايۋانلار بولسۇن، ھەممىسى ئۇنىڭ كۆي سادالىرى تۈپەيلىدىن زەئىپ ۋە

---

① قەقنۇس — بىر ئەپسانىۋى قۇشنىڭ نامى. ئېيتىشلارچە، بۇ قۇشنىڭ جۈپتى بولماسمىش، ئۇ ئۆمۈر بويى ئەخلەت ۋە خەس - خەشەكلەرنى يىغىش بىلەن مەشغۇل بولارمىش. ئاخىر ئۇنىڭ يىغقان ئەخلەت - چاۋىلىرىغا ئوت كېتىپ، قەقنۇس ئاشۇ ئوت ئىچىدە كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنارمىش. ئۇ كۆيگەن كۈلنىڭ ئارىسىدىن يېڭى دۇنياغا كۆز ئاچقان قەقنۇس چۈجىسى قانات قېقىپ چىقارمىش. قەقنۇسنىڭ تۇمشۇقىدا ناھايىتى كۆپ ئۇششاق تۆشۈكلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىرىدىن بىر خىل يېقىملىق سادا چىقىرىپ سايرارمىش.

مەجرۇھ بولىدىكەن، ھەتتا كۆپ قىسمى
دەردمەنلەرچە ھالاك بولىدىكەن. قەقنۇس
ئۆزىنىڭ كۈي - نەغمىلىرى ئاخىرلاشقاندا،
شۇنداق ئوتلۇق بىر ناۋا چىكىدىكەنكى،
ئۇنىڭ ئوتلۇق ساداسىدىن ئوتۇن خامىنىغا
ئوت چۈشىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن قەقنۇس-
نىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنى، يەنى بۇ كاتتا
ئوتۇن خامىنىدىن ئوت ياالقۇنلىرى پەلەككە
باش سوزۇشقا باشلايدىكەن. گويا چاقماق
چۈشكەندە بارلىق خەس - خەشەكلەرنى
كۆيدۈرۈپ تاشلىغاندەك، ئۇنىڭ ناۋاسىدىن
چۈشكەن ئوت ئوتۇن دۆۋىسىنى ئۆرتەشكە
باشلايدىكەن. قەقنۇسمۇ ئوتۇن بىلەن تەڭ
كۆيۈشكە باشلايدىكەن. ئۇنىڭ قانات - قۇي-
رۇقلىرى خۇددى ياپراقتەك كۆيۈپ يانى-
دىكەن. ئاخىر ئۇ ئۆزىمۇ، يىغقان شۇ
قەدەر كۆپ ئوتۇنلىرىمۇ پۈتۈنلەي كۆيۈپ،
كۈلگە ئايلىنىدىكەن. كۈل خۇددى بىر زور
تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىدىكەن. ئۇ كۈلنىڭ
ئارىسىدىن بىر قەقنۇس چۈجىسى نامايان
بولۇپ، ئۆمىلىگەن پېتى كۈل ئارىسىدىن
چىقىدىكەن، ئاندىن زىبۇ - زىننەتلىك پەي-
لىرىنى چىقىرىپ، قانات - قۇيرۇقلىرىنى
رۇسلاپ، كۆككە پەرۋاز قىلىدىكەن - دە،
يەنە ئاشۇ ئورمانلىق ئىچىدىن ئوتۇن
يىغىشقا باشلايدىكەن. ئۇمۇ ئۆمۈر بويى
ئوتۇن يىغىپ، ئاخىرىدا ئۇچلۇق ئاھاڭ-
لاردا سايراشقا باشلايدىكەن. ئۇنىڭمۇ ئۆمى-
رى پايانىغا يەتكەندە، ئاتىسى قىلغاننى
ئوغلىمۇ تەكرارلايدىكەن.

دېمەك، بۈزۈرۈكۋار شەيخ (پەرىدىددىن
ئەتتار) ئاشۇ ئاۋۋالقى قۇشقا ئوخشايدۇ. ئۇمۇ
ئۆمرىنى سايراش بىلەن ئۆتكۈزدى؛ شۇ
قەدەر ئاجايىپ ئېيقىملىق ناۋا بىلەن ساي-
رىدىكى، ئۇنىڭ ئاۋازىغا بارلىق ۋەھشىي
ھايۋانلار ۋە قۇشلارمۇ مەپتۇن بولدى.
بارچە ئۇنىڭ ئاپەتلىك ناۋاسى تۈپەيلىدىن
ھالاك بولدى. ئاخىر خامانىمۇ، خامان ئىگى-
سىمۇ خۇددى ئاشۇ قەقنۇسقا ئوخشاش
كۆيۈپ كۈل بولدى. ئەمما ئاشۇ كۈل
ئىچىدىن يەنە بىر قۇش بالىسى چوغىدەك
ياتىراپ، بەلكى چوغ ئىچىدىن سەمەن-
دەردەك چىقىپ كەلدى. ئۇمۇ بۇ دەۋران
گۈلشىنىدە ھەر خىل قۇشلارنى، ھەتتا
ۋەھشىي ھايۋانلارنىمۇ ئۆز ئەتراپىغا
يىغدى. تۇمشۇقىدىن يۈز خىل سادالارنى
چىقىرىپ، تەگرى تائالانىڭ مەخپىي سىر-
لىرى ھەققىدە ئوتلۇق ناۋالارنى چەكتى.
بۇ ناۋالار بىلەن ھەم ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىغا
ھەم خامىنىغا ئوت ياقتى. ئۆزىنىمۇ، ئۆز-
گىلەرنىمۇ كۆيدۈردى.

مەن ئۇ (شەيخ پەرىدىددىن ئەتتار)
ئاتا، مەن ئوغۇل دەپ ئېيتالمايمەن. ئۇ
ئالىي سۈپەتلىك پادىشاھ بولسا، مەن ئۇنىڭ
ئاددىي چاكىرى، قۇلىمەن. چۈنكى ئ
پادىشاھ بۇ ئوتتا كۆيۈپ، پۈتكۈل ئالەم
ئوت سالغاندىن كېيىن، ھېچ كىشى با
ئوتتا مېنىڭچىلىك كۆيۈپ، ئۆرتەنمىدى.
ئۇنىڭ ياققان ئوتلىرى يالقۇنجاپ بولغان-
دىن كېيىن، مەنمۇ قۇش تىلى ۋاسىتىسى
بىلەن يالقۇنلارنى پەيدا قىلدىم. بۇ شول-
لار بىلەن ھەم ئۆزۈمنى، ھەم ئەلنى كۆي-
دۈردۈم. چۈنكى بۇ دۇنيا ئاتامدىن نېمىنى
كۆرگەن بولسا، ئۇنى ماڭىمۇ ئۆگەتتى.
ھەم ئۆزۈمنى ھەم ئالەم ئەھلىنى ئۆرتى-
دىم. مەن قۇش تىلىدىن تاشقىرى سۆزلى-
مىدىم. بۇ سۆزلىرىمنىڭ فانىيلىق يالقۇنلى-
رىدا كۆيگەنلەرگە باقىيلىق (ئەبەدىيلىك)
ئاتا قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com



## مۇناجات

ئەي، خەلايىق تالىبى، مەتلۇبىسەن،
ھەم مۇھەببەت ئەھلىنىڭ مەھبۇبىسەن.
ئىككى دۇنيا دىنلارى تالىبلارىڭ،
غەيرى سەندىن مۇغتەلىف راغىبلارىڭ.
سەندىن ئايرۇ گەر مەلەكدۇر، گەر پەرى
تالىپ ئولماقا كېرەك قىلماس گەرى.
جەننەتۇ كەۋسەر ۋەگەر تۇبىيۇ ھۇر،
ئىستەمەك سەنسىز تەلەبدىندۇر قۇسۇر.
جانۇ كۆڭلۈمنى ئۆزۈڭگە تالىب ئەت،
دەرد ئىلە ئىشقىڭغە شەۋقۇم غالىب ئەت.
ھەم تەلەب زەۋقىنى ۋاسىل قىل ماڭا،
ھەم تىلەپ تاپماقنى ھاسىل قىل ماڭا.
ماسىۋەللاھ خاتىرىمدىن سەلب قىل،
ئاندا زىكرىڭنى ھۇزۇرى قەلب قىل.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

بىر تەلەپكار مۇرىت كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. بىستام شەھىرىگە كەلگەندە ئۇنى شەيخ بايەزىد ئۇچراتتى. ئۇ شەيخ بىلەن ئۇچرىشىش شەرىپىگە مۇشەررەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن ھەجگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

بۇ پىشىپ يېتىلمىگەن تالىپقا ھەج قىلىش مۇيەسسەر بولدى. ھەج تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ قايتىپ يەنە بىستام شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بۇ غاپىل يولۇچى شەيخ بايەزىدقا سالام بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولدى.

شەيخ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئەي يولۇچى، ۋىسال ئىستەپ، قانچىلىغان ۋادىلارنى ۋە دەرگاھلارنى كەزدىڭ. قېنى بەيتۇللا (تەڭرىنىڭ ئۆيى) ھەققىدە بىزگە بىرەر نىشان ئېيتىپ بەرگىن!

ھەممىدىن خەۋەردار بولغان بۇ مۇرشىد شۇنداق دېيىشى بىلەنلا، مۇرىت مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مەن كۆرگەن ئۇ ئۆي ئىنتايىن ئالىي ئىكەن، ئەمما ئۆي ئىگىسىدىن خالى ئىكەن.

— ئەي تەلەپتىن ئەسلا خەۋەر تاپمىغان كىشى، — دېدى شەيخ بۇ ھاجىغا، — ئەجەبا، ئۆي ئىگىسى ئاشۇ ئۆيدە ساڭا ھەمراھ، سېنىڭ باسقان ھەر بىر قەدىمىڭدىن ئاگاھ ئىدىغۇ؟! سېنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ بارغان ۋە بۇ يەرگە قايتۇرۇپ كەلگەنمۇ ئاشۇ ئۆزى ئەمەسمۇ؟! بىراق سەندە بۇ بەختنى سەزگۈدەك پاراسەت يوق ئىدى. شۇڭا سەن گەرچە تەلەپكار بولساڭمۇ، لېكىن بۇ يولدىكى ھەرىكىتىڭ نۇقسانلىق بولدى.

ئەي تەڭرىم، مېنى بۇ تەلەپتە كامىل قىلغىن! تىلىكىمدىن بىر نەپەسمۇ غاپىل قىلما! بۇ تەلەپكارلىقتا ماڭا كىم ھەمراھ بولغان بولسا، مېنى ئۇنىڭدىن خەۋەردار قىلغىن!

## مۇناجات

ئەي، كۆڭۈلنى ئىشقىدىن رەۋشەن قىلىپ،
ھەجر خارىستانىنى گۈلشەن قىلىپ.
ئىشقىڭ ئوتىدىن يارۇق ئايۇ قۇياش،
كىم تولۇپ بولدى ئۇلاردىن نۇر فاش.

بەرقی ئىشقلق سالىبان جانلارغە ئوت،
شۇئلەسى ئابادۇ ۋەيرانلارغە ئوت.
ئەخكەرىدۇر ئىشقلق ئەئما تابناك،
گەۋهەرىدۇر سىررى ئىشقلق ئەسرۇ پاك.
جانىمە يەتكۇر ئول ئەخكەر بىرلە نۇر،
كۆڭلۇمە سالغىل بۇ گەۋهەردىن سۇرۇر.
بادەئی ئىشقىڭدىن ئەت كۆڭلۇمنی مەست،
لىك ئول يەڭلىغكی بولغاي مەيپەرەست.
ئەيلە بۇ مەي بىرلە لايەئقىل مىنی،
ئەقل چۇن رەفئ ئولدی، قىل ۋاسىل مىنی.
قەيس ئامىرنی بۇ ئىشق ئەتتی زەبۇن،
زايىل ئەتتی ئىشق ئارا ئەقلىن جۇنۇن.
بۇيلە لەيلی ئىشقىدا مەغلۇب ئىدی،
تالىب ئول، گويا كی بۇ مەتلۇب ئىدی.
ئۇيلە مۇستەغرەق ئىدی ئول ئىشق ئارا،
لەيلىئی مۇتلەق ئىدی ئول ئىشق ئارا.
كىم بىراۋ بىر كۈن دىدی «ئاتىڭ
نىدۇر؟»
دىدی: «لەيلی!» دىدی «ئىسباتىڭ
نىدۇر؟»
دىدی: «ئولكىم لەيلی ئولدی زات ئاڭا،
هاجەت ئىرمەس ئەيلەمەك ئىسبات ئاڭا؛
كىم ساڭا شەكدۇر، ماڭا بۇدۇر يەقىن»
بۇيلە ئاشىقلىقغە يۈز مىڭ ئافەرىن.
ئىشق ئوتی سوزىغە مەهرۇق ئەت مىنی،
ۋەهدەتی ئىشق ئىچرە مەئشۇق ئەت مىنی.
ئاندا ئىستىغراقی ئىشق ئەت قىسمەتىم،
كىم ئۆزۈلگەي ئۆزلۈكۈمدىن نىسبەتىم.
ئىشق ئارا جانىمنی نابۇد ئەيلەگىل،
سوڭرە ئىشقىڭ بىرلە مەۋجۇد ئەيلەگىل.

*　　*

پاك ۋە مۇقەددەس تەڭری ئىنسانىنی مەرىپەت كانی قىلدی، ئۇنىڭ كۆڭلىنی مەرىپەت جاهانی قىلىپ ياراتتی. ئۇ كىمگە مەرىپەتتىن نىسىۋە بەرگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىسمی بۇ ئالەمدە «ئارىف» (بىلگۈچی، تونۇغۇچی) دىگەن نام بىلەن شۆهرەت تاپتی. مەرىپەت بىلەن سۈپەتلەنگەنلەرنىڭ هال - ئەهۋالىنی خىلمۇ خىل قىلدی. ئۇلارغا ئۆزىنىڭ يىتىلدۇرگەن كامالىتىگە يارىشا هەقىقەت سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇشنی نىسىپ قىلدی؛ هەممىسىگە ئۆز ئەهۋالىغا يارىشا ئورۇن - مەرتىۋە ئاتا قىلدی. مەرىپەت باياۋىنىنىڭ يوللىرىنی هىسابسىز قىلىپ ياراتتی. يولىدىكی يولۇچىلارنىمۇ هەددۇ - هىسابسىز قىلدی.

ئەي تەڭرىم، مەرىپەت يولىغا كىرگەنلەرنی ۋە بۇ يولدا سەيلە قىلىپ يۈرگەنلەرنی ۋىسالىڭغا يەتكۈزگەيسەن. نەزمە:

فانىئی ئەۋۋارەنی ئول يولغە سال،
قەتئ قىلغاچ يول، نەسىب ئەتكىل ۋىسال.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن هىكايات

بىر مەسلەك ئىگىسی بولغان يولۇچی شاهنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كىتىۋاتاتتی. پادىشاه بۇ هوشيار كىشىگە:

— كەل، يىنىمدا بىر نەپەس ئولتۇرغىن، سەن نىمىنی ئارزۇ قىلساڭ شۇنی ئالدىڭغا كەلتۈرەي، — دىدی.

يولۇچی مۇنداق دىدی:

— تەڭرىنی تونۇغىنىمدىن بىری، ئۇنىڭدىن باشقا هەرقانداق نەرسىگە مەيۈسلۈك كۆزی بىلەن قارايدىغان بولدۇم. بۇ

ئۆتكۈنچى دۇنيادا باشقىلاردىن ئىلەپ
كىرەك قىلغۇدەك نىمە نەرسە بولسۇن؟!
ماڭا كىرەكلىك نەرسىنى ئاشۇ بەرھەق تەڭرى
بىرىدۇ، بۇ ئىشتا ساڭا موھتاج ئەمەسمەن.
ئەي تەڭرىم، ئۇ يولۇچى قانداق
سۆيەتتكە ئىگە بولغان بولسا، فالىيەمۇ
ئاشۇنداق مەرىپەت سۆيەتلىرىنى ئاتا قىلغىن. ئۇنىڭ داد - پەريادىغا يىتىپ، نادانلىق زۇلۇملىرىدىن قۇتقازغىن. ئۇلىڭغا
ئۆزىنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ تونۇتقىن.

## مۇناجات

ئەي نابىلىك يۈز فەلەكدىن ھەم ۋەسىپە،
ئاستانىڭ ملك زۇھەادىنىدۇر رەفىپە.
چەرخۇ ئەنجۇمدىن قاشىڭدا نى ۋۇجۇد،
گەر ئۇلار بۇدى تەمام ئۇلسە نەبۇد.
ئالەم ئۇلسە نەفيى يا ئىسبات ئاڭا،
بىر سەرى مو يوق تەفاۋۇت زات ئاڭا.
بۇ نى يەڭلىغ ھەزرەتى ۋالا بولۇر،
ئەللاھ - ئەللاھ، بۇ نە ئىستىغنا بولۇر.
ھەزرەتىڭغە مۆرى لەڭۇ شىرى غاب —
بولسە، ياخۇد بولماسە، بىردۇر ھىساب.
شىر ئىرمەسمەن، ئىرۇرمەن مۆرى لەڭ،
بەلكى مەندىن ئاڭا ھەم يۈز ئارۇ نەڭ.
غەيرىدىن بۇ زارنى مۇستەغنى ئەت،
ئەاگە موھتاج ئەتمە، فەريادىمغە يەت.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھىكايەت

تەڭرىنىڭ دوستى بولغان ئىبراھىم (ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن) ئەلەيھىسسالامنى ئۇتقا سالماقنى پىلانلىغان نەمرۇد ئۆز پالاقمانىنى① تەييارلىدى. تاغدەك يىغىلغان ئوتۇنلارغا ئوت يىقىپ، ئوت يالقۇنلىرىنى پەلەككە يەتكۈزدى. ئىشق كوچىسىدا تەڭرىنىڭ سەۋدايىسى ۋە دوستى بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى پالاقمانغا سىلىپ، ئوت ئىچىگە قارىتىپ ئاتتى.

دەل شۇ پەيتتە تەڭرىنىڭ ھۆكمىگە بىنائەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يىتىپ كەلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا چۈشۈشى بىلەنلا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن مۇنداق دەپ سورىدى:

— ئەي خۇدانىڭ دوستى، سەن شۇ تاپتا ئۆزۈڭنى نىمىگە ئىھتىياجلىق دەپ سىزىۋاتىسەن؟ ئۆزۈڭگە قانداق مەرھەمەت ۋە ئىھسان كۆرسىتىلىشىنى خالايسەن؟ سەن نىمە دىسەڭ، مەن شۇنى تەييار قىلاي، نىمىنى ئارزۇ قىلساڭ، شۇنى ئەمەلگە ئاشۇراي.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دىدى:

— ئۇ مۇقەددەس تەڭرى ماڭا ئوتنى قىسمەت ئىتىپتۇ. ئىھتىياجىمنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ئۆزى بىلىدۇ. ھازىر مىنىڭ ساڭا ئىلتىماس قىلىدىغان ھىچقانداق ئىھتىياجىم يوق. مەن ھەرقانداق ئەھۋال

① پالاقمان - ئۇرۇشتا ئىچىگە تاش ۋە باشقا ئىغىر نەرسىلەرنى سىلىپ قارشى تەرەپكە
ئىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قورال، مەنجانىق.

ئاستىدا ئاشۇ زاتقا مۇھتاجمەن. ئۇ ماڭا ئۆزىدىن باشقىلارغا مۇھتاج بولمايدىغان ئېھتىياجسىزلىقنى نېسىۋە قىلغاي، ئاتا قىلغاي!

## مۇناجات

ئەي، جەنابىڭدا خىرەد ھەيران بولۇپ،
ۋادىيى ھەيرەتتە سەرگەردان بولۇپ.
ھەرنە سەندىن ئۆزگەدۇر، ھەيران ساڭا،
ھەيرەت ئاباد ئىچرە سەرگەردان ساڭا.
ئەقلى كۇلل ھەيرەتتە زاتىڭ بابىدا،
زات يوق، ھەر بىر سىفاتىڭ بابىدا.
كارگاھىڭ ئىچرە ھەر بىر رىشتە تاب،
ئەقلىنىڭ بويىنغا ھەيرەتتىن تاناب.
ئەھلى ئىلمۇ ئەقل ۋەسفىڭدە زەبۇن،
ھەر بىرىنىڭ ھەيرەتى ھەر دەم فۇزۇن.
ئۇشبۇ ھەيرەت سىلكىدە تۇتقىل قولۇم،
بۇ تەھەييۇر ئىچرە كۆركۆزگىل يولۇم.
ھەيرەت ئىچرە قويما سەرگەردان مېنى،
تارت ئۆز ۋەسلىڭ سارى ئاسان مېنى.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

بىر كۆڭۈلسىز ۋە خاكسار ئاشىق بار ئىدى. ئۇ بىر مېھرى يوق گۈزەلگە ئەسىر بولۇپ، ئۇنىڭ غەم ۋە ئەلەملىرىدە شۇقەدەر كۆيۈپ - پىشىپ يۈرەتتى. لېكىن ئۇنىڭغا دىدارلىشىش دۆلىتى نېسىپ بولماي، كۆڭۈللىرىنى داۋاملىق غەم ۋە ھىجران بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ۋىسال پەيتلىرىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ رەنجۇ ئەلەملىرى ۋە ئىنتىزارلىقى ھەددىدىن ئېشىپ، ئاخىر جىسمىدا ئاغرىق پەيدا بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى ئەمدى ئۇ مەشۇقىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن، جېنىدا غەم - غۇسسە ئوتلىرى توختىماستىن يالقۇنجاشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئاشىق شۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۆز - ئۆزىگە مۇنداق دېدى: «ئەي تەڭرىم، مېنىڭ مۇرادىم شۇكى، ئۇ ھۆر سۈپەتلىك دىلبىرىم قېشىمغا بىر كەلسە، مەن ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈمدىكى غەملىرىمدىن بىر - ئىككى ئېغىز سۆز ئېيتىۋالسام.»

خالايىق ئۇنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىشتى. ئۇنىڭ گۈل يۈزلۈك دىلبىرىنى زۇلۇم قىلماسلىققا ئۈندەپ، كۆپتىن - كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلىشتى. كىشىلەر شۇنداق قىلىپ ئۇ شوخ مەشۇقنى غەمكىن ئاشىقنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىچارە ئاشىقنىڭ تېنىگە پاك ۋە يېپيېڭى جاننى باشلاپ كەلگەندەك بولدى.

ئۇ شوخ ۋە بىپەرۋا مەشۇق ناز قىلغان ھالدا يېتىپ كەلدى. بۇ خەستە بولغان بىچارىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ، مۇرادىغا يەتكۈزمەكچى بولۇپ:

— كۆڭلۈڭدە ماڭا دەيدىغان قانداق سۆزۈڭ بولسا، ئېيتقىن، — دېدى.

كۆڭلى سۇنغان بۇ ئاشىق ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ھەيرەت بىلەن تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى. ھەيرانلىقتىن ئۇنىڭ تىلى گەپكە كەلمەيۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن

ئۇنىڭ تېنى بەك زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، سۆزلىگۈدەك ماجالىمۇ يوق ئىدى. ھەيرانلىق ئۇنىڭ بېشىدىن ھوشىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۆز دەردىنى ئېيتالماقچى بولغان ئاشىق گاڭگىرىغىنىدىن ھېچ نەرسە دېيەلمەي قالدى.

ئۇ ھوشىنى تاپقىنىدا بولسا ئۇنىڭ مەشۇقى ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىدى. بۇ ئىشتىن ئۇ ئاشىقنىڭ ئاغرىقچان تېنى ئىزتىراپقا چۈشتى. بۇ زەئىپ ناتىۋان ھەيرانلىق سەۋەبىدىن بىرەر ئېغىز سۆز قىلالماي، جېنىنى ھەققە تاپشۇردى.

## ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى تەڭرى دەرگاھىغا مۇناجات

ئەي مۇسەللەم ئاتىڭغا تەۋھىدى پاك،
ئەھلى ۋەھدەت ئايتىپ ئانى زەۋقناك.
ھەر كىشىكىم قىسمى تەۋھىد ئەيلەدىڭ،
بائىسى تەجرىدۇ تەفرىد ئەيلەدىڭ.
كىمكى ئۆزلۈكدىن چىقاردىڭ ئانى چۇست،
ئەيلەدىڭ ئالىڭدا تەۋھىدى دۇرۇست.
كىمگەكىم تەۋھىددىن بەردىڭ كۇشاد،

مەدھىدە كۇفر ئىلە قىلدىڭ ئىتتىھاد.
ئاڭاكىم ۋەھدەت سارى يول ئەيلەدىڭ،
سەن قىلىپ نەفيىيۇ ئىسبات ئەيلەدىڭ.
مەنۇ ئۆزلۈك شىركەتىن مەندىن يېتۇر،
مەھزى تەۋھىدى سارى، يارەب، يېتۇر.
مەندە، يارەب، قويما مەنلىكدىن نىشان،
ئۆزلۈكۈمدىن مەھۋ قىل دامەنكەشان.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

بىر كېچىسى سۇلتان مەھمۇد ① ئورنىدىن تۇرۇپ ئاياز ② نىڭ نېمە ئىشقا مەشغۇل ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولدى. ئاياز گەرچە ئويغاق بولسىمۇ، تەختنىڭ ئايىغىدا بىر ياستۇقنى بېشىغا قويۇپ، كۆزىنى يۇمغىنىچە ئۇخلىغان بولۇپ ياتتى. شاھ ئۇنىڭ بېشىغا كەلدى. بىر پەس ئۇنىڭ ھۆسنىگە قاراپ ئولتۇردى. بۇ ئارقىلىق پادىشاھ ئۆزىنىڭ شوخ ئوتلىرىنى باسماقچى بولدى. لېكىن ئۇنىڭغا نەزەر سالغانسېرى، شاھنىڭ ئىشتىياقى بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئاجايىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. پادىشاھ ئاي يۈزلۈك ئايازنىڭ ئايىغىغا بېرىپ، ئۇنىڭ پۇتىنى كۆزىگە سۈرتتى. ئاياز پۇتىنى تارتىۋالماي شۈك ياتاتتى. پادىشاھ ئۇ گۈزەلنىڭ تېخى ئويغاقلىقىنى بىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي ئاياز، سەندىن جېنىم جاراھەتلەندى. مەندىكى ساڭا بولغان مۇنچىۋالا موھتاجلىقنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى ناز قىلىسەن؟! نېمە ئۈچۈن ئايىغىڭنى يىغىپ، ئورنىڭدىن تۇرۇپ ئولتۇرمايسەن؟! مېھرىڭنى ئىزھار قىلىپ، بىر-ئىككى ئېغىز

① ئاياز - سۇلتان مەھمۇد-غەزنەۋيلەر سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر پادىشاھى (998-1030).

② سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ مەخسۇس مەھرەمى ۋە قۇلى. مىلادى 1057-يىلى ۋاپات بولغان.

كەيمۇ قىلمايسەن!؟

ئۇ كۆل يۈزلۈك ئاياز مۇنداق دېدى:

— ئەي ئۆتكۈر نەزەرلىك پادشاھ، مەندە شۇ تاپتا «مەن» لىكتىن ئەسەر بارمۇ؟ «مەن» لىك ئىختىيارى ئىلكىدە بولغان كىشىلا ئۆزرە ئېيتالايدۇ. مەندە شۇ تاپتا «مەن» لىككە يول قالمىغانىدى. ئاياز ئۆزلۈكىنى يوق قىلغان بولۇپ، پەقەت شاھنىڭ ئۆزىلا مەۋجۇت ئىدى. مەيتۇن بولغۇچىمۇ پادشاھ ئۆزى، مەيتۇن قىلغۇچى ئۆزى ئىدى.

ھەر قانداق كىشىگە ۋەھدەت ئاشۇنداق يۈزلەنسە، سۇلتان بىلەن ئايازنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تۈگەيدۇ. ۋەھدەت (بىرلىك) ئالىمىدىن خەۋەر تاپقان كىشىدە «مەن» لىك ۋە «سەن» لىكتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ.

## مۇناجات

ئەي، فەنا ئەھلى سېنىڭ ۋاسىللارىڭ،
ۋەسل نۇزھەتگاھىدا داخىللارىڭ.
كىم بەقا تاپماقدا سەندىن مەيل ئېتىپ،
چۈن سالىپ ئۆزنى فەنا سارى يېتىپ.
ئۆزلۈكىن ھەركىمكى فانىي قىلمايىن،
ئول فەنانىڭ ھەم فەناسىن بىلمەيىن.
تاپماق ئىمكان يوق ۋىسالىڭ كامىنى،
ئول فەنالاردىن بەقا ئەنجامىنى.
بۇيلە فانى قىسم، يارەب، بەس فەنا،
كىم بەقا كۈنجىدىن ئول تاپغاي غىنا.
قىل ئۆزۈگدىن بۇدنى ئەۋۋەل نەبۇد،
ئول نەبۇدى ئىچرەكىم بەرگىل ۋۇجۇد.
كىم ئاڭا ئول ئىش ۋۇجۇد ئىچرە تەمام
بولغايۇ تاپغاي ۋىسالىڭ، ۋەسسەلام.

## كامىل ئىنساننىڭ مۇناجاتى

كامالەتكە يەتكەن بىر كىشى ئۆز ھاجەتلىرىنى تەڭرىتائالاغا ئىزھار ئېتىپ، مۇنداق مۇناجات قىلدى:

ئەي ئىلاھا، پاك زاتىڭغە بەقا،
ئۇيلەدۇركىم ئىرمەس ئىمكانى فەنا.
ئۇيلەكىم زاتىڭغە سابىتدۇر قەدەم،
ئەيلەسەڭ ئانداغ ۋۇجۇدۇمنى ئەدەم.
كىم ئاڭا يول تاپماغاي رەڭگى ۋۇجۇد،
قالماغاي ۋەسل ئىچرە جۇز كامى شۇھۇد.
ئىستەگەن فانىي ۋۇجۇدۇمدىن ئەسەر،
تاپقاي ئول باقى ۋۇجۇدۇڭدا خەبەر.
مەنلىكۇ سەنلىك ئارامىزدىن كېتىپ،
قالغاسەن سەن ـ ئۇق، ئارادىن مەن كېتىپ.
سەن مەن ئىتلاقى مەھال ئولغاچ مەھال،
تاپسام ئول ھالەتدە سەندىن مەن ۋىسال.

## مۇئەللىپ (ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولغاي) نىڭ بەزى ئەھۋاللىرى توغرىسىدىكى ھېكايەت

مۇئەللىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھادىسە زادىلا يادىمدىن چىقمايدۇ: بالىلىق چاغلىرىم ئىدى. مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم. باللار ھەر تەرەپتىن كېلىپ

ئۇستازنىڭ زورى بىلەن ساۋاق تەكرارلايتتى. ئۇلار تەگرىنىڭ سۆزى («قۇرئان») نى تەكرار - تەكرا ئۆگىنەتتى. ئۇستاز بۇ باللارنىڭ خاتىرىسىنى كۈچەيتىش، زېھنىنى ئېچىش ۋە ساۋاتىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، نەزمىي ئەسەرلەرنىمۇ ئوقۇتاتتى. بەزىلەرگە نەسىردىن «گۈلىستان» ①نى ئۆگەتسە، بەزىلەرگە نەزمىدىن «بوستان» ② نى ئوقۇتاتتى.

بۇ چاغدا مېنىڭ بۇ ھەۋەسكار تەبىئىتىم «مەنتىقۇت - تەير» نى ئوقۇشقا ھېرىسمەن بولۇپ قالدى. ئەس - يادىم ئۇنى تەكرارلاش بىلەن بولدى. خاتىرىم ئاشۇ ئارقىلىق تەسكىن تاپاتتى. ساددا كۆڭلۈم ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئېلىشقا باشلىدى. تەبىئىتىم بۇ ئەسەردىكى سۆزلەرگە شەيدا بولۇپ قالغاچقا، يەنە باشقا سۆزلەرگە مايىللىق كۆرسەتمىدى. بۇ ئەسەردىكى ئاجايىپ ھېكايەتلەرگە، قۇش تىلى بىلەن ئېيتىلغان كىنايىلەرگە ئادەتلىنىپ قالدىم. ئۇنىڭدىكى ھەر بىر سۆزدىن تەبىئىتىم ياير اپ، مۇرادىمنى تاپاتتىم. ئۇنىڭ زوقى مېنى ناھايىتى خۇشال قىلاتتى. ئۇنىڭ شەرھلىرى مېنى ھەيرانلىق ئىچىدە لال قىلاتتى.

مېنىڭ بۇنداق ھالىتىمگە تەبىئىتىم ئۇستاز بولماقتا، بۇ كىتابقا بولغان ئېتىقادىم كۈنسېرى ئاشماقتا ئىدى. شۇ تۈپەيلىدىن مەن خالايىق بىلەن بولغان ئۇلپەتچىلىكتىن قاچىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ كىتاب مېنىڭ خىلۋەتتىكى ئەڭ قەدىرلىك سىردىشىم بولۇپ قالدى. بارا - بارا كىشىلەرنىڭ ياشاش ئادەتلىرى ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن تەبىئىتىمگە مالاللىق يېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئىشق مېنى شەيدا قىلدى، بۇ سەۋدا مېنى ئاجايىپ ئەھۋالغا مۇپتىلا قىلدى. ئاقىۋەتتە مەن: «خىلۋەت ئىشىكىنى ئاچاي، بۇ ئالەمنىڭ بىمەنە كىشىلىرىدىن قاچاي» دېگەن ئويغا كەلدى.

باللار مەندىكى بۇ خىل ھالەتنى كۆرۈپ، سۆرەن - چوقان سېلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ غەلۋە - غوۋغالىرى ئاتا - ئانامنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، گويا ئامىي كىشىلەرگە ئوخشاش ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار: «بۇ كىتابتىكى ئوتلۇق سۆزلەر بىلەن پەرزەنتىمىزنىڭ خام تەبىئىتى تەۋەللىككە قاراپ يۈزلىنىشى مۇمكىن. شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇ تەقۋادارلىق ۋە سالاھىيەتتىن باش تارتىدىغان ھالەتكە بېرىپ يېتىدۇ.» دەپ، كىتابىمنى يوشۇرۇپ قويۇشتى. ئۇنى ئوقۇشتىن كۆڭلۈمنى ياندۇردى. «مەنتىقۇت - تەير» ھەققىدە تۈرلۈك پەند - نەسىھەتلەرنى قىلىپ، ئۇ كىتاب بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن مېنى پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلدى.

ئارىدىن بىر نەچچە مۇددەت ئۆتتى. ئاتا - ئانامنىڭ كۆڭلى مېنىڭ بۇ خىل ئەھۋالىمدىن خاتىرجەم بولۇپ، تىنچلاندى. لېكىن بۇ ئەسەر مېنىڭ يادىمدا قېپقالغانىدى. ئۇنى ھەمىشە مەخپىي ھالدا تەكرارلاپ يۈرەتتىم. كۆڭلۈم دائىم قۇش تىلى بىلەن سىرداش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سۆزگە مەيلىم يوق ئىدى.

ۋاقتىكى، مەن تۈركىي شېئىرىيەتتە بايراق كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇ مەملىكەتنى

①② «گۈلىستان»، «بوستان» ــ شەيخ سەئدىنىڭ شۇ ناملىق مەشھۇر ئەسەرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەممىسىنى بىر قەلەم ئاستىغا ئالدىم. تۆت دىۋان ① بىلەن بەش خەزىنە ②نى ھېچقانچە قىينالمايلا قولغا كەلتۈردۈم. يازغان نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەرلىرىم ئىچىدىكى شېئىرلارنى تەخمىنەن يۈزمىڭ بېيىت دەپ قىياس قىلاتتىم.

شېئىرىيەت ساھەسىدە شۇنچە مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارغان بولسام‌مۇ، بىر خىيال زادىلا يادىمدىن چىقمايتتى، يەنى «تەڭرى مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلسا، بۇ دەپتەر («مەنتىقۇت-تەير») نى تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن يېزىپ چىقسام» دېگەن ئارزۇ كۆڭلۈمدە ھامان ساقلىنىپ كەلدى. بىراق بۇ بەك مۇشكۇل ئىش بولۇپ، مەن ئۇنى بېجىرىشكە ئاجىز ئىدىم، شۇ تۈپەيلىدىن قەلەمگە قول ئۇزىتالمايكەلگەنىدىم.

مەن ئاقىۋەت شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۆمرۈم تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. مەن بۇ كىتابنى يازالماي ئۆلۈپ كەتسەم، بۇ ئالەمدىن ئاشۇ ئارمان بىلەن، ياق، بەلكى ئاشۇنداق ئوتتا ئۆرتىنىش بىلەن كېتىپ قالىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمرۈم ئاتمىشقا قەدەم قويغاندا قۇش تىلىنى شەرھلەش ئۈچۈن قەلەم ئۇچلىدىم. بۇ ئىشتا شەيخ ئەتتارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلىدىم. ئۇمۇ ماڭا ياردەم قولىنى سۇندى. كېچىلىرى ئۇنىڭ روھى ماڭا يار بولۇپ، تەبىئىتىم بۇ مەنىلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا دائىم مېنى قوللاپ تۇردى؛ قەلىمىمنى تېز-تېز يۈگۈرتۈپ، ھەر بېرىم كېچىگىچە قىرىق-ئەللىك بېيىت يازمىغىچىلىك توختاپ قالمىدىم؛ ئاجايىب بىر ئىلھام بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا ئىشلىمەكتە ئىدىم. ماڭا شەيخنىڭ روھىدىن كۆپ شىجائەت يەتتى. شۇڭا بۇ ئەسەرنى ئاز پۇرسەت ئىچىدىلا تاماملىدىم. مەن ئۆز-ئۆزۈمنى قانچىلىك قىينىمىشىمدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئەسەرنىڭ نازۇك مەنىلىرى يەنىلا كۆزۈمدىن يوشۇرۇنۇپ قالاتتى. لېكىن شەيخ روھىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن بۇ مۇشكۇلۇم ھەل بولدى. مەندەك بىر نامرات ئۆز مۇرادىنى تاپتى.

ئەگەر بىر غەۋۋاس كۆپ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، دەريانى دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن جاۋاھىر ئىزدىسە، ئۇ كىشى گۆھەر ياكى سەدەپكە ئىگە بولالمىغان تەقدىردىمۇ، دەريادىكى لەيلەپ يۈرگەن ئەخلەت-چاۋالارنى يىغىۋالسا، ئۇنى قۇرۇتۇپ، ئوتۇن قىلسا، بىزنىڭ بىلەن بىردەمچىلىك بولسىمۇ ئۇنىڭ كەپىسى تۈتۈنسىز ھالدا يورۇغاي.

مەن بۇ دەريا ئىچىدە پاك گۆھەرلەرنى تاپالماي، خەس-خەشەكلەرنى يىغدىم. قانداق قىلاي، مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى شۇنچىلىك. مېنىڭ بۇ مەجرۇھ تەبىئىتىم مۇشۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلىدۇ. ئالىي مەرتىۋىلىك شائىر شەيخ پەرىدىدىن ئەتتار ئالەم ئەھلىگە ئۆز دېڭىزىنىڭ كېنىدىن دۇر ۋە جاۋاھىرلارنى چېچىپتۇ. مېنىڭ ئۇ بۇزرۇكۋاردەك گۆھەر چېچىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن ئالغان ئېھسانلىرىمنى سۈپەتلەپ، ئۇنىڭ ساخاۋىتىنى بايان قىلىپ بېرەلىسەم، ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

مېنىڭ ئۈمىدىم شۇكى، ھەركىم بۇ كىتابىمغا كۆز سېلىپ ئوقۇسا، قۇشلارنىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلىگە ھارارەت چۈشسە، ئۇنى شەيخنىڭ نەپەسلىرىدىن دەپ بىلسۇن. بۇ ئەسەردىن پەيزى تېپىپ، ئۆزىنىڭ مۇراد-مەقسىتىگە ئېرىشسۇن. بىزنى

① تۆت دىۋان — نەۋائىي ئۆزىنىڭ «چاھاردىۋان» (خەزائىنۇل-مەئانىي) ئەسىرىنى كۆزدە تۇتقان.

② بەش خەزىنە — «خەمسە» كۆزدە تۇتۇلغان.

بۇ جەھەتتە شەيخ بىلەن بىر قاتاردا كۆرۈپ، كۆڭلىنى ئىككىلا تەرەپكە مايىل قىلمىسۇن.

كۆڭلىگە ئىشتىياق چۈشكەن بىر تالىپ كىشى قىينالغان هالدا شەھەر ئارىلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تۇساتتىنلا كوچىغا يىقىلغان بىر تامغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. كىشىلەر ئۇ يەرگە يىغىلىپ ماجىرا قىلىشىۋاتاتتى.

— بۇ كىشىلەر ماڭىدىغان يول تۇرسا، بۇ يەرنى ياساپ بولغىچە بىز ئەمدى قايسى تەرەپ بىلەن ماڭارمىز؟! بىر مەزگىل بۇ ئامىي يول توسۇلۇپ تۇرىدىغان بولدى-دە؟!

كىشىلەر ئاشۇنداق دەپ غەلۋە-غوۋغا قىلىشىۋاتقاندا، ئۇ تالىپ بۇ يەرگە ئۈمىدۋار هالەتتە يېتىپ كەلدى. تالىپ بۇ هالەتنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىگە هاياجان چۈشۈپ، ئۆزىنى يوقاتقان هالدا چوقان سېلىشقا باشلىدى. كىشىلەر بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ، «بۇ كىشى بىكاردىن بىكارغا سەۋەبسىز هاياجانلىنىۋاتىدۇ» دېيىشتى. كىشىلەر مەقسەت دەشتىدە ئاۋارە بولغان بۇ بىچارىنىڭ بۇخىل كەيپىياتىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.

ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— مەن بۇ يەردە يىغىلغان جامائەتنىڭ ئەھۋالىنى ۋە بۇ يەردىكى كەيپىياتنى بىلمەيمەن. مەن بۇ تەرەپلەرگە ئۆتكەن چاغلاردا بۇ تامنىڭ هەمىشە مۇشۇ تەرەپكە مايىل بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. مانا بۈگۈن ئۇ يىقىلىپمۇ چۈشۈپتۇ. مۇشۇ جانسىز ئادەتتىكى لاي ۋە چالما مۇشۇنداق خىسلەت كۆرسىتىپ، ئاخىر ئۆزى مايىل بولغان تەرەپكە يىقىلىپتۇ. مەن بولسام ئۆز-ئۆزۈمدىن نائۈمىد هالەتتە. ئارزۇ-ئىستەكلىرىمدىنمۇ ئىنتايىن يىراقتا تۇرۇۋاتىمەن دەپ هېس قىلاتتىم. بىراق بۇ تام ماڭا بۇ بېشارەتنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، مەن ئۈمىدسىزلىكىمۇ ئۈمىدۋارلىق يۈزلەندى. ئەگەر تائالا مېنىمۇ باشتا قاياققا مايىل قىلغان بولسا، ئاخىرىدا هامان شۇياققا باشلىغاي. فانىي بولۇش مېنىڭ مۇرادىم ئىدى. ئەگەر مېنىڭ بۇ مۈشكۈلۈمنى ئاسان قىلىپ، مايىل بولغان تەرەپكە يۈرۈش ئىختىيارىنى بەرگەي ۋە ئىختىيارسىز هالدا مېنى ئۇ مەنزىلگە يەتكۈزگەي.

مۇئەللىپنىڭ دېمەكچى بولغىنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ ماڭا شېئىرىي ئىجادىيەت ساھەسىدە ئاجايىب-غارايىب خىياللار نېسىپ بولغانىدى. شېئىرىيەتنىڭ هەرقانداق بىر تۈرىدە ئەسەر يازغان بولسام، ئۇ هامان تۈركىي تىلدا ۋايىغا يېتەتتى.

هەرقانداق كىشى بىر ئىش قىلغان بولسا، ئۇ ئىشتا شۇ كىشىنىڭ بىرەر بەلگىسى بولغان بولىدۇ. سەھىپىلەرنى زىننەتلەپ نەزمە يازغۇچىلارنىڭ تەخەللۇسى ئۇنىڭ تامغىسىدۇر. هەرقانداق ۋاراقتا يېزىلغان شېئىرلار تەخەللۇستىن ئىبارەت مۇشۇ نىشانە ئارقىلىق بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنى ئوقۇغان كىشىلەر ئاشۇ نىشانىگە ئاساسەن بۇ سەئدىنىڭ، بۇ نىزامىنىڭ ياكى بۇ خۇسرەۋنىڭ، بۇ جامىنىڭ دەپ ئايرىۋالالايدۇ.

مەن تۈركىي تىل بىلەن ئەسەر يېزىشقا كىرىشكىنىمدە، قەلىمىم ئىستېداتى تۈپەيلىدىن نەزم گۆھەرلىرىنى چاچقىنىدا نەزملىرىمگە «نەۋائى» دېگەن تەخەللۇسنى نىشانە قىلىپ قوللاندىم. پارس تىلىدىمۇ شېئىرغا قەلەم تەۋرىتىپ، شېئىرىيەتنىڭ هەرخىل تۈرلىرىدە ئەسەرلەرنى يازدىم. ئۇ مەنىلەردىن ماڭا پەيز ۋە ئىلھام يەتكەچكە، بۇ تىلدا يازغان شېئىرلىرىمدا «فانىي» تەخەللۇسى ماڭا نىشانە بولدى. (كىتاب تامام، ۋەسسالام).

# مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام ①

مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ھىرقەتى

نەشىرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرائىل يۇسۇپ

**گۈل بۇلبۇلنىڭ كېلىشىنى ئاڭلاپ، ئالىپ كەلگىل دەپ، دىل بىلە نامەئى ۋەفا بېتىپ، سەبانى بۇلبۇلغە ئىبەرگەنى**

دېدى گۈل: «ئاڭلادىم ۋەسفىڭنى بۇلبۇل،
ئۇمىدىڭ تارىدىن بوينۇمدا دۇر غۇل.
ئىشىت نامەمنى، گۈل، ئەندىشە قىلماي،
نەچە بولدۇم مۇئەككەل ساڭا مەن قۇل.
بولۇپ مەن مەست، ئەي يارىي ۋەفاجوي،
كى جامى ئىلتىفاتىڭدىن ئىچىپ مۇل.
جەمالىڭ بىرلە بەر كۆڭلۈمگە ئارام،
غەمىڭ فىكرى قىلىپ جانىمدا غۇل-غۇل.
مېنى دەپ سەن كېلۇر ئېرسەڭ بۇ يەرگە،
فىدا ئەيلەي دىلۇجانىمنى بىلگىل.
سېنىڭ بىرلە قىلاي مەن ئەيشى-ئىشرەت،
ماڭا غەم كۈنلەرىدە ھەمزە بان بول.
نەۋا ئەيلەپ كۈشاد ئەتكىل گىرەھلەر،
ئۆلۈك جىسمىم ئارا رۇھى رەۋان بول.»

**سەبا گۈلنىڭ سۆزىنى بۇلبۇلغە يەتكۈزۈپ، غەمدىن ئۆلگەن كۆڭلىنى تىرگۈزۈپ، بۇلبۇلنى ئالىپ گۈلنىڭ قاشىغە كەلگەنى**

سەبا يەتكۈرگەلى گۈلنىڭ سۆزىنى،
تىلەپ بۇلبۇلغە، يەتكۈرمەك ئۆزىنى.
سەبا تەئجىل ئېتىپ تا كىردى يولغە،
قىلىپ سۈرئەت قاراماي ئوڭغۇ سولغە.
چۇنان شەۋق ئىلە تەي قىلدى بەيابان،
نەچە كۈنلەردە ئول يول بولدى پايان.
يۈرۈر ئېردى غەرىب بۇلبۇل چەمەندە،
ئىدى گويا مەگەر بەيتۇل-ھەزەندە.
ئىشىتتى گەر سەبادىن كەلدى تاۋۇش،
بۇ تاۋۇشدىن بولۇپدۇر جانۇدىل جۇش.
تۈمەن تۈرلۈك نەۋالار قىلدى بۇلبۇل،
نېچۈن كەلدى يېتىپ پەيكى قىزىلگۈل.
دىل ئەفزا بەيت ئوقۇپ بولدى غەزەلخان،
ئۆلۈك تەنگە نەۋاسى كىرگۈزۈر جان.

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

www.uyghurkitap.com

ئاقىپ لەبىدىن كۆپۈك دىۋانە لەردەك،
ئۇچادۇر چەۋرۈلۈپ پەرۋانەلەردەك.
بۇ يەڭلىغدۇركى ئول بۇلبۇلغە هالەت،
سەبا گۇل سارىدىن يەتتى بۇ سائەت.
مۇنى كۆرگەچ غەرىب بۇلبۇل بولۇپ خۇش،
مۇهەببەت خەمرى كۆڭلىدىن قىلىپ جۇش.
سەبادىن سوردى بۇلبۇل مەئنىسى هال،
سەبا تۆكتى سوئالىغە ئانىڭ بال.
دېدى: «باردىمۇ ئاچتىم، سېنى كۆردۇم،
نىگارىڭنىڭ سەلامىنى كەتۇردۇم.
سەلام ئايدى ساڭا گۇل، ئاڭلا بۇلبۇل،
ئاڭا قىلدىم سېنىڭ ئەرزىڭنى مەنقۇل.
دېدى: كەلسۇن ئايتغىل بىنەۋانى،
غەمىن كۆڭلۇمگە ئول قىلسۇن دەۋانى.
كېلىپ بولسۇن مېنىڭ ئارامۇ جانىم.
مېنىڭ بەزمەمدە بولسۇن دۇرفشانىم.
ماڭا هەم بىر ئانىڭدەك قۇل كېرەكدۇر،
ئاڭا هەم بىر مېنىڭدەك گۇل كېرەكدۇر.
كېرەكدۇر هەر كىشىگە يارۇ دەمساز،
بولۇرمۇ قىلسە هەر قىسىم ئەلنى هەمراز.
دېسە بولغايمۇكىن رازى نىهانى؛
كىشى بولغان بىلە جىسىم ئىچرە جانى.
غەرەزنى ئاڭلاغۇدەك بولسە هەمدەم،
ئانى قىلسە بولۇر سىررىغە مەهرەم.
كىشى گەر بولسە ئاقىلۇ سۇخەندان،
ئانىڭدەك ياخشىغە بەرسە بولۇر جان.
يامان بىرلە ئەزىز ئۇمرىڭ كەچۇرمەك،
ئېرۇر يانغان چىراغىڭنى ئۆچۇرمەك.
سېنى ئەلبەتتە كەلسۇن دەپ ئىبەردى،
ساڭا ئول گۇل ۋەفا نامە ئىبەردى.
سېنىڭ ئاتىڭ ئىشىتىپ بولدى گۇل شاد،
دېدى: «كەلسۇن ئەگەر قىلسە مېنى ياد».
بۇغەم بىرلە ئېرۇر گۇل پارە - پارە،
ئەنانىساڭ، يۇر، باقىپ قىلغىل نەزارە.
بىلۇرسەن بۇلبۇل ئەي گۇل ئىشق دەردىن،
بارىپ كۆرگەندە گۇلنىڭ باغرى زەردىن».
دېدى بۇلبۇلغە، ئولدەم پەيكى ئەهمەر:
«ئانىڭ هەمدەم يوقىدىن هالى ئەبتەر».
بولۇپ بۇ سۆزگە خەندان خەستە بۇلبۇل،
شەرابى شەۋق ئىچىپ ئاچىلدى گۇل-گۇل.
چەمەندىن گۇل قاشىغە بولدى بارماق،
بولۇپ گۇل هۇسنىگە كىرفىك سۇغارماق.
قىلىپ گۇل بەزمىنىڭ بۇلبۇل ياراغىن،
قويۇپ جانىغە، گۇلنىڭ دەردى داغىن.
ۋىدادە ئەتتى گۇلى قەهقەھ بىلەن ئول،
سەبا كۆرسەتتى گۇلنىڭ سارىغە يول.

## سەبا گۇلنى بەزمىغە باشلاغانى، بولبۇلنىڭ گۇلى قەهقەهنى تاشلاغانى

سەبا تۇتتى يولىن بۇلبۇلنى باشلاپ،
بۇ بۇلبۇل هەم گۇلى قەهقەهنى تاشلاپ.
يۈرۈر ئېردى ئەكەۋ مەنزىل-بەمەنزىل،
بولۇپ گۇل قاشىغە بارماقى مۇشكىل.
سەبا ئالدىغە تۈشتى تا چىكىپ هۇ،
كۆزى ياشى بىلە بولبۇل سېپىپ سۇ.
سەبا ساۋرۇپ جەهان دىلكىن قىلىپ خاك،
قىلىپ ئىشق ئىچرە بۇلبۇل سىنەسىن چاك.
سەبا رەفتارىدىن بولدى جەهان گەرد،
ئىدى بۇلبۇلدا ئانداغ ئىشق ئىلە دەرد.
مۇغەننىدەك سەبا گەر قىلسە غىر - غىر،
چۇ بۇلبۇل چەۋرۈلۈپ، هەر لەهزە فىر-فىر.
سەبا نەغمە قىلىپ بۇلبۇل غەزەلخان،
ئىكەۋلەن تەي قىلىپ دەشتى بەيابان.

## گۇلى قەھقەھ بۇلبۇلدىن جۇدا بولۇپ فىراق چەمەنىدە بىنەۋا بولۇپ ئوقۇغان غەزەلى

گۇلى قەھقەھ دېدى: «بۇلبۇل ۋەفانى،
قىلىپ ئەۋۋەل، كېيىن قىلدىڭ جەفانى.
مېنىڭ جانىمغە، قويدۇڭ داغنى فۇرقەت،
كىشى كەر كۆرمەگەن دەردۇ بەلانى.
سەن ئەتتىڭ ئەزم غەم ئىلكىدە تاشلاپ،
مەنى بىچارەنى كۆزلەپ يەنانى.
تىلەرمەن كېچە كۈندۈز زار بىرلە،
تىلىمغە جارى ئەيلەپ «رەببەنا»نى.
نە يازدىم، نە يەتمىلدىم دەرگەھىڭدىن،

ئىلاھا، گەر دېدىم شۈكرى سەنانى.
نە يەردىن بولدى پەيدا بىر ئازىتقۇ،
ئالىپ كەتتى بۇ يەردىن دىلرەبانى.
مېنىڭ باشىمغە تۈشتى دەردۇ مېھنەت،
ساڭا مەئلۇم ئېرۇر رازى نىھانى.
ماڭا گەر قويدى بۇلبۇل داغى ھىجران،
يەنەدىن كۆرمەسۇن ئول ھەم ۋەفانى».
دېبان تەڭرىگە ئول قىلدى مۇناجات،
سەن ئاتىڭ خالىقى ئەرزى سەماۋات.

## بۇلبۇلنىڭ يولدا كەلگۈنچە گۇلنىڭ ئىشقىدا ئوقۇغان غەزەلى

دېدى بۇلبۇل: «دىيارىمدىن كېچىپ مەن،
سېنى دەپ، گۇل، نىگارىمدىن كېچىپ مەن.
ۋەفا قىلغايمۇكىن مەن بەندە بولسام،
غەمىڭدە جۇملە يارىمدىن كېچىپ مەن.
تەنىم گەرد ئولسا ئىشكىڭدە ئەجەب يوق،

نېچۇنكىم جان زارىمدىن كېچىپ مەن.
كۆڭلۈمدە قالمادى بىر زەررە ئارام،
تىلەپ ۋەسلىڭ قەرارىمدىن كېچىپ مەن.
نە قىلساڭ سەن بىلۇرسەن يوق ئىلاجىم،
يولۇڭدا ئىختىيارىمدىن كېچىپ مەن».

## سەبا بۇلبۇلنى ئالىپ كېلىپ گۇلغە ۋەسل قىلىپ كۆڭلىدىن غەمنى فەسل قىلىپ، ئۆزى سەيرى جەھانغە ۋە دەشت-بەيابانغە تۈشۈپ كەتكەنى

سەبا بۇلبۇل بىلە گۇلشەنگە يەتتى،
قويۇپ گۇل قاشىدا بۇلبۇلنى، كەتتى.
ئۇچۇپ تۈشتى كېلىپ گۇلشەنگە بۇلبۇل،
ئاچىلىپدۇر چەمەندە رەڭ بەرەڭ گۇل.
ئاچىلىپ باغ ئارا تۈرلۈك سېچەكلەر،
گۇل ئۆزرە چىرماشىپ ئىشق فېچەكلەر.
چەمەن قىزلارى باشىغە لىچەكلەر،
تاقاپ ئۈستىگە بەرگىدىن كېچەكلەر.
بەناگاھ كەلدى گۇلنى كۆردى بۇلبۇل،

ئاچىلىپ لەخشە يەتمىلغ ھەر قىزىل گۇل.
سەلام قىلدى كېلىپ بۇ گۇلغە بۇلبۇل،
سەلامىدىن خەبەردار ئولمادى گۇل.
تەئەججۇبدۇر بۇ سىر گەر بولسا كۈندۈز،
تۇغۇپدۇر خىفچەلەردىن ئاتى يۇلدۇز.
گېرىھلىك غۇنچە مىسلى لەئلۇ مەرجان،
يېزىلغان گۇل كەبى مەئشۇق خەندان.
ساچىلىپ شاخىدا ھەريان ۋەرەقلەر،
تۆكۈلۈپ ھۆسنى تابىدىن ئەرەقلەر.

www.uyghurkitap.com

ئانىڭ بىر خىنچەسى چۈن قەددى دىلبەر،
ئىسىدىن ھەر تەرەف گۈلشەن مۇئەتتەر.
تەندە خارلار مىژگان مەسەللىك،
ئالىپ ئوقنى قىلىپ پەيكان مەسەللىك.
جەمالى شۇئلەسى كۆزنى قاماتۇر.
تۇشۇپ ئەكسى سارىغ يۈزنى قىزارتۇر.
بەناگاھ تەگسە يەل ھەريان ئەگىلۇر،
قۇچۇپ بىر - بىرىنى ئورنىغە كېلۇر.
ئىسىدىن بەخش ئەيلەر جانغە راھەت،
تىگىپ خارى قىلۇر جاننى جەراھەت.
قىلىپ گۈلشەن ئارا نازۇ كەرەشمە،
تۇتاشۇر جانغە ئوت گەر قىلسە ئىشۋە.
يۈرەكنى كۆيدۈرۈر ھۇسنى شەرارى،
كېتەر تەندىن دىلۇ جاننىڭ قەرارى.
قىلىپ ھۇسنى ئوتى بۇلبۇلغە تەئسىر،
غەرىب بىچارە بۇلبۇل بولدى دىلگىر.
بەناگاھ كەلدى قىزىل گۈلنىڭ ئىسى،
وق ئەتتى گۈل ئىسى بۇلبۇلنىڭ ئىسى.
ىزارتۇر ئوت يەقىن بولغان كىشىنى.
ويارەۇ سالماين ئوت تابىشنى.
قىزارۇر ئوت لەبىدىن تازە گۈلدەك،
قاچار شەبنەم كەبى تەردىن سۇمۇلدەك.
ئانىڭدەك بولدى بۇلبۇل زار غەمكەش،
تۇشۇپ گۈل ھۇسنىدىن جانىغە ئاتەش.
تۇشۇپ گۈل ئەكسى، بۇلبۇل بولدى چۈن
ئوت،
زۇمۇررەد ئېردى بۇلبۇل، بولدى ياقۇت.
كۆزىدىن دۇررۇ مەرجان ئاقىزىپ سۇ،
تەنىدىن ئاقتى ھەر ياندىن بولۇپ جۇ.
مۇنى گۈل ئىشتىياقى مەست قىلدى،
مۇھەببەت رىشتەسى پابەست قىلدى.
نە تۇرماق، بىلمەدى بۇلبۇل، كېتەرنى،
نە ئولتۇرماقۇ ئورنىدىن قوپارنى.
ئاچىپ كۆز ئۇيقۇدىن بىدار بولدى،
مەگەر كىم مەست ئىدى، ھوشيار بولدى.

مۇھەببەت زەۋقى بۇلبۇلدىن كېلىپ جۇش،
قىلىپ بۇلبۇل مۇھەببەت دارۇسىن نۇش.
زۇھۇرى ئىشق ئېتىپ بۇلبۇلدىن ئەنداز،
ئاچىپ ئىشرەت قاناتىن قىلدى پەرۋاز.
سەماڭ ئەيلەپ ئۇچۇپ تا بولدى رەققاس،
ئىكى قولدەك پەرىدىن چىقتى ۋەققاس.
گۈلدىن ئۆيرۈلۈپ پەرۋانەلەردەك،
لەبىدىن گۈل ئاقىپ دىۋانەلەردەك.
كۆزىدىن دانە - دانە ياش ئاقىزىپ،
گۆھەر خىرمەن قىلىپ بىر - بىر تامىزىپ.
كۆيۈپ ئىشق ئوتىدا بۇلبۇل ۋۇجۇدى،
ھەۋادا مەۋج ئۇرۇپ ئاھ ئوتى دۇدى.
كۈلۈپ مەجنۇن كەبى ھەردەم قاقىلداپ،
ياشىن دەريا قىلىپ ھەر لەھزە يىغلاپ.
مۇھەببەت زورىدىن ھەر لەھزە ئەفغان،
قىلىپ بەرقى شەرارىدەك تارتىپ ئەفغان.
ئۇرۇپ ئىلكىن كۆكۈسكە مىسلى مەجنۇن،
بۇ غەم بىرلەن يۈزىن تىرناپ، قىلىپ خۇن.
ئۇرۇپ ھەردەمدە يۈزمىڭ ئاھ ئۆزە ئاھ،
قەرار ئەيلەپ بۇ ئاھى تەلئەتى ماھ.
ئەلەم ئۆزرە ئەلەمدۇر، غەم ئۆزە غەم،
بۇ ئىشق ئوتى سالىپ بۇلبۇلغە ماتەم.
كېچە - كۈندۈز كەمەتمەي قىلدى نالە،
ئىزىپ گۈل زەھرى غەم تۇتقاچ پىيالە.
قۇنار گاھى كېلىپ شاخىغە گۈلنىڭ،
ئۇچار - ئۇچماس يوق ھەددى ئېردى
قۇلنىڭ.

قىلالماي ئىشق ئوتى زورىغە تاقەت،
قۇتۇلماي نالەدىن ئول ھېچ سائەت.
قىلىپ بۇ ئىشق مەيدانىدا بازى،
مۇنى ئۆرتەيدۇ گۈل مىھنەتدە نازى.
ئۇرۇپ جانىغە نەيزە گۈل تىكەندىن،
تامىزىپ قەترە - قەترە قان بەدەندىن.
قىلىپ گۈل خارى جىسمىن مىسلى گۈلشەن،
تېشىپ غەم مۇرغىغە ھەر يەردە رەۋزەن.

بولۇپ ئىشق ئىچرە بۇلبۇل زارى ئەبتەر،
ئىچىدۇر لەخشەئى چوغ، تاشى ئەخكەر.
كەبابى دىلغە گۇل ئىشقى قۇيۇپ شور،
چىقارۇر قەترە ـ قەترە ئوت قىلىپ زور.
دىلۇ جانى مۇھەببەت ئوتىدىن داغ،
ئاياغىغە تۇشۇپ گۇل مېھرىدىن باغ.
گۇل ئالدىدا بولۇپ سايىل چېكىپ ھۇ،
ئەرىتىپ يافراغىن كۆزدىن سېپىپ سۇ.
قىلىپ ھەر لەھزە گۇلغە مېھرىبانلىق،
ئىتىپ گۇلشەندە بۇلبۇل پاسبانلىق.
ئۇچۇپ گۇلنى قىلىپ پەرياد ـ زارى،
ئۇچۇپ باغرىغە تەگسە نىش خارى.
فىغانۇ نالەسى يەتتى فەلەككە،
يېتىپ تەئسىر ئىشقىدىن مەلەككە.
ئەلالاسى تەمام ئالدى جەھاننى،
قىلىپ گۇل ئىشقى بىرلە خەستە جاننى.
دەۋا جانىغە ئەيلەپ گۇل يۈزىدىن،
خۇش ئەتمەي گۇل مۇنى شىرىن سۆزىدىن.
تىكەندىن ھەم قويار باغرىغە نەشتەر،
ماڭا نەشتەر ئەمەس، بىل، شەھدۇ شەككەر.
گەھى گۇل ئىشقى زور ئەتسە، قۇچاقلار،
گەھى سەنجەر تىكەن قاچماقنى چاغلار.
كېتەي دېسە بىلە ئالماس كېتەرنى،
ۋە يا قويماس تىكەندىن رەشك ئېتەرنى.
مۇھەببەتدىن تىكەن دەردۇ دەۋادۇر،
ئەگەرچە بىر نەچە جەۋرۇ جەفادۇر.
بۇ يەڭلىغ ھالى بىرلە بۇلبۇلى زار،
مۇنىڭ گۇل سورمادى ھالىن بەيەكبار.
بۇ ئىشدىن بولدى بۇلبۇل كۆڭلى غەمگىن،
دېدى: «نې دىلرەبادۇر كۆڭلى سەڭگىن؟
ۋەفاسى، مېھرى يوق جانان ئەمەسمۇ،
مېنى بىر مەرتەبە ‹سەن كىم؟› دېمەسمۇ؟»
مەلالەت زور ئىتىپ ئاچتى لەبىنى،
باقىپ گۇلغەكى بۇلبۇل تەشتى گەپنى.

## بۇلبۇل گۇل قاشىغە بارىپ، گۇل بۇلبۇلغە ناز ئىتىپ، مەئشۇقلۇق ئەنداز ئىتىپ: «قايدىن بولۇرسەن، نەيەردىن كېلۇرسەن؟» دەپ سورغاندا ئوقۇغان غەزىلى

دېدى بۇ گۇلغە بۇلبۇل: « سەرۋ نازىم،
ساڭا جانىم بىلەندۇر ئىشق بازىم.
نېچۇك تاشدۇر سېنىڭ باغرىڭ، بىلەلمەم،
ئاڭا تەئسىر ئەمەس سوزۇ گۇدازىم.
نېتەي، چارەم نېدۇر نازىڭغە ئول دەم،
قەبۇل ئېرمەس ساڭا ئەجزۇ نىيازىم.
بارى ئەل سەجدە ئەيلەر قىبلە سارى،
ئىزىڭنىڭ تۇفراغىدۇر جايىنەمازىم.
سۇ ئەيلەي بۇ جەھان خەلقى ئەرىتىپ،
مېنىڭ داۋۇد يەڭلىغ ئۇد سازىم. ①
قاچان بولدۇڭ كۆزۈمگە جىلۋەگەر سەن،
نىسار ئەتتىم ئۇشۇل دەم كۆپ ـ ئازىم.
كېتەي باشىم ئالىپ كەلگەن يولۇمغە،
ئەگەرچە بولماساڭ سەن دىلنەۋازىم.

## گۇل بۇلبۇلدىن بۇسۆزنى ئىشتىپ، نازئىلە تەبەسسۇم قىلىپ، تەكەللۇم ئەيلەگەنى

دېدى گۇل: بۇلبۇلا، كەلدىڭ نە يەردىن؟
دېدى: نې سۆز سوراي سەن بىخەبەردىن.
دېدىكىم: ئەي غەرىب، قايدىن بولۇرسەن؟
دېدىكىم: ئىشق شەھرىدىن بولۇرمەن.

① رىۋايەت قىلىنىشىچە، داۋۇد پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازى ئۇد سازىدەك يېقىملىق ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

دېدى: نې ۋەجھىدىن ئاھۇ فىغانىڭ؟
دېدى: ئىستەپ كېلىپ تاپقاچ نىشانىڭ.
دېدى: نېدىن پەرىشان بولدى ھالىڭ؟
دېدى: نۇش ئەتمەيىن شىرىن زىلالىڭ.
دېدى: نە غەم يېتىپ فەرياد ئېتەرسەن؟
دېدى: ھەر لەھزە زۇلمۇڭ ياد ئېتەرسەن.
دېدى: بولدۇڭ نە دەپ سەن زار غەمناك؟
دېدى: جانىمنى ئەيلەدى بۇ ناز چاك.
دېدى: كۆزدىن تۆكەرسەن دۇررى ژالە؟
دېدى: ئىشقىڭدا! خوبدۇر ئاھۇ نالە.
دېدى: نە ۋەجھىدىن ھالىڭ خەرابدۇر؟
دېدى: ئىشق ئوتىدىن باغرىم كەبابدۇر.
دېدى: نە ۋەجھىدىن يەتتى مەلالەت؟
دېدى: ھېچ تاپمادىم غەمدىن فەراغەت.
دېدى: نەدىن بولۇپدۇر رەڭگى زەردىڭ؟
دېدى: جانىمنى ئۆرتەر ئىشقى دەردىڭ.
دېدى: كۆكسۈڭنى قىلدىڭ پارە - پارە؟
ېدى: ئىشقىڭ جەفاسىغە نە چارە.
ېدى: نې ئىشقە ئاھىڭ دەم - بەدەمدۇر؟
ېدى: ئىشق ئىلكىدىن جەۋرۇ ستەمدۇر.
دېدى: ياشىڭ نەدىن بولدى لەئەلگۇن؟
دېدى: نارىڭ سېنىڭ قىلدى جىگەر خۇن.
دېدى: سۆزۈڭ شەكەر، ئەي مېھرىبانىم؟
دېدى: ئاتىڭ ئېرۇر زىكرى زەبانىم.
دېدى: نەدىن تۆشۈكدۇر جىسمى زارىڭ؟
دېدى: سانجىلدى ھەردەم تەنگە خارىڭ.
جەۋابۇ ھەم سەۋاب قىلدى ئىكەۋلەن،
ئىكىسى ئېردى گويا جان ئىلە تەن.
بىرى بىرگە دېدى رازى رەمۇزىن،
بىلىشتى ھەر ئىكەۋ ھەم دەردى سوزىن.
دېدى بۇلبۇل «قىلاي مەن ئىمتىھانى،
سىناي، گۈلنىڭ ۋەفاسى بارمۇ، قانى.»

دېدى، ئايدى، ئايا، ئەي بىۋەفا گۈل،
سېنىڭ ئىشقىڭغە جان بىرلە ئىدىم قۇل.
ئېبەردىپسەن، ئالىپ كەل دەپ سەبانى،
مەنى زارۇ گەدايى بىنەۋانى.
تۇتۇپ ئەمرىڭنى، كەلدىم خىزمەتىڭگە،
دۇئا قىلدىم ھەمىشە دەۋلەتىڭگە.
يۈرۈپمەن بىنەۋالىقدا چېكىپ جان،
سۇ ئورنىدا ئىشىكىڭگە سەپىپ قان.
قىلىپدۇرمەن دىلۇ جانىم نىسارىڭ،
تەنىمنى قىلدى رەۋزەن نىشى خارىڭ.
سېنىڭ بىرلە نەچە چەكتىم جەفانى،
كى سەندىن كۆرمەدىم ھەرگىز ۋەفانى.
ئاچىپ ئاغزىڭنى، سورمادىڭ بۇ ھالىم،
بەيان ئەتسەم ساڭا مەن قىيلۇ قالىم.
قىلىپ جان بىرلە ھەر دەم ئىشقبازىڭ،
مېنى پاك ئۆرتەدى ئىشق ئىچرە نازىڭ.
ۋەفانى كۆرمەدىم سەندىن، كېتەرمەن،
بۇرۇن قىلغان مەكانىمغە يېتەرمەن.
ۋەفا قىلغاي دەبان يۈزىڭ يۈگۈردۈم،
ۋەفانى كۆرمەدىم، ئەمدى تۈگۈلدۈم.»
دېدى بۇلبۇل،بۇ يەردىن بولدى كەتمەك،
ۋە لېكىن يوق ئىدى ئىشقنى تۈگەتمەك.
بەھانە قىلدى بۇلبۇل كىم، كېتەرگە،
نې تاقەت گۈل غەمىنى تەرك ئېتەرگە.
دېدى: «گۈل، بولغاي ئېردى باۋەفاڭىز،
تىكەندىن بولماغاي ئېردى جەفاڭىز.
تىكەن ئازاردىنى تارتايمۇ سەندىن،
ۋە يا نازىڭ يۈكىن ئارتايمۇ سەندىن.»
تىكەنىنىڭ دەردىنى قىلدى بەھانە،
ۋەلى فاش ئەتمەدى سىررى نىھانە.
كۆڭۈلدە ئىمتىھان ھەم، رەشك ھەم بار،
ئېرۇر ئول رەشك بىلگىل، مەنەتى خار.

**بۇلبۇل گۈلنىڭ مۇھەببەتىنى ئىمتىھان قىلماق ئۈچۈن تىكەننى بەھانە قىلىپ كەتكەنى گۈل خىزمەتىنى تەرك ئەتكەنى .**

كېتەر بولدى بۇ يەردىن خەستە بۇلبۇل، تىكەندىن رەشك قىلىپ كوڭلىدە غۇلغۇل.

دېدى: «مەن بىرلە يارىم نولسە ياڭغۇز،
يۈزى شەمئىدىن ئولغاي كېچە - كۈندۈز.
كىشى بولسە ئىكەۋلەن يارى بىرلە،
نە مۇشكىلدۇر كۆرەر ئەغيارى بىرلە.
كىشى ئەغيارىنى يارى قاشىدا،
كۆرەردىن، ياخشى ئوت كۆيگەن باشىدا.
مۇنىڭدىن كۆرمەي ئۆلگەن ياخشىراقدۇر،
دەۋاسىز دەرد ئەگەر ھەجر فىراقدۇر.
كىشى ئەغيارىنى يار ئىلە قامتۇ،
كۆرۈپ يۈرگۈنچە، كەتكەن ھەرنە خوپتۇ.»
دېبان ئەندىشە قىلدى، بۇلبۇل ئۇچتى،
قىلىپ ئاھ ئىلە ئەفغان يولغە تۈشتى.
ئۇچۇپ يۈردى نەچەكۈن تاغۇ چۆلدە،
قەرارى يوق ئىدى ياخۇشك، ھۆلدە.
قىلىپ دەشتى بەيابان ئىچرە جەۋلان،
گەھى خەندان، گەھى نالانۇ گىريان.
ئېرۇر بۇلبۇل كەبى بىئەقل، بىھۇش،
قاچان گۈلنىڭ غەمىن قىلغاي فەرامۇش.
ئۇرار كۆكسىگە ھەردەم ھەجر تاشىن،
كۆزىدىن ئاقىزۇر فۇرقەتدە ياشىن.
بۇ يەردىن قۇدرەتى يەتكەنچە كەتتى،
كېزىپ بۇ دەشتى غەم بىر يەرگە يەتتى.
بۇ يەردە نە تىكەن بارۇ نە گۈل بار،
بۇ يەردە يوق خۇدادىن ئۆزگە دەركار.
دېدى بۇلبۇل: «ئايا سۇببۇھۇ قۇددۇس،
مېنى فۇرقەتكە سالدى نەگۇ نامۇس.
نە مۇشكىل ئىش ئىكەن يارنىڭ يىراقى،
تەمام جانىمنى ئۆرتەر ئىشتىياقى.
تىرىكلىك شاخىنى سەلكىن قايىردى،
تىكەن رەشكى مېنى گۈلدىن ئايىردى.
مېنىڭ ئەمدى سەن ئوقسەن غەمگۇزارىم،
مېنى ھىجراندا كۆيدۈردى نىگارىم.
مىنىڭ بۇ دەردىمە، يارەب، دەۋاقىل،
ماڭا ئۇتۇق ئەيلە، ھاجەتىنى رەۋا قىل.
ئەگەرچە ئەيلەدىم گۈلدىن جۇدالىق،
قاچان بولغاي ماڭا غەمدىن رەھالىق.
ماڭا، يا رەب، ئەلەم ئۆزرە ئەلەمدۇر،
نەچۈك جانىمنى قويماس دەردۇ غەمدۇر.
نې ئىشقە ياخشىلىق يەتمەس فەلەكدىن،
قوتۇلماسمەنمۇ بىر كۈن غەم يېمەكتىن.
جۇدا بولدۇم كېلىپ گۈلدىن چەمەنگە،
ياۋۇق بولسام چىدا ئالمام تىكەنگە.
ئىلاھا، ئايرىغىل گۈلنى تىكەندىن،
تىرىكدۇرمەن ئايرما گۈلنى مەندىن.
نەچە كۈندۇر ئوشۇل گۈلدىن يىراقمەن،
ئۆزۈمگە دەردمەندۇ ئەلگە ساقمەن.
قاچان كۆڭلۈم يەقىن گۈلدىن ئۈزۈپمەن،
تىكەننىڭ دەردىدىن كۆڭلۈم بۇزۇپمەن.
بىلۇرسەنمۇ مېنىڭ ھالىمنى، ئەي گۈل،
فىراق زەنجىرىدىن بويىنۇمدادۇر غۇل.
قاچان بىلگەيسەن، ئەي گۈل، خەستە ھالىم،
كېچە - كۈندۈز سېنىڭ بەزمەڭ خەيالىم.
قاچان ئوتلۇغ يۈزۈڭدىن ئايرىلىپمەن،
تۈمەنمىڭ ئوتنى جانىمغە سالىپمەن.
دىماغىمغە زەھر قۇيغان دەردۇ داغىم،
يۈزۈڭسىزدۇر مېنىڭكى سەير باغىم.
يۈزۈڭنى كۆرمەگەننى كۆز دېمەسمەن،
سېنىڭ زىكرىڭ ئەمەسنى سۆز دېمەسمەن.
ئەگەر گۈلشەندە سەندەك گۈل ئاچىلماس،
دىلۇ جانىم ئىچىگە ئوت ياقىلماس.
ئەگەر ئوتدەك يۈزۈڭ پەيدا ئەمەسدۇر،
بۇ كۆڭلۈم بۇلبۇلى گويا ئەمەسدۇر.
ئەگەر ئاچىلمساڭ، ئەي گۈل، سەھەردە،
پەرى ھەم بولسە كۆز كۆرمەس نەزەردە.
سېنىڭسىز، گۈل، ماڭا يوقتۇر تىرىكلىك،
سېنىڭسىز مىڭ ئەلەم باشقە كىلىكلىك.
سالۇر جانىمغە ئوت ھۆسنۈڭ فىراقى،
يامان دۇشۋار ئىكەن يارنىڭ يىراقى.
نېتەي، مەن ئاجىزۇ بىچارەدۇرمەن،
ۋەفاسىز يار ئۈچۈن ئەۋارەدۇرمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جۇدا بولدۇم فەلەكنىڭ گەردىشىدىن،
كېتىپ ئېردىم گۇلى قەھقەھ قاشىدىن.»
دېبان، غەرق ئولدى بۇلبۇل كۆز ياشىغە،
نەچۇك بارغۇم گۇلى قەھقەھ قاشىغە.
لەبى پەيمانەدىن تۆكتى ئەسەلنى،
ئوقۇپ گۇل فۇرقەتىدە بۇ غەزەلنى:

## بۇلبۇل گۇلنىڭ فىراقىدا ئول چەمەن - بەيتۇل - ھەزەندە ئوقىغان غەزىلى

جەمالىڭدىن جۇدا بولدۇم نىگارىم،
نەتەندە سەبرۇ جانىمدە قەرارىم.
كۆزۈمنىڭ نۇرى ھۇسنۇڭ شەمئى ئېردى،
جۇدا بولدۇم قارارتىپ روزكارىم.
سېنىڭ ۋەسلىڭ تەمەننا ئەيلەپ، ئەي گۇل
يىلاندەك تولغانۇر بۇ جىسىم زارىم.
تىكەننى ئايرىساڭ ـ نازىك تەنىڭدىن،
قاشىڭغە يەتمەيىن بارمۇ تۇرارىم.
مېنى مۇنداغ بەلاغە رەشك سالدى،
قاچان ئېردى جۇدالىق ئىختىيارىم.
قانارىم يوق ئىدى ۋەسلىڭ مەيىدىن،
نەچە ئىچسەم تۇتار ئېردى خۇمارىم.
سېنىڭ يادىڭدا، ئەي گۇل جان بېرۇرمەن
مېنىڭ يوقتۇر بۇ قەۋلىمدىن يانارىم.

**سەبا دەشتۇ بەيابان ۋە سەيرى جەھاندىن گۇلشەنگە كېلىپ، بۇلبۇلنى يوقلاپ، گۇلدىن سوراپ، بۇلبۇل كەتكەننى ئەرز ئەتكەنى، سەبا بۇلبۇلنى ئالىپ كەلمەك ئۈچۈن ئىستەپ چىقىپ، بارىپ بۇلبۇلنى تاپقانى**

يېتىپ كەلدى سەبا دەشتى يەباندىن،
كېلىپ گۇلشەنگە ئول سەيرى جەھاندىن.
بۇ گۇلشەن ئىچرە ھىچ كەلمەيدۇ تاۋۇش،
كۆرەر: بۇلبۇل كۆرۈنمەس، گۇلمۇ خامۇش.
دېدى: «ئەي گۇل، قەنى بۇلبۇل غەرىبىڭ؟
يۈزۈڭگە زارۇ ھەيران ئەندەلىبىڭ؟»
سەباغە گۇل دېدى: «كەتتى يامانلاپ،
دۇرۇست ئاشىق ئەمەس يالغانچى قەللاب.
سەبا ئايدى: «يامانلاپدۇر نە ئىشدىن؟
سەۋەب نەدۇر ئۇ بۇلبۇلغە كېتىشدىن؟»
دېدى گۇل: «دەردۇ ھالىم سورمادىڭ دەپ،
تىكەن ھەم جىسمۇ جانىم ئۆرتەدى دەپ.
سەبا ئايدى: «بۇ گۇلغە ئايتمادىڭمۇ
قايان بارغايسە، تۇرغىل، دېمەدىڭمۇ؟»
گۇل ئايدى: «كەتسە كەتسۇن، نې قىلايىن،
يولى بولسۇن، ئانى نېچۈك ئېتەيىن.»
سەبا ئايدى: «سېنى دەپ كەلسە بۇلبۇل،
كېچە ـ كۈندۈز قاشىڭدا باغلاسا قول.
شەجەرگە باغبان تەربىيەت ئەتمەس،
شەجەر ھەم مېۋە بەرمەك نىيەت ئەتمەس.
كىشى قۇل ھالىنى سورماس بولۇرمۇ؟
ھەزىن كۆڭلىنى خۇش قىلماس بولۇرمۇ؟»
دېدى گۇل: «سىنايىن نېچۈك قۇش ئېركەن،
بىلەي، يالغانمۇ ئاشىق، چىنمۇ ئېركەن.
سەبا ئايدى: «ھەر ئىشنىڭ سائەتى بار،
تاتىماس چاغدا نازىنىڭ نە ئىشى بار.

ئالى ئەۋۋەل سوراپ كۆڭلىنى ئالغىل،
ئەۋازىشلار قىلىپ، خىزمەتكە سالغىل.
كىشى خاجەسىغە بولسە قەدىر ناز،
قۇلغە خاجەسى ئاندىن قىلۇر ناز.
ئەگەر قىلساڭ بۇ يەڭلىغ قىلىقىڭنى،
كىشى كۆرمەس ئېسە ياخشىلىقىڭنى.
سەبا ئايدى قىزىلگۇلغە: «قۇلاق سال،
بۇ سۆزنى ئاڭلا، مەھكەم يادىڭە ئال.
قالىپدۇر نەقللار ئەھلى سەلەفدىن:
‹مۇھەببەت كۆپلۈكى ئىككى تەرەفدىن›
ئەگەر مەئشۇق ئېرۇر ئاشىقغە جازىب،
بولۇرلار ئەھلى ئىشقىغە غالىب.
ئەگەر مەتلۇبىدىن بولماس ئىشارەت،
قاچان تالىب قىلۇر كۆڭلىنى غارەت.
دەم ئۇرسە، ئوت ئۇتۇن ئۆزرە تۇتاشۇر،
ئۆچەر چوغ ھەر نەچە ئۇچاقدىن ئاشۇر.
شەجەرگە باغبان تەربىيەت ئەتمەس،
شەجەر ھەم مېۋە بەرمەك نىيەت ئەتمەس.
تېگۇرمەندە چىقار ئۇن ئىككى تاشدىن،
نە ئىشرەت سۇد قىلغاي يەككە باشدىن.
ئەگەر بولسە تەناب ئىككى بويۇندە،
ئىكەۋ تارتىشسە بارغاي ئاندا ـ مۇندە.
تاۋۇش چىققاي قاقار ئىككى ئەلىكنى،
نەچە تەبرەتسە جۇز يالغۇز ئەلىكنى.
ئەۋۋەل مېنى ئىبەرىپ كەلدىڭ ئالىپ،
كېيىن ناز قىلساڭ ئانى ئوتغە سالىپ.
ئىشىت، ناز كۆپلۈكى كۆڭۈل ساۋۇتۇر،
قاچان غەمكىن كۆڭۈللەرنى ئاۋۇتۇر.
ئەگەر بۇلبۇلغە، ئەي گۇل، مېھرىبانسەن،
.كېلەي بارىپ، ئاڭا بەرگىل نىشانسەن.
ئەگەر مېھرى ئوتىن، ئەي گۇل، ئۆچۇردۇڭ،
ئوشۇل بۇلبۇلنى شاخىڭدىن ئۇچۇردۇڭ.
.قويا بەرسەڭ جانى بارىچە كەتسۇن،
باشىن ئالىپ نە يەرگە يەتسە يەتسۇن.»
سەبا كۆردىكى، گۇل رەڭگى قىزاردى،
ئاچىلىپ غۇنچە لەئلى سۆزگە باردى.
دېدى: «بواسە خوب ئېردى مۇندا بۇلبۇل،
كېرەكدۇر خاجەلەرنىڭ ئالدىدا قۇل.
ئۆزى كەتتى، نە ئەيلەي، كەتسە كەتسۇن،
ئىشىم يوق كەلمەسۇنكىم، خاھى كەلسۇن.»
بۇ سۆزنى دەر ئېرۇر، ئەمما جىگەر خۇن،
بۇرۇنقى ھالىدىن بولدى دىگەرگۇن.
قىزىلگۇلدىن سەبا بۇ سۆز ئىشىتتى،
بۇ سۆزدە دەردۇ فۇرقەت فەھمىن ئەتتى.
سەبا كۆڭلىدە بىلدى بار نىيازى،
ئېرۇر نامۇسدىن ئاغزىدا نازى.
سەبا ئايدى: «بارايمۇ يا تۇرايمۇ،
ئالىپ بۇلبۇلنى مۇندا كەلتۇرەيمۇ؟»
دېدى گۇل: «بارىڭىز، كەلسە تەخى خوب،
كېرەك بولسە ئاڭا دىلدار ـ مەھبۇب.
ئەگەرچە كەلمەس ئولسە، ئۆزى بىلسۇن،
مېنىڭدىن قالماسۇن بەد، سۆز ئۇزۇلسۇن.
كىشى مەھبۇب ئىلە نازان كېرەكدۇر،
كىشى ئاشىق ئىسە نالان كېرەكدۇر.
نىياز ئىشق ئەھلىگە، مەئشۇقغەدۇر ناز،
زىمىستان بولسە، كەيىندىن بولۇر ياز.»
فىراقنامە بىتىپ بولبۇلغە ئول گۇل،
سەبادىن بەردى گۇل دەپ: «مەن ساڭا قۇل.
سىناي دەپ سورمادىم دەردۇ دىلىڭنى،
نەچۇك بىلمەسمە قەدرۇ قىممەتىڭنى.
قىلاي دېدىم سېنى مەن ئازمايىش،
ساڭا مەندىن، تىكەندىن يەتتى كايىش.
سېنى ھەم بىلمەگەن بولسام غەنىمەت،
بىلەي قەدرىڭنى، كەلگىن فات فۇرسەت.»
ئىبەردى گۇل سەبادىن ئەرز داشىن،
سەبا كەتتى، تۆكۆپ گۇل قالدى ياشىن.
سەبا ئول ۋەقتدە گۇلدىن رۇخسەت ئالدى،
قوپۇپ ۋەقتى سەھەردە يولنى ئالدى.
سەبا بۇلبۇلنى ئىستەپ ھەر ۋەتەندە،
يۈرۈپ دەشتۇ بەيابان، گەھ چەمەندە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشىتكىل خەستە بۇلبۇلدىن ھېكايات،
كېچە ـ كۈندۈز قىلۇر ئېردى مۇناجات.
دېبان بۇلبۇل: «ئىلاھا كىردىگارا،
كەرەملىك ئاتى ياخشى بىرۇ بارا.
مېنىڭ دەريالار ئاقتى كۆز ياشىمدىن،
بۇ مېھنەت كەتمەدى ھەرگىز باشىمدىن.
ئېرۇرسەن ـ سەن مېنىڭ ھاجەت رەۋايىم،
بۇ يەگلىغ ھالىمە رەھىم ئەت خۇدايىم.
تىلىمغە قىل چۇچۇك ئاتىڭنى ھەمدەم،
دىلۇ جانىمغە قىل يادىڭنى مەھرەم.
مېنىڭ سەن ھەمرەھىم بول تاغۇ تۈزدە،
جۇدا قىلمە غەمىڭنى يازۇ كۈزدە.
ئەگەرچە كۆرمەدىم گۇلدىن ۋەفانى،
غەرىپ باشىمغە كەلتۈرمە جەفانى.
ھەمىشە باقىيۇ پايەندە سەن ـ سەن،
تەرەھھۇم ئەلگە بەنمايەندە سەن ـ سەن.
بۇ قۇلنىڭ بەستە بولغان ئىشلارىنى،
ئاچىپ مەئقۇل قىل قىلمىشلارىنى.
غەمىڭ كۆڭلۈمگە قىل شەمئى شەبىستان،
بۇ جانىم باغىنى قىلغىل گۇلىستان.
ماڭا مۇشكىل، سېنىڭ لۇتفۇڭغە ئاسان،
ئەگەرچە يوق ماڭا قۇللۇق ئارا سان.
ئىشىتكىل بەندەنىڭ ئەرزى دىلىنى،
كەلىد لۇتفى ئەيلە، ئاچقىل مۇشكىلىنى.
مۇناجات ئەھلىگە سامىئ ئېرۇرسەن،
پەرىشان ھالىمە جامىئ ئېرۇرسەن.
ئىشىتمەك سەندىنۇ مەندىن مۇناجات،
ئېرۇرسەن جۇملەگە قازىيۇ ھاجات.
مېنىڭ سىررىم ساڭا ئەئيان ئەمەسمۇ،
قۇلۇڭ بىقەدر، بىئىمكان ئەمەسمۇ.
بۇ باشىمغە ئۆزۈڭ سالغان بەلانى،
رەھىما، لۇتفى ئىتىپ قايتارغىل ئانى
تىلەكىمنى، خۇدايا، مۇستەجاب ئەت،
جەمالىڭ مەن قۇلۇڭغە بىھىجاب ئەت.
سېنىڭ ئىشكىڭگە كىم پەيۋەستە بولسە،
سېنى ئىستەپ تەلەبكە بەستە بولسە،
تىلەپ رەھمىڭنى كىم كۆڭلى سۇنۇقدۇر،
كېچە كۈندۈز سېنىڭ ئىشكىڭ ئوچۇقدۇر.
تىلەكىم بەر بەھەققى ھۆرمەتى كۈن،
يېتىشتۈرگىل، كېيىنگە سالمە بىر كۈن.
ئىلاھا، گەۋھەرۇ سەن پاك ئېرۇرسەن،
ھەمە مۇشكىل ئارا غەمناك ئېرۇرمەن.
ئىلاھا، ئاچقەسەن بەختىم ئىشىكىن،
كۆتەرگىل خەستە دىلدىن غەم چىرىكىن.
ئىلاھا، سەن ئېرۇرسەن گەۋھەرى غەيب،
يارۇغلۇق بەرگۇچىسەن بىشەكۇ زىيىپ.
بىرۇرسەن ئەلگە يەكسان نېئمەتىڭنى،
قاچان مەندىن ئايارسەن رەھمەتىڭنى.
مېنىڭ كۆڭلۈمنى بىغەم قىلغۇچىسەن،
تەنۇ جانىمنى خۇررەم قىلغۇچىسەن.
بىلۇرسەن بارچەنىڭ سىررى نىھانىن،
بېرۇرسەن قۇلنىڭ ئىستەپ تاپماغانىن.
سېنىڭدىن ئۆزگە بىر غەمخار بولماس،
مېنىڭ بىكەسلىكىمدىن يار بولماس.
ئېرۇرمەن دەرگەھىڭدە خاكسارىڭ،
كەمىنە بەندەئى بىئېئتىبارىڭ.
تەلەبكار ئەھلى، يارەب، بارىسىنىڭ،
ماڭا رەھم ئەيلەگىل قۇتلۇغ ئىشىنىڭ،
تۇفەيلىدىن دۇئايىم مۇستەجاب ئەت،
تەرەھھۇم بىرلە لۇتفۇڭ بىھىجاب ئەت.
بارى زىندانى غەمنىڭ ھۆرمەتىدىن،
غەرىبۇ ناتەۋاننىڭ ھۆرمەتىدىن.
سىزىپ يادىڭدا كىم ئاقغان باغىرى،
سېنىڭ ئىشقىڭدا كىمنىڭ چىقتى جانى،
ئانىڭكى ھۆرمەتى، رەھىم ئەت ئىلاھىم،
مۇرادىم بەر ئەبەس ئۆتكۈرمە ئاھىم.
مۇھەببەت رىشتەسىن بويىندا قۇللاب
قىلىپ ھەر كىم، يۈرۈپ يادىڭدا يىغلاپ،
ئانىڭ ئاقغان كۆزىنىڭ ياشى ئۈچۈن،
غەمىڭ بىرلە ئاقارغان ياشى ئۈچۈن،

ئالىمكى نامەئى دىلسوزى ئۈچۈن،
يوللىدا لەيەتى فىيروز ئۈچۈن،
ئىلاھا، ئال مېنى گىردابى غەمدىن،
خەلاس ئەت بەندەنى دەردۇ ئەلەمدىن.
ئىلاھا، جۇملەئى بەندەگە رەھم ئەت،
بارىغە سەندىن ئۇلغاي مېھرۇ شەفقەت.
قۇلۇڭ ھەم ئاجىزۇ ھەم بىنەۋادۇر،
سېنىڭ لۇتفۇڭ تىلەپ كەلگەن گەدادۇر.
بەھەققى ھۆرمەتى نامە مۇھەممەد،
تىلەكىم مۇستەجاب ئەت، قىلماغىل رەد.
تىكەننى قىل جۇدا گۈلدىن، ئىلاھا.
بەھەققى ھۆرمەتى «ياسىن»، «تاھا»
مېنى پەيۋەستە قىل گۈل سۆھبەتىگە،
مېنى سالمە جۇدالىق مېھنەتىگە.
جۇدالىق خۇش يامان دۇشۋار ئىكەندۇك،
ئانىڭدا مىڭ تۈمەن غەم بار ئىكەندۇك.
فىراقى ئوتىدا كۆيدۈم - تۈگەندىم،
ئايرىدى غەم قىلىچى بەند - بەندىم.
يۈزۈم سارغاردى غەمدىن گۈلئۇزارىم،
بەدەل بولدى خەزان بىرلە بەھارىم»
كى بۇلبۇل ئېردى بۇ يەڭلىغ تەلەبدە،
بۇ فۇرقەت ئىچرە ئېردى جانى لەبدە.

ئىشتىمەك داستاننى ئول سەبادىن،
نەدىمى خاس پەيكى دىلرەبادىن.
يۈرۈبان ھەر تەرەف بۇلبۇلنى ئىزدەپ،
بولۇبان تەشنەلەب ھەم بولمايىن خەب.
تۈنۈ كۈن سەير ئېتىپ كەزدى جەھاننى،
تاپاي دەپ ئەندەلىبى باغرى قاننى.
جەھاننىڭ باغىدىن چەۋرۇلدى پىر - پىر،
مۇغەننىيدەك قىلىپ سەۋتىنى غىر - غىر.

كۆرۈركىم بۇلبۇلى مەجنۇنى مەھزۇن،
قولاقىغە ئانىڭ ئىشتىلدى بىر ئۈن.
تاۋۇش كەلدى بۇ ھالەتدە سەبادىن،
خەبەر كەلتۈردى گويا دىلرەبادىن.
ئىشتىپ تاۋۇشنى بۇلبۇل بولۇپ خۇش،
يەنە باشدىن قىلىپ ئىشرەت مەيى جۇش.
سەبا ئول ۋەقتدە بۇلبۇلغە كۆرۈندى،
تەنۇ جانى بىلە بۇلبۇل سۆيۈندى.
سەبا ھەريان بۇ ئالەم ئىچرە چاپتى،
كېلىپ بۇ يەردە ئول بۇلبۇلنى تاپتى.
سەبانى كۆردى بۇلبۇل، سوردى ھالىن،
يۈرۈپ ئالەم كىزىپ يەتكەن مەلالىن.
سەبا ھەم قىلدىكىم بۇلبۇلنى پۇرسىش،
«ساڭا بۇ غەم دىيارىدا نەدۇر ئىش» —
دېدى: «ئەي بۇلبۇل ئەھۋالىڭ نە بولغاي؟
بۇ غۇربەت ئىچرە ئەشغالىڭ نە بولغاي؟
يۈرۈرسەنمۇ قاشىڭدا مەھرەمىڭ يوق،
كۆڭۈل دەردىن ئۈلەشكەن ھەمدەمىڭ يوق
فۇزۇن بولغاي سېنىڭ غەمدىن مەلالىڭ،
ئاچىغ زەھر ئولغۇسى فۇرقەتدە بالىڭ.
كىشى ئايرىلسە يارى مېھرىباندىن،
ئېرۇر بىراق ئەگەر ئايرىلسە جاندىن.
نە دەپ ئول گۈلغە ئۆزدۈڭ ئاشنالىق،
ئانىڭدىن ئەيلەدىڭ ئاخىر جۇدالىق.
ساڭا گۈل بەردى فۇرقەت نامەسىنى،
يۈزىن قان قىلدى يىرتىپ جامەسىنى.
ساڭا ئايدى دۇئا بىرلە سەلام ئول،
دۇئا بىرلە دېدى نەچچە كەلام ئول.»
دېدى، بەردى تۇتۇپ ئەرزى نىگارىن،
ئوقۇغىل، ئاڭلاغىل گۈل كارۇ بارىن.

## سەبا بۇلبۇلغە گۈلنىڭ فىراقنامەسىنى بەرگەنى بۇلبۇل ئوقۇغانى

دېدى گۈل: «بۇلبۇلا، سالدىڭ فىراقىڭ،
دىلۇ جانىمنى ئۆرتەر ئىشتىياقىڭ.
ئىدىڭ قاشىمدا، قەدرىڭ بىلگەنىم يوق،
مېنى ئۆلتۈردى، ئەي بۇلبۇل يىراقىڭ.

www.uyghurkitap.com

ئىشىت ئەرزىمنى، كەل ھەر يەردە بولساڭ،
كەچۈرگىل ھەر نەچچە بولسا نىفاقلىق.
كېلىپ گۈلشەندە نۇش ئەت جامى ئىشرەت،
ھەمىشە مەن بولاي ئالدىڭدا ساقىلىق.
سېنىڭدىن ئىختىيار ئەتمەي جۇدالىق،
يۈزۈم بولسۇن سېنىڭ ئىككى قاراقلىق.
كۆكەرتىپ ئېردىكىم ھۆسنۈڭ گۈلىنى
سېنىڭ كۆزۈڭدىن ئاقغانكى بۇلاقلىق.
مېنى قويماي كېلىڭ غەم ئىچرە يالغۇز،
تىكەنگە باقماڭىز يۈزۈمگە باقىلىق.

## بۈلبۈل سەباغە دەرد ھالىنى ئەرز ئېتىپ، سۆزنى تۈگەتكەنى

بۇ بۈلبۈل مەست ئېردى، ئۆزگە كەلدى،
ئاچىپ لەب ھۆققەسىنى سۆزگە كەلدى.
دېدىكىم: «ئەي سەبا [كەل] ھەمزەبانىم،
ساڭا ئەرز ئەيلەيىن سىررى نىھانىم.
مېنىڭ جانىمغە ئىشقىن سالدى ئول گۈل،
دىلۇ جانىم بىلە بولدۇم ئاڭا قۇل.
سالىپ بويىنۇمغە ئول ئىشقى تەنابىن،
تىشىپ خارى مېنىڭ كۆڭلۈم كەنارىن.
ئىچىپدۇر سۇ تىكەن گويا زەھەردىن،
تىگەر، زەرداب ئاقار جانۇ جىگەردىن.
تىكەن ئېرمەس، ئېرۇر گويا تىز ئالماس،
تېگەر جانىمغە، جىسمىمغە قادالماس.
بەناگاھ ئىشق ئوتى جانىمغە تۈشتى،
فىغانىم كېچە ـ كۈندۈز كۆكدىن ئاشتى.
مېنى دەرد ئوتىدا كۆيدۈردى ئول گۈل،
ئىچىمدۇر چۈن قىزىل چوغدۇر، تاشىم كۈل.
تىكەنىنىڭ دەردى بىرلە تارتىپ ئەفغان،
بۇ دەردىنىڭ زۇلمى بىرلە چىقماغان جان،
دېدى بۈلبۈل، — بولاي يا خار بولسۇن،
مېنى بولماسا ئۆلتۈرسۇن، يوق ئەتسۇن.
تىلەپ ئول گۈلنى ياشىم ئاقىزدىپمەن،
تۈگەندىم رەشك دەردىدىن سىزدىپ مەن.
ئىچىمدە غۇنچە يەڭلىغ مىڭ تۈگۈندۇر،
چىقار بۇ جانىم ئەرتە يا بۈگۈندۇر.
ئۆلەرمەن يادىمە كەلسە رەقىبىم،
ئەزەلدىنمۇ بۇ دەرد ئولدى نەسىبىم.
كۆرۈنۈر كۆزۈمە گوياكى خەنجەر،
قادالماسدىن بۇرۇن جانىمغە سەنجەر.
غەرەز بۇ بولماسە جانىمدۇرۇر گۈل،
نەچۈكدىن بولمايىن جانىمغە مەن قۇل.
ئەگەر جان بولماسە تەندىن نە ھاسىل،
بۇ تەن جانسىز تىرىلمەك ئېردى مۈشكىل.
مېنىڭ جان چەكمەكىم بىر يار ئۈچۈندۇر،
تەقى قان يۇتماقىم دىدار ئۈچۈندۇر.
ئېرۇر كۆڭلۈمدە قويماي گۈل قاشىدىن،
بولۇپ پەرۋانە، ئۆيرۈلسەم باشىدىن.
ئۆزۈمنى ئاتەشىن ھۆسنىگە ئۇرسام،
ئوشۇل ئوت بىرلە كۈل بولسام، توزۇلسام.
ھەۋادا مەۋج ئۇرۇپ يۈرسەم تۈتۈندەك،
قارا قىلسام جەھاننى تىيرە تۈندەك.
تۇتۇلسە كۈن، كۆزى تۈشمەسە گۈلغە،
مۇيەسسەر بولسە يالغۇز ۋەسلى قولغە.
بارى ئالەم ئېلىدىن رەشك ئېتەرمەن،
قاراسە غەيرىغە ھوشدىن كېتەرمەن.
ياراتتى ھەق بۇ تەننى، جان ئىچىندە،
ئۇ جانىڭ بولسە خۇب جانان ئىچىندە.
بۇ تەننى غەيرى كۆرمەك بىرلە رەشكىم،
ئاقادۇر چەشمەلەردەك كۆزدىن ئەشكىم.
قاچان جانانى ئەل كۆرسە تىرىلگۈم،
مېنىڭ مىڭ قاتلە ئاندىن خوبدۇر ئۆلگۈم.
بارى ئەلدىن، تىكەندىن رەشكىم ئارتۇق،
ساڭا ئەمدى نې دەرمەن مۇندىن ئارتۇق.
سەبا ئۇشبۇ ساڭا بۇ قۇلنىڭ ئەرزى،
بىلۈرسەن جۈملە ئىشنىڭ ھەرنە تەرزى.»

## سەبا بۇلبۇلغە نەسىھەت قىلىپ ئاۋۇتقانى، رەشك ئوتىنى ساۋۇتقانى

سەبا بۇلبۇلغە ئايدى :«ئەي دىلىدەفكار،
يېمە بىھۇدە غەم، بار، گۇلغە بول يار.
قۇلاق سالغىل، ساڭا كىم بىر سۆز ئايتاي،
دۇر ئەفشانلىق قىلىپ كۆڭلۈك ئاۋۇتاي.
قارا گۇلغە، تىكەنگە سالمە كۆزنى،
جۆرۈتمە بىھۇدە غەم بىرلە ئۆزنى.
سەبا ئايدى :«تىكەنسىز گۇل بولۇرمۇ؟
مۇشەققەتسىز جەھاندا قۇل بولۇرمۇ؟
كىشى بولسا ئەگەر گۇل ھۇسنىغە زار،
ئالىپ گۇلنى تىكەنى بىرلە سانجار.
جەھاندا كىمسە بولسە ھۆسنى گۇلزار،
كۆزى ئەتراپىدا مىژگان ئوقى بار.
مىژە دىلبەر كۆزىنىڭ زىنىنەتىدۇر،
بىلىڭ كىرپىك يوقى كۆز ئىللەتىدۇر.
ياراشۇر گۇل تەنى، گۇل خار بەرگى،
تىرىكلىكتىن فوزۇن ئىشق ئېلى مەرگى.
جەفا مەئشۇقلارنىڭ ئىمتىھانى،
قاچان چىققاي چىن ئاشىق چىقسە جانى.
تىلەر گۇلنى، چېكەر خارى جەفاسىن،
ۋەگەر نە قىلماغاي گۇل مۇددەئاسىن.
ئەسەل پەيدا بولۇر زەنبۇر ئىچىدىن،
نەمەك پەيدا بولۇپدۇر شور ئىچىدىن.
ئەسەل ئەۋۋەل چۇچۇك، ئەۋۋەل تاتىقسىز،
نەمەك شور ئىلگەرى، ئاندىن ئاچىقسىز.
كىشى كۆرمەي دېسە دەردۇ بەلانى،
تىلەپ ياد ئەتمەگەي كۆزى قارانى.»
بۇ سۆزدىن تاپتى بۇلبۇل كۆڭلى تەسكىن،
تىكەنگە رەشكدىنكىم ئەيلەدى كىن.
تىلەپ گۇلنى تىكەن دەردىن ئونۇتتى.
نەسىھەت سۇيى رەشك ئوتىن ساۋۇتتى.

## سەبا بۇلبۇلنى يەنە ۋەسل دەۋلەتىگە ئۇلاغانى ۋە ھىجران مېھنەتىنى قاۋلاغانى

سەبا بۇلبۇلغە كىم چەندان نەسىھەت
قىلىپ دېدى: «يۈرۈ گۇلشەنغە ئەزم ئەت
ئىشىتكىل مۇرغ دانا دىلكەش ئاۋاز،
نىگارىڭ بەزمى سارى ئەيلە پەرۋاز.
سېنى كەلگەيمۇكىن دەپ غەمدە يارىڭ،
يولۇڭغە بولماغاي كۆپ ئىنتىزارىڭ.
يېمەكلىك يارسىز دايىم ئەسەلدۇر،
مۇھەببەت ئەھلىگە رەنجۇ كەسەلدۇر.
كىشى يارى بىلە دائىم زەھەر يەر،
ئۇنى ئىشق ئەھلى زەھر ئېرمەس شەكەر دەر،
بېرىپ گۇل بىرلە قىلغىل ئەيشى ئىشرەت،
كېلىپ راھەت، باشىڭدىن كەتسۇ مېھنەت.»
دېدى، بۇلبۇلغە بۇ سۆز بولدى مەئقۇل،
دېدى بۇلبۇل سەبانى: «باشلاغىل يول.»
سەبا بۇلبۇلنى ئالدى، يولغە كىردى،
يۈتۈرگەن بەختۇ دەۋلەت قولغە كىردى.
ئىكى مۇشفىق يۈرۈپ تەي قىلدىلار يول،
كېتىپ غەم كۆنلەرى، چۆللەر بولۇپ گۇل.
سەبا يۈردى بۇرۇن گۇلغە يېتەي دەپ،
خەبەرنى يەتكۈزۈپ خەندان ئېتەي دەپ.
قويۇپ بىر يەردە بۇلبۇلنى خەبەرگە،
سەبا ئىلگەرى كەلدى ۋەسل ئېتەرگە.
سەبا كەلدى يېتىپ گۇلنىڭ قاشىغە،
يۈزىن سۈردى ئاياغىدىن ـ باشىغە.
دېدى: «ئەي گۇل، ئالىپ كەلدىم قۇلۇڭنى،
سېنىڭ ھۆسنۈڭگە شەيدا بۇلبۇلۇڭنى.
خوشۇ خەندان ئۇرۇپ كۆرگۈز ئۆزۈڭنى،
دەرىغ ئەتمە ئاڭا شىرىن سۆزۈڭنى.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشتىپ بۇ خەبەرنى بولادى گۈل شاد،
گىرىفتار ئىردى غەمگە، بولادى ئازاد.
قانى؟ دەپ سوردى بۇلبۇلنى قىزىلگۈل،
«كى بىر يەردە قويۇپ كەلدىم، دېدى ئول،
كېلەي ئالىپ، ماڭا بەرگىل سۆيۈنچى،
تەبەق - تەبەق گۆھەر، مەرجانۇ ئۈنجى.»
دېدىكىم :«ئەي سەبا، جانىم سېنىڭدۇر،
جەھانىم، لەئل - مەرجانىم سېنىڭدۇر.
قانى ئول بۇلبۇلى شىرىن زەبانىم؟
قاتىغ مېھنەتدە يارۇ مېھرىبانىم.»
سەبا بۇلبۇلنى كەلتۇردى ئوشۇل ۋەقت،
ئاچىلدى دەردۇ فۇرقەت باغلاغان بەخت.
سەلام قىلدى، يەر ئۆپتى گۈلغە بۇلبۇل،
ئەلەيك ئالدى سەلامىغە قىزىلگۈل.
سورادى بۇلبۇلى زارۇ گەداسىن،
جۇدا ۋەسلىدىن ئولغان بىنەۋاسىن.
ېدى: «ئەي بۇلبۇلى زارىم، نەچۇكسەن؟
سراق ئىلكىدە ئەفكارىم، نەچۇكسەن؟
ېنىڭ يالغۇزلۇغۇمدا غەمگۇزارىم.
ئىدىڭ، تاشلاپ باردىڭ نىگارىم.
ماڭا ئىردىڭ جەھاندا يارۇ دىلدار،
جەمالىڭ بەيئىنە ئىردىڭ خەرىدار.
فىراق ئىچرە سېنىڭ ھالىڭ نەكەچتى،
غەمىم بىرلە مەھۇسالىڭ نە كەچتى؟
نە ئىردى ھەجر ئارا ئەيشۇ نىشاتىڭ،
مېنىڭسىز كىمگە ئىردى ئىلتىفاتىڭ.
مېنىڭدىن ياخشىراقنى تاپتىڭ ئوخشا،
ئانىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىن كەتتىڭ ئوخشا.
ئەگەر تاپساڭ مېنىڭدىن ياخشىراقنى،
كېتىپ، قويساڭ ماڭا دەردۇ فىراقنى.
جاھان ئىچرە سېنىڭ يەڭلىغ كىشىم يوق،
مېنىڭ سەندىن بۆلەك بىرلە ئىشىم يوق.
ماڭا سەنسىز ئىدى ئالەم قاراڭغۇ،
شەكەر ئىردى فىراقىڭ بىرلە ئاغۇ.

غەمىڭ بىرلە ئىدىم مەن زارۇ ھەيران،
قاچان ئىردىم بۇ گۈلشەن ئىچرە خەندان.
ماڭا سەنسىز تىرىكلىك ئىچرە مەرگىم،
دېدى دۈشمەن غەم ئىچرە شاخۇ بەرگىم.
ئۆلۈپ ئىردىم، سېنى كۆردۈم، تىرىلدىم،
تۈگۈن ئىردىم، سېنى كۆردۈم، يازىلدىم.
كېچەر مەن، بۇلبۇلا، جانۇ جەھاندىن،
ئۈمىد ئۈزمەن سېنىڭدەك قەدرداندىن،
سەن - ئوقسەن ئىككى ئالەم مېھرىبانىم،
سېنىڭ ئىشقىڭ ئىرۇر جىسىم ئىچرە جانىم.
كەمىم يوق سەندىن ئۆزگە بۇ جەھاندا،
سېنىڭ مېھرىڭ خەيالدۇر بۇ جاندا.
تىرىكمەن قىلمىشىم يوقتۇر جۇدالىق.
ئۈزۈلمەس روزى مەھشەر ئاشنالىق.
سېنى، ئەي بۇلبۇلا، ئول كۈندە كۆردۈم،
ئىكى ئالەم ئارا جان بىرلە سۆيدۈم.»
بولۇپ گۈل بۇلبۇلى زارىغە نازان،
ئېگىلۇر ھەر تەرەف چۈن بېدى لەرزان.
ئاچىلىپ غۇنچەلەر، يازدى ۋەرەقلەر،
ئىرۇر ھەر شاخ ئۆزە لەئلى تەبەقلەر.
بولۇپ مەست ۋەسل ئىلە ھەر يان ئېگىلىپ،
ساچىلىپ ھەر تەرەف، گاھى يىغىلىپ.
قىلىپ ھەر لەھزە يۈز ئىشۋە ئىلە ناز،
كۆڭۈلخانىلىق قىلىپ بۇلبۇلغا ئەنداز،
كېسىپ غەم جۇش ئېتىپ نازۇ كەرەشمە،
لەبىدىن ئاقىزىپ شەھد ئىلە چەشمە.
دېدى: «ئەي بۇلبۇلۇم، بەس، خوش كېلىپسەن،
مېنىڭ جانىمغە باشدىن ئوت سالىپسەن،»
دېدى گۈل: «بىزدىن ئۆتكەن بولسە مەنزۇر،
مەنى بىچارەدىن كۆپ بولمە رەنجۇر.
قىلىپ ئىردىم ھەر ئىشنى ئىمتىھاندىن،
ئەزىز ئىردىڭ ۋەگەرنە جىسمۇ جاندىن.

بولاي ئەمدى سىنلق كۆڭلۈڭدە قايداغ،
ھەزىن كۆڭلۈڭغە، ئەمدى قويماغىل داغ.
نە پەڭلىغ خاھلاساڭ، يۈرگىل ئەنە باغ،
قەدەمگاھىڭدا قىل سىينەمدە يايلاغ.»
جەۋابىغە دېدى بۇلبۇل بولۇپ خوش،
فىراق ئەيىيامىنى ئەيلەپ فەراموش:
«بۇ گۈلشەن ئىچرە سەن سۇلتان ئىدىڭ گۈل،
كېچە ـ كۈندۈز ئىدىم ئالدىڭدا مەن قۇل.
مېنىڭكى يوق ئىدى ھەرگىز كېتەردىم،
قاچان بار ئېردى ئىشقىڭ تەرك ئېتەرىم.
كېلىپ ئېردىم سېنى دەپ مەن بۇ يەرگە،
مېنى سەن ئالمادىڭ ھەرگىز نەزەرگە.
بۇ يەڭلىغ بولسە ھەم يۈردۈم قاشىڭدا،
بولۇپ پەرۋانە، ئۆيرۈلدۈم باشىڭدا.
بولۇپ قۇل، خىزمەتىڭدە كۆپ يۈگۈردۈم،
ئەگەرچە سورماساڭ كىم دەپمۇ، يۈردۈم.
مۇنىڭ ئۈستىگە قويدۇڭ نىشەئى خار،
ئانىڭدىن يەتتى جانغە، يۈزمىڭ ئازار.
تەنۇ جانىمنى ھەرگىز قويمادى ساغ،
ئەدەدسىز دەردىدە داغ ئۈستىگە داغ.
ئىچىمگە كىردى شەيتان، قىلدى ۋەسۋاس»
دېدى: «سەندەك جەھاندا يوق ئوسال ناس.
كېلىپسەن گۈلنى دەپ باغ ئىچرە بۇلبۇل،
سېنى سورمايدۇ: كىم سەن؟ دەپ ئوشۇل گۈل.
ئانىڭ ۋەسلىگە خارى بولسە ھەمراز،
قىيا باقماي ساڭا ئول قىلسە كۆپ ناز.
ئاڭا دائىم رەقىبىڭ بولسە ھەمراھ،
قىغان ئەيلەپ چېكەرسەن بىھۇدە ئاھ.
ئەگەر يەتسە تىكەندىن جانىڭە نىش،
بىرەر قىلغاي ئىكەن ھالىڭنى پۇرسىش.
ۋەيا بولسۇن تىكەن، يا سەن بۇ يەردە،
نە مۇشكىلدۇر رەقىب تۇرسە نەزەردە.

كۆتەرمە بىھۇدە دەردۇ ئەلەمنى،
كېتىپ سەير ئەت جەھاننى، يېمە غەمنى.
ساڭا گۈل كۆڭلى ئىچرە مېھرىبانلىق،
ئەگەر بولسە قىلۇر شىرىن زەبانلىق.
بىرەۋنى دەير بار ئىستەڭ جەھاننى،
ئالىپ كېلىڭ تاپىپ ئول باغرى قاننى.
دەبان ئايتار، تاپار ئىستەپ سېنى گۈل،
كېرەك بولسە ئانىڭ بەزمىدە بۇلبۇل.
تەنىدىن ئايرىپ ئەتسە ئول تىكەننى،
ھەزىن جانىڭغە، ئول نەشتەر قىكەننى.
تىكەنىنىڭ زەخمىدىن ئەۋۋەل قۇتۇلغىل،
كېلىپ گۈل قاشىدا ئىشرەتدە بولغىل.»
مۇنى ئايدى، تىكەندىن بولدى رەشكىم،
بولۇپ دەريا جەھاننى تۇتتى ئەشكىم.
بۇ سۆزلەرنى قىلىپ كۆڭلۈمگە مەئقۇل،
بولۇپمەن تەلبەرەپ كەتمەككە مەشغۇل.
بولۇپ سەرمەست تۇغيان قىلدى غەيرەت،
غەرىب ئەھۋالىمە رو بەردى ھەيرەت.
بولۇپ بىھۇش بەيابان سارى كەتتىم،
ئۇچۇپ سەيران ئېتىپ بىر يەرگە يەتتىم.
قىلىپ ئاندا قىغانلار كېچە ـ كۈندۈز،
يۈرۈپ ئېردىم غەرىبلىق ئىچرە يالغۇز.
نە ئاندا ھەمرەھىمدۇر، ھەمزە بانىم،
نە ئۆزۈمدىن ئېرۇر نامۇ نىشانىم.
قاچان بولغاي سېنىڭدەك يار بىھىراق،
ياراتىپدۇر سېنى ھەق ھۆسن ئارا ئاق.
يۈرۈپ ھەريان كېزىپ ئۇشبۇ جەھاننى،
تاپىدۇرمەن سېنىڭدەك دىلستاننى.
ھەمىشە نالەۋۇ پەرياد ئېتەرمەن،
قاچان سەندىن بۆلەكنى ياد ئېتەرمەن.
ئەگەرچەندىكى مەن بولسام يىراقدا،
تىلەپ ۋەسلىڭ خۇدادىن ئىشتىياقدا.
كېچە ـ كۈندۈز قىلىپ ھەجرىڭدە زارى،
كۆڭۈلنىڭ يوق ئىدى سەبرۇ قەرارى.
مۇيەسسەر گەر ئەمەس، ئەي گۈل، ۋىسالىڭ،

كۆڭۈلدىن چىقمادى ھەرگىز خەياللىق.
خەيالىڭدا قاراسام ھەر تەرەپكە،
نەزەر تىيىرىغە ھۇسنىڭدۇر ھەدەپكە.
كۆرۈنمەس ئېردى غەيرى سەندىن ئۆزگە،
ئەگەر جەننەت گۈلى ھەم تۇشسە كۆزگە.
خەيالىڭ تىغ ئۇرۇپ، جاندىن ئاقىپ قان،
نەزەر گاھىمغە، ئول بولدى گۈلىستان.
ماڭا سەندىن بۆلەك جانان كېرەكمەس،
بۇ كۆڭلۈم تەختىكە سۇلتان كېرەكمەس.
ئاياغىڭ تۇپراغى گەۋھەردىن ئارتۇق،
غەمىڭ زەھرى ماڭا كەۋسەردىن ئارتۇق.
سېنىڭ يادىڭ بىلە ئەيشۇ نىشاتىم،
يۈرەك داغى ئىدى نەقلۇ نەباتىم.
كۆڭۈل قانى ئىدى ئىچكەن شەرابىم،
باغىر ئېردى گەزەك ئەيلەر كەبابىم،
سېنىڭ زىكرىڭ تىلىمغە ئېردى شەككەر،
سېنىڭ فىكرىڭ بۇ جاندىن ئېردى خۇشتەر.
ۋىمدى ۋەسل ئىدى دائىم سۇرۇرۇم،
مغانۇ ئاھ ئىدى ھەردەم ھۇزۇرۇم.
‹مېنى قۇتقار بۇ فۇرقەتدىن — بەلادىن›
دەبان دائىم تىلەر ئېردىم خۇدادىن.
كۆزۈمدىن قان ئاقىپ رۇخسارىم ئۆزرە،
ئارىغلار بولسە جىسمۇ زارىم ئۆزرە.
بۇ غەم بىرلە ئىدىم مەن زارۇ غەمناك،
بۇ ھەسرەت ناخىنى كۆكسۈم قىلىپ چاك.
خەيالىڭ ئۇيقۇنى كۆزدىن قاچۇردى،
ساۋۇق ئاھىم فەلەك ماھىن ئۆچۈردى.
مېنى دەردۇ فىراقىڭ ئەيلەدى پىر،
تەنىمنى قىلدى يا، ئاھىمنى چۇن تىير.
كۆزۈمدىن بۇ جەھاننى تۇتتى تۇفان،
تەنىم كىشتى چۇ نۇھ ئولدى ئاڭا جان.
بولۇپ توفان ئۆزە ئەۋراق، سۆزدۈم،
قاچان، ئەي گۈل، ئۈمىدىم سەندىن ئۈزدۈم.
ئىچىپمەن تاكى ھەجرىڭ شەربەتىنى،
بىلىپمەن قەدرى ۋەسلىڭ دەۋلەتىنى.

ماڭا ھەرلەھزە يەتتى بىقەرارلىق،
ماڭا ئۆرگەتتى ۋەسلىڭ ئىنتىزارلىق.
بۇ مېھنەت بىرلە مەن دەرماندە ئېردىم،
يۈزۈڭنى كۆرگەلى ئارماندە ئېردىم.
مۇبادا مەرھەمەت بولدى خۇدادىن،
قۇلاغىمغە تاۋۇش كەلدى سەبادىن.
يېڭى باشتىن ماڭا يۈزلەندى دەۋلەت،
ئاياغىن تارتتى مەندىن دەردۇ مېھنەت.
سەبادىن ئاڭلادىم قۇتلۇغ سەلامىڭ،
تەقى كۆڭلۈم خوشى شىرىن كەلامىڭ.
ماڭا قىلدى ئىنايەت ھەق نەچۈككە،
بۇ دەۋلەت قوندى، باشىم يەتتى كۆككە.
سەبا بىرلە كېلىپمەن خىزمەتىڭگە،
ئۇلاندىم مەن تاپىلماس سۆھبەتىڭگە.
ئىچىپمەن تاكى ھىجران شەربەتىنى،
بىلىپمەن ۋەسل قەدرۇ قىممەتىنى.
كېلىپمەن دەرگەھىڭغە، ئەي نىكۇ ھال،
كى ئوتغە تاشلاغىل، يا رەھم ئېتىپ ئال.
نە قىلساڭ سەن بىلۇرسەن ئىختىيارىڭ،
ئېرۇرمەن بەندەدە بىئىختىيارىڭ.
مېنىڭ كارىم — ھەمىشە بەندەلىكدۇر،
قاچان سالساڭ شۇ يان ئەفكەندەلىكدۇر.
ۋە يان قويغىل تىكەندىن داغى نەشتەر،
لەبىڭدىن يا ئىچۈرگىل شەھدۇ شەككەر.»
شۇ چاغ ئايدى گۈل ئاندا: «ئەي دىلئارام،
جەھان ئىچرە ئېرۇرسەن ‹ئەندەلىب› نام.
ساڭا كۆڭلۈمدە يوق ھەرگىز يامانلىق،
ئىكى ئالەمدە غەيىر ئەز مېھرىبانلىق.
مېنىڭ سەندۇرسە ئىستەپ تاپماغانىم،
بارى ئالەم ئېلىدىن ئىلغاغانىم.
ئەگەر باۋەر قىلۇر بولساڭ سۆزۈمگە،
ئاياغ قوي گاھ كۆزۈمگە، گاھ يۈزۈمگە.
بۇ گۈلشەندە مېنىڭ كۆڭلۈم خوشى سەن،
نەچۈك مېھنەت دەۋا كۆرسەم ساڭا مەن.
نېتەي، مەن بەندەمەن، يوقتۇر ئىلاجىم،

مېنىڭ جويەلدەلىك ئېرمەس رەۋاجىم.
ئەزەلدىنىدۇر ماڭا بۇ ئاشنالىق،
تىكەن بىرلە مېنى خەلق ئەتتى خالىق.
بۇ يەرنى لەئل يەڭلىغ ئەتتى گۈلزار،
تەنۇ زارىمنى ئەيلەپدۇر تىكەنزار.
ئىلاجى يوق ئانىڭ تەندىن ئايىرماق،
ۋە يا يوق شاخۇ بەرگىمنى قايىرماق.
كېسىپ ئەتسە يەنە تۈبدىن چىقادۇر،
ئاردىنىڭ سۈيى، بىل، باشىدىن ئاقادۇر.
ئانىڭ بىرلە ئېرۇر ئەسلىم ۋە نەسلىم،
ئانىڭدىن يوق مېنىڭ ھېچ يەردە فەسلىم،
ئېرۇرمەن بەندە، ئەيىبىم بار يامانىم،
خۇدا بىئەيىب ئېرۇر، ئەي مېھرىبانىم.
ماڭا گەر يار ئېسەڭ ئەيىبىمگە باقما،
قۇتۇلماس غەم ئوتىن جانىڭغە باقما.»
دېدىكىم گۈلغە: «ئەي رۇخسارى ئاتەش،
باشىڭدىن ئۆرگۈلەي، ئەي نۇقتى دىلكەش!
مېنىڭ سەن ئىككى ئالەم دىلنەۋازىم،
سېنىڭ ئۈچۈن ئېرۇر سوزۇ گۇدازىم.
مەنى غەمكىنە بولسە ئىلتىفاتىڭ،
كۆرۈنمەيدۇر كۆزۈمگە غەيرى زاتىڭ.
جەمالىڭ جىلۋەگەر بولسە كۆزۈمگە،
بولۇرمەن مەست، ھېچ كەلمەم ئۆزۈمگە.
ئەگەر بەندەڭ سارى قىلساڭ نەزەر سەن،
تىكەن يوق گەر سەقەردۇر، بىخەبەرمەن.
ۋە گەر بولسە نەزەر گاھىم جەمالىڭ،
ئالۇر ئەقلىمنى ھۆسنى بىمىسالىڭ.
قاچان يۈز قايتۇراي جەۋرۇ جەفادىن،
غەمىڭ بار، ۋەھەم يوق يۈز مىڭ بەلادىن.
غەرەز - لۇتفۇڭ بارىنى فەھم ئېيتەي دەپ،
كېتىپمەن، تەھتىگە ئىشىنىڭ يېتەي دەپ،
نە يازدىم، بىلمەدىم نە ئىشقە كەتتىم،
بولۇپ لۇتفۇڭ يەنە خىزمەتكە يەتتىم.
سېنىڭ دەردىڭ ماڭا دەرماندىن ئارتۇق،
سېنىڭ ئۆلتۈرگەنىڭدۇر جاندىن ئارتۇق.»

دېدى بۇلبۇل، ئىشىت، سۆزنى تۈگەتتى،
كېلىپ گۈل قاشىغە مەقسەدىغە يەتتى.
ئىشى ئېردى ئانىڭ گۈلبەرگى تەردىن،
ئاشى ئېردى ئانىڭ خۇنۇ جىگەردىن.
فىراق ئىچرە يۈرۈر ئېردى يۈتۈپ قان،
ئۇرۇپ شامۇ سەھەرلەر ئاھۇ ئەفغان.
بولۇپ بۇلبۇلغە تەڭرىدىن ئىنايەت،
قىزىل گۈل ۋەسلىغە تاپتى ھىدايەت.
ھەمىشە قىلدى گۈلشەن ئىچرە مەنزىل،
شەبى زۇلمەت تاپىپ كۈندۈزگە تەبدىل.
قۇتۇلدى ھەجرىدىن، تاپتى فەراغەت،
يانىپ ۋەسلى چەراغى، كەتتى زۇلمەت.
مۇبادا تەگسە ھەم ھىجران شەمالى،
بەھار ئەتتى دىلىن گۈلنىڭ خەيالى.
جەراھەت يەتسە جىسمىغە تىكەندىن،
قويار مەرھەم، كېتەر دەردى بەدەندىن.
ئىشكى دىلرەبادىن تاپسە ھىجرەت،
ئىچەر بىر كۈن ۋىسالى بىرلە شەربەت.
كېتەر ھىجران، تاپار ئاخىر ۋىسالىن،
خەيالى ئۆرتەسە كۆرگەي جەمالىن.
بۇ ئالەمنى خۇدا ئانداغ ياراتتى،
بىرى بۇلبۇل ۋە بىرنى زاغ ياراتتى.
قىلىپ ئانداغ غىزاسىن مېھرى دىلدار
قىلىپ زاغۇ زەغەنگە تۇئمەمۇردار.
چېكىپ بۇلبۇل فىغانۇ سەير ئېتەر باغ
مەكانى زاغلارنىڭ دەشت ئىلە تاغ.
جەھاندا رەڭ - بەرەڭ خەلق ئەتتى خالىق،
مۇنافىقتۇر بىرى، بىرسى مۇۋافىق.
بىرىن مۇئمىن ياساپدۇر، بىرنى كافىر،
ئەجەب قادىر ئېرۇر سەتتارۇ غافىر.
بىرىن مەئشۇق، بىرىن ئاشىق قىلىپدۇر،
بىرىن قەللاپ، بىرىن سادىق قىلىپدۇر.
بىرى گاھى بەھارۇ گەھ زىمىستان،
بەھار ئولسە بولۇر گۈلشەن گۈلىستان.
زىمىستان بولسە بولغاي خۇشك سەردى،

www.uyghurkitap.com

يېتەر بۇلبۇلغە، گۇلنىڭ مېھرى دەردى.
قىلۇر گۇلشەن ئارا ئىشقى مەيى جۇش،
قىلۇر مەشرەب، بولۇر گۇل ۋەسلىدىن خۇش.
ئاچىلسە گۇلشەن ئىچرە ھەر قىزىلگۇل،
قونۇپ شاخىغە، سايرار خەستە بۇلبۇل.
تۇشۇپ جانىغە، گۇل يۈزىدىن ئاتەش.
بۇ تارتىپ دەرد ئىلە مىڭ ئاھۇ دىلكەش.
سەبا سەيران ئېتىپ گۇلشەن ئىچىنى،
قىلىپ راھەت بىلە خۇش تەن ئىچىنى.
تېگىپ گۇلغە، قىلىپ گۇللارنى تازە،
قىلىپ گۇل ھەر تەرەفكە خامىيازە.
كۇشاد ئەيلەپ يارىپ گۇل پەردەسىنى
تەنىگە جەزب ئېتىپ گۇللار ئىسىنى،
يىبەرىپ ھەر تەرەفكە بۇيى ئەمبەر،
قىلىپ ئالەم يۈزىنى مۇشكۇ ـ ئەنبەر.
مۇنىڭدىن بەھرە تاپىپ جان دىماغى،
گۇلنى تازە ئەيلەپ ئىشق باغى.
شەرەر ئەيلەپ، تۇتاشىپ دىل ئۇچاغى،
بۇ ئوت بىرلە كۆيۈپ ئارام باغى.
قىلالماي سەبر بۇلبۇل پەر قىلىپ باز.
چىقارىپ جان لەبىدىن تۈرلۈك ئاۋاز.
ئېتىپ غەم رەختىنى جان ئۆزرە تەھ ـ تەھ،
قىلىپ ھەر لەھزەدە يۈز نەۋئى ۋەھ ـ ۋەھ.
بولۇپ گۇلنىڭ ۋىسالى بىرلە پابەست،
يىقىلىپ گۇل جەمالىدىن بولۇپ مەست.
گەھى خەندان، گەھى گىريانۇ ئەفكار،
گەھى بىر يان، گەھى نازانى دىلدار.
ئۆتۈپ گۇل ۋەقتى، بەس، ئاندىن كېلىپ قىش،
يېتىپ گەھ نۇش، گاھى ھەجرىدىن نىش.
بۇ يەڭلىغ ئۆتتى فانى دۇنيادىن گۇل،
بولۇپ ھەجرىدە، گەھ ۋەسلىدە بۇلبۇل.
كېتەر بۇ دۇنيانىڭ فايانى يوق ھېچ،
نەچە كۈندۈز ئۇزاق، ئاخىر بولۇر كەچ.

گەھى كۈندۈز بولۇر، گاھى كېچەدۇر،
بۇ ئالەمدىن كىشى مۇنداغ كېچەدۇر.
گۇلۇ بۇلبۇل سۆزى ھەم تاپتى ئىتمام،
بارى ئىشق ئېردى ئاغاز ئىلە ئەنجام.
سىياھ ئەتتىم مۇنى ئايماققە خامە،
غەرەز ئول ئېردى ـ قالسۇن يادنامە.
«مۇھەببەتنامە مېھنەتكام» مۇڭا ئات ـــ
قويۇپ، سىزدىم مۇڭا بىرنەچچە ئەبيات.
ئايتتىم سۆزنى مەن ھالىم بارىچە،
تولۇپ كاغەز ئۆزە بالىم بارىچە.
ماڭا بۇ سۆز خۇدا ئىنئامى ئېردى،
دېمەك ئايغان نې يەڭلىغ ئاھى ئېردى.
مېنىڭ تەيىبلىكىدىن كۆپدۇر ئەيبىم،
بۇ سۆزگە يوق ئېرۇر ھېچ شەككۇ رەيبىم.
ئۆزى قادىر، ئۆزى دانايۇ بىئەيب،
مېنىڭ ھالىمغە لايىق قىلدى سۆز سەيب.
غەلەت ـ كەمنى، يارانلار، سىز قىلىڭ راست،
ئېرۇر دەرخاست بىزدىن قويماڭىز كاست.
قوي ئەمدى، ئايماغىل ھەر قىسمى سۆزنى،
تەلەب يولىغە يۈز قوي، تارتما ئۆزنى.
تولا سۆز بىمەزە بولغاي، ئايتما،
تاتىغسىز سۆز ئۇچۇن تەبىنىڭ كايتما.
ئىشىت، ئاز بولسە سۆز ئەل كۆرگۈسى ئۇز،
قىلۇر ئاشنى سىگەن گەر قۇيسە كۆپ تۇز.
دىلا، فىكر ئەت، ھەقىقەتكە باق ئانى،
كۆڭۈلگە مەھكەم ئەت مېھرى بەقانى.
نەچۈك سۇد ئەتكۈسى ئول بولسە فانى،
قويۇپ پانى، تىلەپ تاپ با ۋە فانى.
ئۇمىد ئۆزمە نەچە كۆپ بولسە جۇرمىڭ،
قارا ھەق سارى گەر فىسقى ـ فۇجۇر مىڭ.
دېگىل سەن دائىما ھەننانۇ ـ مەننان،
فىداقىل جان ئىلە يۈز مىڭ تۈمەن نان.
ئانىڭ فىكرىنى قىل ئەيشى مۇدامىڭ،
ئەمەس، جانىغە قاچان بولسۇنمۇ دامىڭ

تىلەپ ھەقنى، دىلا، قەددىگنى يا قىل،
بولۇپ پەرۋانە ئىشىق ئوتىغە ياقىل.
ئىلاھا، قىل مىنى رەھمەت سىرىشتە،
سالىپ بوينۇمغە مىھرىك بىرلە رىشتە.

مىنى قايىتار ئۆزۈك سارى ھەر ئىشتە،
مىنى ئازغۇرماسۇن مەلئۇن فەرىشتە.
غەمىگغە، ئەيلە مەھرەم ھىرقەتىنى،
ئاڭا يەتكۈرمە قورىبىك فۇرقەتىنى.

## خەتمەئى كىتاب ۋە فاسىھەئى خىتاب

دىلا، ئولدۇر ساڭا مەندىن نەسىھەت،
ئەمەلدىن ياخشىراقدۇر ياخشى نىيەت.
كىشى ھەق ئىشقە باغلاپ نىيەتىنى،
كۆرەر ئاخىر ئانىڭ خاسىيەتىنى.
غەرەز پەيۋەستە قىل جانانغە جاننى،
كۆڭۈلدىن تاشلاغىل ئىككى جەھاننى.
ئايىتاي مەن، ئىشىت سەن تازە تەمسىل،
بۇ تەمسىل مەئىنىسى نىدۇر، ئانى بىل.
نەچۇك راھەت ئىرۇر بادى بەھارى،
ئانىڭدىن تازەدۇر ئالەم شەجارى.
كۆكەرتۇر سەبزەنى بارانى نەيسان،
ئانىڭدىن سۇد ئالۇر ھەيۋانۇ ئىنسان.
جەھاندا يوق بەلا بادى خەزاندەك،
شەجەرلەر بەرگىن ئەيلەر زەئفەراندەك.
قۇرۇتۇپ يۈزدىن ئالغاي رەڭگى سەبزە،
يۈگۈرۈپ جانىن ئالغاي ئابى زەھرە.
ئىشىتكىل، ئەي دىلا، بۇ سۆز مەسەلدۇر،
سۇ ئىرمەس تەشنەگە قەندۇ ئەسەلدۇر.
بەھارى ئەھلى تەھقىقنىڭ ئىشىدۇر،
بۇ تەندە سۆزلەگۈچى ھەق ئۆزىدۇر.
قاچان ئايدى رەسۇلىللاھ ھەۋادىن،
خەبەر بەردى قاچان ئول ماسىۋادىن.
ئاڭا كەلتۈرسە جىبرائىل ۋەھيى،
ئول ئەتتى خەلقنى ھەق ئەمرىگە سەئيى.
ئىرۇر بادى خەزان لەفزى مۇقەللەد،
مۇقەللەددۇر ھەقىقەت ئەھلىغە قەسد.
بۇ ئەلنى باشلاغاي غەيرى خۇداغە،
سالۇر نەفسى ھەۋا بىرلە بەلاغە.
مۇقەللەددۇر قاچان تەھقىق ئىلە تەڭ،
مۇنى خالىق مەست ئەيلەپدۇر، ئانى بەڭ.
بەرابەرمۇ ئىرۇر بۇلبۇل بىلە زاغ،
بىرىنىڭ جايى جاڭگال، بىرىنىڭ باغ.
قىلۇر بۇلبۇلنى، بىل، گۈل بۇيى بىھۇش،
بۇ زاغ مۇردار ئىلە سىركىن قىلۇر نۇش.
جانىڭ بارىچە قاچ ئەھلى ھەۋادىن،
ئۈمىدىڭ گەر ئىنايەتدۇر خۇدادىن.
كىشى گەر ئەھلى دىللار بىرلە سۇھبەت،
قىلۇر، ھەقدىن ياغار ئول ئەلگە رەھمەت.
ئەگەر تالىب ئىسەڭ تاب ئەھلى دىلنى،
كىشى دەپ چاغلاما سەن ئابى گىلنى.
كىشى بىرسى بىرىگە بولسە ھەم جىنس،
خۇدادىن فەيز ئالۇر ئول ئەھلى مەجلىس.
قاچان ناجىنس ئىلە سۇھبەت ئۇلۇر گەرم،
قاچان پاك ئولغۇسى يەرنى ئۆپۈپ چەرم.
قاچان سۇ قۇيسەلەر رەۋشەن كۇيەر ياغ،
كۆرۈپ بىگانەنى ئاغرىق بولۇر ساغ.
چىراغدا ياغ بىلە سۇ سالدى قىقاس،
بۇ سۆزنى فەھم قىل، يا ئەيىيۇھەنناس.
نەسىھەت قىلغامەن سىزگە يارانلار،
كىزىپ تاپىڭ جەھاندا باغرى قانلار.
بىلىڭ ھەر تاغ ئىچىندە كانى بولماس،
جەھاندا تاغ ئىرۇر كوپ، سانى بولماس.
لەئەلدىندۇر ئەگەر كان ئىستەمەكلىك،
ئۆلۈك تەندىن نەسۇد جان ئىستەمەكلىك.

uyghurkitap.com



بەدەن كاندۇر، ئۇنىڭ لەئلى مۇھەببەت،
بۇ تەندىن كان ئالۇر كىم قىلسە مىھنەت.
مۇھەببەت ئادەمىينىڭدۇر بەھاسى،
مۇھەببەت بولسە يوقتۇر ئىنتىھاسى.
ياراماس ئوقۇ ياسىز ئىشقە ساغداق،
قاراقچى تەگسە ھەرگىز قويماغاي ساق.
كىشى ھۆسنىگە بىر ھەيرانى بولماس،
ئېرۇر بۇ كۆز ئانىڭ مىژگانى بولماس.
ئەگەر كۆز بولسە، گەر كۆز بولسە نەشتەر،
ئېرۇر مانەند شەھ، يوق ئاندا لەشكەر.
ئوشۇل شاھىكى يوقتۇر خەيلى ھەشمەت،
شۇكۇھى قايدادۇر يوق شەئنۇ شەۋكەت.
كىشى تاپماس مۇھەببەت تىغىدىن جان،
ئېرۇر بىر شەھر، ئاندا يوقتۇ سۇلتان.
ئوشۇل شەھر ئانىڭ سۇلتانى يوقتۇر،
ئېرۇر بىر جىسمىنىڭكى جانى يوقتۇر.
كىشى ھۆسنىگە بولماس ئىشق ئارا قۇل،
گۈلدۇر، يوق ئانىڭ شاخىدا بۇلبۇل.
گۈل ئولسە، بولماسە بىر ئەندەلىبى،
ئېرۇر بىر سادە ھۆسنى، يوقتۇر زىبى.
بىرەۋدە يوق ئەگەر دىلسۇز نالە،
ئېرۇر بىر داغسىز دەشت ئۆزرە لالە.
ئەگەر قويماس يۈرەككە داغى لالە،
ئېرۇر ئاغزى ئوچۇق رەڭگىن پىيالە.
كىشىنىڭ ھۆسن ئارا دىۋانەسى يوق،
ئېرۇر بىر شەمئىنىڭ پەرۋانەسى يوق.
ئەگەر ئول شەمئىگە پەرۋانە بولماس،
ئېرۇر بىر چاقناغان ئوت، يانە بولماس.
مۇھەببەتدىن دەم ئۇرماس بولسە ھەر شەي،
ئېرۇر بىر خۇم، يوق ئاندا جۇششى مەي.
ئەگەر ئول مەيدە بولماس قۇۋۋەتى كەيف،
ئاڭا ساقىيۇ پەيمانە ئېرۇر ھەيف.
نە مەتلۇبدۇر ئەگەر يوق بولسە تالىب،
ئەگەر ھۆسنى ئېرۇر ھەرچەند غالىب.
جەھاننىڭ شەۋكەتىدۇر جۇملە شەھلەر،
داغى ھەم زىينەتىدۇر روزىي مەھلەر.
ئۇلۇغلار ھۆرمەتى ئارتۇغ نۆكەردىن،
پەرتۆەش زىينەتىدۇر ھەم لەزەردىن.
نۆكەرلەر بولماسە شەھ ھەم گەدادۇر،
قايۇ شەھ بىر - بىرىن ھۆكمىن ئوتادۇر.
قىلالماس بىرسى بىرىگە ئۇلۇغلۇق،
نىچۈنكىم شاھلىق ياسى قۇرۇغلۇق.
بارى شەھ جەمئ ئىپسە يوقتۇر رەئىيەت،
قاچان قىلغاي ئۇلار بىر - بىرگە خىزمەت.
بىرى بىر ئىش قىلاي دىسە، ئۇياتۇر،
يەنە بىرنى قاچان سۆزگە ئۇناتۇر.
بۇلارنى خەستە قىلغاي نەڭۇ ناھۇس،
كۆتەرمەس بىر - بىردىگە قىلسە دابۇس.
بۇلار ئولتۇرغۇسى بىر - بىرگە باقىپ،
بىساتلار ئۈستىگە... ياقىپ.
تۆشۈپ يەر ئۆزرە گەرد ئەتمەس ئېتەكنى،
يەغىبدۇرلار مەگەر چەندان كەسەكنى.
نە راھەتدۇر ئەگەر بولسە سىپاھى،
بولۇر ئىززەت بىساتى ئۆزرە شاھى.
سىپەھلەر شاھلارنىڭ پاۋۇ دەستى.
بۇ ئىشدىن شەھغەدۇر راھەت نىشەستى.
غەزەب ئەيلەر مۇڭا، گاھى نەۋازىش،
بولۇر خۇشۋەقت غەزەبدىن يەتسە كاھىش.
گەدا بىرلە فۇزۇندۇر شاھ زاتى،
گەدانىڭ دەۋلەتى شاھ ئىلتىفاتى.
نەخۇش مەششاتەدۇر شەھغە رەئىيەت،
رەئىيەتغە داغى شەھ ياخشى زىينەت.
ئېرۇر شەھلەر مەگەر گۈلشەندەكى گۈل،
رەئىيەت سەبزەدەك گۈل ئالدىدا قۇل.
ئەگەر جەمئ ئولسەلەر بىر - بىرگە مەھۋەش،
ئۇلارغە بولماسە بىر زار دىلكەش.
بولۇپدۇرلار مەگەر ئايىنەلەر جەمئ،
سالۇرلار بىر - بىرىنىڭ يۈزىگە لەمئ.
ئېرۇر گويا بۇلار چۇن شەمئ سوزان،
ئۆزىنىڭ سوزىدىن چەھرە فىرۇزان.

ۋەيا ئوت بىرلەدۇر چەندان تەبەقلەر،
نەچۇك كۆلنى تىتىپ سالدى ۋەرەقلەر.
ئېرۇر ھەرقايىسى يۈز گوياكى يۇلدۇز،
ئاچىپدۇر بىر-بىرىن كۆرمەك ئۈچۈن كۆز.
ئاچىلسا گۈل بولۇپ ئوت سەھنى گۈلشەن،
قىلىپ گۈللار يۈزى گۈلشەننى رەۋشەن.
بۇلار جەمئ [نەھر] ھەرياندىن ئاقىپ سۇ،
بولۇپ بىر يەردە كۆپ سۇ تۇرسە بەدكۇ.
نە سۇد ئول يۈز ئەگەرچە بولسە مەھۋەش،
ئاندىن تۇشمەسە بىر دانغە ئاتەش.
ياتۇر ھەر يەردە كىم ئايىنە پارە،
نە بەھرە بىر كىشى قىلماس نەزارە.
ئەگەر چەندىكى بولسە شەمئ سوزان،
نە قىيمەت ئالمەسە پەرۋانەدىن جان.
ئەگەر ئوت كۆپ ئېرۇر بىر-بىرگە تابى،
نە لەززەت ئوت ئارا يوقتۇر كەبابى.
ئەگەر يۇلدۇز چىقار يوقتۇر قاراسى،
قاراسى بولماسا يوقتۇر زىياسى.
نەچە خەندان ئېرۇر گۈلشەندە مىڭ گۈل،
نە ئىززەت سايراماس ئالدىدا بۇلبۇل.
ئەگەر گۈلشەندە كۆپدۇر سەرۋى ئازاد،
نەخۇش مۇرغ ئەيلەمەس شاخىدا فەرياد.
ئەگەر تۇتسە جەھان يۈزىنى چەشمە،
كىرەكمەس ئىچكەلى يوق بولسە تەشنە.
مۇنىڭدەك جەمئ ئېسە بىر يەردە خوبان،
بۇلار ئېرمەس، ئىشىت، بىر يەرگە جويان.
بۇلار ھەر قايسىدۇر بىر-بىرگە تاۋۇس،
قاچان قىلغاي بۇلار بىر-بىرگە پابۇس.
ئەگەر قايسى قىلۇر مىڭ جىلۋە ئاغاز،
نەخۇشتۇر بولماسا ئۇششاق جانباز.
كى، ئەي دىلبەر، ئىشىت، كۆپ قىلماغىل ناز،
بۇ بىدىل ھالىغە كۆپ قىلمە ئەنداز.
سېنىڭ نازىڭنى ئارتۇرغاي نىيازىم،
ھەزەر قىل ئۆرتەگەي سوزۇ گۇدازىم.

ئېرۇر ئىشق ئەھلى مەھۋەشلەرغە زىينەت،
ئەگەر بۇ بولماسا يوق قەدر-قىيمەت.
ئېرۇر دىلبەر كەمالى قەدردانلىغ،
ئېرۇر ئاشىغ كەمالى ناتەۋانلىغ.
ئەگەر ئاقىل ئېرۇرسەن قەدىردان بول،
ئۈچۈق چېھرىڭ بىلە ئارامى جان بول.
سېنى تەڭرىم قىلىپدۇر ھۇسن ئارا شەھ،
شەبى تارىك ئارا ھۇسنۇڭ مەگەر مەھ.
سېنىڭ ھۇسنۇڭگە ئەيلەپدۇر مېنى قۇل،
مېنى بۇلبۇل كەبى قىلدى، سېنى گۈل.
ساڭا ئانداغ بىرىپدۇر ھۇسن بىھەد،
سېنى ئەيلەپدۇرۇر ياخشى مېنى بەد.
شىكەستە خەستە بول، كۆپ بولمە مەغرۇر،
نەچە بولساڭ غەنى، بول ئەھلى مەئزۇر.
نەچە گۈلدۇر يۈزۈڭ بىر كۈن تازۇرسەن،
خەزاندەك خۇشك ئولۇپ بەرباد ئولۇرسەن.
بىرەر ھەم قىلماساڭ، جانا، تەرەھھۇم،
جەمالىڭ ئافتابىن قىلماغىل گۇم.
نېدىن چارەم بولۇپدۇر سەرنەۋىشتىم،
مېنىڭ جانىمغەدۇر ئىشقىڭ سىرىشتىم.
بولۇپ مەن ئىشق ئارا، ئەي گۈل،گەدايىڭىز
غەرىبۇ بىنەۋاۋۇ جان فىدايىڭىز.
مېنى، تەڭرىم ئۈچۈن، ھەرگىز ئۇنۇتماڭ،
خۇدا ياقغان كۆڭۈل ئوتىن ساۋۇتماڭ.
بەناگەھ ئۇرسە ھىجران نىشى بەرھەم،
قويۇڭ سىز ۋەسل نوشى بىرلە مەرھەم.
تەرەھھۇم ئەيلەمەك، ئەي يار، سەندىن،
بويۇن قىسماق سېنىڭ ئالدىڭدا مەندىن.
ئەگەر سەن تۇتماساڭ، جانا، قولۇمنى،
سېنىڭ ۋەسلىڭگە كىم باشلار يولۇمنى.
جەمالىڭنى كۆرەرگە يوق ئىلاجىم،
سېنىڭ لۇتفۇڭ مېنىڭ بولماي سىراجىم.
ئىشتىكىل ئوشبۇدۇر، ئەي يار، ئەرزىم،
بىلۇرسەن سەن مېنىڭ ھەر نەۋئى تەرزىم.

## پەندى بۇلھەۋەس ۋە دۇزەخنى ئاتاش نەفەس

مېنىڭ ھالىمدىن ئال ئىشىق ئەھلى تەنبىھ،
ئەگەر بولسۇن دېسەڭ ھالىم مېنىڭ بەھ.
تاپىپ بىر رەھنەمانى بەستە بولغىل،
خۇدانىڭ لۇتفىغە پەيۋەستە بولغىل.
ئەگەر ھەر بەندەنىڭ قەسدى خۇدادۇر،
ئانى بىلدۇرگۇچى، بىل، رەھنەمادۇر.
كىشى تاپماس خۇدانى رەھنەماسىز،
ئىشىت، ئاتسە بولۇرمۇ ئوقنى ياسىز.
كىشى يا تاپمايىن ئوقنى ئاتارمۇ،
كىشى يول تاپمايىن يارنى تاپارمۇ.
ئىشىتكىل، بولمەسە كۆز سەندە، ئەي يار،
ئەسا تاپماي بۇ يولغە كىرمە زىنھار.
ئەسا ھەم، بىل، ئەسا كەشسىز بولۇرمۇ،
ئاش ئوتتۇن بولسە ھەم ئوتسىز پىشۇرمۇ.
كىشى [مەنزىلگە] يەتمەك رەھنەمادىن،
ئەگەر ئول بولماس ئايرىلماس جەفادىن.
غەرەز، ھەق لۇتفىغە پەيۋەستە بولغىل،
جەھان خەلقى ئارا گۇلدەستە بولغىل.
غەرەز: تاشلا جەھاننى، ھەق تەلەب بول،
ئەگەر مەيلىڭ سۇ بولسە، تەشنەلەب بول.
جەھان بىر نەچچە ياخشى بولسە باقما،
كۆيەر ئوتنى ئەزىز جانىڭغە ياقما.
جەھانۇ ھەم جەھان ئەھلى ۋەفاسىز،
بەقاسىزغە نەچۈك، ئەي جان، بەقاسىز.
جەھان ئەھلى؛ جەھان گەر دىلرەبادۇر،
ۋەفاسى يوق، بارىسى بىۋەفادۇر.
ۋەفاسى ھەم ئانىڭ غەمدۇر، غەم ئۆزرە،
ھەياتى ماتەم ئىرمىش، ماتەم ئۆزرە.
جەھاندە ھەرنە بولسە بىبەقادۇر،
بەقاسىز ھۇسنى بىرلە ئوت ياقادۇر.
ئانىڭكى ئەيشى دەردى بىدەۋادۇر،
قاچان دەردىڭگە دارۇيى شىفادۇر.
ۋەفاسى يوق بۇ ئالەمنىڭ، بىلىڭلار،

يارانلار، ئاخىرەت فىكرىن قىلىڭلار.
ئەگەر كۆڭلۈڭ ۋەفاسىز ئەلگە تۈشتى،
ۋۇسۇلى ئانىنىڭ ئىشى... غە تۈشتى.
غەرەز: ئۆچمەسدە ئۆمرۈڭنىڭ چەراغى،
چەراغىڭغە، قوياكۆر ئىشق ياغى.
ئەگەر ياغىڭ چەراغىڭ ئىچرە بولماس،
نەچە ئوت ياقساڭ ھەرگىز رەۋشەن ئولماس.
بەلىڭنى باغلا، ئەي دىل، قىلغىل ھىممەت،
ھەمىشە ئەيلە ساھىب دىلغە خىزمەت.
جۇدا بولمە ئەگەر تاپساڭ ئانىڭدىن،
بولۇر تەگرى رىزا، ئەي جان، سېنىڭدىن.
تىرىكلىكنى ھەۋەس بىرلە كەچۈرمە،
تۈتۈپ يەلگە چەراغىڭنى ئۆچۈرمە.
تىرىكلىك بارىدا قىلغىل تەگۇ پوي،
سۇ يوق بولسە ئاسىغ ئەتمەس ساڭا جوي.
ئەگەر بەھرى ئەجەل يۈزلەنسە سەلدەك،
سۇفۇرگەي خەس كەبى ئۆمرۈڭنى يەلدەك.
جانىڭ چىقسە پۇشەيمان ئاسىغ ئەتمەس،
ئالىپ جانىڭ، يەنە جىسمىڭغە قاتماس.
قىلىپ نەفسىڭ شىكەستى، ھەققە ياتغىل،
نەچە غەفلەتدەسەن، ئەمدى ئويانغىل.
ئارىقلار ئىچرە سۇ ئاقىپ بارادۇر،
قاچان ئاقغان سۇ كەينىگە يانادۇر.
ئەگەر ئوتتۇن كۆيۈپدۇر، ئوت تۇتاشىپ،
ئوتتۇن بولماس يەنە كەينىگە قاتىپ.
ئوتتۇن ھەم بولغۇسى گويا كۆيەر چوغ،
كۆمۈر بولغاي ئۆچۈپ ھەم قالماس ئوتلۇغ.
كۆمۈر ھەم يەنچىلىپ كۈل بولغۇسىدۇر،
بولۇپ كۈل تازۇلۇپ، چاچىلغۇسىدۇر.
كۆمۈر بولماس يەنە قايتىپ ئوشۇل كۈل،
كېتەر نابۇد ئولۇپ ئالەمدە بىلگۈل.
كۆمۈر قايتىپ يەنە بولغاي قاچان ئوت،
ئوتتۇن ھەم بولماغاي ئول ئوت، قۇلاق تۇت.

غەلىبەت بىل تىرىكلىك، ھەق تەلەپ بول،
تەلەپ ئاندىن بۈيۈك قىلماغقە چەب بول.
ئىگىن قىلغان كىشى بۇغداي ئالاي، دەر،
ئالاي سامانىنى، بۇغدايىمىز قىلاي، دەر.
تۈزەتكىل بۇغداي ئالماغىلىققە يەرىنى،
سامان ئۈچۈن پەرىشان ئەتمە سەرىنى.
ئالۇر بۇغدايىنى، كەيىندىن سامان ھەم،
تاپار قۇۋۋەت مۇنىڭدىن جىسمۇ جان ھەم.
غەرەز، ئەي دىل، ئەگەر تاپساڭ خۇدانى،
قاچان تاپماي قالۇرسەن ماسىۋانى.
تەلەبدە قويماغىل سەن جەھدۇ جىدنى،
دېگىل ھەر بارە: «ئەللاھۇممە زىدنى»
تەلەبدىن يانماغىل، ئۈزمە ئۈمىدنى،
نەچۈن ھەق دېدى: «فەتلەبنى تەھىد» نى.
ئىلاھا، ھىرقەتىغە سەئيى جىدبەر،
ئەدەبسىز لۇتفۇڭ ئىزدەردىن ئۈمىد بەر.
تىرىك بار، قالماسۇن ھەرگىز تەلەبدىن،
تەلەبنى بۇزماسۇن، جان چىقسۇ لەبدىن.
غەرەز، بىر ياخشىغە بولساڭ گىرىفتار،
تاپارسەن تەربىيەتىدىن تازە رەفتار.
ئەگەر سەيياد ئىلكىگە تۈشەر قۇش،
ئاياغىغە باغ ئېتەر، باشىغە سەرفۇش.
قىلۇر بىر نەچچە كۈنلەر تەربىيەتىنى،
سالۇر كۆڭلىگە قۇش قاچماس نىيەتىنى.
بولۇر قۇش بىر نەچە كۈندە شىكارى،
سالۇر نې بولسە سەيياد ئىختىيارى.
ئۇچار ئېردى بورۇن چۈن رەئد ئىلە بەرق،
ھەرامۇ نە ھەلال ئەتمەس ئىدى پەرق.
نە ئېردى ئىختىيارى سالدى باخشى،
قاۋۇپ بارىپ بەغايەت ئالدى باخشى
قونار ئېردى دەرەختۇ تاغۇ يەرگە،
نە دەۋلەتدۇر قونادۇر ئەردىن - ئەرگە.
غەرەز، بۇ سۆزدىن ئېردى پىرى كامىل،
بىلۇر ئول سۆزنى بولسە مەردى قابىل.
چەراغدۇر كۆڭلۈڭ، ئىخلاسىڭ فەتىلە،

ئوت ئېرىمىشدۇر ئاڭا ھۇسنۇ جەمىلە.
غەرەز، ھۇسنۇ جەمىلدىن ساف دىلدۇر،
قاچان رويى خۇشۇ زالۇ مۇزىلدۇر.
مۇھەببەت بولماسە سەندىن نې ھاسىل،
ئەگەر جان بولماسە، تەندىن نې ھاسىل.
قارىن تويماس كىشى گەر بولسە ئاشسىز،
كىرىپ بولغايمۇ بىلمەس يولغە باشسىز.
ئۇرۇشساڭ ئىلگەرى تابغىل بەھادۇر،
چەرىك ئىچرە ئول ئەر، بىل، بىبەھادۇر.
چەرىك كۆپ بولسەۋۇ يوق بولسە شاھى،
بۇ يەڭلىغ يوق سىتارە ئىچرە ماھى.
جەھان ئاي تۇغماسا رەۋشەن بولۇرمۇ،
قۇرۇغ گۈل بولماسا گۈلشەن بولۇرمۇ!
كىشى ھەقنى تاپارمۇ قالۇ قىلدىن،
خەلاس ئولغايمۇ ئول تەن ئابۇ گىلدىن.
ئەگەر ساف ئولمەسە سۇ، بولسە لايى،
كۆرۈنمەس سۇ تېگىدە ھۇسنى ئايى.
غەرەز، تالىب ئېسەڭ ئەھلى رىزا بول،
چۈچۈك ئەلفازدا ئەبرۇ دىلكۇشا بول.
ئوقۇپسەن، ئەي بەرادەر، ھەق سەبەقدىن،
رىزا جويەندە بول، نې كەلسە ھەقدىن.
ئاچىلماس غۇنچە بەندى گۈل بولۇرمۇ،
چىرايىن تۈگسە ياخشى قۇل بولۇرمۇ.
قۇلى رەھمىن ئالۇر تارتسە ئىزاسىن،
چىرايىن تۈگمەسە تاپقاي رىزاسىن.
بۇ خىفچە بەرگى پەيدا قىلدى غۇنچە،
بولۇر خەندان يېزىلىپ ئول تۈگۈنچە.
قاچان لەيلى بىلەن بەزم ئەتتى مەجنۇن،
ئانىڭ دەردى بىلە بولدى جىگەر خۇن.
كېسىپ ئەۋۋەلدە غەم تاغىنى فەرھاد،
بىل، ئاخىر ئانى شىرىن ئەيلەدى ياد.
بىل، ئادەمدىن نە بىلەر تا نەجاتەم،
ئاڭا غەم ئىشرەتىدىن يەتتى ماتەم.
ئىشىت، قايسى خۇدانىڭ دوستى غەمسىز،
ئۆتۈپدۇر دۇنيەدىن دەردۇ ئەلەمسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇتۇپدۇر تاس غەمدىن تەھ-بەتەھ قان،
بولۇپ ھاسىل ئاڭا دىلسوز ئەلھان.
ئۇتۇن ئوت بولماسە كۆيمەس ئۆزىدىن،
ئېرۇر بى ئىشق گەرم ئەتمەس سۆزىدىن.
كىشىنىڭ بولسە گەر ئوتدىن چەراغى،
سۇ قۇيسە كۆيمەگەي بولماسە ياغى.
ئۇتۇن ئوت ياقماسە بولماس شەرارى،
قاچان بىدەرد ئېتەر فەرياد-زارى.
ئەگەر يەل تەگسە ئاچقاي غۇنچە داغىن،
ئاچىپ كۆرسەتكۇسىدۇر زەرد ياغىن.
بىلىڭ، ئاشىق بولۇر شىرىن سۇخەنگۇي،
سالۇر ئالەم يۇزىگە ئىشقدىن بۇي.
نە ياخشى غۇنچەسى بولسە شۇكۇفتە،
ساچىلسە ئاغزىدىن دۇررى نۇھۇفتە.
ئېگىرۇر چەرخى ئانىڭ بولسە كىفتە،
ئېشىپ ئىپ ئىشق دۇررىن قىلسە سىفتە.
بۇ دۇرغە لايىق ئەتسە جان قۇلاغىن،
ئاقىزسە بەزم ئىچىدە كۆز بۇلاغىن.
سۇچۇك سۆز ياخشىدۇر قەندۇ ئەسەلدىن،
خەلاس ئولغاي كۆڭۈل غەملىك كەسەلدىن.
بېرۇر قەندۇ ئەسەل نەفسىڭگە لەززەت،
قاچان بەرگەيكى دۇر جانىڭغە راھەت.
نەخۇبدۇر كەگرۇدىن مەردى سۇخەنگۇي،
نەخۇشدۇر ھەۋزدىن بولسە لەبى جۇي.
سۇخەنسىز تۇتىدىن زاغۇ زەغەن خوب،
تۇگۇن غۇنچەدىن ئاچىلسە تىكەن خوب.
ئىلاھا، ھىرقەتىنى قىل سۇخەنساز،
ئانى ئاشىقلارىڭغە ئەيلە ھەمراز.
چۇچۇك سۆز دەرگە ئول گۇلدەك ئاچىلسۇن،
لەبىدىن ياخشى سۆز دۇردەك ساچىلسۇن.
ئىلاھا، بۇ قۇلۇڭ قىلدى مۇناجات،
كۇشاد ئەتكىل گىرىھلىك كۇللى ھاجات.
ئېرۇر ئاسي، ساڭادۇر تائەتى كەم،
مۇھەببەت يوقلۇغىدىن خۇشك ئېرۇر فەم.
مۇھەببەت سال دىلىغە، بولسۇن ئاگاھ،
نەچۇك قەتئ ئەتكۇسىدۇر تۇشە يوق راھ.
كېچە-كۇندۇز سېنىڭ قىلسۇن خەيالىڭ،
تاپىپ ۋەسلىڭگە يول، ئول ئىچسۇ بالىڭ.
ئەگەر سەن سالماساڭ بويىنىغە رىشتە،
كېتەر ئازىپ، بولۇپ مىھنەت سىرىشتە.
ئۆزۈڭنىڭ سارىغە كۆرسەت يولىنى،
كوشىش قىل قاشىڭە ئۇشلاپ قولىنى.
ئەگەر دەم ئۇرماسە ئوتغە تۇتاشماس،
سۇ قايناپ ھەم قازان تاشىغە تاشماس.
ماڭا مىندۇر مۇھەببەت جەزبىدىن ئات،
مىنىپ ئانى يېتەي بەزمىڭ ئارا پات.
ماڭا لۇتف ئەتكىل، ئەي خەللاقى ئالەم،
كى زەررە نالەئى جان سوز ئادەم.
سېنىڭ ئىشقىڭ [ئارا] مەن جام ئىچەيىن،
ئانىڭدەك ھۇرۇ رىزۋاندىن كېچەيىن.
ماڭا بەر نۇھ يەڭلىغ كىشتىئى ئىشق،
سېنىڭ قادىرلىغىڭغە ئەيلەيىن سىدق.
تەۋەھھۇم قىلمايىن گەر قوپسە تۇفان،
بۇ مىھنەتدىن سەلامەت ئېلتەيىن جان.
ماڭا بەرگىل خەلىل يەڭلىغ تەۋەككۇل،
ئەگەر ئوت ئىچرە كىرسەم، بولسۇ ئوت گۇل.
ھەرارەت يەتمەسۇن دەۋزەخ ئوتىدىن،
ئول ئوت خەۋف ئەيلەسۇن ئىشقىم ئوتىدىن.
نەسىب ئەت ئىشقى ئىسمائىل يەڭلىغ،
بەلا يۇزلەنسە ئەزرائىل يەڭلىغ.
ئەگەر بولسە تەنىمدە مىڭ تۇمەن جان،
يولۇڭدا ئەيلەيىن ئول جانىنى قۇربان.
ماڭا ئول ئىشقى زىكرىيا نەسىب ئەت،
ئەلەمدىن يەتكۇرەي جانىمغە لەززەت.
ئەگەر باشىمغە دۇشمەن قويسە ئەررە،
تەۋەھھۇم تۇشمەسۇن كۆڭلۇمگە زەررە.
تىلىمغە جارى قىل تەسبىھى يۇنىس،
ماڭا بولسۇن سېنىڭ يادىڭدا مۇنىس.
ئەگەر بولسۇن بارى ئالەم قاراڭغۇ،
يېمەي زىكرىڭ بىلە زۇلمەتدە قايغۇ.

ماڭا ئۇتتى ئەتكىل ئىندەك خۇلقى نەيىۋب،
رىزاڭنى قىل تەنۇ جانىمغە مەھبۇب.
ئىلاھا، بۇ قۇلۇڭ مەقسەدكە يەتسۇن،
غەمىڭ قۇرتى بۇ جانىم يەپ تۈگەتسۇن.
ماڭا ئۇتتى ئەت، ئىلاھا، سوزى داۋۇد،
ئۇل ئۇتدا كۆيسۇ، بولسۇن بۇدۇ نابۇد،
مېنى ئىشقىڭ مەيدىن ئەيلەگىل سىر،
سۆزۇم قىلسۇن، ئىلاھا، ئەلگە تەئسىر.
ماڭا، يا رەب، سۇلەيمان دەۋلەتىن بەر،
جەھان مۇلكىن دېمەسمەن، ئىشقدىن بەر.
يەنەغە بەرمەسۇن ئۇل ئىشق لەززەت،
تاپاي ئۇل ئىشق ئىلە نەزدىڭدە قۇربەت.
كۆزۈمدىن جارى قىل يەھيا يىغىسىن،
قىيامەت شىددەتىدىن قىلمە غەمكىن.
كېچە ـ كۈندۈز سېنىڭ يادىڭدا يىغلاي،
گۇناھىم چىركى ياش بىرلە ئارىغلاي.
ماڭا يەئقۇبنىڭ سوزى دىلىدىن،
تۇتاشتۇر، ئوت چىقار، جان بەر لەبىدىن.
ماڭا ۋەھدەت شەرابىدىن ئىچۈر مەي،
بۆلەك سەندىن بۇ كۆڭلۈمدە كەچۈرمەي.
ئىلاھا، قىلماغىل ئىبلىس يەڭلىغ،
بىھىشتنى جايىم ئەت ئىدرىس يەڭلىغ.
مېنى جەننەت كەبى يادىڭدا قىل شاد،
بۇ غەفلەت دوزەخىدىن قىلغىل ئازاد.
مېنى قىل ھەجر ئەمرىڭ ئىچرە ئىلياس،
زەلالەتدىن ئۆتەي، ئەمرىڭ تۇتۇپ پاس.
زەلالەت بەھرىدە ھەركىم بولۇر غەرق،
تۇتاي ئىلكىن يېتىپ ئالدىغە چۇن غەرق.
مېنى خىزر ئەيلەگىل ھىراقەت چۆلىگە،
يەتۈرەي تەشنەنى رەھمەت كۆلىگە.
سېنىڭ يادىڭدا ھەركىم يۈرسە سۇساپ،
ھىدايەت شەربەتىدىن يەتكۈزەي ئاب.
ماڭا بەرگىل خىزىرنىڭ جامىدىن مەي،
ئۇشۇل مەيدىن ئۆلۈك جانىمنى قىل ھەي.
ھەياتى جاۋىدان بەر، ھەرگىز ئۆلمەي،

ماڭا كەيفى ھەقىقەت بەرسۇن ئۇل مەي.
ماڭا بەرگىل، ئىلاھا، ئىشقى مۇسا،
ماڭا كۆرسەتسە ئۇل ئىشق دەستى بەيزا،
جەمالىڭ ئىشۋەسىدىن تا بولاي مەست.
چۆمەي زاتىڭغە مەندە قالماغاي ھەست،
ئىچۈرگىل ساغەرى ئىشقى مەسىھا،
فەلەكدەك تۆرت سىفەت ئۆزرە قويای پا.
ماڭا نەفس ئىلكىدىن يەتكۈرمە ئاسىب،
ئۆتەيمەن توققۇز ئەفلاك ئۆزرە باسىپ.
شەفقىتىم قىل ئۇشۇل خەيرۇل ـ بەشەرنى،
نەسىبىم ئەيلەمە زاغۇل ـ بەسەرنى.
جەمالىڭدىن بۆلەك يۈزدىن يۇماي كۆز،
تۇفەيلىدىن ئانىڭ كۆرسەتمەگەي يۈز.
ماڭا بەرگىل، ئىلاھا، سىدق سىددىق،
غەمىڭ مېھرىن ماڭا قىل يارۇ مۇشفىق.
ئانىڭدىن قويي دىلىدغە ئىشق داغىن،
مۇئەتتەر قىلسۇن ئۇل داغ ئەل دىماغىن.
ماڭا بەرگىل ئۆمەردەك ئىشقىگە مەيل،
بۇ قۇلدىن نەفس ئىشنى ئەيلە زايىل.
تۇفەيلىدىن ئانىڭ بەرگىل سەبەقنى،
بىلەي باتىلنى، مەئلۇم ئەيلەي ھەقنى.
نەسىب ئەتكىل ماڭا ئۇسمان ھەياسىن،
ئانىڭ نۇرىدىن ئەت جانىم زىياسىن.
ئۆزۈڭ سارىغە ئەتكىل ئەزم كەرەمىم،
غەمىڭدىن ئۆزگە غەمگە كەلسۇ شەرمىم.
مەدەدكارىم مېنىڭ قىلغىل ئەلىنى،
نەچۈك، شىرىم دېدىڭ سەن ئۇل ۋەلىنى.
ھىمايەتىم مېنىڭ ئانداغ ئىيسە شىر،
قاچان شەيتان سالۇر بويىنۇمغە زەنجىر.
مېنىڭ كامىمغە، قويي زەھر ھەسەنىي،
ئۇل ئەتسۇن ئىشق تەبدىل جانۇ تەننى.
ماڭا ئىشقى ھەسەن تا بولسۇ ساقى،
ئانىڭدىن جانىغە يەتسۇن ئۆمرى باقى.
ماڭا بەرگىل ھۈسەينىم ھىممەتىدىن،
ئىچەي مەن ھەم شەھادەت شەربەتىدىن.

www.uyghurkitap.com

ئەگەر ئۆلسەم غەملىك دەشتىدە سۇساپ،
ۋىسالىڭ شەربەتىدىن ئەيلە سىراب.
مېنى ئىشقىڭ ئارا دىۋانە قىلغىل،
جەمالىڭ شەمئىدە پەرۋانە قىلغىل.
تۈنۈ كۈن كەتمەيىن ئىشكىڭ تاشىدىن،
ھەمىشە ئايلاناي ئىتلار باشىدىن.
تىلىمنى قىل مېنىڭ زىكرىڭدە بۇلبۇل،
بۇ جانىم باغىدا ئىشقىڭنى قىل گۈل.
ئاقىزاي گۈل كەبى كۆز ياشىدىن قان،
بۇ يەڭلىغ ئىشق ئارا، جانا، بېرەي جان.
شەفىئ ئەتتىم بۇ ئۆتكەن پاكلارنى،
سېنىڭ يولۇڭدا بولغان خاكلارنى.
ئۇلار ھەققى مېنىڭ جانىمنى پاك ئەت،
ئۇلارنىڭ ئىتلارى بىرلە ھەلاك ئەت.
ئول ئىتلار ئارقەسىدىن يەتتى نالىم،
ئىزى بولغاي مېنىڭكى سۈرمە سايىم.

خالىقا، كىم ئەيلەدىم مەن بەندەلىك،
كۆپ ئىبرۇر ئول ۋەجھىدىن شەرمەندەلىك.
لۇتف ئىلە ئەيلەپ گۇناھىم مەغفىرەت،
تاڭلا جەننەت ئىچرە بەرگىل خەندەلىك.

خالىقا، لۇتفۇڭ چەراغىنى رەۋشەن ئەت،
ئول چەراغىڭغە بۇ كۆڭلۈم مەسكەن ئەت.
فىكرى زاتىڭ بىرلە قويغىل نەچچە داغ،
ئۇشبۇ داغىڭ بىرلە جانىم گۈلشەن ئەت.

خالىقا، قەھرىڭنى قىل مەندىن يىراق،
جامى ۋەسلىڭ قىل نەسىب، سالمە فىراق.
يولنى تەي ئەيلەپ يېتەي ۋەسلىڭگە پات،
تارتمايىن سەندىن بۆلەككە ئىشتىياق.

خالىقا، نەفسىم مېنىڭ بولدى بەلا،
قۇتقارا كۆر، قىلماغىل نامىم قارا.
نىشى رەھمەت بىرلە ئەئما قىل مېنى،
تۈنۈ كۈن ئايىتاي ساڭا ھەمدۇ سەنا.

خالىقا، ئاسىيدۇ مەن دۇنيا تەلەب،
جانىمە ئىشقىڭ ئوتىنى تاشلا رەب.
جامى ۋەسلىڭدىن مېنى سىيراب ئېتىپ،
قويماغىل ھىجران چۆلىدە تەشنەلەب.

خالىقا، دوستۇڭ مۇھەممەدنىڭ ھەققى،
قىل سەئادەت ئەھلىدىن، قىلما شەقى.
قىلماغىل دۇنيا ۋە ھەم جەننەت تەلەب،
غەير زاتىڭغە مېنى قىل مۇتتەقى.

خالىقا، سەن بارچەغە ئىسمەت پەناھ،
بۇ مېنىڭ باشىدىن-ئاياغىمدۇر گۇناھ.
سەن كەرەم بىرلە گۇناھ كەچۈرمەسەڭ،
ئىككى ئالەم بولغۇسى ھالىم تەباھ.

خالىقا، دەريايى لۇتفۇڭ بىمەدەد،
فېئلى بەد قىلماسلىقىمغە قىل مەدەد.
بۇ مۇناجاتىمنى مەقبۇل ئەيلەگىل،
قەھر ئىلە ئاھىمنى ھەرگىز قىلما رەد.

خالىقا، بىر ئىسمۇ ۋەسفىڭدۇر ۋۇدۇد،
قىل قەبۇل، ئىشقىڭدا لەبدىن چىقتى دۇد.
تاكى تەئسىر ئەتمەسە زاتىڭغە ئاھ،
مىڭ تۈمەن جان چەككەنىم بىرلە نە سۇد.

خالىقا، بەندەڭگەدۇرسەن مېھرىبان،
مەندۇمەن يادىڭدا بولغان باغرى قان.
تىلغە زىكرىڭ، جانغە فىكرىڭ مەھكەم ئەت،
زىكرۇ فىكرىڭ بىرلە تەندىن چىقسۇ جان.

خالىقا، سەندىن بۆلەك ساھىب ۋۇجۇد،
يوق، سېنىڭدۇر ھەرنە نابۇد ئىلە بۇد.
بارنى بار كۆرسەت كۆزۈمگە، يوقنى يوق،
كىم بەسىر ئىسمىڭدىن ئەتكىل زەررە جۇد.

خالىقا، سەن ـ سەن نىشانسىز قىبلەگاھ،
مەككەنى قىلدىڭ بەزاھىر سەجدەگاھ.
بىرىنى قىلدىڭ گەداۋۇ بىرنـى شاھ،
تۈنۈ كۈنگە زىينەت ئەتتىڭ مىھـرۇ ماھ.

خالىقا، سەنسىز ئەمەستۇر ھەرنە ئىش،
جۇملە ئالەم تاپتى سەندىن پەرۋەرىش.
ھېكمەتىنى خاس ئادەمدىن كىم بىلۇر،
نېكۇ بەددۇر ئول مەسەللىك يازۇ قىش.

خالىقا، قەھرىڭ كۆتەر مېھنەت بىلە،
خاسلار سانىدا قىل رەھمەت بىلە.
ئۆز غەمىڭ ئەندۇھىدىن شاداب ئېتىپ،
بولسە يادىڭ، نە ئىشىم جەننەت بىلە.

خالىقا، ئەھلى رىزاجو قىل مېنى،
فېئلى بەددىن ساقلا، خۇشخۇ قىل مېنى.
قىل مۇۋافىق، قىل مۇنافىقدىن يىراق،
يەك دىلۇ خەلق ئىچرە يەك رو قىل مېنى.

خالىقا، ئىشقىڭنى ئايغان جىبرىئىل،
جانىمە يەتكۈزسۇ پەيغامى خەلىل.
ئاچىلىپ، ساچىلسۇن ئەسرارىڭ گۈلى،
ئەينى ئىلمىڭ دىلغە بولسۇن سەلسەبىل.

خالىقا، بۇ سىنەنى بىگىنە قىـل،
نەقدى ئىشقىڭ قويغالى گەنجىنە قىل.
جامى جەمدەك سىررى ئالەم بولسە فاش،
چەشمەئى خۇرشىددەك ئايىنە قىل.

خالىقا، چۇن ئەبىر گىرياندۇر كۆزۈم،
چۇن يۈزۈڭ ئوتىدا بىرياندۇر كـۆزۈم.
كۆزلەرىمنىڭ رەھمى كەمدۇر، زۇلمى كۆپ،
شادۇ غەم ۋەزنىگە مىزاندۇر كـۆزۈم.

خالىقا، ئىشقىڭ بۇلاغى نۇنى جان،
نۇقتەسىدىن بارچە دىلغە ئاقتى قان.
ئاڭلادىم ئاخىردا ئىشقىڭ رەمزىنى،
بارچەغە رەھزەن ئىكەندۈك ئۈشبۇ دان.

خالىقا، ئاخىر خەراب ئەتتى فەلەك،
باغرىدەك مېنىڭ جان كەباب ئەتتى فەلەك.
مېنى پەرۋانە باشىمدىن ئۆيرۈلۈپ،
شەمئ ئوتى يەڭلىغ ئەزاب ئەتتى فەلەك.

خالىقا، كۆز چەشمەئى پۇرخۇن ئېرۇر،
چېھرە زەردىم زىبىدىن گۈلگۈن ئېرۇر.
تىرە دىلدۇزلىڭنى ئەقلىم فەھم ئېتىپ،
لالەزارى ھۇسنۇڭگە مەجنۇن ئېـرۇر.

خالىقا، داغىڭ ئېرۇر جان گۈلشەنى،
نۇردۇر ئىككى كۆزۈمنىڭ رەۋشەنى.
كۆرمەگەي نۇر ئولماسە كۆز مەردۇمى،
بىئەجەل ئايىنە مېنى گۈلخەنى.

خالىقا، رەھمەت مەيىـن بەر تازە لەب،
لەب ـ بەلەب تۇتسۇن ئىچىپ بىر تازە ئەب
رەھمەتىڭ شۇربىنى بىئەندازە بەر،
بەرگەسەن تاكى ماڭا ئەندازە لەب،

خالىقا، بەردىڭ ماڭا زىكرىڭغە تىل،
كۆپ دېمەككە تىل تەنىن مېنىڭ يەردە تىل.
گەر غەمىڭ تىيغى بىلە تىرگۈزمەسەڭ،
ھەجرىڭ ئەيىاسى بىلە قىلغىل قەتىل.

خالىقا، يول بەر جەمالىڭ ئايىغە،
يول ئازىب تۈشمەي فىراقىڭ لايىغە.
لۇتف ئېتىپ قۇتقاز بۇ مېھنەت سايىدىن،
يەتكۈزۈپ شاد ئەيلە ئىشرەت مايىغە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شعري مەكتوب

## هۈسەيىنخان تەجەللى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىجمەتۇللا ئۇبەيدۇللا

مۇھەررىردىن: تالانتلىق شائىر ۋە ئالىم ھۈسەيىنخان تەجەللى (1848 — 1922) ئەسەرلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئازادلىقتىن بىرى تەجەللىنىڭ ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىپ كەلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى شائىرنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى نەشرگە تەييارلىنىپ ئېلان قىلىندى. تەجەللىنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە بەزى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەر بولدى. بىراق تەجەللىنىڭ يەنە كۆپلىگەن ئەسەرلىرى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقاپ كەتكەن ۋە جاي-جايلارغا تارقىلىپ كەتكەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئىدارە ئورگانلاردا، يەنە بەزىلىرى شەخسلەرنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. تەجەللى ئەسەرلىرىنى يىغىش، - رەتلەش ۋە نەشر قىلىش ئىشلىرىنى يەنىلا داۋاملىق ۋە ئۇزۇن مۇددەت تىرىشىپ ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

تەجەللىنىڭ بۇ شېئىرىي مەكتۇپىنى ئەندىجاندا ئىمادىدىن قارىم ساقلاپ كەلگەن. ئىمادىدىن قارىم «ئۇلفەت» تەخەللۇسى بىلەن كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان شائىر، شۇنداقلا كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كەلگەن پېشقەدەم تەتقىقاتچى. ئۇ 1906 - يىلى ئەندىجاندا تۇغۇلغان. ئۇ ئاپەت ئەپەندى بۇ شېئىرىي مەكتۇپنى ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرۈپ، نەشرگە تەييارلىغۇچىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. بىز ئۇ ئاپەت ئەپەندىنىڭ بۇ خالىس قېرىنداشلىق ياردىمىدىن كۆپ مىننەتدارمىز.

تەجەللىنىڭ بۇ شېئىرىي مەكتۇپى ئۇنىڭ ئۇشتىكى دوستى سالاھىددىن مەۋلىۋىگە يېزىلغان. شائىر سالاھىددىن مەۋلىۋى «ساقىب» تەخەللۇسىدا شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئاتىسى سىراجىددىن (تەخەللۇسى: سىراجى) مەخدۇممۇ شائىر كىشى بولۇپ، ئۇ شائىر ھۇۋەيدانىڭ نەۋرىسى ئىدى. سالاھىددىن ساقىب 1838 - يىلى ئۇشتا تۇغۇلغان. ھىجرىيىنىڭ 1280 - يىلى (مىلادى 1863 - يىللىرى) قەشقەرگە كەلگەن ۋە قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەردە ئون يىل تۇرۇپ، 1873 - يىلى ئۇشقا قايتىپ كەتكەن. 1910 - يىلى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۇشتا 72 يېشىدا ۋاپات بولۇپ، سەرمازار مەھەللىسىدىكى قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغان.

تەجەللىنىڭ بۇ شېئىرىدىن ئۇنىڭ سالاھىددىن ساقىب بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىنى كۆرگىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ۋە بەدىئىي ئىستىبداتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تۆۋەندە بۇ مەكتۇپنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى بىلەن يەشمىسى بېرىلدى.

×

1. دەئۋاتۇ سەلامى ئەنبەر بار.
روھ پەرۋەر نېچۇككى بادى بەھار.

2. تۇرلۇك ئىخلاس ئىنكسارى بىلە،
ئەيلەرەم ھەزرەت رەفئە نىسار.

3. ھەزرەتى مەۋلەۋى سەلاھىددىن
كىم سەلاھ ئەھلىغە ئېرۇر سەردار.

4. ئول مەكارىم بىھىشتىگە رىزۋان
ئول مۇھەببەت شەرابىغە خەممار.

5. ئول سائادەت تەرىقىغە ھادىي،
ئول رىشادەت تەرىقىغە سالار.

6. مەئرىفەت نەزمىغە نىزامى ئېرۇر،
سىنەئى پاكى «مەخزەنۇل-ئەسرار».

7. ئەھلى كەشفى قۇلۇبى خۇسرەۋى ئول
كىم ئېرۇر كۆڭلى «مەتلە ئۇل-ئەنۋار»

8. ئەھلى ئەزۋاقە جامي ئولدۇركىم
نامەسى كەلدى «تۆھفە تۇل ئەھرار».

9. نامەئىكىم تەجەللى ئەشكىدىن،
ئەلگە كۆرسەتدي «سۇبھەتۇل-ئەبرار».

10. كاغەز ئىچرە رۇقۇم ئەمەسكىم، ئېرۇر،
نەستەرىن بەرگى ئىچرە مۇشك تاتار.

11. ھېچ سىيمىن بەدەن سەنەم يۈزىگە،
تۇشمەدى بويلە تۇررەئى تەررار.

12. ئېردى سەربەستە شىشەئى سەھبا،
چۈن ئاچىلدى، ئاچىلدى بىر گۇلزار.

×

13. گۇللارى سەدھەزار، ھەر گۇل ئۇزە،
چېكىبان بىر گۇل نەۋائى ھەزار.

14. ئول شەرابى تەھۇر نەشئەسىدىن
بولدى تەبئىم دۇرۇست، سىنىدى خۇمار.

15. تۇرفە بىر شور سالدى ھال ئارا كىم
ئويقۇدىن بولدى شەۋقلەر بىدار.

16. ئەيلەدىڭ جۇرئەيى ئىنايەت ئىلە،
ساقىيا، تەشنە خاكنى سەر شار.

17. ماڭا بۇ ئىلتىفاتى بەرق يارۇب،
بەيت مەئمۇر بولدى كۇلبەئى تار.

18. ئاڭلا ئەرزىمنى لۇتفى سەممئى بىلە
ئەي سەداقەت دىسارۇ سىدقى شىئا

19. خەت يىبەردىم نېچە جەۋابى يوق،
دەپ يازىپسەن خەتىڭدە، ئەي دىلدار.

20. كۆرمەگەن تۇشكە كىم قىلار تەئبىر،
تەگمەگەن خەتكە كىم جەۋاب يازار.

21. يەنە دەپسەن ماڭا جەفا قىلدىڭ
بۇ سۆزۈڭدۇر جەفا، قىل ئىستىغفار.

22. مىھرى رەخشانىغە زەررە تەئسىرىن
باۋەر ئەتكەي قاچان ئۇلۇلئەبسار.

23. ئىپتىدادە سەرايىدىن نې رەۋا
قۇلزۇمى بىكەران سارى ئىزھار.

24. لۇتفى ئەۋۋەل كىبرەك سۇلەيماندىن،
سۇگرە مۇرى زەئىفدىن گۇفتار.

25. ساڭا ئوخشالار زەيدۇ، خالىدۇ بەكر،
بازە ئوخشارمۇ غازۇ كۇفرۇڭ سار.

26. مېڭ سىغىزخانۇ مۇرغى زەررىندىن،
قەدرۇ قىيمەتتە ياخشى بىر شۇڭقار،

27. مېنى ئول جىلۋەگاھە چىرلاپسەن،
ۋەھ، نې خۇشدۇر بىشارەتى دىيار.

28. ايېك ئاۋارەمەن قويۇن ئاسا
ۋادەئى ھەيرەت ئىچرە لەيلۇ نەھار.

29. دام ئارا مۇرغى پۇر فىشان يەڭلىغ
تۇرفە، مەجبۇرۇ بولئەجەب مۇختار.

30. چىرماشىب مۇندا يۇرمەكىم ناخۇش،
ئۆزۈلۈب ئاندا بارماقىم دۇشۋار.

31. يەنە تەئرىخى ئەقدى گۆھەردەك،
ھەسىب فەمانىڭ ئەيلەدىم شەھۋار.

32. نەزم بولمىش دۇر ئىبارەتىدە،
نى ئۆچۈنكىم نەزاكەتى بىسيار.

33. يۈز سىۋمى ياخشى ئات مەنى مەديۇن،
دەپ يازىپسەنكى ھىممەتىڭ زەخخار.

34. دېدىلەر قىلماغىل ئەڭا تەئرىخ
مەن دېدىم: «ياخشى ئاتۇ يۈزى بار»

35. يەنە يازدىڭكى يادگار ئەتدىم،
سەڭا بىر تون، زىھى ئىنايەتى يار.

36. يازغىل ئول تون نىشانلارىدىنكىم
تاپىمپ ئالغايمەن، ئەي سەخا ئەتۋار.

37. ئاقۇ ياشىلمۇ يا قاراۋۇ سارىغ،
چىتمۇ، لەمبوقمۇ ياكى روفىش تەۋار.

38. ئاڭلا ھامىلمۇ مەردى سوفىلارىڭ
يا مەقامىمۇ مەست يا ھۇشيار.

39. يەر يۈزىدە مەقامى بارمۇ ئالىڭ،
يا فەلەك مەھدىدە تۇتارمۇ قەرار.

40. لېكىن ئول سۆزگە ئەيلەدىم باۋەر،
ئەھلى مەئنى سۆزى ئەمەس بىكار.

41. توندىن ئولغاي مۇرادى مەكتۇبىڭ،
كىم ماڭا ئول ئېرۇر لىباسى فىخار.

42. يەنە بىر ۋاجىبۇل-بەيان ئەرزىم،
ساڭا بار، ئاڭلا، ئەي فەھى نىگار.

43. يازما نامىمنى ناقىس، ئەي كامىل،
لەقەبۇ نىسبەتىمنى قىل ئاڭا يار.

44. سېنى مەن ھەم پەقەت «سەلاھ» دېسەم،
سالىھ ئولغاي ۋەلى بولۇر ئازار.

45. قىلماغىل ھەم شۇجو سۆزۈمگە نىگاھ،
نىسبەتۇ ئىغتىلاۋۇ، ئىستىكبار.

46. كىبرۇ پىندارۇ نەخۋەت ئولدۇركىم،
كىشى ئىززەت ئېلىنى كۆرگەي خار.

47. يوقكى ھەق سۆزنى ئەرز ئېتىب قىلغاي،
ياردىن دەفئ ئەيب، ئۆزدىن ئار.

48. ھەرف رىندانە مەركەبىن سۈرسەم،
ۋەزئى تۈركانەدۇر ئاڭا مىزمار.

49. سېنى ئەنفاسىڭ، ئەي مەسىھ، ئەتمىش،
ناتىقىم قۇشلارىنى مۇسىقار.

50. سۈرمەگۈنچە نەفەسلەرىن بەينى،
تىرىلىپ باڭ ئەيلەمەس مىزمار.

51. زەررە قىلماس جەھانغە ئەززارە،
تاپماسا ئافتابىدىن رىنزار.

52. تا جەھان بار، جەھاندە بولغايسەن،
ئىززەت ئەھلىدە ئافتاب ئاسار.

www.uyghurkitap.com

53. خاتىرى رەۋشەنلىك سىجەنجەلىدىن
ۋەجھى باقىيكە بولغىل ئايىنەدار.

54. ھەرزەتىلىك ئەلگە قىبلە تۆل-ھاجات
نېئمەتىلىك زەمزەم، سىغارۇ كىبار.

55. خەت جەۋابىن ئۇزاقتا تاشلاماغىل،
قىلما مۇنداغ جەفا مەگا زىنھار.

56. تار ئېرۇر ئىنتىزار بىلسە كىشى،
ۋەقتىنا رەببەنا ئەزابىننار.

57. ئىنتەھەل بەۋلۇ ۋەسسەلامۇ ئەلەيك،
ۋە ئەلا مىن لەدەيكە مىن ئەخبار.

## يەشمىسى

1. ئەنبەردەك خۇش پۇراق ۋە باھار شامىلىدەك يېقىملىق دۇئا سالاملارنى

2. ھەزرەت ئالىيلىرىغا پۈتۈن ئىخلاسىم ۋە تۆۋەنچىلىكىم بىلەن يوللايمەن.

3. ھەزرىتى سەلاھىددىن مەۋلەۋى ياخشى كىشىلەرنىڭ يولباشچىسىدۇر.

4. ئۇ گۈزەل جەننەتنىڭ ھۆرى ۋە مۇھەببەت شارابىنىڭ ياسىغۇچىسى.

5. ئۇ بەخت يولىنىڭ رەھبىرى ۋە توغرا يولغا ماڭغۇچىلارنىڭ يولباشچىسىدۇر.

6. ئۇ مەرىفەت شېئىرىيىتىنىڭ نىزامىسى، ئۇنىڭ پاك قەلبى «سىرلارنىڭ خەزىنىسى»دۇر.

7. ئۇ كۆڭۈل سىرلىرىنى ئاچقۇچىلارنىڭ خۇسرەۋ دېھلەۋىيسى. ئۇنىڭ قەلبى «نۇر مەنبەسى» دۇر.

8. ئۇ زەۋق ئەھلىنىڭ جامىسى، ئۇنىڭ خەتلىرى «ئالىيجانابلار سوۋغىسى» دۇر.

9. تەجەللى كۆز ياشلىرى بىلەن ئەلگە «ياخشىلار سۆھبىسى» كىتابىنى كۆرسەتتى

10. ئۇنىڭ يازغانلىرى قەغەز ئۈستىدىكى خەت بولماستىن، بەلكى ئاپپاق گۈل بەرگى ئۈستىگە سېپىلگەن تاتار ئىپارىدۇر.

11. ھېچبىر كۈمۈش تەنلىك سەنەمنىڭ چېھرىسىگە بۇنداق پاكىزە كۆكۈلا چۈشمىگەن بولغىيدى.

12. ئۇ خۇددى ئاغزى ئېتىك بىر شىشە پاك مەي ئىدى، ئۇ ئېچىلىش بىلەنلا بىر گۈلزار ئېچىلغاندەك بولدى.

13. ۋە ھەر بىر خەت يۈزمىڭ گۈلدەك. ھەزبىر گۈل مىڭلارچە ناۋا قىلدى.

14. ئۇ پاكىز مەينىڭ شادلىقىدىن، كۆڭلۈم ئېچىلىپ، خۇمارىم بېسىلدى.

15. ئۇ خەت كۆڭلۈمگە شۇنداق بىر تىنچسىزلىق پەيدا قىلدىكى، زوق-شوخلىرىم ئۇيقۇدىن ئويغاندى.

16. سەن بۇ مەرھەمەت شارابىنى ئىچۈرۈپ، مەندەك تەشنا بولغان تۇپراقنى سۇغاردىڭ.

17. ماڭا بۇ ئىلتىپات چاقمىقى چېقىلغاندىن كېيىن، تار تەڭقىس كەپەممۇ پاراۋان قەسىردەك بولۇپ كەتتى.

18. ئەي ساداقەتلىك ۋە راستلىقنى شوئار قىلغان كىشى، مېنىڭ ئەرزىمنى ئىلتىپات قولىقىڭ بىلەن ئاڭلا.

19. ئەي دوستۇم! : خېتىڭدە «نەچچە قېتىم خەت ئەۋەتتىم، لېكىن سەن جاۋاب يازمىدىڭ» — دەپ يېزىپسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



20. كۆرمىگەن چۈشكە كىممۇ تەبىر بەرسۇن، تەگمىگەن خەتكە كىممۇ جاۋاب يازسۇن.

21. يەنە ماڭا جاپا قىلدىڭ دەپ يېزىپسەن، بۇ سۆزۈڭ ماڭا جاپا بولۇپ قالدى، توۋا قىلغىن.

22. ئۆتكۈر كۆزلۈك كىشىلەر چاراقلاپ تۇرغان قۇياشقا زەررىچىلەرنىڭ تەسىر يەتكۈزەلىشىگە قانداقمۇ ئىشەنسۇن؟

23. بىپايان دېڭىزغا ئالدى بىلەن ئالۋۇننىڭ سۆز ئىزھار قىلىشى قانداقمۇ راۋا بولسۇن؟

24. ئالدى بىلەن سۇلايمان پادىشاھ ئىلتىپات قىلسا، ئاجىز چۈمۈلە ئۇندىن كېيىن جاۋاب بەرسە يوللۇق بولىدۇ.

25. زەيد، خالىد، بەكىرلەرگە ئوخشايسەن، غاز، ئۆردەك، سار قانداقمۇ قارچىغىغا ئوخشىسۇن.

26. مىڭ سىبغىزخان ياكى ئالتۇن توخۇدىن بىر شۇڭقارنىڭ قەدىر-قىممىتى ئارتۇق.

27. مېنى ئۇ جىلۋىگاھقا تەكلىپ قىپسەن، ۋاھ، دىدار كۆرۈشۈشنىڭ بېشارىتى نېمىدېگەن ياخشى!

28. لېكىن مەن ھەيرانلىق ۋادىسىدا كېچە-كۈندۈز قۇيۇندەك چۆگىلەپ يۈرگەن ئادەممەن.

29. خۇددى توزاققا چۈشۈپ قېلىپ، تۈكلىرى تۈزۈپ كەتكەن قۇشقا ئوخشاش، ئىختىيارىم ئۆزۈمدە ئەمەس. بۇ قانداق ئەركىنلىك-ھە؟

30. بۇ يەردە يۈرگەن تۇرغانلىرىمدىن كۆڭلۈم خۇش بولمىسىمۇ، بۇ يەردىن ئۈزۈلۈپ ئۇ يەرگە بارمىقىم قىيىن.

31. شۇنداقتىمۇ شاھانە كۆرسەتمەڭنى، خۇددى يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن گۆھەردەك قىلىپ، تارىخنامىگە يېزىپ قويدۇم.

32. سۆز ئارىسىغا تىزىپ قويغان شېئىرلىرىڭمۇ شۇنداق نەپىس ۋە نازاكەتلىك چىقىپتۇ.

33. دېڭىزدەك ھىممىتىڭ جۇش ئۇرۇپ: «تۇياقلىرى ياخشى يۈز ئاتقا مەن كېپىللىك قىلىمەن» دەپ يېزىپسەن.

34. باشقىلار ماڭا «بۇ گەپنى تارىخنامىگە كىرگۈزمەڭ» دېيىشتى، لېكىن مەن «ياخشى ئاتتىن يۈزى بار» دېگەن سۆزنى يازدىم.

35. خېتىڭدە يەنە: «ساڭا بىر تون يادىكار قىلىپ ئەۋەتكەندىم» — دەپ يېزىپسەن، بۇ دوستلۇقنىڭ نەقەدەر زور ئىلتىپاتى-ھە؟

36. ئەي ساخاۋەت ئىگىسى، ئۇ توننىڭ بەلگىلىرىنى بايان قىلغىن، بىلىپ قالاي.

37. ئۇ تون ئاقمۇ، يېشىلمۇ، قارىمۇ ياكى سېرىقمۇ؟ چىتمۇ، لەمبۇقمۇ؟ ئەستىرى تاۋارمۇ؟

38. ئۇ تولنى سوفىلارنىڭ كۆتۈرۈپ يۈرەمدۇ؟ ئۇلار مەنزىللىرىگە يەتكەنمۇ ياكى مەست-مۇستەغرەقمۇ ۋە ياكى ھوشيارمۇ؟

39. ئۇ تولۇننىڭ يەر يۈزىدە دەرىجىسى بارمۇ ياكى پەلەكنىڭ بۇشۇگىدە ئورۇنلاشقانمۇ

40. لېكىن مەن ئۇ سۆزۈڭگە ئىشەندىم، چۈنكى ئاقىل كىشىلەر ئورۇنسىز گەپ قىلمايدۇ.

41. خەت يېزىشتىكى مەقسىتىڭ تونىنىڭ كېپىنى قىلىش ئۈچۈن بولىدىغان بولسا، بۇ خېتىڭنىڭ ئۆزىلا مەن ئۈچۈن پەخىرلىك كىيىمدۇر.

42. ساڭا يەنە بىر ناھايىتى مۇھىم ئەرزىمنى بايان قىلىمەن، ئەي ئەقىللىق دوستۇم، ئاڭلاپ تۇر.

43. سەن ئۆزۈڭ مۇكەممەل ئادەم بولغاندىن كېيىن، ماڭا خەت يازغاندا مېنىڭ نامىمنى چالا-چۇلتا يازمىغىن، خەتكە مېنىڭ نام-نەسەبىم ۋە تەخەللۇسۇمنى قوشۇپ يازغىن.

44. مەنمۇ سېنى پەقەت «سالاھ»، ياكى «سالىھ» دەپلا يازسام، بۇ ساڭا ئازار بولىدۇ.

45. ئۇنداق دېسەم سەن مېنى: «ئۆزىنىڭ نىسبىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى پەش قىلىدىغان تەكەببۇر كىشىكەن» دەپ قالمىغىن.

46. ئەزىز كىشىلەرنى خار كۆرگۈچىلەرنىلا تەكەببۇر، مەنمەنچى دېيىشكە بولىدۇ.

47. لېكىن ھەق سۆزنى سۆزلەپ چۈشەندۈرسە، دوستلارنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرى ۋە ئۆزىنىڭ خىجىلچىلىقى يۇيۇلۇپ كېتىدۇ.

48. شوخ ھەرپ تۇلپارلىرىنى چاپتۇرغىنىڭدا، ئۇنىڭ مەيداندىكى ھەرىكەتلىرى تۈركلەرچە چەبدەس بولىدۇ.

49. ئەي ئەيسادەك خۇش نەپەسلىك دوستۇم، سېنىڭ شېرىن تىنىقىڭ مېنىڭ ئۆتۈك قۇشلىرىمنى خۇددى مۇزىكا چالغاندەك سايرىتىۋەتتى.

50. ئەگەر ئۇ نەي بولمىسا، ھەر قانچە پۈدىگەن بىلەنمۇ توم تۆمۈردىن ئاۋاز چىقمايدۇ.

51. ئەگەر قۇياش چىقمىسا، زەررىچىلەر جاھانغا كۆز ئاچالمايدۇ.

52. تاكى بۇ جاھان مەۋجۇت بولىدىكەن، سەنمۇ خۇددى قۇياشتەك ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ مەۋجۇت بولغايسەن.

53. سەن ھاجەتمەنلەرنىڭ قىبلىگاھىسەن. سېنىڭ ئىشىكىڭ ئۇلۇغ ئۇششاقلارنىڭ ھەممىسىگە زەمزەمدۇر.

54. سېنىڭ روشەن كۆڭۈل ئەينىكىڭ ئەبەدىيلىك يۈزلىرىگە قارىسۇن.

55. خەتنىڭ جاۋابىنى ئۇزاق سوزۇۋەتمە، ماڭا ھەرگىز ئۇنداق جاپانى قىلما.

56. ئىنتىزارلىق دېگەن كىشىگە بەئەينى ئوتتۇر. ئەي خۇدا! دوزاخ ئوتىنىڭ ئازابىدىن پاناھ بەرگەيسەن.

57. ساڭا سالامەتلىك تىلەپ كېپىمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن، ساڭا مەندىن شۇنداق خەۋەر يەتكەي.

www.uyghurkitap.com



# سوپى ئاللايار ھېكمەتلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت

مۇھەررىردىن: «سوفى ئەللا يار» دېگەن بۇ نام ۋە ئۇنىڭ «سەباتۇل ئاجىزىن» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە ئۇزۇندىن بۇيان تونۇش. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى دىنىي مەكتەپلەردە قۇرئان ساۋاتى چىققان تالىپلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئوقۇيدىغان بىرىنچى ئەدەبىي ئوقۇشلۇقى بولۇپ كەلگەن.

سوفى ئەللا يارنىڭ تەپسىلىي تەرجىمىھالى، قەيەردە تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان يىللىرى، ئەسلى ئىسمى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. شائىرنىڭ «سەباتۇل - ئاجىزىن» توپلىمىنى شەرھلەشكە بېغىشلانغان، ھىجرىيە 1211 - (مىلادى 1797) يىلى تاجىدىن يالچىغۇل ئوغلى تەرىپىدىن يېزىلغان «رىسالەئى ئەزىزە» ناملىق كىتابتا شائىرنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدا بەزى مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئىسھاق باغىستانىي يازغان «تەزكىرەئى قەلەندەران» ناملىق رىسالىدە بابارەھىم مەشرەپ (خەلقىمىز ئۇنى شامەشرەپ دەپ ئاتايدۇ) نىڭ ھىجرىيە - 1123 (مىلادى 1711 -) يىلىدا ۋاپات بولغانلىقى، سوفى ئاللايارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىلگەن. مۇشۇ ئىككى مەنبەگە ئاساسەن سوفى ئەللا يارنىڭ مىلادى 1650 - يىلى تۇغۇلغانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ. ئۇ 1662 — 1665 - يىللىرى مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان، 1670 - يىلدىن كېيىن باج مەھكىمىسىدە تۆرىلىك مەنسىپىدە بولغان. 1690 - يىلى شەيخ ھەبىبۇللا ھۇزۇرىغا مۇرىت بولۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئاساسىي ئىجادىي پائالىيىتى مۇرىتلىق يىللىرىدا باشلانغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە نامى ھەممىگە مەشھۇر بولغان ئۇلۇغ شائىر ۋە پەيلاسوپ سوفى ئەللا يار ئۆز ئۆمرىدە «سەباتۇل - ئاجىزىن»، «ئەشئارى سوفى ئەللا يار»، «رۇبائىيات» قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلەرنى، ئىسلام دىنىنىڭ پەلسەپە ئاساسلىرىنى شەرھلەپ بېرىدىغان «مەسلەكۇل - مۇتتەقىن»، «مۇرادۇل - ئارىفىن»، «مەھزەنۇل - مۇتائىن» قاتارلىق پەلسەپىي ئەسەرلەرنى يازغان.

ئۇنىڭ «سەباتۇل - ئاجىزىن» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ باش قىسمىدا خۇدانىڭ قۇدرىتى ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۈپەتلىرىگە مەدھىيە ئوقۇلغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇقتىسىنەزەرلىرى ۋە ئاساسىي تەلىماتلىرى شېئىرىي يول بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. ئەڭ

مۇھىمى بۇ ئەسەردە ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ھاياتتىكى ئورنى، ئادەملەر ئارىسىدا دوستلۇق-ھەمكارلىق، مېھرىبانلىقنىڭ زۆرۈرلۈكى، پاكلىق، دىيانەت، ياخشىلىق كەبى ئەخلاقىي-خىسلەتلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى چوڭقۇر ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن؛ زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە، شەخسىيەتچىلىك، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، خىيانەت كەبى يامان ئىللەتلەرگە نەپرەت ياغدۇرۇلغان. ئەسەرنىڭ تىلى راۋان ۋە ئاممىباپ. بولۇپمۇ ئۇنىڭدا تەجنىس سەنئىتىدىن ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا كەڭ كىتابخانلارغا سوفى ئەللايارنىڭ «سەباتۇل-ئاجىزىن» توپلىمىدىن تاللانغان بىر قىسىم شېئىرلارنى تەقدىم قىلدۇق.

## دەربەيانى سەبەبى تەئلىف①

يېزىلدى فارسىي تىل بىرلە مەكتۇب،
ئەقىداتى فۇرۇئى قۇربى مەھبۇب.
ئانىكىم كۆردىلەر تۈركىي يارانلار،
دېدىلەر گەر دۇئا قىلسا ئەرانلار.
«بىتىلسە تۈركىي تىل بىرلە ئەقىدە،
كۆڭۈللەر بولسا ئاندىن ئارامىدە.»
تەمەللۇق قىلدىلار چۈن بىر نېچە يار.
قەلەم تارتاي خۇدا بولسۇن مەدەدكار.
ۋە لېكىن ئەيلەيىن سۆزلەرنى ئەجمال،
ماڭا يوقدۇر مۇفەسسەل قىلغالى ھال.
مەنى بىچارە چۈنكى ئامىيدۇرمەن،
گىرىفتارى مەلامەت دائىمدۇمەن.

ئېرۇرمەن بەندەلەرنىڭ سەرنىگۇنى،
بولاي يارۇ بەرادەرلەر زەبۇنى.
ئەگەرچەندىكى بولسام، مەغزى يوق پوست،
ئىشارەت قىلدىلەر چۈن بىر نېچە دوست.
ئالارنىڭ سۆزلەرىن بۇزماي مەنى زار،
سەۋاد ئەتتىم نېچە مەنزۇمە ناچار.
ئەقىدە سۆزلەرنى قىلدىم ئىسبات،
ئاڭا قويدۇم «سەباتۇل-ئاجىزىن» ئات.
ئۆزۈمدەك خەستەلەر بولغايمۇ دەپ شاد،
نەسايىھدىن ھەم ئەندەك ئەيلەدىم ياد.
نەسىھەت تىڭلامىس دىل سەختە مەھجۇب،
كۆكەرمەس تاشە تامغۇر ياغسە ھەم كۆپ.

## تەمەئدىن قاچماقنىڭ بەيانى

كەل، ئەي ئازادە، بول ھىممەت بىلەن يار،
تەمەئ زىنداندە بولما گىرىفتار.
بىرىگە بولماسە دۇنيا ئىشىدىن
ئۇر ئىستىغنا تەمەئ قىلما كىشىدىن.
خۇدايىڭ ھەرنە بەرسە قىل قەنائەت.
يۈرەكنى قىلما مىننەتتىن جەراھەت.
يۈگۈرسەڭ كۈندە بىر كەدۇ ئۈچۈن چەند،

بۇخارادىن يۈگۈرسەڭ تا سەمەرقەند.
بەدەخشاندىن كۆتۈرسەڭ يۈز سەرى تاش.
بەھاسى باغ ئىچىندە بولسە بىر ماش.
ئەگەر باشى بىلەن چاھ قازسە بەندە،
گۈزىنىڭ ياشىچە سۇ تاپسە ئاندە،
ۋەگەر قازسە ئارىغ كىرپىك بىلەن مەرد،
ئاڭا بىر خۇشەئى جۇ قىلسە پەرۋەرد،

① ئەسەر يېزىشنىڭ سەۋەبى ھەققىدە بايان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ مېھنەت بىرلە تاپساڭ پارچەئى نان،
كىشىنىڭ مىننەتىدىن ئۇلدۇر ئاسان.
قىدىرغان بىرلە رىزقىڭ قەددى تاشماس،
كېتەر قەدرىڭ قەدەردىن ھەرگىز ئاشماس.
تەۋەككۇل گەنجىدىن، ئەي يۈز ئۆكۈرگەن،
بۇيۇرغانىغا مۇخالىفدۇر بۇ يۈرگەن.
ئالا بولغان ئالا يۈرگەندىن ئارتۇق،
كۆمۈلگەن تەرمۇلۇپ تۇرغاندىن ئارتۇق.
ئەگەر تاش چايناسە ئەلدىن چىقىپ تاش،
كىشىگە ئەگمەگەي ھىممەتلى قۇل باش.
تەمەڭ نانىغە لەب ئاچقۇنچە ئۆل ئاچ،
تەمەڭ بويى كۆرۈنمەي بويىدىن قاچ.
ئەگەر قارنى بىرەر تويىماسە قەرنى،
كىشىگە ئايتماغاي ئەر بەندە سىرنى.
تەمەئىلىك سېپىلىدىن بېھدۇر سىيلىنغان،
تىلەنگەندىن ئېرۇر ئارتۇق تىلىنغان.
تەمەڭ قىلما تاپارغە زەر نىگارىن،
بۇ زەر مېھرى بۇ زەردىن نى ھىسارىن.
كىشىنىڭ مەتلەبى سىم بولسا يا زەر،
خەلىلىنىڭ ئاتەشى ھەم بولسا ئازەر.
مۇساھىب بىلمەگىل دۇنيا خەسىسىن،
نەسىمىي مەئرىفەت ئىستە نە سىمىن.
ئىمەكلەپ تۇشسە كەتسە ئىت بىلەن پوست،
تەمەڭ قىلما كىشىدىن تۇشە ئەي دوست!
غەرەز دۇنيا بولۇپ، ئەي ئادەمىزاد،
ئەزىز ئۆمرۈڭنى ھەرگىز قىلما بەرباد.

كىشىنىڭ خىزمەتىدە باغلاساڭ قول،
جىلاۋىدا يۈگۈرسەڭ بىر قەدەم يول.
بۇ يۈرگەندىن فەنا كەچكەنىڭ ئارتۇق،
بۇ نېشەندىن زەقۇم ئىچكەنىڭ ئارتۇق.
ۋە لېكىن تەگسە خاس ئەرنىڭ جىلاۋى،
سەئادەتدۇر دىلىڭ دەردىغە داۋى.
ئانىڭدەك ئەرنى دەرگاھىدە قىش - ياز،
ئەزىز ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزسەڭ ئېرۇر ئاز.
ئۇشۇل ئەرنى ئەرىكىم بىرىيادۇر،
قەدەم تۇفراغى كۆزگە تۇتىيادۇر.
ئانىڭدەك بەندەنىڭ بولساڭ گەداسى،
نە دەۋلەتدۇر خۇدايىمىنىڭ رىزاسى.
ئانىڭ پەرۋانەسىدۇر خىرمەنى زەر،
دەمى سۇدۇر ئۇل ئەردىن مۇشكى ئەنبەر.
سەئادەتلىك مۇرىد ئۇل ھەق رەھىندە،
بولۇر يولباشچىسىنىڭ دەرگەھىندە.
نە رەسۋا ئەر ئېرۇر نەفسى ئۈچۈن خار،
مۇرىدى ئىشىكىندە يۈرۈسە زار.
ھەيا يوق، شەرمى يوق، ھەرگىز ئالەردە،
بىتەكلىك ھادىلاردىن نۇسخەلەردە.
كېچە - كۈندۈزگە كىمنىڭ قۇتى يەتسە،
ھەرام ئېرمىش ئۆزىنى سايىل ئەتسە...
نەبى ئايدى قىيامەت بولسا، ئەي دوست،
تەمەڭ كىينى يۈزىدە بولماغاي پوست.
بىلەي دېسەڭ بۇ سۆزنى ئىستە «مىشكات»،
تەمەڭ بىرلە كەچۈرگەن ھەيف ئەۋقات.

## مۇھەببەتسىز كىشىدىن قاچماق بەيانى

كەل، ئەي تالىب، كۆزۈڭ ئىبرەت بىلە ئاچ،
مۇھەببەتسىز كىشىدىن قۇش بولۇپ قاچ!
مۇھەببەت ئەھلىنىڭ جۇيانى بولغىل،
ئۇشۇلكىم ئۇچرادى قۇربانى بولغىل.
كىشىنىڭ كۆڭلىكىم بىگانە بولسە،

ئېرۇر دۇشمەن ئەگەر ھەمخانە بولسە.
مۇھەببەتسىزكى بولدى ھەر قايۇ زات،
ئەگەر فەرزەندى شىرىندۇر ئېرۇر يات.
مۇھەببەت بولماسە ھەر كىمدە، ئەي خەير،
ئاتاڭ بولسە ئېرۇر بىگانەۋۇ غەير.

ئاقاردىپ يۇرمەسە كۆڭلى ئاقاردىپ،
قوالۇڭدىن كەلسە ھېچ ئولتۇرما باردىپ.
ئەگەر بىگانەئىنىڭ داغى بولسە،
ئاڭا سەرف ئەت كۆزۈڭنىڭ ياغى بولسە.
جىگەر بەندىڭ يۇرەكىڭ گوشەسىدۇر،
ئانىڭ مىھرى قىيامەت تۇشەسىدۇر.
ئانىڭدەك يار ئىلە چۇن ئەيلەدىڭ ئەھد،
ئىچۇرسە زەھر ئانى بىلمەك كېرەك شەھد.
تىلەسە بۆركنى، بەرمەك كېرەك باش،
ئەگەر جان ئىستەسە، قايتارماغىل قاش.
ئەگەر بولسۇن دىسەڭ يەڭگىل ئاغىرلار،
چىقىپ بىر يانە تاپ، بىر يان باغىرلار.
قىلۇر سۇھبەت ئەسەر، ئەي تالىبى راھ،
مۇنىڭدەك جارى بولدى ئادەتۇللا.
نەكىم تۇزكانىغە تۇشسە بولۇر تۇز،
كى ئاندىن ئۆتسە نەچچە كېچە- كۇندۇز.
ئەگەر چەندىكى ناقابىللىقىڭ بار،
نىكۇلار جەمئىدىن ئايرىلما زىنھار.
ئەگەر چىقسا ئىپەكنىڭ جەمئىدىن لاس،
بولۇر غەرقى سىياھى، ئەييۇھانناس!

ئۆزدىن قىلسا قايۇ مىس نۇقرەگە زەم،
قويار مىس ئاتىنى خەلق ئوغلى دەرھەم.
ئالۇر سۇھبەتدە بىر- بىردىن كىشى بەھر،
ئەگەر كۆپ چەشمە بىر بولسە، بولۇر نەھر.
جەمائەتدىن ئۆزۈڭنى قىلما مۇمتاز،
چاپار كۆپ توپدىن ئايرىلغان ئۇشە باز.
كالاغە بۆرى چاپسا، ئەي فەلانى،
قايۇ ئايرىلسا ئەۋۋەل تىشلەر ئانى.
يۇرۇسەڭ يەككە، دىۋ باشىڭنى يەنجەر،
قاراقچى توپدىن ئايرىلغاننى سانجەر.
خۇدانىڭ رەھمەتى بولسە جەمائەت،
ئىرۇر رەھمەتتىن ئايرىلغان شەئائەت.
نە ئول جەمئىنكى غەفلەت ئەھلى بولغاي،
بەھايىمدىن زىيادە جەھلى بولغاي.
ئاللانىڭ سۇھبەتىن بىل زەھرى قەتتال،
بۇزار كۆپ سۇھبەتىنى بىر بەد ئەفئال.
كېرەك سۇھبەت ئەھلى بىر تەنۇ بىر رەڭ
بەرەس بىر رويۇ ناخۇن بولسە ھەمدەڭ
ئەگەر كەلسە مەزەر نەفرەت قىل ئاندىن
يىلاندىن نى زەرەر كۆرسەڭ يىل ئاندىن.

## دۇنيادىن تەجەررۇد① ھەققىدە

كەل، ئەي سالىك، ئۆزۈڭنى يىراغە سالدىڭ،
ئۇلۇغ ھىممەت ئاساسىن قوالغە ئالدىڭ.
ئەگەر قالماي دىسەڭ كىرگەن يولۇڭدىن،
تەجەررۇد دەۋلەتىن بەرمە قوالۇڭدىن.
كېيىنگە باقماغۇدەك بولسە بەندە،
يېتەر مەقسۇدىگە تىز ئىزلەگەندە.
ئەگەر باقساڭ كېيىن بۇ تاغۇ چۆلدە،
مۇبادا قالماغايسەن ئورتا يولدە.
مۇشەققەت بولماسە سۇنغان بويۇندە،
بىھە ئاندىن بولغانى يەرنىڭ قويۇندە.

ئىبادەت بەندەنىڭ مەنزۇرى بولسە،
بىھە ئول ئەرنىڭ ئۆيىدە ھۇرى بولسە،
ۋە لېكىن ئۆتمەسە شەھۋەت جۇدالىق،
كۆڭۈلگە تۇشسە قەسدى كەد خۇدالىق،
دىيانەت ئىستەگۇدەكنى تەلەب قىل،
ئەگەر تاپىلماسە كۇنجىدە خەب قىل.
ئەگەر زەڭگى بەچەدۇر، كۆزلارى كور،
ئۇ كىم مەستۇرە بولسە، بىل ئانى ھۇر،
ئەگەرچەندىكى بولسە بەندە زادە،
ئانى ساھىب نەسەبدىن كۆر زىيادە.

① تەجەررۇد — چەتلىشىش، كېچىش.

www.uyghurkitap.com

تىلىنى ئۆزىنى شەرمۇ ھەياسى،
يۈزىنىڭ ئاقىدۇر ئەرنىڭ رىزاسى.
ئوشۇل خاتۇنكى نامەھرەم نەزەردۇر.
ئەگەر شەمسۇ قەمەردۇر، ماچە خەردۇر.
ئەگەر چەندىكى بۇزرۇكزادەدۇر ئول،
ياقىن بىل تۆرت ئاياغلىق مادەدۇر ئول.
ئانى مەنئ ئەتمەس ئەردۇر بىھەمىيەت،
خۇلاسەدە ئىرۇر مۇنداغ سەۋىيەت.
بەغەيرەت ئەر بولۇر رازى قازاغە،
يىبەرمەس خاتۇنىن تويۇ ئەزاغە.
بولۇر زازى قارا يەرگە تىقارغە،
قاچان رازى بولۇر ئۆيدىن چىقارغە؟
غەرەز، ئەي بەندەلەر، نازىر بولۇڭلار،
يامان يول فەرقىغە، ھازىر بولۇڭلار.
بەنى ئادەمدە باردۇر بىر فەرىقە،
تۇتارلار ئۆزلەرىن ئەھلى تەرىقە.
ئالار شەرئى نەبىنىڭ دۇشمەنىدۇر.
ئالارنىڭ ئاتى يەئنى رەۋشەنىدۇر.
ئالار ئۆزلەرىغە ئارىن قويۇپ ئات،
ئوقۇرلار ئاملەرغە ياخشى ئەبيات.
ۋە لېكىن ئايتۇشۇر بىھۇدە مەئنى
ئۆزىنىڭ يولىغە، سالماققە يەئنى.
ئالاردا بولماغاي ھېچ ياخشى نىيەت،
ئايالۇ ئەھلىدە بولماس ھەمىيەت.

جەمئى جانۇۋەرلەر تۈشسە كۆزگە،
ھەمىيەتلىك بولۇر توڭگۇزدىن ئۆزگە.
ئالارنىڭ فەئلىدۇر توڭگۇزغە ئوخشاش،
شەرىئەت مۇنكىرىدۇر، ئاغزىدىنە تاش.
ئالارنىڭ فەئلىنى كىم ياخشى بىلدى،
بولۇپ كافىر يانا ئوتغە يىقىلدى.
بولۇپدۇر ھەم تەقى بىر فىرقە پەيدا،
ئاتى مۇئمىن ۋەلې نەفسىغە شەيدا.
يىغارلار پارەئى بوينى يوغاننى،
سالارلار ئورتاغە قىزۇ جەۋاننى.

ئەگەرچە رەۋشەلى ئىرمەس بۇ ئەۋباش،
ۋەلې بۇ ئىش شەرىئەت ھۆكمىدىن تاش.
بىتىپدۇر بۇلھەسەن ئول ياخشى بەندە،
كىتابى «تەنبىيەز - زالىن» ئىچىندە.
بۇ ئايغان فىرقەكىم زالۇ مەزىلدۇر،
شەرىئەت ئەھلى بۇ ئەلدىن خىجىلدۇر.
ئىنانسۇن دەپ تەقى بىر نەچ-چە بىئەقل،
قىلۇرلار خاجە ئەھمەددىن مۇنى نەقل.
خۇدانىڭ دوستى بولسە خاجە ئەھمەد.
قىلۇرمۇ ھېچ مۇنىڭدەك بىدئەتى بەد.
شەرىئەتدە ئىدى ئول ئافتابى،
قالىپدۇر بىزگە ئول ئەردىن كىتابى.
ئوشۇل سولتان بىتىپدۇر بەلكى ئاندە،
چىقار مۇنداق فىرقە ئاخىر زەماندە.
ئانىڭدەك فىرقە مەلئۇنى خۇدادۇر،
ئالارنىڭ فېئلى سۈننەتدىن جۇدادۇر.
بۇ ئىشلار بىشەكۇ رەيب، ئەي مۇسۇلمان،
ئوشۇل قۇتبى زەمانغە ئىردى يالغان.
قايۇ ئەردىنكى نەقىل ئەتسە بۇ ئىشنى،
ئىنانساڭ، زىنھار ئانداغ دېمىشنى.
ۋەلې بولسە ئۇلۇغ يولدىن تايارمۇ؟
خىلافى شەرئى پەيغەمبەر ئېتەرمۇ؟
ئانىڭ شەئنىغە يالغاندۇر بۇ ئەفئال،
ئەگەر چىن بولسە ئىرمەس ساھىبى ھال.
ۋەلې بىلمەسمىز ئول ئايغان كىشىنى،
قىلىپ ئۆتكەن ئىكەن شەيتان ئىشىنى.
ئالىپ بارسە كىشى ئەھلۇ ئايالىن،
كۆتەرۇر بىھەمىيەتلىك ۋەبالىن.
ھەرام ئىشنىكى ئائەت بىلسە ئىنسان،
ئىرۇر بۇل ئېئتىقادى نامۇسۇلمان.
بەرادەرلەر، بىلىڭلار راھى ھەقنى،
تۇتۇڭ دۇشمەن ئوشۇل ئايغان فىرەقنى.
قىيامەت كۈن قوشۇلسا جان ئىلە تەن،
قوپار ھەر ئادەمى ئۆز دوستى بىرلەن.

## مەۋئىزە[1]

كەل، ئەي ئاقىل، بۇيۇرساڭ ئەقلىڭ ئىشكە،
ئۆزۈڭدىن كەتمەگىل دانا دېمىشكە.
ئەگەر بالا چىقىپ كەتسەڭ ئۆزۈڭدىن،
يىقىلغايسەن تايىپ يەرگە يۈزۈڭدىن.
ئۆزىن بالا تۇتۇپ، كىبىر ئەيلەمەكدىن،
نەچچە بەگلەر يىقىلدىلەر ئاياغدىن.
ئەگەردە ھەركىمچە دىل مەخزەنىنە،
باقارسەن كۆپتۇرۇپ، كۆپتۇرمە سىنە.
ئەگەرچەندىكى بولسا قۇتبى ئەبرار،
دېگىل نې دانىشىم، نى دانىشىم بار.
نىھانى مېھنەتىڭ بەرسۇن دېسەڭ بەر،
رىزائى ھەق ئۈچۈن ئىلىم ئەت مۇيەسسەر.
ئەگەر باشىڭدە بولسە گۇل رىياسى،
قاچان بولغاي چىراغىڭنىڭ زىياسى.
ئەگەر خالىي زىياندىن خالى ئېرمەس،
ھەقىقەت ئول كىشىنىڭ ھالى ئېرمەس.
ئۇقۇر بولساڭ، ئوق ئۇر نەفسىڭ كۆزىنە،
قارا چىن كۆز بىلەن مۇسھەف يۈزىنە.
مۇھەققىق ئالىم ئولدۇر ئادىل ئولسە،
نە كۆپ جادىل يۈگۈرۈپ جادىل ئولسە.

جەدەلدىن قالكى، قىل ئۈستىدەدۇر قال،
يىقىتساڭ يايىقىلساڭدۇر زەبۇن ھال.
ۋۇجۇدۇڭ ئەقبەسى ئېرمەس ئالاشە،
تالاشە كەلگەن ئولتۇرماس تالاشە.
ئوقۇردىندۇر غەرەز تەڭرى رىزاسى،
نە ئول ئىلمگە بولغاي خەلق ئىزاسى.
يانىپ كەلگەندە مېھنەت شەممى، ئەي يار،
يانىنىپ تۇتمە ھەۋا بادىغە زىنھار.
زەمانە خەلقى ئەكسەر تالىبى قەدر،
بولاي دەپ سەدرى مەجلىس قان قىلۇر سەدر.
ئوقۇپدۇرلار ئەگەر خالىس ھەقانى،
يۈرەك قانى بىلە ئاسارى قانى.
ئەگەر قىلدىڭ مۇيەسسەر ئىلىم ئىشىدىن،
ئاياغىڭ باسما ئەگرى، كۆر كىشىدىن.
بىلىنىپ ئۆز دۇشمەنىڭ قىلما ئاگا ھەرب،
كۆرۈپ ئوتقە ئۆزىن سالماق نىچۈك زەرب.
مۇۋافىق ئىلمگە قىلسە ئىشىنى،
دېگىل ئەربابى ئىلىم ئانداغ كىشىنى.
تەۋەررۇڭ شەرتىدە، ئەي مەردى كارى،
كېرەكدۇر قارىيۇ ئەلبەتتە قارى.

## زاھىد سۆچۈك تىللىق بولماقنىڭ بەيانى

كەل، ئەي زاھىد، ئۆزۈڭنى ئەيلەگىل خاك،
ھەرامۇ شۇبھەدىن خەلقىڭنى قىل پاك.
ئاچۇق قوللۇق، كۇشادە يۈزلى بولغىل،
مۇرۇۋۋەتلىك، مۇلايىم سۆزلى بولغىل.
بۇ خىسلەتلەر مۇۋافىق بولسە سەندە،
ئۈمىد ئولكىم خۇدايىم دېسە بەندە.
مۇسۇلمان ئوغلىدە بولسە سۆچۈك تىل،
ئالىپ كەلسە بولۇر بىر قىل ئىلە فىل،
سۆچۈك لەفزى بىلە مۇرى خىرەدمەند،

سالۇرلار ئەژدەھانى ئاغزىغە بەند.
سۆچۈك تىل بولسە قايىسى مۇھتەرەمغە،
سالۇر كۆكرەكنى زىرى قەدەمغە.
مۇلايىم تىل بىلەن بىھەربۇ بىزەرب،
بىراۋنى كەلتۈرۈرلەر شەرقتىن غەرب.
ئەزەنلەر ئالمايىن بىر ئىگنە قولغە،
سالۇرلەر نەچچە گۇمراھلارنى يولغە.
سۆچۈك تىلدۇر ئەجەب گەنجى مۇئەززەم،
ئاتا قىلغان بىلەن ھىچ بولماغاي كەم.

---

① مەۋئىزە — ئۆگۈت، نەسىھەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دېمە ھەرفىكى بولسە بىمەئانى،
ئەگەر تىل زەھرەلىك بولسە تىل ئانى.
كەلدى گەنجى مەئنىكىم زەباندۇر،
ئاڭا بىر نۇقتە كۆپ بولسە زىياندۇر.
قىلۇر قاتتىغ تەكەللۇم ئوك ئىشىك چېب،
سۆزۈك تېكلاپ كۆڭۈل بۇزغۇنچە، تىك ئېب.
ئەگەر سۆز جانە پەيدا قىلماسە سوز،
ئانى سۆز دېمەگىل، ئەي مەجلىس ئەفرۇز.
ئەگەر تۇتساڭ ئۇلۇغلارنىڭ ئىشىنى،
نەبات ئايتۇر نە بات ئاغرىت كىشىنى.
ساۋۇغ ئايغۇنچە، ئەي خەلقى زەمانە،
زەبانە خەۋفىدىن مۇھر ئەت زەبانە.
چۇ نۇئمان مۇھرىدە بول ئېردى مەكتۇب،
«قۇلىلخەيرۇ ۋە ئىللا فەسكۇت»،①
ئەي خۇب.
ساۋۇغ سۆزدىن بولۇر ئىمان قارانغۇ،
زەرەردىن ئۆزگە يوقتۇر، نەفئى بارمۇ؟
بەھەر جايى تىلىڭنى ساقلا زىنھار،
كىشى تىلىنىڭ يامانىدىن بولۇر خار.
يامان تىل گاھى سارغارتۇر يۈزۈڭنى،
تۆبەن باشىڭنى، تەلمۈرتۈر كۆزۈڭنى.

يامان تىل ئىككى ئالەمدە زەرەردۇر،
گەھى ئىسيان، گەھى خەۋفۇ خەتەردۇر.
يامان تىل شۇملۇغىكى، جانغە ئۇرغاي،
گەھى جاندىن ئۆتۈپ ئىمانغە ئۇرغاي.
مۇسۇلمان ئوغلىغە ياخشى قىلىق قىل،
تىلىڭنى خۇش، چىرايىڭنى يىلىق قىل.
ئاغزىدىن ساچ يىبرىندە دۇررى مەئنى،
ئەگەر بولماسە خامۇش ئەيلە يەئنى.
ئەگەر بولماسە سەندە سۆزگە يەتمەك،
نە دەۋلەتدۇر سۈكۈت ئەتمەك، ئىشىتمەك.
ئىشىت، ئەمما قايۇ سۆز بولسە بىھراق،
قۇلاغىڭە ئانى ھەلقە قىلىپ تاق.
قۇلاق، كۆزدىن، قولۇڭدىن، پالارىڭدىن،
سورا تاڭلا تەمام ئەئزالارىڭدىن.
ئىشىتسەڭ نەفئى يوق سۆز، ئەي نېكۇ زات،
ئانى ھەم گۇشە ئالما، گۇشە چىق پات.
قۇلاق سالما ۋەلې بىمەئنى سۆزگە،
ئىشىتسەڭ قوپ ئۇ يەردىن ئۆزگە يەرگە.
كىشى ناھەق سۆز ئەتسە سەن چىق ئاندىن
ياماندىن قاچ، ياماندىن قاچ، ياماندىن!

## ھېكايەتى ھەزرىتى لوقمان

نەسىھەت قىلدى فەرزەندىغە لوقمان:
ساڭا جاھىل كىشى يەھس ئەتسە، ئەي جان،
جەۋاب ئايغىل ئاڭا شىرىنۇ يۇمشاغ،
مەگەر بولغاي جەھالەت خەمرىدىن ساغ.

ئەگەر نەفئ ئەتمەسە قىلما ئەئادە،
بولۇر ئايغانسارى جەھلى زىيادە.
ئەگەر سۇد ئەتمەسە ئايماغ سەۋابى،
سۈكۈت ئەتمەكدۇر ئاندىن سوڭ جەۋابى.

## بەندە ئەھدىدە تۇرماقنىڭ بەيانى

كەل، ئەي سادىقكى، قىلمىدىڭ سىدق لاف ئېن،
ئۆلەنچە قىلما ئەھل ۋەئدە خىلاف ئېن.

خىلاف ئەتكەن زەبۇنلاردىن زەبۇندۇر،
بۇ دۇنياۋۇ ئۇ دۇنيا سەرنىگۇندۇر.

① ياخشى گەپنى قىل، بولمىسا سۈكۈت قىل.

خەلايىق ئالدىدا كۆتەھ زەباندۇر،
خۇدا دەرگاھىدا ئاندىن ياماندۇر.
خىلاف ئەتسەڭ ئەگەر ئايغان سۆزۈڭدىن،
كۆتەر ئەركەكلىك ئاتىنى ئۆزۈڭدىن.
دەدەك قايغاچى دەستارىڭدىن ئارتۇق،
سىنىڭ يوق بولغانىڭ بارىڭدىن ئارتۇق.
چىقارماغىل ئاغىزدىن قىلماس ئىشنى،
قىلارمەن دېمە قولدىن كەلمەس ئىشنى.
ئاغىزدىن چىقسا سۆز قايتارماغىل قاشر،
ئەگەرچە كەتسە ھەم ئول سۆز ئۈچۈن باش.
كېرەك ئېرمەس دېگەنىنىڭ ۋەئدەسى تۈز،
ئەگەر تۈز بولماسە ئاندىن كۆڭۈل ئۈز.

ياقىن، بىلگىلكى، تۈزلۈكدىن ئاسانى،
ئەرەنلەر ئالدىلەر ئۇلۇغ قولغە ئانى.
خۇسۇسەن تۈز كېرەك ھەر ئىنتىمادى،
بولۇرمۇ ئەگرى ھېچ مەسجىد ئىمادى.
سۆزىن بۇزغان كىشى بۇزماسمۇ ئىمان،
ئۇلۇمسە بىرلە قىلما ئەھدى پەيمان.
سۆزىن بۇزغان كىشىنى ياخشى ئەرلەر:
«قۇسۇپ قايتە ئانى ئىچكەنچە» دەرلەر.
قايۇ تەيىب كىشى ئىچكەن قەيىدىن،
تىرىكسەن قالماغىل ئەھدىڭ پەيىدىن.
مۇبادا ئۈزسەڭ ئەقۋالىڭ، ئوقۇدىڭ،
تۆكۈلۈپ قالماغاي يىغقان نۇقۇدىڭ.

## ياخشى ھەمراھنىڭ بەيانى

كەل، ئەي ئازىم، ئەگەر بولساڭ سەفەردە،
رەفىقى تاپ، تەرىقى پۇر خەتەردە،
كېرەكدۇر ئەر كۆڭۈللۈك ياخشى ھەمراھ،
رىفاقەتكە ياراماس ھەر قايۇ داھ.
نېچۈككىم، مەغزىنى جاندە تۇتار پوست،
مۇھەببەت يولىدا ئانداق كېرەك دوست.
ئۆزىن قۇل، يارىنى سۇلتانى بىلسە،
ئۆزىنى تەن، رەفىقىن جانى بىلسە.
ئەگەر ئاياغىغە تەگسە تىكەننى،
قادالغانچە، ئۆزىگە بىلسە ئانى.
ساۋۇق يەل تەگسە يولداشى يۈزىغە،
ئەگەر قولدىن كېلۇر ئالسە ئۆزىغە.

ئاگا كەلدى دېگەن تىيرى بەلاغە،
قىلىپ جانىن سۇپەر تۇتسە ئاراغە.
يامان يولداش ئېرۇر چۇن مارى ئەفئى،
زەرەردىن ئۆزگە يوقدۇر زەررە نەفئى.
تۇتۇپ دائىم يىلاننىڭ قۇيرۇغىنى،
نېچۈك دىل جەمئ ئېتەرسەن بۇيرۇغىنى؟
يامان بولماي، ۋە لېكىن بولسە نامەرد،
قۇرۇغ سۇرەت ئېرۇر، قىلغىل كۆڭۈل سەرد.
ئۆلۈكدۇر بولماسە ھەر كىمدە گۇردە،
تىرىلمەسدۇر كۆتەرگەن بىرلە مۇردە.
ئەمەس ئەرتىڭ نىشانى رىشى ئالەت،
نىشانى ھىممەتۇ غەيرەتۇ ھالەت.

## خىيانەتتىن يىراق بولماق بەيانى

كەل، ئەي كامىل، (ئەگەر) ئەتسەڭ دىيانەت،
كىشىگە قىلماغىل ھەرگىز خىيانەت.
خىيانەتكىم كېلۇر قولدىنۇ كۆزدىن،
ئاياغدىن، ئۆزۋى پىنھانىدىنۇ سۆزدىن.

مۇنى بىلگەي جەمىئى ئادەمىزاد،
ئەمەس ھاجەتكى بىر - بىر ئەيلەسەم ياد.
خىيانەتكىم، ئېرۇر پەيدا كۆڭۈلدىن،
مۇنى ئاگلا، دىيانەت بەرمە قولدىن.
نەكىم تۇشسە كۆزىگە يا كۆڭۈلگە،

دەۋا كۆرمەسەڭ ئول ئىشنى ئۆزىڭگە،
رەۋا كۆرسەڭ مۇسۇلمانىغە، ئانى،
مۇنى دەرلەر خىيانەتنىڭ يامانى،
قايۇ ئىشكە رىزا بولساڭ كۆڭۈلدە،
ئەگەرچە قىلماساڭ، بولدۇڭ ئۇ يولدە،
ئېرۇر ئىسيان رىزاسى، چۈنكى ئىسيان،
رىزايى كۇفرىدۇر، كۇفر، ئەي مۇسۇلمان،
مۇسۇلمان ئوغلىنى كۆرسەڭ كۆزۈڭدەك،
زەرەردە، نەفئىدە بىلسەڭ ئۆزۈڭدەك،
قايۇ قۇلنىڭ مۇنىڭدەك بولسا هالى،
بۇدۇر بىشەك مۇسۇلمانلىق كەمالى،
ئەگەرچەندىكى بولسە شۇبهەئى كەم،
رەۋا كۆرسەڭ ئانى ئۆز نەفسىگە هەم،
رەۋا كۆرمە مۇسۇلمانىغە زىنهار،
ئەگەر بەرسەڭ بەناگاه ئەيلە ئىزهار.
خۇسۇسەن بەرمەگىل تەۋالىق ئەرگە،
مۇغىلان ساچماغىل رەيهانلى يەرگە.
تەقىنىڭ كۆڭلىدۇر دارۇس ـ سىيانەت،
سىيانەت خانىغە قىلما خىيانەت.
ئەگەر تاپىلسا ئېتىمەت ئالدىدا ساچ،
ۋەلې بولماسە ئاغزىڭ ئۈزرە ئۇچۇن ئاچ،
ئەگەر مىڭ خالتە بەرسەڭ، خالتە كۆپ زەر،
ساڭا ئاندىن نېچۈك سۇد، ئەي بەرادەر؟
ئەگەر بەرسەڭ ئارىغىدىن قەترەئى ئاب،
ئېرۇر چەندان سەۋاب، ئەي گەۋهەرى ناب،
كىشىگە بەرسە كىم مالى هەرامى،
ئۇمىد ئەتسە سەۋاب ئول مەردۇ ئامى.

بولۇر كافىر ئۇمىد ئەتكەن ئول ئىنسان،
بىلىپ ئالىپ دۇئا قىلغان ئول ئىنسان.
خىيانەتنىڭ بىرى هەم بولدى مەۋسۇف،
بىلىپ قىلماسە هەركىم ئەمرى مەئرۇف.
ۋەگەر نەهيى ئەتمەسە مۇنكىر ئىشىنى،
خىيانەتلىك دېگىل ئانداغ كىشىنى.
بىراۋ بول بىلمەيىن يۈزلەنسە چۆلغە،
بىلىپ گەر سالماساڭ سەن ياخشى يولغە،
قايۇ ئىنساف ئېرۇر، قايسى دىيانەت،
ئېرۇر ئانداغ ئۇلۇغ بۇخلى خىيانەت،
ئەگەر ئالدىڭدا تىفلى بولسە ناگاه،
يانار ئوتقا تۈشەرىن بىلسەڭ ئاگاه،
ئۈزاتماس بولساڭ ئاڭا دەستى ئەلتاف،
نېچۈك بولغاي مۇسۇلمانلىقدە ئىنساف؟
جەمىئى بەندەئى مۇئمىن سەراسەر،
ئېرۇرمىز بىر ـ بىرىمىزگە بەرادەر.
بىراۋ چىقسا تەرىقى ئاخىرەتدىن،
ئۆكۈرسە يۈز مەقامى مەغفىرەتدىن،
ئەگەر كۆرسەتمەسە يول كۆرگەن ئىنسان،
بېخىللىك مۇندىن ئۆتمەس، ئەي مۇسۇلمان.
سەن ئايغان سوڭرە تۈز بولماسە هالى،
ئۆزىنىڭ بويىنىغە بولغاي ۋەبالى.
ئاچىپدۇرسەن بەرادەرلىكنى بابىن،
تاپەپسەن ئەمرى مەئرۇفنىڭ سەۋابىن،
ئەگەر كەلمەسە قولدىن يا تىلىڭدىن،
يامان كۆر ئول ئىشىنى جانۇ دىلىڭدىن.

## چىن ئەرنىڭ بەيانى

كەل، ئەي ئىنسان، ئەگەر بولساڭ چىن ئەردەك،
ئاغىرلىق پىشە قىل دۇنيادە پەردەك.
ئەگەر تەپسە سېنى هەر قايسى مەۋجۇدە
زىيان ئەتمە، تەقى يەتكۈر ئاڭا سۇدە.

يۈرەكىڭ قىلسالار ئاهەن بىلە چاك،
چىقار ئالدىغە تۈرلۈك نېئمەتى پاك.
ئەگەرچە ئالەمە سەندىن تېگەر نەفئ،
ئۆزۈڭدىن قىلماغىل تۇپراق ئاتىن رەفئ.
ئاتاڭ يەردۇر، سەنەم يەردەك قىلىق قىل،

يامانلىق ئەيلەگەنگە ياخشىلىق قىل.
كىشى تاش ئۇرسا باشقە، ئەي خۇجەستە،
كۆلۈپ باققىل يۈزىگە مىسلى پىستە.
بۇ سىندۇرماققە دىل تەك ئولما زىنھار،
ئۈمىد ئولدۇركى، خوش كۆرگەي خەرىدار.
ئاياغ ئاستىدە قالدىم دەپ دېمە ۋاي.
بولۇر چۈن كاسە كۆپ تەپكۈر يېسە لاي.
ئەگەر دۈشمەنگە دوستلۇق قىلساڭ
ئىزھار،
باشلىق يارغان كىشىلەرنى دېسەڭ يار،
رىز مۈلكىدە تەمكىن ئەيلەگەن ناس،
جەفا ئالماش تەگسە قاتتىغ ئالماس.
دېمەس ئاسىب ئانى خەلق ئۇرسا ئاسىب.
ۋەيا مېھنەت جىبالى ياتسە باسىب
جەھالەت ئەھلى قىلماس كىنە تەركىن،
قاچان دەركىن بولۇر گەر قىلىبا دەركىن.
ئەگەر رازى يېسە مىڭ زەربەئى يەد
دۇئانى ھەرگىز ئاڭا قىلماغاي بەد.
زەرەرگە رازى بولماس ھەرگىز ئەكمىل،
ھىدايەت بىرلە تەۋفىقىن تىلەر بىل.
سۇنارگىن گەردىدىن ھالەت جەمالى،
كېتەر گەردىن كېرەك گەردىن كەمالى.

## سۆزنى كۇتاھ قىلىپ، كىتابنى خەتم قىلغانلارى

كەل، ئەللايار، سۆزنى كۇتاھ قىلغىل،
بىلىڭنى باغلا، ئەزمى راھ قىلغىل.
قارا سەگدۇر سېنىڭ ئەسلىڭ قاراسەڭ،
بېرىپدۇرسەن رىيا قانىنى بىلە رەڭ.
ئۆلۈم تۇفانى بۇ سىرنى قىلىپ پاش،
دېگەي ئىچ بولماسە سۇد ئەيلەمەس تاش.
قارىپ جىسمىڭ قەرىب بولدى ھەۋەسكە،
نېچۈك شەرمەندەلىكسەن سۇسلى كەسكە.
ئاقاردى ساچ، نەدامەت ئەشكىنى ساچ،
ياقاڭ ئۇشلاپ دەھانى مەئىزەرەت ئاچ.
يالىڭ ئاقى ئەسەر قىلمادى ھالە،
ئۇيالەگۆر، باقىپ ھەردەم ئۇپالە.
ھەۋەس بىرلە تۈزۈك ئىش قىلمادىڭ ھېچ،
بولۇپدۇر كەچ، ھەۋەس بازارىدىن كەچ.
ساڭا ئايدى ئۇشۇل مەردى كۇھەن سال،
ئەگەر قال ئەھلىدە تاپىلماسە ھال.
ئەمەلگىم ئەيلەگەي ئۆز قالى بىرلەن،
قالۇر ئىززەتۇ ھۇرمەت ئالى بىرلەن.
بولۇر ئارتۇق ھەۋەس بىرلەن ھەۋاسى،
بولۇر ھال ئۇشبۇ ئىللەتنىڭ دەۋاسى.
قەلەم قىلدىڭ قارا، كۆڭلۈڭنى قىل ئاق،
ئۇشۇل ئەرنىڭ سۆزىن ھالقە قىلىپ تاق.
قارا قان يىغلادىم تۇتتۇم قەلەمنى،
تونۇ كۈن ئىشتىپ مەندىن ئەلەمنى.
ئۆزۈڭ قىلماي ھەۋەس بازارىنى تەي،
كىشىگە سۆزلەمەك تا چەندۇ تا كەي.
ئەگەر بولسە كۆڭۈلنىڭ ئىختىيارى،
نە بولغاي قالسا مەندىن يادىگارى.
بىتىپمەن فارسى تىلدىن كىتابى،
تامام ئاندا مەسائىلنىڭ جەۋابى.
ھەمە فەتۋاۋۇ تەقۋانىڭ بەيانى،
ئون ئىككى مىڭدىن ئارتۇق بەيتى ئانى.
دېدىڭ شەيئى قەلىلنى تۈركىي تىلدىن،
كەچۇ ئەلبەتتە ئەمدى قالۇ قىلدىن.
ئەگەرچە ياخشى سۆز قەندۇ شەكەردۇر،
خەتاسىدىن ۋەلې خەۋفۇ خەتەردۇر.
خەتاسى بولماغاي ئايغان سۆزۈڭنى،
تەزەررۇئ خاكىغە سۈرگىل يۈزىڭنى.
خۇداغە زار قىلغىل ئەرتەۋۇ شام،
ئىشىڭنى پۇختە قىلغىل، قالماغاي خام.
ھىجابى مەغفىرەت ياپقاي خەتاغە،
سەزاۋەر ئەيلەگەي تۈرلۈك ئەتاغە.

## ئىسمائىل ھەققىدە ھېكايەت

خەلىل ئوغلىكى ئىسمائىلدۇر، ئەي سەئىد،
ئانى ياد ئەتتى تەڭرىم: «سادىقۇلۋەئىد.»
ئانىڭ سادىقلىقىن، ئەي ئادەمىزاد،
قىلىپدۇر بىر ھېكايەت قىلغۇچى ياد:
بارۇر ئىبردى ئوشۇل شاھ بىر تەرەفكە،
يولۇقتى مۇئمىنى ئول باشەرەفكە،
دېدى: «تۇرساڭ بۇ يەردە، ئەي نىكۇكار،
ئۆيۈمدە يەئنى بەئزى ئىشلەرىم بار.
بارىپ كەلسەم، قوشۇلسام سىزگە مەن بەئىد.»
تۇراي دەپ ۋەئدە قىلدى سادىقۇلۋەئىد.
كېلۇرمەن دەپ قاشىدىن كەتتى ئول كەس،
ئونۇتتى ۋەئدەسىنى، بولدى كەلمەس.
قىلىپمەن ۋەئدە دەپ ئول ساھىبى راز،
ئۇ يەردە ئالتە يىل ئولتۇردى قىش-ياز.
ئوشۇل ۋەئدە ئونۇتقانىنىڭ گۇزارى،
يەتۇشتى ئالتە يىلدىن سوڭرە بارى.
ئوشۇل ۋەئدە ئۈچۈن تورغانىنى بىلدى،
ئۇيات يانى بىلە يەرگە يىقىلدى.
ئاغىزدىن دەفتەرى ئەرزىنى ئاچتى،
دۇر ئەشكىن ئاياغى ئاستىغە ساچتى.
زەبىھۇللا ئاڭا لۇتف ئەتتى چەندان،
ئىدى چۈن غۇنچە گۈلدەك باغى خەلدان.
سۈچۈك تىلنى ئاڭا سەرف ئەتتى چۈن بال،
ئەنە ۋەئدە، ئەنە ئەفۋۇ ئەنە ھال.
كىشىنىڭ ۋەئدەسىكىم بولماسا راست،
مۇھەببەت ئەھدىن ئاندىن قىلما دەرخاست.
ئىشەنمە ئايغانىغە، ئەي خىرەدمەند،
ئەگەرچەندىكى ئول ياد ئەتسە سەۋگەند.
ئەگەر تۈزلۈك بىلە بەرپا بولۇرسەن،
ئەلفدەك جان ئىچىندە جا بولۇرسەن.
ئەگەر كەج بولسە ئەفئالىڭ بۇ دۇندەك،
قالۇرسەن بەلكى قان ئاستىدا نۇندەك.
قىلىچ باشىڭغە كەلسە ئايتما يالغان،
ئۆلۈدىندۇر بەتەر چۈنكى ئۇ يالغان.
ئەگەر يالغانچىلىقتا ئۆتسە ئاتىڭ،
قىيامەت كۈن نېچۈك بولغاي ئۇياتىڭ؟
نىجىس مۇردار ئەمەس يالغانچىلىقتىن،
مۇسۇلمانلارغە شەرم ئەت بۇ قىلىقدىن
شەرىئەت ھۆكمى بىرلە، ئەي نىكۇراي،
گەھى چىن سۆزنى ھەم كۆڭلۈڭگە قىل جاي.
نەمىمەنى يامان دېدى شەھەردىن،
سۇخەن چىن بولسە ھەم بولما سۇخەن چىن.

## ھېكايەت سەئىد ۋە سەئىدى

سەئىد ۋە سەئىدى قىلدى ئەھدى يارى،
سەفەر بولدى ئالارنىڭ ئىختىيارى.
دىلۇ جاندەك ئىدى ئول ئىككى ئاگاھ،
قەرادىن ئاقتىلار دەرياغە ناگاھ.
بىرسىن تۇتتى مەلاھى ئوشۇل ھال،
دېدى ئۇ: «قوي مېنى، يارىم قولىن ئال!»
مۇنى قويدى، ئانى چۈن تۇتتى مەزبۇت،
بۇ ھەم ئايدى: «مېنى قويغىل، ئۇنى تۇت!»
تاداشا قىل ئالاردىن ئەھدى يارى،
ئەنە قەۋلى دورۇست ئەرلەرنى كارى.

## ئۆز نەفسىگە خىتاب

ئەلايار، تۇرۇش نەدۇر، ئەل كەتتى،
بۇ چۆلدە دەم سۇ ئىچمەيىن، سەل كەتتى.
ئەنبارى ئەمەلگە دانە كىرگۈزمەي،
فەرياد، خىرمەنى ھەۋەس يەل كەتتى.

ئەلايار، ئۆزىن بىلۇر كەس كەتتى،
ھەر يەردەكى مەردۇمى سۇخەن رەس كەتتى.
شەھبازلار ئىلگەرى تەلەپ قىلغاندا،
فەريادىكى، تالىئىڭ قۇشى پەس كەتتى.

ئەلايار، ئەل كۆپى شاشىپ كەتتى،
دەريالار ئۆتۈپ ئەقبەدىن ئاشىپ كەتتى.
سەن مۇندا نېچۈك فەراغ ئىلە ياتقايسەن؟
ھەمراھلارىڭ ساڭا قاراشىپ كەتتى.

ئەلايار، ئۇرۇغ، نىشانلار كەتتى،
رۇخسارەسى زەرد، باغرى قانلار كەتتى.
سەن مۇندا نېچۈك تاقەت ئېتىپ تۇرغايسەن؟
سىرداش يارانلار، نىگرانلار كەتتى.

ئەللايار، يۈگۈركى دەۋران كەتتى،
دوستلار ھەممە ئىنتىزارۇ ھەيران كەتتى.
غۇربەت قۇرىنى بىلىغە سالىپ تەلمۈرۈشۈپ،
كىريان ـ كىريان باغىرلارى قان كەتتى.

ئاللايار، يۈگۈركى سەۋدا كەتتى،
كۆپ قافىلەئى مەقسۇدۇ ئەئلا كەتتى.
ئاخىر سىنى كەتمەسكە ھەھاسىل قويماس،
تىزراق قەدەم ئۇركى، قۇۋۋەتى پا كەتتى.

## غەزەليات

ھاجەتىم ئۇلدۇر، خۇدايا، پا ئىشىم باش ئەيلەسەك،
مۇندا تەۋفىق، ئاندا ئىمانىمنى يولداش ئەيلەسەك.
ئىلكىمە بەرسەك ئەسائى ھىممەت، ئاغزىمغە سەنا،
كۆكلۈمە ئىشق ئاتەشىن سالساك كۆزۈم ياش ئەيلەسەك.
بار ئۇمىدىم گەردى ئىسيانىمنى يۇۋغاي ئابى ئەفۋ،
ۋەرنە يوقدۇر چارەسى بەندەك قارا تاش ئەيلەسەك.
چىھرەئى جۇرمۇمنى ياپقىل پەردەئى ئىسمەت بىلەن،
ئاندا مۇشكىلدۇر گۇناھىم خەلق ئارا پاش ئەيلەسەك.
گەرچە ئەللا يار ئىبرۇر ناقابىلۇ نامۇستەقىم،
لۇتفى ئىتىپ بىر مۇرشىدى كامىلغە يولداش ئەيلەسەك.

* *

جان ئەگەر ھەمسۇھبەتى تەندۇر، جەھاندا غەم يىمە،
بۇ ئەزىز مىھمان بارىندە غۇسسەئى ئالەم يىمە.
بىر غەرىشلىك يولغە كىرسەك قويما بىيولداش قەدەم،
بىر مەۋزى ئالدىڭدا ھازىر بولسە، بىھەدەم يىمە.
ئىككى كۈنلۈك لەززەتى دۇنيايى بىپايان ئۇچۇن،
فىكر ئىتىپ غەم تۇئمەسىنى، ئەي بەنى ئادەم، يىمە.
تەڭگى دەست ئۇلدۇم دەپ، ئەللايار، كۆپ فىكر ئەتمەگىل،
يۈز نەدامەت بىرلە ئالەمدىن كىتەرسەن غەم يىمە.

* *

تەشتى كۆكسۇم، ئەزدى باغرىم داغى ھىجرانىم مىنىك،
بۇ ئەلەمدە، مۇنچە غەمدە چىقماغان جانىم مىنىك.
دىلدە سەبرىم، يۈزدە شەرمىم، باشدا ھۇشۇم قالمادى،
كۆزدە ياشىم، رەگدە قانىم، تەندە دەرمانىم مىنىك.
دەردە تولسام، غەمدە سۇلسام، تەلبە بولسام ئىشقىدە،
ھەسرەتىندە مۇنداغ ئۆلسەم يوقتۇر ئەرمانىم مىنىك.
ھالەتىم بەد، ھەسرەتىم بىھەد، فىغانىم بىئەدەد،
قىل مەدەد مەندەك يىقىلغان قۇلغە سۇلتانىم مىنىك.
ھۇسسەئى دىل، قىسسەئى مۇشكىلغە قالدىم ئايۇ يىل،
ئابۇ گىل ئىچرە خىجىل قالغان تەنۇ جانىم مىنىك.
ئايتۇر، ئەللايار يىغلاپ، زار ھەر لەيلۇ نەھار،
تىيرى ئىشقى يار تۆكسە كاشكى قانىم مىنىك.

# مەشھۇر خەتتاتلار ۋە خەت نۇسخىلىرى

(خاتىرە دەپتەردىن تەرمىلەر)

ئىبراھىم مۇتىئى

ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى ئورخۇن-يېنسەي يېزىقىدىن باشلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى سوغد، براخمى، مانىخەي ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرىنى قوللانغان. بۇلاردىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى XV ئەسىرگىچە ئىشلىتىلىپ كەلدى.

بېزەكلىك ۋە قىزىل مىڭئۆيلىرىدىكى لەۋھەلەردىن قارىغاندا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى يالغۇز ئوقۇش-ئوقۇتۇش ۋاسىتىسى بولۇپ خىزمەت قىلىش بىلەنلا قالماي، شۇ لەۋھەلەردە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىر قاتاردا بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى بېزەپ تۇرغان خەتتاتلىق سەنئىتى بويىچە گۈزەل نۇسخىلار يارىتىپ ئېستېتىك سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى خەتتاتلىرىدىن ھازىر بىزگە ئىسمى مەلۇم بولغانلار مەنسۇر باخشى ۋە مەلىك باخشىلاردۇر. بۇلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن «مىراجنامە» (مىلادى 1436) ۋە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋېنا نۇسخىسى (1439-يىلى ھىراتتا كۆچۈرۈلگەن) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەڭ كېيىنكى ئەسەرلەردۇر.

ئەرەب يېزىقىنىڭ تارىخى ئۈستىدە توختالغان تەتقىقاتچىلار بۇ يېزىقنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شەكلىنى مەقلى يېزىقى ۋە كۇفى يېزىقى دەپ ھېسابلايدۇ.

كۇفى يېزىقى تۈركىي خەلقلەردە ئاساسەن مىمارلىق يېزىقى (ئىمارەتلەرنى زىننەتلەيدىغان يېزىق) قىلىپ ئىشلىتىلىپ كەلگەن.

سۇلۇس ۋە نەسخ يېزىقلىرى X ئەسىردە ئىبن مۇقلە تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان.

رەيھانى ۋە مۇھەققەق يېزىقلىرى XI ئەسىردە ئىبن بەۋۋاپ تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان.

رىققە ۋە تەۋقى يېزىقلىرىنىڭ ئىجادچىسى XI ئەسىردە ئۆتكەن ياقۇت مۇئتەسسىمدۇر. تۈركىي خەلقلەردىن كېلىپ چىققان بۇ خەتتات ئاببىاسى خەلىپىلىرىدىن مۇئتەسسىمنىڭ يېقىن دوستى بولغاچقا «مۇئتەسسىمى» دەپ ئاتالغان. ياقۇت خەتتاتلىقتا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن زات بولغاچقا، ئۆز دەۋرىدە «قىبلەتۇل - كۇتتاب» (كاتىبلارنىڭ قىبلىسى) دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولغان. ئۇ سۇلۇس، نەسخ، مۇھەققەق، رەيھانى، تەۋقى ۋە رىقئە خەت نۇسخىلىرىنىڭ ئوخشاش ئۇستىسى بولغانلىقتىن «ئەقلامى سىتتە» (ئالتە قەلەم) دەپ شۆھرەت قازانغان.

ئاتاقلىق خەتتاتلاردىن بولغان ئارغۇنى كامىل، ئابدۇللا سەيرافى، يەھيا سوپى، مۇبارەكشاھى سۇيۇفى، مۇبارەكشاھى كۇتۇب ۋە شەيخ ئەخمەد سۇھرەۋەردى قاتارلىق مەشھۇر خەتتاتلار ئەنەش ياقۇت مۇئتەسسىمنىڭ شاگىرتلىرى ھېسابلىنىدۇ. خەتتاتلىق كىتابلىرىدا بۇ يەتتە خەتتات «ئەساتىزەئى سەبئە» (يەتتە ئۇستاز) دەپ ئاتىلىدۇ.

خەتتاتلىقتا بۇلاردىن كېيىن، كېسىك قەلەم بىلەن خەت يېزىش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلىپ بىر مۇنچە خەت شەكلىنى تۇراقلاندۇرغان ئاتاقلىق خەتتات بۇخارالىق شەيخ مۇستاپانىڭ ئوغلى شەيخ ھەمدۇللا (1436؟ — 1519) دۇر. بۇ كىشىمۇ ئۆز دەۋرىدە «قىبلەتۇل - كۇتتاب» ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان.

تەلىق ۋە نەستەلىق يېزىق نۇسخىلىرى ئىرانلىقلاردىن ئىبلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خەت نۇسخىلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل نۇسخىلىرىنى ھىرات مەكتىپىگە مەنسۇپ خەتتاتلار ياراتقان.

ھىرات مەكتىپىگە مەنسۇپ خەتتاتلاردىن سۇلتان مۇھەممەد ھىرەۋىي (XV ئەسىر ئاخىرى) ئەفماسى ئەلبۇسەيىنى ( XIV ئەسىر)، مەسئۇد ئىبنى ئوسمان كوھىستانى ( XV ئەسىر) سۇلتان ئەلى مەشھەدىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن.

بىھزاد، شاھ مۇزەففەر، مۇھەممەد مۇراد سەمەرقەندى قاتارلىق ئاتاقلىق مۇسەۋۋىر (رەسسام) لەرمۇ، ھىرات مەكتىپى خەتتاتلىرى بىلەن بىللە داڭق چىقارغان. ئالەمگە مەشھۇر شائىر ھافىز شىرازىمۇ نەستەلىق بويىچە ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر خەتتاتى بولغان.

خەتتاتلىق تارىخىدا XV ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك خەتتات ئابدۇراخمان سابىقىدىن باشلاپ خەتتاتلارغا ئۇستازلىرى «ئىجازەت» بېرىش (دىپلوم بېرىش مەنىسىدە) رەسمىيلەشكەن، بۇ دەۋردە ئابدۇراخمان خاتەمى (1456 — 1516) ۋە ئابدۇللا ياقۇتنىڭ نەسخ ۋە باشقا يېزىق تۈرلىرىنى بۇرجەكلىرى يۇملاقلاشقان شەكىلگە كىرگۈزۈپ، مۇھەققەق ۋە رەيھانى خەت نۇسخىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. كېيىن بۇ ئىككى خىل خەت نۇسخىسى كەڭ ئىشلىتىلمەي پەقەت بىسمىللا يېزىقلا بولۇپ قالغان.

XVI ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن تەۋقى ۋە دىۋانى خەت نۇسخىلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە بارا - بارا رەسمىيلىشىپ، كىتاب كۆچۈرۈشكە قارىغاندا دىۋان ئىشلىرى (ئىدارە ئالاقىلىرى) ۋە خەت - چەكلەردىلا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ قالغان.

تەلىق ۋە نەستەلىق خەت نۇسخىلىرى ئاساسەن ئەدەبىي ئەسەرلەر دىۋان (شېئىر توپلاملىرى) ۋە مەسنەۋىيلەردە ئىشلىتىلگەن. تارىخىي ئەسەرلەرمۇ بەزىدە تەلىق خەت

www.uyghurkitap.com

نۇسخىسى بىلەن يېزىلىدىغان بولغان.

تەلىق خەت نۇسخىسى سۇلۇس خەت نۇسخىسىغا يېقىن قىلىنىلىقتا يېزىلغانىدا ھۆسن خەت لەۋھىلىرى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولغان.

كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭمۇ چېچەكلىك، سىغدالغان ۋە تۈگمىلىك نۇسخىلىرى ئىجاد قىلىنىپ بېزەك ئىشلىرىدا كۆپرەك ئىشلىتىلگەن.

نەستەلىق خەت نۇسخىسى ھىرات خەتتاتلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل نەمۇنىلىرىنى نامايان قىلىدۇ.

ياقۇت تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن رىقئە خەت نۇسخىسى ئادەتتىكى خەت ئالاقىدە ئىشلىتىلىدىغان ئەڭ گۈزەل نۇسخا بولۇپ تا XX ئەسىرگىچە زىيالىيلار ئارىسىدا كەڭ ئىشلىتىلىپ كەلدى.

سۇلۇس ۋە نەسخ خەت نۇسخىلىرىدىمۇ ھەر ئەسىردە دېگۈدەك بىرمۇنچە بۈيۈك ئۇستازلار مەيدانغا كېلىپ، ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى مۇشۇ نۇسخىلاردا قەلەمگە ئېلىنغان. بولۇپمۇ ئۇ «قۇرئان» يېزىقى بولۇپ داڭق چىقارغان. كېيىنكى زامانلاردا سۇلۇس خەت نۇسخىسىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئۇستازلىرىدىن XVII ئەسىردە ئۆتكەن ئىسمايىل زۇھدى، XIX ئەسىردە مۇستاپا ئىززەت ۋە مۇھەممەد شەۋقى قاتارلىق خەتتاتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن.

كېيىنكى دەۋرلەردە مۇستەفا رەقىم سۇلۇس خەت نۇسخىسىنىڭ ئەڭ گۈزەل نەمۇنىلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بولۇپ، تەتقىقاتچىلار رەقىمنىڭ ھەرپلىرىدە ئىنسان خاراكتېرىگە خاس بەزى ئامىللار بارلىقىنى، ئىنساننىڭ تۇيغۇلىرىغا، خۇشاللىق ۋە جۇشقۇنلۇقلىرىغا سىمۋول بولىدىغان خۇسۇسىيەتلەر ئەكس ئېتىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىشماقتا.

خەتتاتلىق، سەنئەتنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا خەتتاتلىق ھەققىدىمۇ بىرمۇنچە تەزكىرىلەر يېزىلغان.

بۇلاردىن بەزىلىرىنى بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز:

خەتتات مۇستافا ئەلى تەرىپىدىن يېزىلغان «مەناقىبى ھۈنەرۋەن» بۇ ئەسەردە خەتتاتلار بىلەن بىر قاتاردا ئاتاقلىق مۇزەھھىبلەر، مۇسەۋۋىرلەر، قەلەمتىراشچىلار، جەدۋەلكەشلەر ۋە شىرازچىلار تونۇشتۇرۇلغان.

خەتتات تەفەسزادە سەيىد ئىبراھىم تەرىپىدىن يېزىلغان «گۈلزارى سەۋاب»، مۇھەممەد نەجىب تەرىپىدىن يېزىلغان «دەۋھاتۇل - كۇتتاب»، مۇستەقىمزادە سۇلەيمان سەئدىددىن تەرىپىدىن يېزىلغان «تۇھفەئى خەتتاتىن»، خەتتات مۇھەممەد شەمئى تەرىپىدىن يېزىلغان «تەزكىرەتۇلخەتتاتىن»، مۇستافا ھەلىمى تەرىپىدىن يېزىلغان «مىزانۇلخەت» (1850)، سۇلەيمان ئەپەندى تەرىپىدىن يېزىلغان «مىرئاتى خەتتاتىن» (1924) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن.

# „قۇتادغۇبىلىك"نىڭ تىلى

ئىمىن تۇرسۇن

«قۇتادغۇبىلىك» — تارىخىي بەدىئىي ئەسەر؛ ئۇ داستان بولۇش سۈپىتى بىلەن، تىل-ئەدەبىيات تارىخى جەھەتتىدىنغۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ئەدەبىي يادىكارلىق، ئىدىيە-مەدەنىيەت تارىخى نۇقتىسىدىنمۇ ئەھمىيەتلىك مەنبە. مۇتەپەككۇر شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ بۇ شاھانە ئەسىرىدە، بەدىئىي ۋاستە بىلەن ئىپادىلەنگەن بىلىم، ئاڭ-پىكىر، قانۇن-تۈزۈم، ئەدەب-ئەردەم چۈشەنچىلىرى ئۆز زامانىسىدىكى قەشقەرىيە ماددىي تۇرمۇش شارائىتلىرىنىڭ ئىنكاسىدۇر. ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش شارائىتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مەلۇم تەرەققىيات سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. خاقانىيە زامانىسىدا غەربىي ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تەركىبىگە كىرگەن تۈرلۈك قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قايتىدىن بىرلىشىپ، مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى، بۇ بىرلىشىشكە سىمۋول بولغان مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتنىڭ كۈچىيىشى — مانا مۇشۇنداق شەرت-شارائىتلار، ئۆز نۆۋىتىدە مىللىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، راۋاج تېپىۋاتقان ماددىي ئىقتىساد ئاساسىدا مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش، شەرقىي ۋە غەربىي ئەللەر بىلەن ئىقتىسادىي مەدەنىي ئالاقىلەرنى كېڭەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغانىدى.

ھەرقانداق مەدەنىيەت تەرەققىياتى زامان-ماكان ئامىللىرىغا باغلىق بولىدۇ. خاقانىيىنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسى بولغان قەشقەرىيىدە قەدىمكى مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بار ئىدى. بۇ ئەنئەنىلەرنىڭ مەنبەسى ئۇرخۇندىن باشلانغان، قوچۇ — قەشقەر زېمىنلىرىدا يىلتىز تارتقان ۋە كۆكلەپ مېۋە بەرگەنىدى. نەتىجىدە بۇ زېمىندە ئۆز ئالدىغا خاس بىر «مەدەنىيەت تىپى» ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ «مەدەنىيەت تىپى» نىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە، شەرقتىن — قوچۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى ۋە غەربتىن ئاساسەن ئىسلام مەدەنىيىتى (ئەرەب-ئەجەم ئورتاق مەدەنىيىتى) ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. بۇ مەدەنىيەت تىپى «خاقانىيە مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالدى. بۇ مەدەنىيەتتە بەزى تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق بولغان ئامىللارمۇ بار ئىدى. خاقانىيە دۆلىتىنىڭ جۇغراپىيىي ۋە سىياسىي ئورنى مۇنداق ئورتاق ئامىللارنىڭ كۈچىيىشىگە ئىمكانىيەت بېرەتتى. شۇڭا، خاقانىيە مەدەنىيىتىدىكى مىللەتلەر ئارا ئورتاق ئامىللارنىڭ يىغىندىسى «خەلقئارا خاقانىيە مەدە-

www.uyghurkitap.com

نىيىتى»نى شەكىللەندۈردى. ئەنە شۇنداق تارىخىي، جۇغراپىيى، ئىجتىمائىي شارائىتلاردا ئالىلقاچان قەبىلىلەر تىللىرى رامكىسىدىن چىقىپ بولغان ئىلەتلەر تىللىرىغا ئۆيۈتقا بولغان «ئۇيغۇر تىلى» ئاساسىدا بىرپۈتۈن ئومۇمىي «خاقانىيە تىلى» قېلىپلاشقانىدى.

«خاقانىيە تىلى» قۇرۇلما جەھەتتىن قارىغاندا، باي ۋە تەرەققىي قىلغان تىل ئىدى. لېكسىكىسىنىڭ باي ۋە مەنىلىرىنىڭ ئېنىق ھەم جانلىق، گراماتىكا قائىدىلىرىنىڭ پۇختا، ئىستىلىستىكا ۋاستىلىرىنىڭ ئىپادىچان ۋە يەككىل بولۇشى، مورفولوگىيە ۋە فونېتىكا جەھەتلىرىدە ئىمكان قەدەر نورمال ۋە بىردەك بولغانلىقى مەزكۇر تىلنىڭ كەڭ قوللىنىلىشىغا ئۇڭايلىق تۇغدۇرۇپ، قاراخانىلار تەۋەسىدە ئورتاق ئەدەبىي تىللىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى.

«خاقانىيە تىلى»دا جاھانشۇمۇل، ئاجايىپ ئەدەبىي ـ ئىلمىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەسەرلەردىن بىزنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرى «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» قاتارلىقلار دۇر. «قۇتادغۇبىلىك» خاقانىيە تىلىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى بولۇش بىلەن بىللە، خاقانىيە ئەدىبىي ـ مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولىدۇر. ئۇ ھېچقاچان تارقاق قەبىلىلەر تىللىرىدىكى مەۋجۇت پاكىتلارنى، قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىردىنلا ئۆزىدە بىرلەشتۈرۈۋالغان قېتىش ـ قوياش ئەسەر ئەمەس؛ مۇئەللىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر پۈتۈن يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىگە، فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق، گراماتىكىلىق قائىدىلىرىگە ئاساسلانغان ۋە بىرلىككە كەلگەن ئىملا قائىدىسىگە رىئايە قىلغان ھالدا ياراتقان ئورىگىنال ئەسەر.

خاقانىيە تىلى بەزى ئەسەرلەردە «قەشقەر تىلى» ياكى «قەشقەر تۈركچىسى» (ھەتتا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇقەددىمىسىدە «بۇغراخان تىلى») دەپ ئاتالدى. شائىر يۈسۈپ بىلەن زاماندىش ھەم يۇرتداش بولغان تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك» دە، «تۈرك تىلى» ۋە «ئوغۇز تىلى» دەپ ئىككى قولغا ئايرىغان ۋە ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىرى «غەربىي تۈركچە» ۋە «شەرقىي تۈركچە» دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلگەن «تۈركىي تىللار» ئائىلىسىدە، «شەرقىي تۈركچە» دە، VI - XI - ئەسىرلەردە يارىتىلغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. «م. قەشقەرى ئاتىغان «تۈركىي تىل» ھازىرقى ئىستېمالدىكى «شەرقىي تۈركچە» — بۇ «يېزىق ئەدەبىي تىلى» زامانىسىدا يارىتىلغان ئەسەرلەر ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغىنى ئۈچۈن، بۇ زامان ئۇيغۇر زامانى، بۇ يېزىق تىلى ئۇيغۇرچە ھەم دېيىلىدۇ.»① شۇنىڭدەك، ئۆزبېك تىلشۇناسلىرىمۇ «ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى كېيىنكى دەۋردە شەكىللەنگەن قاراخانىي سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىلغا (X - XI ئەسىرلەر)، ئوغۇز قىپچاق ئەدەبىي تىلى تەرەققىياتىغا (XII — XIII ئەسىرلەر)، چاغاتاي تىلىغا (XIII - XIV ئەسىرلەر)، كونا ئۆزبېك تىلىغا (XV — XIX ئەسىرلەر)، كونا تۈركمەن تىلىغا (XVII - XIX ئەسىرلەر) مەلۇم دەرىجىدە تەسىر قىلدى.»② دەپ يېزىشماقتا. دەرۋەقە، «شەرق تۈركچىسى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى «خاقانىيە

تىلى» ۋە «قوچۇ ئىدىقۇت تىلى» دەپ ئىككى چوڭ شۆبىگە بۆلۈنگەنىدى. لېكىن بۇ
شۆبىلەردە ھەرجەھەتتىن ئوخشاشلىق - مەنبەداشلىق بولغاچقا، بۇ شۆبىلەر پۈتۈن
يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىككى قانىتى ھېسابلىناتتى. پەرق بار دېيىلسە، دىنىي ئېتىقاد
بىلەن ئايرىلغان ئىدېئولوگىيىگە باغلىق ئايرىم لېكسىكا جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلەر بار
ئىدى، خالاس. «قوچۇ ئىدىقۇت تىلى» ئورخۇن ئابىدىلىرى تىللىرىنىڭ داۋامى بولغىنى-
دەك، «خاقانىيە تىلى» مۇ «ئورخۇن تىلى» نىڭ راۋاجىدۇر. «خاقانىيە تىلى ھەققىدە
تەتقىق قىلغان ئالىملار بۇ تىلىنىڭ ئاساسىنى «ئۇيغۇر شۆبىسى» (تىلى) تەشكىل قىلغانلى-
قىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. مەسىلەن، دېگۇيگنېس، فرەئېن، رادلوف ۋە باشقا ياۋروپا
ئالىملىرى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىدارىسىدە بولغانلارنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكىنى ئۇي-
غۇرلار تەشكىل قىلغانلىقىنى ئېنىقلىغان. ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئىلمىي خۇلاسىلىرىگە ۋە
ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسەن، تۈركىيە تىلشۇناسلىرىدىن ئەخمەد جەفەر ئوغلۇ:
«تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن م. قەشقەرىنىڭ ئۆز ئەسىرىدە قارلۇقلارنى ئېتىباردىن
ساقىت قىلىپ، ئۇلارغا قارىغاندا ئۇيغۇرلارغا ئەھمىيەتلىك ئورۇن بېرىشى قاراخانىلار
دۆلىتىنىڭ رەسمىي تىلى بولغان خاقانىيە — قەشقەر تۈركچىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا يېقىن
ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە» ③ بۇ ئالىم يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ مۇنۇ پىكىرنى ئالغا سۈرگەن:
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى تەئرىپى بىلەن خاقانىيە تۈركچىسى ھەققى-
دىكى تەئرىپى ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە بەك يېقىنلىق بار؛ «دىۋان» دا
ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز تۈركچە دەپ تەئرىپلىگەندەك، «خاقانىيە تۈركچىسى» مۇ ھەم ئۆز
تۈركچە ھەم تۈركىي تىلىنىڭ ئەڭ پاساھەتلىكى، خاقانىيىنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى
خەلقىنىڭ تىلىدۇر دەپ ئالاھىدە ئىزاھلىغان. دېمەك، ئۇيغۇر تىلى ئۇ زاماندا ئىككى
قولنى تەشكىل قىلىپ، ئۇنىڭ غەربىي قولى قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە «خاقانىيە
تۈركچىسى» دېگەن نام بىلەن، شەرقىي قولى بولسا (كوچادىن دۇنخۇاڭغىچە بولغان)
رايوندا «قوچۇ تىلى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان.*

ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ بۇ ئىككى قولى (بۇ ئىككى قول «تۈركچە» بىلەن
«ئوغۇزچە» دەپ بۆلۈنگەن ئىككى قول ئۇقۇمىدىن پەرقلىنىدۇ!) فونېتىكا جەھەتتىن
ئوخشاش. «خاقانىيە تىلى» بىلەن «قوچۇ تىلى» دا سوزۇق تاۋۇشلار ئاساسەن يەتتە:

ئا (a) ئە (ə) ئى (i) ئو (o) ئۇ (u)
ئۆ (ө) ئۈ (ü).

«ئى» (i) تاۋۇشىنىڭ قېلىن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «ı» تۈرىمۇ بار ئىدى. بەزى
تىلشۇناسلار بۇنىمۇ نىسپىي ھالدا ئۆز ئالدىغا بىر فونېما ھېسابلايدۇ.
بۇ ئىككى تىلىنىڭ باشقا تۈركىي تىللاردىن (غەربىي تۈركىي تىللاردىن) پەرقلىنىدىغان

* قاراخانىلارنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى ۋە ھاكىمىيەت دائىرىلىرىنىڭ ئېتنىك تەئەللۇقى ھەققىدە، جۈملىدىن «تۈركىي تىللار ئائىلىسى» نىڭ شەرقىي گۇرۇپپىسىنى «قارلۇق - ئۇيغۇر» دېگەن نام بىلەن ئەمەس، «ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى» دەپ ئاتاش كېرەكلىكى ھەققىدە ئايرىم ماقالىدە توختىلىمىز. — مۇئەللىپ.

بىر ئۈزگىچىلىكى «ئە» (ə) تاۋۇشىدۇر؛ بۇ تاۋۇش غەربىي تۈركىي تىللاردا شۇ زامانلىدىن تارتىپلا «ئې» (e) تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ تاۋۇش ئەدەبىي تىل بىلەن شۇئىلەر ياكى قەبىلىلەر تىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلىشنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسىدۇر. خاقانىيە تىلى ياكى ئىدىقۇت تىلىدا تېخى «ئې» (e) تاۋۇشى مۇستەقىل فونېما سۈپىتىدە شەكىللەنمىگەندى. (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئې» (e) لاشتۇرۇپ ئېيتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئېھتىمالى-كىيىسىدىن قارىغاندا، بىر بوغۇملۇق سۆزدىكى ياكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن يەنى پالا تالالىشىدىن كېلىپ چىققانلىقى مەلۇم).

خاقانىيە تىلىدىكى ئەسەرلەر («تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك») بىلەن «تۇرپان تېكىستلىرى» دەپ ئاتالغان قوچۇ تىلىدىكى ۋەسىقىلەر («قوچو تۈرك تىلى ھۆججەتلىرى»، «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىق ئەسەرلەر) دىن ئېلىنغان مۇناسىپ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوخشاشلىقىغا دائىر سۆزلەردىن مىساللار:

| | | |
|---|---|---|
| ئاچ | ئارتات | تانۇق |
| ئەتلىك | بەيرەم | چەرىك/چەرىگ |
| ئىسىگ | تىرىگ | بىلىك/بىلىگ |
| (ئۇيىق | قىرق | تىغراق) |
| ئوت | ئوغرى | توي |
| ئۇلۇغ | بۇلۇڭ | تۇماغۇ |
| بۆرى | تۆشەك | چۆمچە |
| ئۈستۈن | كۈچ | تۈركلۈگ |

ئۈزۈك تاۋۇشلار (كونسونانت) سىستېمىسىدا، 22 تاۋۇش بولۇپ، بۇلار بىر قەدەر مۇقىملاشقان. ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن قوش كالپۇك تاۋۇشى «پ» دىن «ب» ئايرىلىپ چىقىشقا باشلىغان. «ب» تاۋۇشى بوغۇم بېشىدا كەلگەندە پۈتۈنلەي جاراڭلىق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە لەۋلەشكەن «ئۇ» سوزۇق تاۋۇشى ئالدىدا كەلگەندە، گاھىدا نەپەسسىز تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ ھادىسە خاقانىيە ۋە قوچۇ-ئىدىقۇت تىللىرىدا ئوخشاش.

تىل ئۈستى تاۋۇشى «چ» بىلەن «ج» پۈتۈنلەي ئايرىلىپ بولمىغان. بۇ «ئىككى تىل» نىڭ بەزى شىۋىلىرىدە «چ» تاۋۇشى «ج» غا مايىل تەلەپپۇز قىلىنىدۇ؛ ئايرىم شىۋىلىرىدە «ج» تاۋۇشى «ژ» (Ż) ياكى «چ» دىن ئايرىلىپ چىقىشقا باشلىغان. چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى مۇناسىۋىتى بىلەن «ج» مۇستەقىل فونېما سۈپىتىدە شەكىللىنىشكە يۈزلەنگەن. مەسىلەن:

قوچۇ تىلىدا «جابدۇسۇن»، خاقانىيە تىلىدا «ئاجۇن» («قۇتادغۇبىلىك») «ئەچە» («تۈركىي تىللار دىۋانى»)، «جاقراق» — تاز، تېقىر باش («تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە تۇرپان تىبابەتچىلىك ئەسەرلىرى»).

سۆز بېشىدىكى «ي» تاۋۇشى چۈشۈپ قالمايدۇ ياكى ئالماشمايدۇ، يەنى «ئى» ياكى «ج» لاشمايدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| يىپار | يىلان | يىتتىڭ/ك | يىلىڭ |
| يىغاچ | يىنچكە | يىدلار | يۇز |

«پ، ك، ق» تاۋۇشلىرى سۆزلەر تۈرلەنگەندە سوزۇق تاۋۇشلار ئارىلىقىدا كەلگەندىمۇ جاراڭسىز ھالىتىدە ساقلىنىدۇ (بۇ ھال ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر ۋە خوتەن شىۋىلىرىدە شۇ زاماندىكىدەك ساقلانغان).

| | |
|---|---|
| بۇلاق — بۇلاقى | قوناق — قوناقى |
| قاپاق — قاپاقى | تۇپراق — تۇپراقى |
| ئۆتەك — ئۆتەكىم | تىرىك — تىرىكى |
| كەلەپ — كەلەپى | تۇپ — تۇپى |

ھازىرقى جانلىق ئۇيغۇر تىلىدا «ئىگ» (كېسەل، ئاغرىق) دېگەندەك ئايرىم سۆزلەرنىڭ بېشىغا «ي» قوشۇپ سۆزلەش ئادىتى بار.

ئىلگىرى: ئىگ ئىگلە — دى (- گەن، — مەك)

ھازىر: يىگ يىگلە — دى (- گەن، — مەك)

تاۋۇش قۇرۇلۇشى ۋە مەنىسى جەھەتتىن تامامەن ئوخشاش بولمىغان سۆزلەردىن مىساللار «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «ئالتۇن يارۇق»، «ئىرق بىتىگ» دىن ئېلىندى:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاتا | ئاش — ى | ئارسلان | ئەت - قان |
| ئات — ى | ئالتۇن | بارس | بەگ، بەز |
| بۆرى، بەلگۇ | تامىر | تەڭرى | تىلكۇ |
| تون كەنىم | ئورۇن - تۆشەك | چەرىگ/ك | سىڭىر |
| سۆڭۇك | ئەل | كۆز | كۆڭۈل |
| ئەمىگ | قۇت | قۇرت | قاڭلىچى |
| يول | يىل | يىنچۇ | |
| ئىدىز | ئارىغ | ئالا | ئاچ |
| ئوڭ | ئامراق | قاتىغ | قۇرۇغ |
| يارۇق | كىچىگ | كۇچلۇگ | ياقىن |
| مەڭلىگ | تۇرلۇگ | سەۋىنچلىگ | مەڭگۇ - لۇگ |
| سانسىز | ئاتلىغ | باشلىغ | ئۇستۇ - ۋن |
| سۆكۇشلۇگ | چاۋىق | | |
| بىر | ئۇچ | بىش | ئالتى |
| ئون | قىرق | يۇز | مىڭ |
| بىش - نچى | ئالتى - نچى | | |
| بار - ۇر | بىر (بەر) — مەك | كەل | تىلە |
| يە | سۆزلە | ئۆتۇن - ۋپ | سانچ |
| ئەشىد | ئۆركۇ | ئەۋىت | قات - مپ |

www.uyghurkitap.com

قۇرۇ ـ پ (ماق)   يەت ـ سە   پۈت ـ مەك   قانچا
ئەردى   يارۇتتى   بىرلە   نەلۈك
مەن   سەن   ئۇ،   بۇ

مورفولوگىيىلىك ـ گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەردىكى ئوخشاشلىق: ئىسىم كاتېگورىيىسىدە، «خاقانىيە تىلى» بىلەن «قوچۇ ئىدىقۇت تىلى» دا ئوخشاشلا ئالتە كېلىش بار.

كۆكۈل
ـ نىڭ   ـ كە   ـ دە   ـ نى   ـ دىن

ئەگەر «دەكى/تەكى» ھەم كېلىش ھېسابلانسا، ئۇ چاغدا بۇ شەكىلمۇ ئوخشاش.

كۆكۈلتەكى (ـ تەگ)

يەنە، كېلىش كاتېگورىيىسىگىمۇ كىرگۈزۈشكە بولىدىغان «كى» قوشۇمچىسىمۇ ھەر ئىككى تىلدا ئوخشاش مەنىدە كېلىدۇ.

بۇ كۈنكى   بۇ كۈندە («قۇتاغۇ بىلىك»)   بۇ كۈنكى   كۈن ـ تە («ئالتۇن يارۇق »)
ئۈست ـ ۈن ـ كى

شۇنىڭدەك، يەنە بىر ئالاھىدە ئوخشاشلىق شۇكى، كىشىلىك ئالماشلارغا يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا، ھەر ئىككى تىلدا «ن» بىلەن «گ» (ك) قوشۇلۇپ «ڭ»لىشىدۇ.

مەن ـ ماڭا   سەن ـ ساڭا   ئۇ ـ ئۇڭا   مۇڭا (ـر)

ھەر ئىككى تىلدا شەخس ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ۋە ئىسىملاردىن ئىسىم ياساش قائىدىلىرىمۇ ئوخشاش.

كۆكۈل   ـ ۈم   ـ ۈڭ   ـ ى   ـ لەر   ـ لۈگ   ـ سۈز   ـ دەش

ھەر ئىككى تىلدا، مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا ئالاھىدە ئىزاھلىغان مۇنۇ قائىدە ئوخشاش، يەنى ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «لىگ/لىغ» قوشۇمچىسى ئۇلانسا، بەزىدە تورۇن ئىسمىنى، بەزىدە نەرسە قويۇلغان يەرنى بىلدۈرىدۇ؛ بەزىدە مەستەربولۇپ كېلىدۇ؛ بۇ ئۈچ خىل ئەھۋالدىن بىرەرسىمۇ بولماي، نەرسىنىڭ ئىگىسى دېگەن مەنىدە كەلسە، ئىسىم ئاخىرىغا «لىگ/لۈگ» ياكى «لىغ/لۇغ» ئۇلىنىدۇ. (بۇ قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭسىز تۈرلىرىمۇ بار).

ئەتلىك كىشى   ئەتلىگ كىشى   سۆكۈشلۈگ   بەلگۈلۈگ
ئۇچاقلىغ ئۆي   ئۇرۇغلۇق بوغداي   بورۇندۇقلۇغ

پېئىلنىڭ شەخسلىك زامان قوشۇمچىلىرىمۇ ھەر ئىككى تىلدا ئوخشاش بولۇپ، بىرىنچى شەخس بىرلىكى «دىم/دۇم» كۆپلۈكى «دۇك/دۇق».

ھەر ئىككى تىلدا، ئۆتكەن زامان سۈپەتداشىنىڭ مۇكەممەل پۈتكەن تۈرى «گىلىك/غىلىق» «ئىگىلىك/ئىغلىق» «ۇگلۇك/ۇغلۇق» بىلەن ياسىلىدۇ؛ بۇيرۇق رايىغا «گىلى/كىلى» ياكى «غىلى/قىلى» قوشۇلۇش بىلەن مەقسەت پېئىلى ئىپادىلىنىدۇ:

پېئىلنىڭ تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرىدىكى ئوخشاشلىقنى ئىخچاملاپ مۇنداق مىسال بىلەن كۆرسىتىش مۇمكىن.

يوق ـ يوقاد (ـ ات)

ـــ ۇر (ـــ مەن، ـــ سەن) ـــ تى ـــ دۇق

ـــ قىلى ـــ قۇلۇق

ـــ دىم ـــ دىلىك ـــ دى (تى)

ـــ غاي/قاي ـــ مپ

ـــ قۇسۇ ـــ ماز

ـــ مادى ـــ ماغىل

ـــ سۇ (ـــ ن)

پېئىلنىڭ دەرىجە ئىپنىقلىقى جەھەتتىمۇ ھەر ئىككى تىلدا ئوخشاشلىق بار. بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنى بىر كىشى ئۆزى قىلسا، تۆپ سۆزگە شەخسلىك زامان قوشۇمچىلىرى ياكى «مپ»، ئەگەر بىر كىشىگە قىلدۇرسا، پېئىل تومۇرىغا ئاۋۋال «ت»، ئاندىن قىلغان بولسا، «ـ ش» شەخسلىك زامان قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ؛ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشى بىللە ياكى شەخسلىك زامان قوشۇمچىلىرى، كىمنىڭ قىلغانلىقى نامەلۇم بولسا، «ـ ل» ئۇلىنىدۇ.

كەل ـــ تى/ـــ دى ـــ تۇر ـــ مىش ـــ مپ ـــ ىشىپ

ئىچ ـــ تى/ـــ دى ـــ تۇر ـــ مىش ـــ تىم ـــ تۇق/دۇق ـــ ىل

ھەر ئىككى تىلدا، ئۆتكەن زامان پېئىلىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە «دى»، كەلگۈسى زامان پېئىلىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە «دۇ». ئەگەر ھازىرقى زاماننى بىلدۈرمەكچى بولسا، رەۋىشداشتىن كېيىن كەلگۈسى زاماننى ئاڭلىتىش. ئۈچۈن ياردەمچى پېئىل قوللىنىلىدۇ؛ يەنى بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش جەريانىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، رەۋىشداشتىن كېيىن «يات»، «تۇر» پېئىللىرى قوشۇلىدۇ.

كەل ـــ دى (تى) ـــ مپ ـــ يات

ـــ (ـــ ۇر)

ـــ ا ـــ مەن

ـــ سەن

ـــ دۇ

باس ـــ دى ـــ مپ ـــ تۇر

ـــ ا ـــ مەن

ـــ سەن

ـــ دۇ

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان، خاقانىيە ۋە قوچۇ تىللىرىدىمۇ ئىشلىتىلگۈچىنىڭ بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنى قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتداش بۇيرۇق رايىغا «غۇلۇق/قۇلۇق» ياكى «گۈلۈك/كۈلۈك» ئۇلىنىدۇ.

ئادىرىل ـــ غۇلۇق يوقاد (ت) ـــ قۇلۇق ئىشلەت ـــ گۈلۈك تىلە ـــ گۈلۈك

پېئىل رايلىرىدىن گۇمان ـــ ئىمكانىنى بىلدۈرۈش شەكلىمۇ خاقانىيە ۋە قوچۇ تىللىرىدا ئوخشاش قوللىنىلغان.

بول ـــ ۇر ئال ـــ ۇر بار ـــ ۇر تام ـــ ار كۆر ـــ ۇر ئۆرك ـــ ۇر

ئەمدى، كىتابخانىلىرىمىزغا «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ئالتۇن يارۇق» تىن كەلتۈرۈلگەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۆزۈندىلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشنى تەۋسىيە قىلىمىز:

«قۇتادغۇبىلىك»:

يۈزى كۆركلۈگ ئەردى كۆرۈپ كۆز قامار
سۆزى يۇمشاق ئەردى تىلى تۈز تامار

يۈزۇم كۆركى كۆركلۈگ نەقىلقىم سىلىگ
تىلەمىش تىلەككە يەتۈردۈم ئەلىگ —

بۇرۇندۇقلۇغ ئول سۆز تەۋە بۇرنى تەگ
بارۇر قانچە يەتسە، تىتىر بوينى تەگ

«ئالتۇن يارۇق»:

... بىز يوقاتقۇلۇق ئەمگەنگۈلۈك بولمالىم ...
ئامراقلاردىن ئادىرىلغۇلۇق ئەمگەك بولمازۇن ...
بۇ ئۈچ تىگىنلەر ئۆز كۆڭۈللەرىنتەكى ساقىنمىش ساۋلارىن سۆزلەشىپ،
ئول ئارىغ ئىچىنتە تاقى ئىگەرۈ كىرتىلەر ...
سەۋىگلىك كۆركلۈگ مەڭزلىگ ئۈچ ئوغلان ئەرتى ...

قوچۇ — ئىدىقۇت زامانىدا كۆچۈرۈلگەن شېئىر-تەمسىللەردىن پارچىلار:

I يىلىنگ بىلىك يا بەگىم
بىلىگ ساڭا ئەش بولۇر
بىلىگ بىلگە ئول ئەركە
بىر كۈن دەۋلەت تۇش بولۇر

بىلىگلىگ ئەر بىلىگە
تاش قۇرسانسا قاش بولۇر
بىلىگسىزنىڭ يانىغا
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر

I ياغمۇر ياغسا قوپۇك بولسۇن ياپىنغۇ كەرگەك
ياۋۇز كىشى ياقىن كەلسە ئابىنغۇ كەرگەك

I قوچۇ تاغىنىتا قاپلان يوق
قۇدۇق سۇۋىنتا بالىق يوق

ئوقۇتۇش بولسا ئەشلى بولۇر بولسا ئەر
بىلىك بولسا بەگلىك قىلۇر قىلسا ئەر

ئوقۇش بىرلە ئەشلى ئاتا نۇر كىشى
بىلىك بىرلە بەگلەر ئەتەر ئەل ئىشى

«قۇتادغۇبىلىك» تىن پارچىلار:

ئوقۇش قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق بولۇر — يەمە تۇتتى ئەش-تۇش ياقىن قىلدى ئۆز
بىلىك كىمدە بولسا بەدۈكلۈك ئالىۇر ئۇلۇغقا-كىچىككە ئاچۇق تۇتتى يۈز

ئىزاھلار:

① پروفېسسور. دوكتور. مۇھەررەم ئېركىن «تۈرك تىلى بىلىمى» ئىستانبول. 1985 — «تۈرك تىلى تارىخى» I، 71 — بەت.

② ئو. تۇرسۇنوف. ب. ئورۇنبايوف «ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى تارىخى» تاشكەنت. «ئوقۇتۇچى» نەشرى، 1982. 24 — بەت.

③ پروف. دوكتور. ئەخمەد جەفەر ئوغلۇ «تۈرك تىلى تارىخى» ئىستانبول. 1984. «تۈرك تىلى تارىخى» I، 41 — بەت.




**ئەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتئىمىن تۇردى**

(داستان)

قۇش شاھزادىنى ئېلىپ بىر سائەت ئۇچتى. شاھزادىنى خەتەرلىك مەنزىللەردىن، يۈز كۈنلۈك ئۇزۇن مۇساپىلەردىن ئۆتكۈزۈپ، بىر چوڭ دەرەخنىڭ تۈۋىگە تاشلاپ قويدى. ئاندىن پەرۋاز ئۇرۇپ كېتىپ قالدى. بۇ كاتتا دەرەخنىڭ ئۈستىدە ھېلىقى قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شاھزادە بىلەن كېيىنكى ئۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە قويغانىدى، بۇ يەردە بىر ئەجدىھا بولۇپ ھەر يىلى بۇ قۇشلارنىڭ باللىرىنى ئېلىپ يەر ئىدى. شاھزادە دەرەخنىڭ سايىسىدە ئارام ئېلىپ ئولتۇراتتى. بىر ئۇلۇغ ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قۇشنىڭ باللىرىغا قەست قىلدى. قۇشنىڭ باللىرى پەرياد قىلىشقا باشلىدى. شاھزادىنىڭ قۇش باللىرىغا ئىچى ئاغرىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. شاھزادە زەنگىنەر ئۇتۇن كەسكىلى بەرگەن پالتىنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ بېلىگە قىستۇرۇلغان پالتىنى قولىغا ئېلىپ «ئەي پاك ۋە قۇدرەتلىك تەڭرىم، ماڭا مەدەت قىلغايسەن» دەپ شۇنداق ئۇردىكى، ئەجدىھا تەپمۇ تەڭ ئىككى ھەسسە بولۇپ كېسىلدى، گويا كى چوڭ دەرەخ يىقىلغاندەك ئاۋاز بىلەن يىقىلدى. ئۇنىڭ تېرىسىدىن بىر تاسما تىلىپ بېلىگە مەھكەم باغلىدى. ئۆزىنى رۇستەمدەك چاغلىدى. شول ئەسنادا ھېلىقى قۇش غارقىراپ-شارقىراپ يېتىپ كەلدى، قۇش «مۇشۇ مەخلۇق باللىرىمغا زىيان ئۇرغان ئوخشايدۇ» دەپ شاھزادىگە قەست قىلدى. ئۇنىڭ مەقستىي سەيپۇل-مۇلۇكنى پارە-پارە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنى كۆرگەن قۇشنىڭ باللىرى ئۇۋىسىدا پەرياد قىلىپ مۇنداق دېدى.

— ئەي ئاتا، ئۇ بىزگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن دۈشمىنىمىزنى ئۆلتۈردى. ئەمدى سەن ئۇنىڭغا جاپا قىلامسەن؟

بۇنى ئاڭلىغان ئاتا قۇش شاھزادىگە قەست قىلىشتىن توختىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاھزادىنىڭ قولىدا سۇلايمان ئەلەيھسسالام

* بېشى ئۆتكەنكى ساندا.

www.uyghurkitap.com



نىڭ ئەگەشتىرى بار ئىدى. بۇ قۇشنىڭ قانتىنىڭ سايىسى بىر كۆنلۈك يەرگە چۈشەتتى.

— ئەي ئادەم پەرزەنتى، — دېدى قۇش سۆزگە كىرىپ، — سەن مېنىڭ بالىلىرىمغا بۇنچىۋالا ياخشىلىق قىپسەن، قانداق ھاجىتىڭ بولسا ماڭا ئېيتقىن، مەن قۇدرىتىم يەتسىلا ئۇنى ئاسان قىلاي.

شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك:

— ئەي تەڭرىنىڭ جانىۋىرى، مەن نەچچە يىللاردىن بېرى بەدىئۇلجامال پەرىگە ئاشىق بولۇپ كەلدىم. ئۇ پەرىنىڭ سۈرىتىنىلا كۆرۈپ ئاشىقى شەيدا بولغانىدىم. لېكىن ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمەن. شۇ پەرىنى ئىزدەپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالدىم، — دېدى. قۇش مۇنداق دېدى:

— بەدىئۇلجامال دېگەن پەرى كوھىقاپ دېگەن جايدا، ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا نەچچىلىگەن ئوت دېڭىزلىرى بار. ئۇنىڭدىن ئۇچارلىقمۇ ئۆتەلمەيدۇ. ئۆتىمەن دېگەندىمۇ قاناتلىرى كۆيۈپ تۆگەيدۇ. ئەمما مەن سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلاي.

قۇش بىر نەچچە بۇغا-مارالارنى ئەكېلىپ، تېرىسىنى تولۇمچە سويدۇرۇپ، ئىچىگە سۇ ئالدۇردى، بىر نەچچىسىگە گۆش قاچىلاپ، دۈمبىسىگە يۈكلەتكۈزدى، شاھزادە سەيپۇلمۇلۇكنى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، كوھىقاپ تەرەپكە پەرۋاز قىلدى:

— ئوڭ يانغا قارىسام گۆش، سول يانغا قارىسام سۇ بېرىڭ، — دېدى قۇش جېكىلەپ. شۇندىن كېيىن قۇش ھاۋاغا ئۆرلىدى. شاھزادە ئۇنىڭ ئۈستىدە تەق بولۇپ تۇردى. قۇش ئوڭ تەرەپكە باقسا گۆش، چەپ تەرەپكە باقسا سۇ بەردى.



شاھزادە قۇش ئۈستىدە ئاشۇنداق ھەيۋەت بىلەن يۈرۈپ، نەچچە تاغلاردىن، نەچچە دەريالاردىن، نەچچە دېڭىز ۋە ئاراللاردىن ئۆتتى. گۆش تۈگىدى، قۇش ئوڭ تەرەپكە قارىدى. شاھزادە گۆش بولمىغانلىقتىن يوتىسىدىن بىر پارچە گۆش كېسىپ قۇشنىڭ ئاغزىغا تاشلىدى. قۇش ئۇنى يەپ كوھىقاپقا يەتتى. قۇش:

— ئەي ئادەم ئوغلى، شۇنچە گۆش

يېددم. ئەمما كېيىن بەرگەن كۆشۈڭ ئە-
جەب تاتلىق، لەززەتلىك گۆش ئىكەن.
لېمىنىڭ گۆشى ئىدى، — دېدى.
سەيپۇلمۇلۇك:
— ئېلىۋالغان گۆشىمىز تۈگىگە-
نىدى. ئىلاجىسىز يوتامدىن بىر پارچە گۆش
كېسىپ بەردىم، — دېدى. قۇش بۇنىڭدىن
تەسىرلىنىپ، شاھزادىنىڭ يوتىسىنى قانى-
تى بىلەن بىر سىپىغانىدى، ئاۋۋالقىدەكلا
ساق - سالامەت بولدى. ئاندىن شاھزادىگە:
— مەن پۈتكۈل قۇشلار تائىپىسىنىڭ
پادىشاھى سۇمۇرغ بولىمەن. بۇندىن كېيىن
ھەر قانداق مۇشكۇل ئىش بېشىڭغا چۈشسە
مېنى ئەسكە ئالغىن، مەن شۇ ھامان ھا-
زىر بولىمەن. خەيرى-خوش، مەقسىتىڭگە يەت-
كەيسەن، — دەپ ئۆز دىيارىغا ياندى.
شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك كېچىسى دە-
رەخ ئۈستىدە «ئاھ، بەدىئۇلجامال!» دەپ
تۈننى تاڭغا ئۇلايتتى. كۈندۈزى بولسا
يول يۈرەتتى. بەش كۈندە پۇتلىرى قاپ-
رىپ تېشىلىپ كەتتى، ماڭغۇدەك ماجالى
قالمىدى، كۆڭلىدە: «ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋال-
سام، بۇنداق كۈلپەتلەردىن بىراقلا قۇتۇل-
سامچۇ» دەپ ئويلىدى. يەنە ئۆزىگە ھاي
بېرىپ: «مۇنداق قىلسام مۇسۇلمانچىلىق
قائىدىسىگە توغرا كەلمەيدۇ» دەپ يولغا
راۋان بولدى. ماڭا - ماڭا يەنە بىر ئارالغا
يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە رەڭگا رەڭ مېۋە-
لەر پىشىپ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. شاھزادە
ئۇلاردىن ئىلغاپ يېدى، كېچە بولسا يەنە
دەرەخ ئۈستىدە تۈنەپ، تاڭ ئاتسا چۈشۈپ
يولغا راۋان بولدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ
بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بارمۇدۇر مېھنەتتە ھېچ
مەن بەندەدىن پايمالراق.

يوقتۇرۇر دۇنيادا مەندەك
بىر پەرىشان ھالراق.

يول يۈرۈپ كۈن كەچ بولدى. شاھ-
زادە يەنە دەرەخ ئۈستىگە چىقىپ ياتتى.
تاڭ ئېتىشى بىلەنلا يەنە يولنى داۋاملاش-
تۇردى. سەيپۇلمۇلۇك ئۇزۇن مۇساپىلەرنى
بېسىپ بىر جايغا يېتىپ كەلدى. قارىغا-
نىدى، يىراقتىن بىر تاغ كۆرۈندى. ئۇ
يۈز مىڭ مۇشەققەت بىلەن تاغنىڭ ئۈس-
تىگە چىقتى. تاغنىڭ ئېتىكىدە بىر شەھەر
كۆرۈندى. شەھەر دەرۋازىسى بېلىق سۆڭىكىدە
ياسالغان. بۇ شەھەردە تۈرلۈك - تۈرلۈك
ئىمارەتلەر سېلىنغانىدى. كوچىلىرى ئازادە،
سۇلىرى ئېقىپ تۇراتتى، شاھزادە يەنە
بىر ئىمارەتنى كۆردىكى، يۈكسەكلىكتە ئاس-
مانغا تاقاشقانىدى. تاملىرىغا ئالتۇن كۈ-
مۈشتىن ھەل بېرىلگەنىدى. تاملىرىنى
سۇۋاشقا سامان ئورنىدا زەپەر
ئىشلەتكەنىدى.
مۇشكى بىلەن ئەنبەردىن، سۇمبۇل
بىلەن زەپىراندىن بوي سالغانىدى. مۇنداق
ئىمارەتنى ئادەم باللىرى تاكى قىيامەت
قايىم بولغىچە ھېچ يەردە كۆرەلمەيدۇ.
ئۇ ئىمارەتنىڭ ئىچى شۇ قەدەر مەمۇرچى-
لىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئادەمدىن
ئەسەر - يوق ئىدى، بۇ ئىمارەت ئىچىدە
قەدىمكى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى ھەر خىل ھەر
تۈرلۈك كىيىملەر ئېسىقلىق تۇراتتى. شاھ-
زادە بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ۋە خۇ-
داغا ھەمدۇ - سانا ئوقۇپ تەۋەككۇل قىلىپ،
قاراقچىلاردەك قولىغا پالتىسىنى ئېلىپ
بىر ھويلىغا كىردى. بۇ ھويلىدا بىر شا-
ھانە سۇپا بار ئىدى. بۇ سۇپىنى ئالتۇن-
كۈمۈشلەر بىلەن زىننەتلىگەنىدى. سۇپا
ئۈستىدە بىر تەخت قويۇلغان بولۇپ،

ئۇنىڭ باسقۇچلىرى ئالتۇندىن ئىدى. بۇ ھويلىدىكى ئۆيلەرنىڭ تاملىرى، ئىشىكلىرى لەئلى-جاۋاھىرلار بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۇ يەردە ئالتۇن-كۈمۈش، ھېقىق، ياقۇت ۋە باشقا قىممەتلىك جاۋاھىرلار بىلەن زىننەتلەنگەن قەپەسلەر ئېسىقلىق تۇراتتى، قەپەس ئىچىدە خۇش ئاۋاز قۇشلار سولانغان بولۇپ، ئۇلار تىنماي سايراپ تۇراتتى، شاھزادە تاماشا قىلىپ بىر سارايغا كەلدى. سارايدا بىر تەخت بار ئىدى. بۇ تەخت سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان، ئالتۇن-كۈمۈشتە ھەل بېرىپ جاۋاھىرلاردىن كۆز قويۇلغانىدى. بۇ تەختنى يىراقتىن كۆرسىمۇ ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقنىتىپ، قاماشتۇرۇۋېتەتتى. تەخت ئۈستىگە ھەر خىل ئالەيىشىل رەختلەر يېپىلغانىدى. ئۇ سارايىنىڭ قىرىق ھۇجرىسى بار ئىدى. ھەممىسىنىڭ ئىشىكلىرىگە زەر پەردە تارتىپ قويۇلغانىدى. ئالتۇن-كۈمۈشلەردىن چىراغ ياساپ گۆھەرلەر ياندۇرۇپ قويۇلغانىدى، ھۇجرىلاردا ئالتۇن، لەئلى-جاۋاھىرلار، گۆھەرلەر دۆۋە-دۆۋىسى بىلەن تۇراتتى، بۇ ئالەمدە بار بولغان ھەر خىل قىممەت باھالىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ ھۇجرىدا بار ئىدى. شاھزادە سەيلە-تاماشا قىلىپ، يەنە بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى. قارىسا ئىشىككە قۇلۇپ سېلىنىپ تىلسىمات قىلىنغان. ئىشىك ئالدىدا شىر-يىلپىزلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. بويۇنلىرىنى ئالتۇن زەنجىر بىلەن باغلاپتۇ. شىرلار شاھزادىنى كۆرۈپ ھۆركىرەپ-غارقىراپ ئېتىلىپ كەلدى. شاھزادە «بىسمىللاھ» دەپ پالتا بىلەن بىر-بىرلەپ ئۇرغانىدى، پالتا تەگكەن ھامان شىرلار بىر ئوت چاقناپلا غايىپ بولدى. شاھزادە ئاندىن قۇلۇپنى چېقىپ ھۇجرىغا كىردى. ھۇجرىدا بىر كاتتا تەخت، تەخت ئۈستىدە بىر مەلىكە يېتىپتۇ. ئۇنىڭ يۈزى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرانە، چاچلىرى سۇمبۇل، ئاغزى پىستە-بادامدەك ئىدى. كۆرگەن ئادەمنىڭ جېنىغا ئاپەت سالاتتى. شاھزادە مەلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. چۈنكى شاھزادىنىڭ جېنىغا كۈلپەت ئوتلىرى چۈشكەنىدى. بۇ نازىنىننى تەرىپ-تەۋسىپ قىلىشقا ھەر قانداق سۆز ئۈستىسىنىڭمۇ سۆز خەزىنىسى نامراتلىق قىلاتتى، مەلىكىنى تىرىك دېسە تىرىك ئەمەس، ئۆلۈك دېسە ئۆلۈك ئەمەس ئىدى، خۇددى ئۇيقۇدىكىدەك ياتاتتى. شاھزادە بۇ ھالەتنى كۆرۈپ جان-جىگىرىدىن ئاشىق بولدى، ئۇنى ئۆلدىمىكىن دېسە تىنىقى بار ئىدى. شاھزادىنىڭ ئىشقى تۇپىلاڭ قوزغىغان بولسىمۇ، يەنە ئۆزىگە ئۆزى نەسىھەت قىلىپ: «ئەي نائىنساب، بىرنى ئىزدەپ شۇنچە مۇشەققەت تارتتىڭ، تېخى مۇرادىڭغا يەتمەي تۇرۇپ، يەنە بىرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ دامىغا ئىلىنامسەن؟» دەپ يىغلاپ تەلمۈرۈپ ئولتۇردى. نېمىلا بولسۇن مەلىكىنى ئويغاتماق بولدى. ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ باقتى، مەلىكە ئويغانمىدى. «ئۆلۈك ئوخشايدۇ» دەپ گۇمان قىلدى، ئاغزىغا ئەينەك تۇتۇپ كۆردى. قارىسا تىرىك ئىكەن، ئەينەك نەم بولدى. ئەمما مىدىرلىمىدى. ساكرات ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلدى. قارىسا مەلىكىنىڭ بېشىدا بىر كۆل نەقىشلىك تاختاي تۇرۇپتۇ. شاھزادە كۆڭلىدە: «مۇشۇ تاختىنى ئېلىپ كېتەي، بىرەر يەردە لازىم بولۇپ قالار، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرماي» دەپ تاختاينى ئېلىپ ئىشىككە باردى. ئارقىسىغا قارىسا قىز ئورنىدىن تۇ-

رۇپ ئولتۇرۇپتۇ. تاختاينى ئېلىپ يېنىپ
كىردى. قىز يەنە يىقىلدى. يەنە ئاۋۋالقى-
دەك بىھوش بولۇپ ياتتى، شاھزادە يەنە
ئويغاتتى، مەلىكە ئويغانمىدى. تاختاينى
ئېلىپ يەنە تاشقىرىغا چىقتى. شاھزادە
ئىشىكتىن پۇتىنى ئېلىشىغا مەلىكە يەنە ئور-
نىدىن تۇردى. شاھزادە كۆڭلىدە: «بۇ
شەھەر دىۋە-پەرىنىڭ ماكانى ئوخشايدۇ، بۇ
مەلىكىنى مۇشۇ تاختايغا بەند قىلغان
بولسا كېرەك دەپ، تاختاينى ئېلىپ يەنە
تاشقىرىغا چىقتى. قارىسا مەلىكە يەنە
قوپۇپ ئولتۇرۇپتۇ. شاھزادە تاختاينى
بىر ئېگىز يەردە يوشۇرۇپ قويۇپ مەلىكە-
نىڭ قېشىغا كىردى. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ
شاھزادىگە سالام قىلدى.

— ئەي يىگىت، — دېدى ئۇ قىز
سالامدىن كېيىن، — نەدىن كەلدىڭىز؟
سىزنى بۇ يەرگە كىم ئېلىپ كەلدى؟ مېنى
كىم كۆرسىتىپ قويدى؟ سىز ئىنسانمۇ
ياكى پەرىشتىمۇ، كۆكتىن چۈشتىڭىزمۇ ياكى
يەردىن چىقتىڭىزمۇ؟

قىز شۇ سۆزلەردىن كېيىن شاھزا-
دىنىڭ ئايىغىغا بېشىنى ئۇرۇپ، قان ياش
تۆكۈپ يىغلاپ كەتتى. شاھزادە:

— ئەي جەننەتنىڭ ھۆرى، ئۆزىڭىز
قايسى ئەنبەر ھىدلىق ئىقلىمنىڭ شاھى-
سىز، قايسى ئاسماننىڭ تولۇن ئېيىسىز، —
دېدى. مەلىكە جاۋاب بېرىپ:

— مەن ھۆر ئەمەس، ئادەم پەرزەنتى،
تەڭرىنىڭ تەقدىرى ۋە پەلەكنىڭ گەردى-
شى بىلەن بۇ يەرگە چۈشۈپ قالدىم. مەن
سەرەندىپ پادىشاھىنىڭ قىزى ئىدىم. ئون
ئۈچ يىل بولدى، بىر دىۋە مۇشۇ يەرگە ئېلىپ
كېلىپ جېنىمنى ئاشۇ تاختايغا بەند قىل-
دى. شۇندىن بېرى مۇشۇ ھالەتتە تۇرۇۋا-

تىمەن، خۇدانىڭ ئالدىدا قانداق خاتالىق
ئۆتكۈزگىنىمنى بىلمەيمەن، — دەپ يىغ-
لىدى، ئاندىن سوئال قويۇپ: «سىز قانداق
بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟» دېدى.
شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك. ئانىسىدىن تۇغۇ-
لۇپ بېشىغا كەلگەن مېھنەت-مۇشەققەت-
لەرنى بىرمۇ-بىر بايان قىلدى. قىز:

— ئۇ سۈرەت كىمنىڭ سۈرىتى ئى-
كەن؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە جاۋاب
بېرىپ:

— شاھبال ئىبنى شاھرۇخنىڭ
قىزى بەدىئۇلجامالنىڭ سۈرىتى ئىكەن، —
دېيىشىگە قىز يىغلاپ بىھوش بولدى، يەنە
ھوشىغا كەلدى.

— ئەي قىز، — دېدى شاھزادە، —
سىز بەدىئۇلجامالغا نېمە ئۈچۈن مۇنداق
پىراق تارتىسىز؟ —

— مەن بەدىئۇلجامال بىلەن ئېمىلداش
ئىدىم. ئىككىمىز بىر كېچىدە تۇغۇلغان، بە-
ئەمچەكنى تالىشىپ ئەمگەن، ئانامنىڭ مەن-
دىن بۇرۇن ئىككى قىزى بار ئىكەن، يەنە
ماڭا ھامىلدار بولۇپتۇ. ئانام زېرىكىپ
بىزنىڭ چاھارباغقا كىرىپ چىنارنىڭ
تۈۋىدە ئولتۇرۇپ مېنى تۇغۇپ ئەمچەك
سېلىپ ئېمىتىپ ئولتۇرغانىكەن، بىر پەرى
مەزلۇم چىناردىن چۈشۈپ ئانامغا تەزىم
قىپتۇ، ئاندىن دۇررى ياقۇت گۆھەر-مەر-
ۋايىتلار بار ھەميانىدىن بىرىنى ئالدىدا
قويۇپتۇ:

— مەن شەھبال ئىبنى شاھرۇخنىڭ
ئايالى بولىمەن، — دەپتۇ ئۇ ئايال ئانامغا، —
ھامىلدار ئىدىم، زېرىكىپ جاھان تاما-
شاسىغا چىققانىدىم، مۇشۇ چىنارنىڭ ئۈس-
تىدە كۆزۈم يورۇدى، بۇ باغنىڭ مېۋىلى-
رىدىن يېدىم، ئەمدى يانماقچىمەن. سىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلەن خوشلىنىپ رىزالاشماققا كەلدىم.

ئانام ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— ئۇنداق بولسا مەن ئۇ قىزىڭىزنى بىر ئېمىتىپ بەرسەم، — دەپتۇ، پەرىزات قىزىنى ئانامنىڭ ئېتىكىگە سېلىپ بېرىپتۇ. ئانام ئۇ قىزنىڭ ھۆسن جامالىنى كۆرۈپ بىھوش بولۇپتۇ. پەرى قىز ئانامنىڭ ئەمچىكىنى ئېغىزىغا سېلىش بىلەنلا ئانام خۇدىنى يوقىتىپتۇ، يەنە ھوشىغا كېلىپتۇ.

— بۇ بالىنى بىر كۆرۈش بىلەن يۈرىكىمگە ئوت چۈشتى. يەنە كۆرمىسەم چىدىيالمايمەن، مېنى بالىڭىزغا ئىنىكئانا قىلىۋېلىڭ، — دېگەنىكەن، پەرىزات:

— سىز بالىلىرىڭىزنى تاشلاپ، ئۆز ماكانىڭىزدىن، كېچىپ بىزنىڭ يېنىمىزدا چىدالمايسىز، بىزنىڭ كەلمىكىمىز ئاسان، بىز ھەمىشە ئۇچۇپ يۈرىمىز، مەن قىزىمنى ھەر ئايدا بىر قېتىم ئىۋەتەي، ئۇن كۈن تۇرۇپ يانسۇن. سىزمۇ قىزىڭىزنى ماڭا بېرىڭ مەنمۇ ئېمىتىپ بېرەي، — دەپتۇ. ئانام مېنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا سېلىپ بېرىپتۇ، مېنى ئېمىتىپتۇ. ماڭا مۇشۇ قىسمەت كەلگۈچە ھەر ئايدا بىر كېلەتتى. ئويناپ كۈلۈپ يۈرەر ئىدۇق. ھازىرمۇ ئېھتىمال كېلىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسمى بەدىئۇلجامال ئىدى. بىر كۈنى نۇرغۇن قىزلار بىلەن چاھار باغدا سۇغا چۈشۈپ ئويناپ يۈرەتتۇق. ھاۋا تۇتۇلدى، بىر قۇش سۈرەتلىك نەرسە يېتىپ كېلىپ، مېنى تۇتۇپ ھاۋاغا ئېلىپ چىقتى. قورقۇپ كۆزۈمنى يۇمدۇم. كۆزۈمنى ئاچسام ئۆزۈمنى مۇشۇ سارايدا كۆردۈم. بېشىمدا بىر يىگىت ئولتۇرۇپتۇ. ھەيران بولدۇم. ماڭا سالام قىلدى، قورقتۇم ۋە تىترىدىم، ئۇ: «قورقماڭ مەن قۇلىزۇم پادىشاھىنىڭ ئوغلىمەن. ئېتىم ئەسۋەد. مەن سىزگە ئاشىق ئىدىم. شۇڭا سىزنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم. ئەمدى خاتىرجەم بولۇڭ، ئاتا-ئانىڭىزنى، دىيارىڭىزنى ئۇنتۇڭ. ھەر قانداق ئادەم پەرزەنتىنىڭ قەدىمى بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ» دەپ، مېنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئالدىدى. لېكىن مەن بويسۇنمىدىم. ئاخىر مېنى ئاشۇ تاختىغا بەند قىلدى. ھەر ئايدا بىر قېتىم كېلىپ، يۈزۈمنى ئېچىپ، سۇ ۋە تائام بېرىدۇ. قايتار ۋاقتىدا يەنە شۇ تاختىغا بەند قىلىپ قويۇپ كېتىدۇ. كەلگەندە: «مەن كەتكىلى نەچچە كۈن بولدى؟» دەپ سورايدۇ. مەن: «بىر سائەت بولدى.» دەپ جاۋاب بېرىمەن.

— قىز ئۆزىنىڭ بۇ سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىپ كۆپ يىغلىدى، سەيپۇلمۇلۇك بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— بۇ بەك خەتەرلىك ھەم قورقۇنچلۇق يەر ئىكەن. دىۋە كەلسە مېنى ئۆلتۈرىدۇ، — دېدى.

— مەن بىر ئىلاجسىز بىچارىمەن، — دېدى قىز، — يۇرتۇمدا بولسام، سىزگە بەدىئۇلجامالنى كۆرسەتكەن بولاتتىم، ئىلاجى بولسا مېنى بۇ دىۋىدىن قۇتقازسىڭىز، بەدىئۇلجامال پەرىنى سىزگە مەن كۆرسىتىمەن. بۇ دىۋە يەنە بەش كۈندىن كېيىن كېلىدۇ.

— ئەي قىز، — دېدى شاھزادە، — سىز يەنە ئاۋۋالقىدەك يېتىڭ، تاختايىڭىزنى بېشىڭىزدا قوياي، ئۆزۈم يوشۇرۇنۇپ تۇراي، دىۋە كېلىپ ئىشقىۋازلىق قىلسا، تازا ناز پەيدا قىلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ: «ئاتا-ئانامنى كۆرگۈم كېلىپ قالدى، كۆرۈشتۈرۈڭ» دەڭ. ئەگەر كۆرمەيسەن دېسە «ئەمىسە

ماڭا مۇھەببىتىڭىز بولسا، جېنىڭىزنى ماڭا بېرىڭ ۋە مەن جېنىمنى سىزگە بېرەي» دەڭ. ئەگەر غەزەپ قىلسا: «مېنى يار ۋە دىيارىمدىن ئاتا-ئانامدىن ئاجرىتىپ كەلدىڭىز، مەن مەزلۇم ئاجىز. بىر ئېغىز سۆز سورىسام ماڭا نېمىشقا غەزەپ قىلىسىز، مەن سىزگە نېمە قىلدىم. مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ،» دەڭ، ئەگەر مېنىڭ جېنىمنى نېمە قىلىسەن، دېسە، «بىزنىڭ جېنىمىزنى ئەزرائىل ئالىدۇ. سىزنىڭ جېنىڭىزنى ئالمايدىغان ئوخشايدۇ، ئەگەر جېنىڭىزنى ماڭا بەرسىڭىز مەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسەم، ئاتا-ئانامنى كۆرسەم، ئەجەب ئەمەس دېگەن خىيال بىلەن سورىدىم، دەڭ. يەنە «بىزلەرنىڭ جېنىمىزنىغۇ ئەزرائىل ئالىدۇ، سىزلەرنىڭ جېنىڭىزلارنى كىم ئالىدۇ؟» دەپ سوراڭ. ئۇ بىر نېمە دەر. كېلىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە كۆرۈشەيلى.

قىز ياتتى ، شاھزادە تاختاينى قىزنىڭ بېشىدا قويدى. ئۆزىنى پىنھان يەرگە يوشۇردى. ئالتىنچى كۈنى شاھزادە يەنە قىزنىڭ قېشىغا كىردى. قىز ھوشسىز يېتىپتۇ، تاختاينى ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ چىقتى، قىز ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇردى. سەيپۇلمۇلۇك كىرىپ قىزدىن:

— كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. قىز:

— تۈنۈگۈن كېلىپ كەتتى، سىز دېگەن سۆزنى سورىدىم، يۈزۈمگە بىر كاچات ئۇردى. يىغلاپ دېدىمكى: «مېنى بىكاردىن-بىكار رەسۋا قىلىسەن. يار ۋە دىيارىمدىن، ئاتا-ئانامدىن ئايرىدىڭ. مەن غېرىب بىچارىمەن.» شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئۇنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىدى.

— ئەي گۈزىلىم، مەن چاقچاق قىلدىم، — دېدى ئۇ مېنى بەزلەپ.

— ماڭا مۇھەببىتىڭىز بولسا سىز جېنىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، مەنمۇ جېنىمنى سىزگە بېرەي. ئىككىمىز جېنىمىزنى بىر-بىرىمىزگە پىدا قىلايلى دېدىم.

— مېنىڭ جېنىمنى نېمە قىلىسەن؟ — دېدى ئۇ.

— بىزنىڭ جېنىمىزنى ئەزرائىل ئالىدىكەن. سىزنىڭ جېنىڭىزنى ئالمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدىكەنسىز. سىز جېنىڭىزنى ماڭا بەرسىڭىز مەنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسەم، ئاتا-ئانامنى كۆرەرمەنمىكىن، — دېدىم. دېۋە:

— مېنىڭ جېنىم تىلسىم قىلىنغان، — دېدى.

— ئەگەر سىزگە ئادەملەر قەست قىلماقچى بولسا كۈچى يېتەمدۇ؟ — دېسەم دېۋە:

— ھەر كىشىدە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكى بولسا، «مۇشۇ ئۈزۈكنىڭ ھەققى ھۆرمىتىدىن دېۋە ئەسۋەدنىڭ جېنىنى چىقارغىن» دەپ، ئۈزۈكنى مۇھىت دەرياسىغا ئېلىپ بارسا، دەريانىڭ تېگىدىن بىر پولات ساندۇق چىقىدۇ. ساندۇقنىڭ ئالتۇن ئاچقۇسى بار، ئۇنىڭ بىلەن ساندۇقنى ئاچسا، ئۇنىڭ ئىچىدىن يەنە بىر ساندۇق چىقىدۇ. ئۇ ساندۇق ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەھ بار، ئۇ قەدەھنىڭ ئىچىدە بىر كۆك كەپتەر بار. شۇ كەپتەرنى ئۆلتۈرسە مەن ئاندىن ئۆلىمەن. بولمىسا ھەر قانداق كىشى مېنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ دېدى، — دېدى.

سەيپۇلمۇلۇك بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ قىزنىڭ بېشىدىن نەچچە ئايلىنىپ چىقتى. ئاندىن:

— ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكى مەندە بار، — دەپ سۆيۈن-

www.uyghurkitap.com



گەن ھالدا قىزنى ئېلىپ دەريا لېۋىگە باردى. غۇسلى تەرەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز شۈكرانە ئوقۇدى. مۇناجات قىلىپ:

— ئەي مۇقەددەس تەڭرى، بۇ مۈشكۈلىمىزنى ئاسان قىلغايسەن، بۇ ئۈزۈكنىڭ ھەققى-ھۆرمىتىدىن ئەسۋەد دېگەن دېۋىنىڭ جېنىنى بىزگە چىقىرىپ بەرگىن، — دەپ ئۈزۈكنى دەرياغا تەگكۈزدى. قارىسا بىر ساندۇق دەريايۈزىگە چىقتى، ساندۇقنى ئېلىپ ئۆيلىرىگە باردى-دە، ساندۇقنى ئېچىپ كەپتەرنى ئۆلتۈردى. بىر سائەتتىن كېيىن بىر قارا بوران پەيدا بولۇپ، ئالەمنى چاڭ توزان قاپلىدى. بىر تاغدەك نەرسە ھاۋادىن يەرگە يىقىلدى-دە، ھەققەجان تەسلىم بولدى، قىز بۇنى كۆرۈپ:

— مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن مۇشۇ دېۋە ئىدى، — دېدى.

— «ئىبلىس، ئىبلىس!» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ھاۋادىن قان تامدى. ئاندىن كېيىن ھاۋا ئېچىلدى. ئۇلار بۇ خەتەردىن قۇتۇلغىنىغا خۇدايىتائالاغا ھەمدۇ-سانا ئېيتىپ بۇ يەردىن كېتىشنىڭ پىكرىنى قىلدى. ياغاچلاردىن سال ياسىدى، سالغا ياقۇت، ئالتۇن، كۈمۈش جاۋاھىرلارنى، مەرۋايىتلارنى، ئىشقىلىپ ئادەمگە لازىملىق قىممەت نەرسىلەرنى سېلىپ ئۆزلىرىنى سالغا ئېلىپ، يولغا راۋان بولدى. يەيدىغان تائامى خورما ئىدى. تۇيۇقسىز بىر دەھشەت چاقىرغان قاتتىق ئاۋاز پەيدا بولۇپ سال گۇمران بولۇشقا تاس قالدى. بۇ كاتتا ئاۋازنىڭ كۈچى بىلەن بەش كۈنلۈك يولنى بىر سائەتتە باستى. خورمىلار تۈگىدى. بىر ئارالغا چىقتى، ھەر



تۈرلۈك مېۋىلەر بار ئىدى. ئالدى بىلەن گالىغا سالدى. ئاندىن سالغا ئالدى. ئۆزلىرىنى ھەم سالغا ئېلىپ يولغا راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، ئۇلار شۇ ماڭغانچە ئۈچ ئاي يول يۈردى، ھېچ ئاۋاتلىق ياكى مەمۇرچىلىق ئارالغا چىقالمىدى. يەرگە قارىسا سۇ، ئاسمانغا قارىسا كۆك كۆرۈنەتتى. سەيپۇلمۇلۇكنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا باردى، مەلىكە سالنى سۈرۈپ ماڭاتتى، قارىسا بىر مەخلۇق سالنى چىشلەپ ئاغزىغا ئېلىپ تۇرۇپتۇ، مەلىكە ئالدىراپ شاھزادىنى ئويغاتتى، شاھزادە قولىغا پالتىنى ئېلىپ شۇنداغ ئۇردىكى، بىر كاتتا لەھەڭ ئىككى پارە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ خەتەردىن قۇتۇلدى. يەنە نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر ئارالغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە نەچچە تۈرلۈك مېۋىلەرنى يەپ، بىر

ئەچچە كۈن تۇردى.

بىر كۈنى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاستا كېلىپ قارىسا بىر بۆلەك سودىگەرلەر بۇ يەرگە چۈشۈپتۇ. شاھزادە ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھال-ئەھۋال ئېيتىپ، ھاردۇق سورىدى. ئاندىن:

— سىلەر قايسى شەھەردىن كەلدىڭلار؟ قايسى شەھەرگە بارىسىلەر؟ — دېدى.

— بىز ۋەسەت شەھىرىدىن كەلدۇق، — دېدى سودىگەرلەر، — سەرەندىپ شەھىرىگە بارىمىز. پادىشاھىمىزنىڭ ئېتى تاجۇلمۇلۇك شاھزادە يەنە:

— ئۇ مەملىكەت بۇ يەردىن قانچىلىك يىراقلىقتا؟ — دەپ سورىدى. سودىگەرلەر:

— شەھىرى ۋەسەتنىڭ بۇ يەر بىلەن ئارىلىقى بەش-ئالتە پەرسەخ ① كېلىدۇ، — دېدى.

شاھزادە ئۇلارنىڭ سۆزىنى مەلىكىگە بېرىپ ئېيتتى، مەلىكە:

— ئۇنداق بولسا بۇ ئىش ئۇقتاسىغا كېلىپ روياپقا چىقىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، — دېدى. مەلىكە بىلەن شاھزادە ۋەسەت شەھىرىگە راۋان بولدى. تاجۇلمۇلۇك مەلىكىنىڭ ئاتىسى بىلەن تۇغقان ئىدى. شاھزادە شەھەرگە يېقىن يەردە مەلىكىنى توختىتىپ قويۇپ ئۆزى شەھەرگە كىردى. پادىشاھ تاجۇلمۇلۇك بىلەن كۆرۈشتى. پادىشاھ شاھزادىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە: «بۇ گويا جەننەتنىڭ ھۆرلىرىدەك كېلىشكەن خۇش خۇي كىشى ئىكەن، ئېسىل كىشىلەردىن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى، شاھزادىدىن:

— ئەي يىگىت، مۇساپىردەك كۆرۈنىسىز، قەيەردىن كەلدىڭىز؟ نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى، شاھزادە سەيپۇلمۇلۇككە جاۋاب بېرىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، پېقىر بەندىلىرى مىسىر شەھىرىدىن بولىمەن، — دېدى. تاجۇلمۇلۇك:

— قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ چۈشتىڭىز؟ — دېدى.

بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار كۆپ، — دېدى شاھزادە، — سۆزلىسەم بەك ئۇزۇن، ئۆزلىرىنى مالال قىلىمەن.

پادىشاھ:

— سىز مىسىردىن چىققىلى قانچە زامان بولدى؟ — دېدى.

— بۇ يىل ئون ئۈچ يىل بولدى، — دېدى شاھزادە، ئاندىن بۇ ئون ئۈچ يىلدا تارتقان مېھنەت-مۇشەققەتلىرىنى تولۇق سۆزلەپ بەردى، شاھزادىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ئاغامنىڭ بىر قىزى يوقاپ كەتكىلى ئون ئۈچ يىل بولدى. ھېچ يەردىن خەۋىرىنى ئالالمىدۇق، — دېدى پادىشاھ ياش تۆكۈپ.

— خاتىرجەم بولغايلا، — دېدى شاھزادە، — پېقىرلىرى ئۇ قىزنى بىرگە ئېلىپ كەلدىم، رۇخسەت بولسا، ئۇنى ئېلىپ كېلىپ ھازىر قىلاي، — شاھزادىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئورنىدىن يۈگۈرۈپ قوپۇپ، شاھزادىنىڭ قولىنى سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئەي ئەزىز بۇرادەر، ھازىر ئۇ نەدە، — دەپ سورىدى. شاھزادە:

— مەن باشلاپ بېرىپ سىلەرنى كۆرۈشتۈرەي، دەپ، پادىشاھنى باشلاپ

① پەرسەخ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى

www.uyghurkitap.com

بىرىپ ئىككىسىنى كۆرۈشتۈردى. ئىككىسى بىر-بىرسىنى كۆرۈپ بىر-بىرسىنىڭ ئاياقلىرىغا يىقىلىپ ئۆزلىرىنى تۇتالماي تولا يىغلاپ، بىھوش بولدى. مۇلازىملار ئۇلارنى ھوشىغا كەلتۈردى. مەلىكىنىڭ دادىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزى شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك بىلەن مەلىكىنى ئوردىغا باشلاپ كەلدى.

ھەمدە شاھزادىگە باشتىن-ئاياغ پادىشاھانە كىيىم كىيدۈرۈپ ئۇچقۇر ئاتلارنى ئىنئام بەردى. كۆپ ئىززەت-ئىكرام قىلدى. بۇ خۇشاللىق ئۈچۈن ئون يەتتە كېچە-كۈندۈز شاراب ئىچىپ، جاھان تاماشاسىنى قىلدى. ئاندىن كېيىن سەرەندىپ شەھرىگە بارماقنىڭ مەسلىھەتىنى قىلدى. پادىشاھ شاھزادە بىلەن مەلىكىگە سەرۇپاي كىيدۈرۈپ، يۈز مىڭ ئەشمەتلەر بىلەن زىبۇ-زىننەت بېرىپ، سەرەندىپ شەھرىگە يولغا سالدى.

ئەلقىسسە، تاجۇلمۇلۇك ئەۋەتكەن كىشى بېرىپ قىزنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئېيتىپ، ئۇلۇغ ئىلتىپاتقا ئېرىشتى. سەرەندىپ پادىشاھىنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقان قاياشلىرى، ئاتا-ئانىسى ۋە مەلىكىگە ئىشتىياق تارتقان ئادەملەر لازىملىق نەرسىلەرنى تەييار قىلىپ، مەلىكىنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن يولغا راۋان بولدى. ئۇلار مەلىكە بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ شۇنداق يىغلاشتىكى، زېمىندىكى تاغۇ-تاش، دەريا-دېڭىز، ئورمان، ئاسمان يەر ھەممىسى لەرزىگە كېلىپ پىغان قىلدى. ئۇلار يىغلىشىپ بولۇپ شاھزادىدىن تولىدىن تولا مىننەتدار بولدى، ئاندىن ھەممىسىنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن سەرەندىپ شەھرىگە ئېلىپ كەلدى. سەرەندىپ پادىشاھى بولغان ۋەقەلەرنى باشتىن-ئاياغ ئىشىتىپ زار-زار يىغلىدى. چوڭ-كىچىك ھەممىسى ئۇھ تارتىپ شاھزادىنى قۇچاقلىشىپ كۆپتىن-كۆپ ئىلتىپاتلار قىلدى. نەچچە كۈن ئەيش-ئىشرەت بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇلار شاھزادىدىن بىردەممۇ ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالدى. ھەر كۈنلۈكى ئۇنىڭغا باشقا-باشقا كىيىم كىيدۈرۈپ، كۆڭۈل ئىزھار قىلىشتى. پادىشاھ قىزى بىلەن ساق-سالامەت دىدارلاشقانلىقىنىڭ خۇشاللىقىدا، شاھزادىنى كۈندۈزلىرى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ شىكارغا ئېلىپ چىقسا، كېچىسى ئۇنىڭ يېنىدا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇراتتى.

بىر كۈنى شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك مەلىكىدىن:

— ئەي مەلىكە، مەھبۇبەم بەدىئۇلجامال سىزنى كۆرگىلى كېلەرمۇ ياكى مەن ئۆزۈم ئۇنى ئىزدەپ بارىمەنمۇ، — دېدى.

— ئىزدىمەك ھاجەت ئەمەس، — دېدى مەلىكە، — يەنە ئون كۈندىن كېيىن ئۆزۈزى مېنى كۆرگىلى كېلەرمىش. شاھزادە مەلىكىنىڭ بۇ سۆزىدىن سۆيۈنۈپ بۇبېيىتنى ئوقۇدى.

نەخۇشدۇر كەلسە مەھبۇبەم
ئىرەمنىڭ گۈلزارىدىن،
كىرپىكىم بىلەن سۈرۈتسەم
گەردىنى رۇخسارىدىن.

دەپ بىر ئاھ تارتىپ ئىشقىنىڭ تېخىمۇ ئاشقانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنى كۆرگەنلەر: «ئەتە شىكارغا چىقسا، ئىشق پىراقى ئازراق بولسىمۇ ئۇنتۇلۇپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالار» دەپ، شاھزادىنى شىكارغا چىقىشقا تەكلىپ قىلدى! شاھزادە ماقۇل بول-

دى. ئەتىسى سەھەردە شىكارغا ئاتلاندى. شاھزادە كوچىدا كېتىۋاتسا تۇيۇقسىز سائىدقا ئوخشايدىغان بىرسىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. قارىسا ئۇ بىر تامغا يۆلىنىپ بويىنىنى قىسىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا بىر ئەسكى چاپان چىرايى سېرىق، ئۆزى ئورۇق، پۇتىدا چورۇق تۇرغىدەك. ئىچى ئاغرىپ، مۇلازىملارغا ئىشارەت قىلدى.

— مەن ئۇۋدىن قايتىپ كەلگىچە بۇ كىشىنى ساقلاپ تۇرۇڭلار، يېتىلدۇرۇپ قويماڭلار، — دەپ ئۆزلىرى شىكارغا يۈرۈپ كەتتى.

شاھزادىنىڭ مۇلازىملىرى سائىدنى تۇتۇپ ئۇرۇپ، باغلاپ قويدى. بۇ بىچارە غېرىب ئۇلارغا:

— مەندىن نېمە خاتالىق ئۆتتى. پادىشاھقا نېمە يامانلىقىم يەتتىكىن، — دەپ نالە قىلدى. سائىد كۆڭلىدە: «ئۇنىڭ ئادەملىرى مۇنچە جاپا قىلسا، ئۆزى كەلسە ئۆلتۈرگىدەك» دەپ ئويلاپ ۋاقتىنى غەنىيمەت بىلىپ، بوشىنىپ قاچتى-دە، بىر يەرگە بېرىپ يوشۇرۇندى. مۇلازىملار سائىدنىڭ قاچقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇرۇپ سوقۇپ زىندانغا سالدى. ۋاقتىكى شاھزادە ئۇۋدىنى قايتىپ كەلدى. ھەمدە مەجلىس تۈزۈپ، مەي شاراب ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن سائىد ئېسىگە كېلىپ خىزمەتچىلىرىدىن:

— مەن ساقلاڭلار دېگەن كىشى قېنى؟ — دەپ سورىدى. خىزمەتكارلار:

— ئەي سۇلتانى باكەرەم ئۇ كىشى ھەزرەتلىرىگە نېمە قىلغان ئىدىكىن، بىز ئۇنى ئۇرۇپ-سوقۇپ باغلاپ قويغاندۇق. بەكمۇ يامان نېمىكەن. باغلاقتىن بوشىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئىزدەپ تېپىپ بەنە ئۇرۇپ زىندانغا سولاپ قويدۇق، — دېدى. شاھزادە:

— مۇساپىردەك كۆرۈنەتتى. دەرھال ئېلىپ كېلىڭلار! — دېدى. ئۇلار بېرىپ سائىدنى زىنداندىن ئېلىپ كەلدى. يولدا كەلگىچە سائىد بىچارە قورقۇپ يۈز مىڭ ۋەھشەت ئەندىشىلەر بىلەن شاھزادىنىڭ ئالدىغا كەلدى. تەزىم بەجا كەلتۈردى. قول باغلاپ ئاجىزانە ھالدا يىغلاپ تەلمۈرۈپ تۇردى. شاھزادە:

— ئەي يىگىت، مۇساپىر كۆرۈنىسىز، قايسى باغنىڭ گۈلىسىز؟ قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلىسىز؟ قەيەردىن كەلدىڭىز؟ نەگە بارىسىز، — دەپ سورىدى. سائىد:

— ئەي سۇلتانى ئالەم، پىقىر بەندىلىرى مىسىر شەھرىدىن بولىمەن. بۇ يىل ئون ئۈچ يىل بولدى، غېرىب بىچارىدۇرمەن. پادىشاھىمدىن ئايرىلدىم، — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئۇلۇغ مۇڭلار مېنىڭ باشىمغا چۈشتى،
قارا ساچىم ئۆسۈپ قاشىمغا چۈشتى.
ماڭا يالغۇز ئەمەس مېھنەت مۇشەققەت
شەھەنشاھىم ئىملداشىمغا چۈشتى.

دەپ غەزەلنى تۈگەتكەن ھامان سەيپۇلمۇلۇكنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ:

— ئېتىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— سائىد، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ بىچارە. شاھزادە.

— مەن سەيپۇلمۇلۇك بولىمەن، ئاھ، قېرىندىشىم، — دەپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى سائىدغا ئاتتى. سائىدمۇ ئۆزىنى شاھزادىگە ئېتىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. شۇنداق يىغلاشتىكى، بۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

يىغىسىنى كۆرگەن سەرەندىپ خەلقىمۇ
ماتەم تۇتتى. يەر ئاسمان لەرزىگە كېلىپ،
ئاسمان ياش تۆكتى. يەر دەريالىرى
تاقەتسىزلىنىپ تاشتى، ئۇلارنى بۇ ھالدا
كۆرگەن خىزمەتچىلەر سائىدقا قىلغان زۇل-
مىغا پۇشايمان قىلىپ: «ۋاي ئەست بۇ
كىشى پادىشاھىمىزنىڭ قېرىندىشى ئىكەن،
دەپ قورقۇنچىدىن ھەر تەرەپلەرگە قاچتى.
شاھزادە ھوشىغا كەلدى. سائىدنىڭ چاچ-
لىرىنى ئالدۇرۇپ، ھاممامغا بۇيرۇدى.
ھامامدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن
باشتىن-ئاياغ شاھانە كىيىم كەلتۈرۈپ
كىيدۈردى. تەخت ئۈزرە ئولتۇرغۇزۇپ،
ئالدىدا ئالتۇن خونلاردا تائام، گېزەك
قويدى. ھاپىزلار ئاشىقانە غەزەللەرنى
وقۇپ سائىد ئۈچۈن مەشرەپ تۈزدى.
پەرى سۈپەت نازىنىنلار ئۇلارنىڭ خىز-
مىتىگە تەييار تۇردى. ۋاقىت تۇشۇپ،
ئولتۇرۇش ئاخىرلاشتى. شاھزادە سائىددىن
تارتقان مېھنەت كۆرگەن مۇشەققەتلىرىنى
سورىدى. سائىد تۇتىدەك سۆزگە كىرىپ
تارتقان مېھنەت ۋە كۆرگەن ئازاب-ئوقۇ-
بەتلىرىنى بىرمۇ-بىر سۆزلىدى. پادىشاھى
سەرەندىپ ھەيران بولدى. شاھزادە سەي-
پۇلمۇلۇكمۇ سائىددىن ئايرىلىپ باشقا
كەلگەن مېھنەت-مۇشەققەتلىك ھېكايى-
سىنى ئېيتىپ بەردى. سائىد ئۆز سەر-
گۈزەشتىسىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ۋاقىتكى
مەن ھەزرەتلىرىدىن جۇدا بولغاندا بىز
ئون تۆت كىشى بىلەن بىر تاختاي ئۈس-
تىدە ئىدۇق. قارا بوران چىقتى. قىرىق
كېچە-كۈندۈز جاھان قاراڭغۇ بولدى.
ئاندىن كېيىن ھاۋا سۈزۈلدى، قارىسام
مەندىن ئۆزگە ھەممەيلەن يوق. جانىنىڭ

ۋەھشىتىدە ئۇلارنىڭ قەيەرگە يوقالغان-
لىقىنى بىلمەپتىمەن. قارىسام ئۆزۈم تەنھا
قاپتىمەن. بىر ئارالغا چىقىپ قالدىم. خۇ-
دايى تائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتتىم. ئۇ
يەردە ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر بار ئىكەن.
ئېلىپ يېدىم. بۇ ھەرخىل دىۋە-پەرى-
لەرنىڭ ماكانى ئىكەن، ۋەھىمە بېسىپ تۇرال-
مىدىم. بىر مۇنچە مېۋە ئالدىم-دە، دەرياغا
چۈشۈپ بىر ئاي دەريادا يۈردۈم. ئالغان
مېۋىلىرىم تۈگىدى. يەنە ئاچ قالسام ئال-
قات يېدىم. تۇيۇقسىز يەنە بىر ئارالغا
چىقتىم. ئۇ يەردىمۇ تۈرلۈك مېۋىلەردىن
بار ئىكەن، تاماشا قىلىپ يېنىپ ئېزىپ
قاپتىمەن، ھېچقانداق قىلىپ يېنىپ
چىقالمىدىم. ئاشۇنداق تەئەججۈپتە يۈرسەم،
تۇيۇقسىز ئىت باشلىق زەڭگىلەرگە يولۇق-
تۇم. مېنى تۇتۇپ، قەپەسكە سالدى. يىغ-
لىسام ئۇلار: «ئاۋازى ياخشى جانىۋاركەن»
دەپ قاقلاپ كۈلۈشتى. ھەر قايان
بارسا مېنى قەپەستە بىللە ئېلىپ باردى.
شۇنچە بولۇپ ئادەم دىدارىنى كۆرۈپ
باقمىغان مەخلۇقلار ئىكەن. ئۆزلىرى دائىم
خورما يەپ ماڭا ئوت خەس سېلىپ
بېرەتتى. يىغلىماي ئولتۇرسام «سايرىغان
ئاۋازىنى ئاڭلايلى» دەپ ئۇرۇپ يىغلىتۇر
ئىدى. يىغلىسام باش لىڭشىتىپ بىر-بىرىگە
قارىشىپ تەئەججۈپ قىلىپ كۈلۈشەتتى.
بىر كۈنى قەپەستىن قولۇمنى چىقىرىپ
خورما ئېلىپ يېسەم، ئاندىن كېيىن ماڭا
خورما بېرىشتى. قەپەستە تۇرۇپ ئاجىزلاپ
كەتتىم.

— ئۇلار قانداق تائىپە ئىكەن؟ —
دەپ سورىدى شاھزادە. سائىد دېدى:

— بەتقىلىق، بەتخۇي، بەتبەشىرە
مەخلۇقلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بېشى ئىتقا

ئوخشاش، پۈت - قوللىرى ئادەمنىڭكىدەك
ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلار مېنى ساتقىلى
ئېلىپ باردى. بىز بىر دەرياغا يېتىپ
باردۇق. دەريادىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مەن-
دە قېچىپ كېتىش ھەۋىسى پەيدا بولدى.
ئاستا قەپەستىن چىقتىم. ئۆزۈمنى سۇدىكى
بىر پارچە تاختايغا ئاتتىم. كېچە - كۈندۈز
قېچىپ بىر ئارالغا يەتتىم. بۇ يەردە
ئادەمخور زەڭگىلەرگە تۇتۇلۇپ قالدىم.
ئۇلار مېنى بىر كوزىغا سېلىپ بويىنۇم-
غىچە مايغا چىلاشتۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى.
ئاندىن ماڭا ئۈزۈم، ناۋات، ھەسەل، شې-
كەر، قەنت يېگۈزۈپ باقتى. ئۇلار بىر
سەھەردە مېنى يېمەكچى بولۇشتى. مەس-
لىھەت قىلىشقاندىن كېيىن، يەنە پادىشا-
ھىغا تۆھپە قىلماقچى بولۇشتى. لېكىن
ئۇلارنىڭ كېمىسى شامال چىقسا يۈرەلەيت-
تى. چىقمىسا توختاپ قالاتتى. شامال
چىقمىدى. ئۇلار ئىلاجىسىز قېلىشتى، بىر
كۈنى قارا بوران پەيدا بولدى. دەريا
مەۋج ئۇرۇپ كېمە ئاستىن - ئۈستۈن بول-
دى. بەك قورقۇپ كەتتۇق. قىرىق كېچە -
كۈندۈز قاراڭغۇلۇقتا يۈردۇق. بوران
توختىدى. زەڭگىلەر: «يول خاتا بولۇپ
قاپتۇ» دەپ ساراسىمىگە چۈشتى. ئاشۇن-
داق ئەھۋالدا بىر توپ جامائەت پەيدا
بولدى. ئۇلار زەڭگىلەرنىڭ ھەممىسىنى
تۇتۇپ ئۆلتۈردى. مېنى كۆرۈپ ھەيران
قالدى. بۇ كىشىلەر دەريايى ئۇممانىڭ
بويىدا ئولتۇرغان خەلق ئىكەن. مېنى
ئېلىپ باردى. ھال - ئەھۋالىمنى سورىدى.
بىلگىنىمنى ئۇلارغا بايان قىلىپ بەردىم.
بىلمىگىنىمگە ئۆزرە ئېيتتىم. بىر
نەچچە كۈن ئۇلار بىلەن تۇردۇم.
ئاخىرى بۇ يەرگە بىر بۆلەك
سودىگەرلەر كەلدى. مەن ئۇلارنىڭ
ئۇلاغلىرىنى ھەيدىشىپ بۇ شەھەرگە
كەلگەنىدىم. كەلگىلى ئۈچ كۈن بولغانىدى.
خۇداغا شۈكرى، دىدارىڭىزغا مۇشەررەپ
بولدۇم، كۆرگەن كۈلپەتلىرىم راھەتكە ئال-
ماشتى. ئەي شاھزادەم، سىز بىزدىن ئاي-
رىلىپ نېمە كۈنلەرنى كۆردىڭىز؟ قانداق
مېھنەت - مۇشەققەتلەرنى تارتتىڭىز؟ مەھ-
بۇبىڭىزدىن خەۋەر ئالالدىڭىزمۇ؟

شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك بولبۇلدەك
سۆزگە كىرىپ، كۆرگەن ئاجايىباتلىرىنى،
تارتقان مۇشەققەتلىرىنى بىر - بىرلەپ
سۆزلەپ بەردى. ئاخىردا:

— خۇداغا شۈكرى، مەھبۇبەم يەنە
ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلەرمىش. خۇدا خا-
لىسا كۆرۈشەرمىز، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەر ئىككىلەن
خۇشال بولۇشۇپ خۇدايتائالاغا يۈزمىڭ
شۈكرىلەر قىلدى. سەيپۇلمۇلۇك بەدىئۇل
جامالنىڭ ئىشتىياقىدا بۇ بېيىتلارنى ئوقۇدى:

كېلەي دەپ ۋەئدە ئەيلەپ،
كەلمەدى ئول ۋەئدە يالغانىم.
ۋەفاغە ۋەئدە ئەيلەپ،
تۇرمادى سەرۋى خىرامانىم.

گىرىفتارى بولۇپمەن،
يارىنىڭ ھىجران بەلاسىغە،
كۆيۈپ ئىشقى فىراقىدا،
ھەمىشە ئورتەنۇر جانىم.

قىلالماسمەن ئىلاجىنى،
نېچۈك ئەيلەي نېچۈك تەدبىر،
قاچان يەتكەي قۇلاغىڭغە،
بۇ ئۇرغان ئاھۇ ئەفغانىم.

uyghurkitap.com

دەرىغا، كاشكى بىلسەم
ئىدىم تۇرغان ماكانىڭنى،
يۈرۈپ ئىزدەپ سېنى قايدىن
تاپارمەن شاھى خۇبانىم.

شاھزادە زار-زار يىغلاپ يۈرەتتى. ئەتىسى كۈنچىقىش ۋاقتى بولۇپ، تاڭ سوزۇلدى. سۇدا قىزىللىق پەيدا بولدى. ئىپار، زەپەر، سەندەل، ئەنبەر، سۇنبۇلنىڭ ھىدى كەلدى. پەرىلەر ۋە نەچچىلىگەن دىۋىلەر ئاسماندا پەيدا بولۇپ كېلىپ يەرگە چۈشتى. يەنە بىر نەچچە پەرىزاتلار بەدىئۇلجامال ئاتلىق پەرىزات بىلەن كېلىپ يەرگە چۈشتى. مەلىكە ئانىسى بىلەن بىللە شاھزادىگە بەدىئۇلجامالنى كۆرسەتمەك ئۈچۈن سەيپۇلمۇلۇككە خەۋەر بەرگەنىدى. سەيپۇلمۇلۇك بىلەن مەلىكە بەدىئۇلجامالنى كۆرۈشكە تەقەززا ئىدى. ئەمما مەلىكىنىڭ ئانىسى:

— سىز بىر مەزگىل سەۋر قىلىڭ. چاھار باغدا ئولتۇرۇپ تۇرسىڭىز بىز بىر مەجلىس ھازىرلاپ مەجلىستە سىزنى بىر مۇنچە تەرىپ، تەۋسىپ قىلىپ ئۇ پەرىنىڭ كۆڭلىنى قىزىقتۇرايلى. ئاندىن كېيىن سىز بىلەن كۆرۈشتۈرەيلى، — دېدى. ئۇلار چاھار باغقا چېدىر تىكتى. كۆپلىگەن مەجلىس ئەھلىلىرى جەم بولۇپ شاراب ئىچىشكە مەشغۇل بولدى.

ئەمدى گەپنى مەلىكىنىڭ ئانىسى بىلەن مەلىكە بەدىئۇلجامالدىن ئاڭلايلى: بەدىئۇلجامال يېتىپ كېلىپ مەلىكە بىلەن دىدار كۆرۈشتى، يىغلاشتى. ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سورىدى. مەلىكە:

— مېنى بىر دىۋە ئېلىپ قاچقانىدى، — دەپ جاۋاب بەردى. بەدىئۇلجامال:

— ئۇ دىۋىدىن قانداق قۇتۇلدىڭىز، — دېدى. مەلىكە:

— بىر مەرد يىگىت پەيدا بولۇپ كېلىپ مېنى قۇتقۇزدى، — دېدى. بەدىئۇلجامال:

— ئۇ قانداق ئەر ئىكەن، — دەپ سورىدى. «بۇ سوئالىڭىزنىڭ جاۋابىنى ھېلى مەجلىستە ئېيتىمەن»، — دېدى مەلىكە. مەلىكە بەدىئۇلجامالنى چاھار باغقا باشلاپ باردى. بەدىئۇلجامال چاھار باغنى تاماشا قىلا-قىلا ئاخىر چېدىرغا يېقىن باردى. بۇ ھالدا سەيپۇلمۇلۇك زوق-شوخ بىلەن بۇ غەزەلنى ئوقۇدى.

باشىم قوياي قەدىمىڭغە ئەجەل ئامان بەرسە،
كېيىن قېچىپ ئۇنىماسمەن ھالى يامان بەرسە.

بۇ ئاۋاز بەدىئۇلجامالنىڭ قۇلىقىغا تەسىر قىلدى.

— بۇ قانداق ئاۋاز؟ — دەپ سورىدى. مەلىكە:

— ئەي خانىكام، بۇ دىۋىنىڭ قولىدىن مېنى قۇتقۇزغان يىگىتنىڭ ئاۋازى، — دېدى. بەدىئۇلجامال:

— بىر كۆرمىكى بار ئىكەن، — دەپ، ئاستا مۆكۈنۈپ كېلىپ كۆردى. ئەمما بۇ ۋەقەدىن سەيپۇلمۇلۇكنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. بەدىئۇلجامال سەيپۇلمۇلۇكنى كۆردى. ئۇنىڭ سۆزلىگۈدەك، تەۋرەنگۈدەك ھالى قالمىدى. ئۇنىڭ تەنلىرى ئۆزىگە بويسۇنماس ئىدى. ۋۇجۇدى ئۆرتەنمەكتە ئىدى. ئۇ «توكەشتىم» دەپ ئولتۇرۇشتىن ئاستا ئۆيىگە يېنىپ چىقتى.

شاھزادىنى كۆرگەن بەدىئۇلجامالنىڭ

پۈتۈن ئەزايىغا قىزىتما ئولاشتى. شۇ كې-
چىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەدى. ئوتقا
چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، بىمارامىلىق
ئىچىدە قالدى، زېرىكىپ، ئاخىر مەلىكىگە:

— مەن بىتاب بولۇپ قالدىم. پۈتۈن
ئەزالىرىم ئاغرىيدۇ. بېشىمنىڭ ئاغرىقى تې-
خىمۇ يامان، شۇڭا كۆرگەن-ئىشتكەنلىرى-
ڭىز بولسا ھېكايە قىلىڭ، — دېدى. مە-
لىكە «بۇ ئىشتىياق ئاغرىقىدۇر، بۇنداق
ئەھۋالدا باش ئاغرىيدۇ» دەپ ۋاقىتنى
غەنىيمەت بىلدى ۋە ھېكايە باشلىدى:

— ئەي خانىكام، مىسىر شەھىرىدە
بىر پادىشاھ بار ئىكەن. ئىتنى ئاسىم
ئىبنى سەفۋان دەيدىكەن، تۆت يۈز شەھەر
ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىكەن. دۇنيالىقىدىن
ئېھتىياجى يوق ئىكەن. لېكىن پەرزەنت
كۆرمىگەنىكەن. ئۆمرى يۈز يەتمىشكە
يېتىپتۇ. دۇنيادىن كۆڭلىنى سوۋۇتۇپ
خىلۋەت جايدىن ئورۇن ئېلىپ، سىرتقا
چىقماپتۇ. تامامى پادىشاھلار يىغىلىپ،
مەسلىھەت قىلىشىپ پادىشاھنىڭ دەردىنى
سوراپتۇ. پادىشاھ:

— ئۆمرۈم يۈز يەتمىشكە يېتىپتۇ.
ئوغلۇم ياكى قىزىم يوق. ئۆلسەم مالۇ-
زەختىم، تاجۇ-تەختىم كىمگە قالغۇسىدۇر،
شول بائىستىن كۆڭلۈم بۇ دۇنيادىن
سوۋۇدى، — دەپتۇ.

پادىشاھلار مەسلىھەت كۆرسىتىپ:

— كۈندۈزى تەختتە ئولتۇرۇپ ئەدلى
ئادالەت كۆرسەتسىلە، كېچىسى ئىبادەتكە
مەشغۇل بولسىلا، خۇدايىتائالا مەقسەت-
لىرىگە يەتكۈزگەي، — دەپتۇ. پادىشاھ ئۇ-
لارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ، كۈندۈز
تەختتە ئولتۇرۇپ ئەدلى-ئادالەت بىلەن
يۇرت سوراپ، كېچىسى ئىبادەتكە مەشغۇل
بولۇپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ نۇنەججىم رەم-
باللارنى، كاھىنلارنى يىغىپ:

— مېنىڭ ئېتىمغا بىر قۇرئە يۈگۈر-
تۈڭلار، خۇدايىتائالا ماڭا پەرزەنت بې-
رۇرمۇ، يوقمۇ، — دەپتۇ. رەمباللار قۇرئە
يۈگۈرتۈپ:

— ئەي پادىشاھى ئالىي كەرەم، سىز
يەمەن پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئالسىڭىز خۇ-
دايىتائالا ئۇ قىزدىن بىر ئوغۇل ۋۇجۇد-
قا كەلتۈرىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ قۇرئەن-
دازلارنىڭ سۆزى بىلەن يەمەن پادىشاھى-
نىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئاپتۇ. ئۇنىڭدىن بىر
ئوغۇل دۇنياغا كەپتۇ. ئۇ پەرزەنتنىڭ
جامالى كۈندەك نۇرانە ئىكەن. بۇنىڭدىن
خۇشال بولغان پادىشاھ يەنە قۇرئەندازلارغا
قۇرئە يۈگۈرتۈپ ئوغلى سەيپۇلمۇلۇكنىڭ
ئەھۋالىنى بىلىشكە ئەمر قىپتۇ. قۇرئەن-
دازلار قۇرئە كۆرۈپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئوغلانلىرى
سەيپۇلمۇلۇكنىڭ تەلىيى ئۇڭدىن كېلىدۇ،
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، ئۇلۇغ پادىشاھ بو-
لىدۇ، ئون تۆت ياشقا يەتكەندە بىر چوڭ
ھادىسە يۈز بېرىدۇ. مېھنەت-مۇشەققەتلەر
تارتىپ، غۇربەتچىلىكتە قېلىپ ئاندىن
مەقسىتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ، — دەپتۇ. بۇنى
ئاڭلىغان پادىشاھ يارلىق قىلىپ:

— ئوغلۇمغا بىر ئىمارەت بىنا قى-
لىڭلار، دەرەخلىرى ئوغلۇم بىلەن تەڭ
چوڭ بولسۇن، — دەپتۇ.

ئوردا ئەھلى بىر ئىمارەت بىنا قى-
لىپ،شاھنىڭ يارلىقىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ، ئو-
غۇل بولسا ئون تۆت يىلدا كامالىغا يېتىپ-
تۇ. پادىشاھ ئىمارەتنى ئوغلىغا تەسەررۇپ
قىلىشقا بېرىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ئوغلىنى

ھەم ئۇنىڭ ئىملىدىشى سائىد بىلەن باشقا تەگتۇشلىرىنى يىغىپ ئولتۇرۇش قىلىپ بېرىپتۇ. بىر كېچە-كۈندۈز شاراب ئىچىپتۇ. ئولتۇرۇش تازا ئەۋجىگە يەتكەندە پادىشاھ ئوغلى سەيپۇلمۇلۇككە بىر تون، بىر ئۈزۈك، بىر ئات بېرىپ شاھزادىنى قۇتلۇقلاپتۇ. ھەمدە سائىدقىمۇ بىر تون يېپىپ بىر ئات ھەدىيە قىلىپ ئىلتىپات قىلغانىكەن. ئىككى ئوغۇل شاھنى ئۇلۇغلاپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ئۆزۈنغىچە ئولتۇرۇپتۇ. ۋاقىت خېلى يەرگە بارغاندىن كېيىن پادىشاھ ئىجازەت بېرىپتۇ. ئوردىغا قايتىپ كېلىپ يەنە بىر دەم شاراب ئىچىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇكنىڭ دوستلىرى تارقاپتۇ. سائىدمۇ ئۇخلاپ قاپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك تەنھا قېلىپ، زېرىكىپ كىيىملىرىنى سېلىپ ياتماق بولۇپتۇ. لېكىن ئاتىسى بەرگەن تون يادىغا يېتىپتۇ. تونىنى ئېچىپ كۆرۈپتۇ. قارىسا، توندا ئاجايىپ گۈزەل بىر سۈرەت بار ئىكەن. توندىكى سۈرەتنى كۆرگەن ھامان ئاشىق شەيدا بولۇپتۇ. كۈندىن-كۈنگە ئىشق مۇھەببىتى ئېشىپ ئاش، سۇدىن قاپتۇ. چىرايى بولسا زەپەردەك سارغىيىپ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالماس ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ. ئاتىسى تونىنى بەرگىنىگە پۇشايمان قىلىپتۇ. ئەمما پۇشايمان پايدا بەرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئالەمدىكى ئاقىل-دانالارنى بۇيرۇپ بىر يىل ئىزدىتىپ ئالەمنى كېزىپ، ئۇ سۈرەتنىڭ ئىگىسىنى تاپالماپتۇ. نائىلاج ئۆزى ئىزدىمەك بولۇپ تەييارلىق قىلىپتۇ. ئاتىسى مىڭ كېمە تەييار قىلدۇرۇپ، ھەر كېمىگە ئىككىدىن ھۈجرا ياساپ، ئادەملىرىگە ئوزۇقلۇق تەييار قىلىپ بېرىپتۇ. ئاندىن يىغلاپ رىزالىشىپ يولغا ساپتۇ.

سەيپۇلمۇلۇكنىڭ بىللە ماڭغان دوستلىرى كېمە بىلەن دەرياغا غەرق بولۇپ كېتىپتۇ. ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ يولغا چىققىنىغا ئون ئۈچ يىل بولۇپتۇ. بۇ يىللاردا كۆرمىگەن ۋە تارتمىغان مۇشەققەتلىرى قالماي ئاخىرى ئاسايىش تېپىپ باشقا قىرغاققا چىققانىكەن. خۇداغا شۈكرى، مېنى دېۋىدىن خالاس قىلىپ مۇبارەك جامالىڭغا مۇشەررەپ قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ تون بىلەن ئۈزۈكنى بۇرۇن ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئالەمدە ھايات ۋاقتىدا مىسىر پادىشاھىغا يادنامە قىلىپ بەرگەنىكەن.

مەلىكە ھېكايىسىنى شۇيەردە توختاتتى.

— ئاتىسى ئۇ تون بىلەن ئۈزۈكنى بەرمىگەن بولسا، ئۇ يىگىت سۈرەتنى كۆرمەسكەن، — دېدى بەدىئۇلجامال، — ئۇ كىمنىڭ سۈرىتى ئىكەن؟

— ئۇ سۈرەت شاھبال ئىبنى شاھرۇخنىڭ قىزى بەدىئۇلجامال پەرىنىڭ سۈرىتى ئىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى مەلىكە.

بەدىئۇلجامال:

— ئۇنداق بولسا شاھبال ئىبنى شاھرۇخنىڭ قىزى بەدىئۇلجامال دېگەن پەرى مەن بولىمەن. ئەي ھەمشىرە، سىز بۇنى بىلمەي قالامسىز؟ ئەگەر سىزدىن بۆلەك ھەر قانداق بىر كىشى مۇنداق سۆزنى قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۆلتۈرگەن بولاتتىم. بۇندىن كېيىن زىنھار مۇنداق ئېيتىقسىز سۆزنى ماڭا قىلغۇچى بولماڭ. مەن پەرىزاتمەن، ئادەمزات بىلەن نېمە ئىشىم بار؟ — دەپ يۈز تۇرانە ئاچچىقى كېلىپ كىنايىپ كەتكەن بولدى. ئەمما قەلبىدە بولسا خەسكە ئوت تۇتاشقاندەك

ئازا بىلمىناتتى. يىرىكىدە ئوت كۆيمەكتە ئىدى. مەلىكە بەدىئۇلجامالنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— ئەي خانىكام، ئۇ يىگىت سىزنىڭ ئۈچۈن شۇنچە كۆپ مۇشەققەت تارتىپتۇ. بۇ كۈلپەتلەرنى بايان قىلسام، ئۇ يىگىتكە چوقۇم رەھمى كېلەر دەپ، بۇ ئىشلارنى سىزگە سۆزلەپ بەرگەنىدىم، — دېدى بەدىئۇلجامال:

— راست سۆزلەۋاتامسىز، — ياكى چاقچاقمۇ؟ — دېدى.

— راست ئېيتۇرمەن، — دەپ قەسەم قىلدى مەلىكە. بەدىئۇلجامال:

— پەرىزات بىلەن ئادەم قاچان جۈپ بولالىغان؟ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇي-پەيلى تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەملەر بەكمۇ ۋاپاسىز كېلىدۇ، — دېدى. مەلىكە جاۋاب بېرىپ:

— مېنى دىۋىنىڭ قولىدىن خالاس قىلىپ ئاتا-ئانامغا، سىزگە كۆرۈشتۈرگىنى ۋاپا قىلغىنى ئەمەسمۇ؟ بىز ھەممىمىز سىزنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ ۋەدە قىلغانىدۇق. ئەمدى سىز ئۇنىڭ ئالدىدا بىزنى شەرمەندە قىلماي كۆرۈنسىڭىز بولاتتى. ئۇمۇ خۇشال بولغان بولاتتى، — دېدى. بەدىئۇلجامال:

— كۆرۈنسەم كۆرۈنۈر ئىدىم، بىرىنچىدىن نامەھرەم بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، مەن بىلەن نۇرغۇن دىۋىلەر ھەمراھ بولۇپ كەلدى. مۇبادا بىرەرسى كۆرۈپ قالسا، ئەيىبلەيدۇ. ئاندىن بېرىپ ئاتا-ئانامغا ئېيتسا، مېنى ئەبەدىي بۇ يەرگە ئۇۋەتمەيدۇ، — دېدى!

ئەگەر كۆرۈنمەن دېسىڭىز، بىز ئىككىلاۋنى شۇنداق يەردە كۆرسىتەيلىكى، بۇنى بىر خۇدا بىلسۇن، بىر ئۆزلىرى بىلسىلە، — دېدى مەلىكە. بەدىئۇلجامال بۇنى ئاڭلاپ:

— ئۇنىڭغا كۆرۈنۈشنىڭ ماڭا نېمە زۆرۈرىيىتى بار، بۇ ئىشقا كۆڭۈل بەرمىگەيمەن، — دېدى.

— ئەي خانىكام، — دېدى مەلىكە، — بىلقىسمۇ پەرىزات ئىدىغۇ؟ ھەزرەت سۇلايمان بىلەن جۈپ بولمىدىمۇ؟ — دېگەنىدى، بەدىئۇلجامال:

— ئۇنداق بىمەزە سۆزلەرنى قىلماڭ دېسەم ئۇنىمايسىز، مېنى نېمىگە قىستىماقچىسىز؟! ئۆزىڭىز بىلىسىزكى، مېنىڭ تەبىئىتىم نازۇك، ئىككىنچىدىن نامەھرەمگە يۈزۈمنى قاراتمايمەن، — دېدى. قارىسا كېچە تەڭ بولۇپتۇ. ھەممەيلەن ئۇخلاپ قاپتۇ. بەدىئۇلجامال ئۇخلىغان بولۇپ شۈك ياتتى. مەلىكە بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى بىر ھازا ئۇخلىماي ئولتۇرۇپ بېقىپ ئاخىر ئۇلارمۇ ئۇيقۇغا كەتتى. بەدىئۇلجامال باشقىلار ئۇخلىغان ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ سەيپۇلمۇلۇكنىڭ چېدىرىغا يېتىپ كەلدى. قارىسا مەشئەللەر كۆيۈپ، شاراب ئىچىلىپ تۇرۇپتۇ. مەلىكە بەدىئۇلجامال تۇيۇقسىز سەيپۇلمۇلۇكنى كۆردى. ئۇ خۇددى پارلاپ تۇرغان قۇياشتەك مەست-مۇستەغرەق بولۇپ ئولتۇراتتى. شاھزادە ھەزرىتى خوجا ھافىز شىرازىدىن، ھەزرىتى ئەمىر نەۋائىيدىن ئاشىقانە غەزەللەرنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىشق ئوتلىرى بەدىئۇلجامالغا تەسىر قىلدى. مەلىكە يەرگە يىقىلدى. ئۇ بىھوش ياتاتتى. سەيپۇلمۇلۇكنىڭ تەگتۇشلىرى ۋە كاسىدار-ساقىيلىرى بىر-بىرلەپ يىقىلىپ، مەست ھالەتتە ھەر تەرەپتە ئۇخلاشقا

uyghurkitap.com

باشلىدى. سەيپۇلمۇلۇك چېدىردا تەنھا قالدى. بەدىئۇلجامالنىڭ ئىشقى تۇتۇپ چېدىردىن چىقتى. كۆردىكى، بىر ساھىبجامال ماھى تابان دورەخشان ۋە كېبكى خىرامان بىھوش يېتىپتۇر. «ئاتىسى نىشان بەرگەنگە خۇدا تۈندە بېرىپتۇ» دېگەندەك، بۇ ئاي يۈزلۈك ماڭا كېچىدە يولۇقتى دەپ ئاھ ھەسرەت تارتىپ مەلىكىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، مۇبارەك لەۋلىرىدىن بىر نەشپۈت ئۈزدى. شۇنىڭ بىلەن سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ھىدى بەدىئۇلجامالنىڭ دىمىغىغا يېتىپ، مەلىكىنىڭ دىمىغىنى خۇش بۇي قىلدى. مەلىكە كۆزىنى ئاچتى-دە:

— نېمە ئادەمسەن، بېشىمنى ئەدەبسىزلەرچە تىزىڭغا ئېلىپسەن، — دېدى.

— قولۇڭنى كۆتۈرگىن، يۈزۈڭنى ئاچقىن، مەن ساڭا جاۋاب بېرەي، — دېدى سەيپۇلمۇلۇك.

— ئەي بىۋاپا ئادەم، ماڭا نېمە سۆزۈڭ بار؟

— بىۋاپالىق قىلىپ نېمە قىلدىم، داداڭنىڭ ھەققى ھۆرمىتى، سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن — ،دېدى سەيپۇلمۇلۇك. شۇندىن كېيىن باشتىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى، تارتقان ئىشتىياقلىرىنى، كۆرگەن مېھنەت مۇشەققەتلىرىنى بىر-بىر زىكىر قىلدى. بۇلارنى ئاڭلىغان بەدىئۇلجامال:

— ئەي ئادەم پەرزەنتى. ئادەمىزادنىڭ سۆزلىرى پۈتۈنلەي ھىيلە-مىكىر ۋە ئالدامچىلىق بىلەن پۈتكەن. ئۇلارنىڭ تولىسى ۋاپاسىز. قولىغا چۈشۈرگىچە مىڭ-مىڭلاپ مىكىر ۋە ھىيلە قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن تويۇپ بىۋاپالىق قىلىدۇ. ئۆز جىنسىغا ۋاپا قىلمايدىغان ئادەم ماڭا نېمە قىلىدۇ؟! «مەن كۆپ مېھنەت-مۇشەققەت تارتتىم» دەپ تۇرىسەن. بۇ دۇنيادا ئادەم پەرزەنتى كۆرمىگەن مېھنەت-مۇشەققەتلەرنى سەن كۆردۈڭمۇ؟! ماڭا جۈپ بولغىلى سەن سۇلايمان پەيغەمبەر بىلەن تەڭمۇ؟! «ھەممە جىنسلار ئۆز جىنسى بىلەن جۈپ بولسۇن» دېگەن گەپ بار. شۇڭا ھەركىم ئۆز جىنسى بىلەن جۈپ بولغۇلۇق، — دېدى. بۇ سۆزلەرنى دېيىشتىن مەقسىتى سەيپۇلمۇلۇكنى سىناپ بېقىش ئىدى. لېكىن يۈرىكى كۆيەر ئىدى. سەيپۇلمۇلۇك ئاجىز بولدى، يىغلىدى، بىچارە بولۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. بەدىئۇلجامال بىلدىكى ھەقىقەتەن ئاشىق ئىكەن، ئىشقى ئوتىدا كۆل ۋە كاۋاپ بولۇپتۇر. بەدىئۇلجامال:

— دېگەن سۆزلىرىڭ راست بولسا، قەسەمياد قىل، — دېدى. سەيپۇلمۇلۇك قەسەمياد قىلدى. بەدىئۇلجامال ئورنىدىن دەرھال قوپتى-دە، شاھزادىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ئەي مېھرىبان يارىم، — دېدى مەلىكە، — ئون ئۈچ يىل تارتقان مېھنەت-مۇشەققىتىڭىز مېنىڭ بىر سائەتلىك ئىشتىياقىمغا ئەرزىمەس. ھازىر مېنىڭ بىلەن مىڭ نەپەر دېۋە-پەرى بىللە كەلگەن. بىرى خەۋەر تېپىپ قالسا، سىزنى ھالاك قىلىدۇ: خۇدايىتائالا مېنى سىزگە، سىزنى ماڭا ساداقەتلىك ئاشىق قىپتۇ، ئەمدى تەدبىرى شۇكى، بوستان دېگەن زېمىندا سەرۋبانۇ ئاتلىق تىلى تاتلىق دۆلىتى ھەددىدىن زىيادە، كېكەشلىك مومام بار. سىزنى شۇ مومام قېشىغا ئەۋەتسەم، ئىلاجىنى شۇ قىلار. ئاندىن مۇرادىمىزغا يېتەرمىز. لېكىن ئۇ شەھەرنىڭ يولى بەك خەتەرلىك. ئېگىز تاغلار ئاسمان بىلەن باراۋەر. ئۇ تاغ ئارىسىدا

بىر ئەزىم دەريا بار، سۈيى ئاچچىق ئۇنى
«دەريايى جۇش» دەپ ئاتايدۇ، ھەممىشە
قايناپ تۇرىدۇ، ئۇ يەردە كىسلەم كۆشلار
بار. ئۇلار بىر قۇلقىنى يېيىنچا، بىر قۇل-
قىنى سېلىنچا قىلىپ ياتىدۇ. ئادەمنى
كۆرسە، پارە-پارە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆت-
سە زەڭگىلەرنىڭ شەھىرى بار. ئۇلار ئادەم
يەيدۇ. بۇ يول ئەنە شۇنداق خەتەرلىك.

— ئەي مەھبۇبەم، — دېدى ھەيپۇل-
مۇلۇك، — مېنى ئۆزۈڭگە يار بىلمەستىن،
ئەكسىچە ھار بىلىپ، بۇ ئۆلۈم يولىغا ئە-
ۋەتمەكچىمۇ؟ خىيالىڭ شۇنداق بولسا،
شۇنداق ئۆلتۈرسەڭ بولمامدۇ؟! — دەپ
يىغلىدى.

شاھزادە يىغلاپ كەتتى. بەدىئۇل-
جامالمۇ يىغلىدى. ۋە ئان ئىچىپ مۇنداق
دېدى:

— كۆڭلۈمدە ساڭا يامان خىيال
بولسا، ساڭا يامان نىيەت بىلەن سېغىن-
سام، سەندىن ئۆزگىنى دېسەم تەدبىر ھەققى-
دە سۆز ئاچارمەنمۇ؟!

— ئۇ يەرگە قانداق بارىمەن. ئەگەر
بارسام ھالىم قانداق بولار؟ — دەپ يىغ-
لىدى شاھزادە. بەدىئۇلجامال:

— ئەي مېھرىبانىم ئەسلا غەم يېمەڭ.
سىزنى بىر دېۋىگە تاپشۇراي. مومامنىڭ
ئالدىغا سالامەت ئېلىپ بارسۇن، — دېدى.
سەيپۇلمۇلۇك بىرىشقا زارى بولدى. بەدى-
ئۇلجامال يەنە:

— خۇداغا شۈكرى، سالامەت تېپىش-
تۇق، ئەھدى-پەيمان قىلىشتۇق، بۇ سىر-
نى پەنھان تۇتۇڭ. ئاۋۋالقىدىنمۇ مېنىڭ
كىرگىنىمنى كىشى بىلمىدى. مېنى بىلمىگەن
ۋە كۆرمىگەن بولۇڭ. بۇ سىرنى سىز بىلەن
مەن بىلەي مەلىكە بىلەن. ئۇنىڭ ئانىسى تولا

تەرپىڭىزنى قىلىپ، مېنى نەك تەڭلىكتە
تويغانىدى. «بىر كۆرۈشسەڭىز» دەپ يالۋۇر-
غانىدى. قۇلاق سالمىغانىدىم. ئۇلارنى خۇ-
شال قىلاي، بىز كۆرۈشمىگەن بولايلى، —
دېدى. ئىككىيلەن مۇرات گۈلىنى ئۈزۈشتى.
ئويۇن كۈلكىگە مەشغۇل بولدى. سۇبھى-
ۋاقتى بولدى. بەدىئۇلجامال ئاستاغىنا
چىقىپ ئۆز ئورنىدا ياتتى. سەيپۇلمۇلۇك
ئاشىقانە غەزەل ئوقۇپ شارابقا مەشغۇل
بولدى.

ئەلقىسسە، مەلىكە ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بەد-
رى ئويغاندى. تويۇقسىز مەلىكە بىر ئاھ
تارتتى-دە، يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغى-
سىنى ئاڭلاپ بەدىئۇلجامال ئويغاندى.

— ئەي خانىكا، نېمە ئۈچۈن يىغلى-
دىڭىز، — دېدى.

مەلىكە يىغلاشنىڭ سەۋەبىنى نەزمە
بىلەن بايان قىلدى. نەزمە:

يالغانچى بولدۇم، ئەي خېنىم،
مەن يىغلىماي، كىم يىغلىسۇن،
يا چىقمادى تەندىن جېنىم،
مەن يىغلىماي، كىم يىغلىسۇن.

ۋەدە بېرىپ ئىردىم ئاڭا،
كۆرسەتكىلى ئايدەك يۈزۈڭ،
مىڭ يىغلادىم كۆرسەتمىدىڭ،
مەن يىغلىماي، كىم يىغلىسۇن.

— ئۇنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتتىم. ئانىڭ
ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن دەپ جاۋاب بەردى
مەلىكە. بۇنى ئاڭلىغان بەدىئۇلجامال:

— ئۇنچىلىك قىلىش كەتمەيدۇ. «دوست-
نىڭ كۆڭلى قالغىچە، دۈشمەننىڭ بويىنى
سۇنسۇن» دېگەن گەپ بار. سىز بۇنداق
دېگەن يەردە مەن بىر كۆرۈشسەم كۆرۈشەي،
بېرىپ خەۋەر بېرىڭلار، — دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭ-

www.uyghurkitap.com

لاپ مەلىكە خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە يۈگۈردى. بەدىئۇلجامال تېز كىيىنىپ ياسىنىپ ئولتۇردى. مەلىكە شاھزادىگە:

— سىزنى بەدىئۇلجامال كىرسۇن دېدى، — دەپ خەۋەر قىلدى. سەيپۇلمۇلۇك سەكرەپ ئورنىدىن قوپۇپ، پادىشاھانە لىباسلىرىنى كىيىپ، تاجىنى بېشىغا قويدى. ئالتۇن كەمەرنى بېلىگە مەھكەم باغلىدى. كىرىپ بەدىئۇلجامالغا سالام قىلدى. بەدىئۇلجامال شاھزادىنى كۆرگەن ھامان ئورنىدىن قوپۇپ سالامغا سالام بىلەن جاۋاب بەردى. ھال-ئەھۋال سوراشتى. باشقىلار ئالدىدا ئىلگىرى كۆرۈشمىگەن كىشىلەردەك ئولتۇرۇشتى. ئولتۇرا-ئولتۇرا ئاخىرى ئىشق مۇھەببەت ھەققىدە پاراڭلىشىپ كەتتى. بەدىئۇلجامال مۇلازىملارنى زىياپەت ھازىرلاشقا بۇيرۇدى. زىياپەت بىر كېچە-كۈندۈز داۋام قىلدى. زىياپەتتىن ياندىن كېيىن، مەسلىھەتكە چۈشتى. بەدىئۇلجامال:

— ئىشلارنى ئىنىك ئانام ياخشى بىر تەرەپ قىلدۇ، - دېدى، ئىنىكئانىسى مەلىكەگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى. كىرىپ شاھزادە سەيپۇلمۇلۇكنى كۆردى. ئىنىك ئانا كۆڭلىدە: «قىزىم بۇ شاھ سۆيۈپ يىگىتكە ئاشىق ئىكەن، بولمىسا مۇنداق ئولتۇرۇش قىلماس ئىدى» دەپ ئويلىدى. مەسلىھەت قىلىپ، بوستان دىيارىغا بارماقچى بولدى. سەيپۇلمۇلۇك بىر ئاھ ئۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مېنىڭكى سەرنەۋىشتىمدۇر،
كويۇڭدا بولماق ئاۋارە،
كى تەقدىرى ئىلاھىمغە
نەدۇر، ئەي دىلبەرىم، چارە.

شاھزادىنىڭ ئوقۇغان بېيىتىنى سائىد ئاڭلاپ جۇدا بولۇشنى بىلىپ:

— ئەي قېرىندىشىم، ئاتا-ئانامدىن ئايرىلدىم. كۆپ مېھنەت-مۇشەققەتلەر تارتتىم. ئەمدى راھەتكە ئېرىشتىم، قېرىندىشىم بىلەن تېپىشتىم» دەپ تۇرسام، يەنە ئايرىلىدىغان بولدۇم، — دەپ ياقىسىنى يىرتىپ ماتەمدار بولدى. سەيپۇلمۇلۇكمۇ يىغلىدى. سەرەندىپ خەلقىمۇ يىغلىدى. بەدىئۇلجامال:

— سائىدقا ئېيتىڭلار. سەيپۇلمۇلۇكنى يىغلاتمىسۇن. ئۇنى خۇدايىتائالا ساق-سالامەت كۆرۈشتۇرگەي، — دېدى. بەدىئۇلجامال ئۆز ئەھۋالىنى خەت قىلىپ بىر دىۋىدىن مومىسىغا ئالدىن ئەۋەتكەنىدى. سەيپۇلمۇلۇك سائىد بىلەن خوشلىشىپ، بەدىئۇلجامالنىڭ قېشىغا كەلدى. بەدىئۇلجامال بىر دىۋىگە تاپىلاپ، سەيپۇلمۇلۇكنى دىۋىنىڭ بويىنىغا مىندۈرۈپ، مومىسىنىڭ قېشىغا يولغا سالدى.

ئەلقىسسە، دىۋە سەيپۇلمۇلۇكنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ بوستان دىيارىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ شەھەرنىڭ ۋەسفىنى قىلساق، مىسالى جەننەتتەك ئىدى. كاتتا چېدىرلار تىكىلگەن، ئۇنىڭ تاناپلىرى يېشىل يىپەكتىن، قوزۇقلىرى ئالتۇندىن ئىكەن. چېدىر ئىچىدە بىر يەكچەشمە چىرايلىق مەزلۇم ياشلاردەك ياسىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك قورقۇپ سالام قىلدى. سەرۋىبانۇ سالامغا سالام بىلەن جاۋاب بەردى:

— نېمە ئادەمسەن؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ رۇخسەتسىز ئەدەبسىزلەرچە ئالدىمغا كەپسەنغۇ؟

سەيپۇلمۇلۇك كۈز ياپرىقىدەك سارغايغان ھالدا تىترەپ تۇردى. يىغلاپ تۇرۇپ ئۆز ئەرز ھالىنى ئادا قىلدى. سەرۋىبانۇ ئۆز كۆڭلىدە بەدىئۇلجامالغا ئەپسۇسلىنىپ: «ئەي تەڭرىم، قىزىمىزنى بۇ يىگىت

كە ئاشىق قىپسەن. دەرھەقىقەت، ئاڭا كۆپ-
گۈل بەركۆچىلىكى بار ئىكەن» دەپ قات-
تىق ئاھ ئۇردى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش
راۋان بولدى.

— بۇ بىر مۇشكۈل ئىش ئىكەن، —
دېدى ئۇ شاھزادىگە، — سەن ئادەم، ئۇ بول-
سا پەرى، ئادەم بىلەن پەرى قانداق جۈپ
بولالايدۇ. ئادەمدە ۋاپا يوق.

سەيپۇلمۇلۇك مومايىنىڭ سۆزىنى ئاڭ-
لاپ قول باغلاپ يىغلاپ تۇردى. سەرۋبانۇ:

— ئەي بىچارە، باغى ئىرەمدە بىر
ئوغلۇم بار. شۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، سېنىڭ
ئەرز ھالىڭنى ئۇنىڭغا ئېيتاي، — دەپ سەي-
پۇلمۇلۇكنى بىر دىۋىگە مىندۈرۈپ بىر ھەپتە
يول يۈرۈپ باغى ئىرەمگە يەتتى. سەيپۇل-
مۇلۇكنى بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغۇ-
زۇپ قويدى. ئۆزى شاھبال ئىبنى شاھ-
رۇخنىڭ ئالدىغا باردى. سەيپۇلمۇلۇك ئۇ
دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىر پەس ئولتۇردى.
ئاتا - ئانىسى، مەھبۇبىسى يادىغا كەلدى.
بىر ھازا يىغلىدى. بىھوش بولدى. يەنە
ھوشىغا كەلدى. ئاندىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ
گۈللەرنى تاماشا قىلىپ يۈرەتتى، قۇلىقىغا
بىر ئاجايىپ ئاۋاز ئاڭلاندى. قارىسا ئۈچ
دىۋە پەيدا بولۇپ:

— بەدىئۇلجامالنى ئىزدەپ كېلىپ
مەلىكىنى دىۋىنىڭ بەندىدىن خالاس قىل-
غان يىگىت سەنمۇ؟ بەدىئۇلجامال سېنى
چاقىرىدۇ. بىزنى سېنى ئېلىپ كېلىشكە
بۇيرۇدى، — دېدى.

— مەن شۇ، — دېدى سەيپۇلمۇلۇك.

دىۋىلەر شاھزادىنى كۆتۈرۈپ ھاۋاغا
ئۆرلىدى. قۇلزۇم شاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
كەلدى. قۇلزۇم پادىشاھى:

— ئەي بەدبەخت، ئوغلۇم دىۋە ئەس-
ۋەدنى ئۆلتۈرگەن سەنمۇ؟ — دېدى. شاھزادە:

— شۇنداق، مەن ئۆلتۈرگەن، — دەپ
جاۋاب بەردى. قۇلزۇم شاھى غەزەپكە كې-
لىپ سەيپۇلمۇلۇكنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى.

قۇلزۇم شاھىنىڭ بىر قىزى بار ئىدى.
ئۇ ئىنتايىن گۈزەل ۋە رەنا ئىدى. ئۇ قىز
بىر قاراش بىلەن سەيپۇلمۇلۇككە ئاشىق
بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن:

— ئەي ئاتا، قولغا چۈشكەننى ھەر
قاچان ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇنى ئۆلتۈر-
گەن بىلەن ئاكام تىرىلمەس، — دېدى. پا-
دىشاھ كۆڭلىدە: «قىزىم بۇ يىگىتكە ئاشىق
بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. «ئاتاڭنى ئۆلتۈر-
گەنگە ئاناڭنى بەر» دېگەن تەمسىل بار.»
دەپ ئويلىدى. شاھزادىنى ئۆلتۈرۈشكە نو-
مۇس قىلىپ:

— قۇلزۇم دەرياسىنىڭ سۈيىنى توخ-
تىتىڭلار، ئۇنىڭ تېگىگە بىر قۇدۇق قېزىڭ-
لار. بۇ بەدبەختنى قۇدۇققا تاشلاڭلار! — دې-
دى. دىۋىلەر ئۆز پادىشاھىنىڭ پەرمانىنى
بەجا كەلتۈردى.

سەرۋى بانۇ سەيپۇلمۇلۇكنى دەرەخ-
نىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى
شاھبال ئىبنى شاھرۇخنىڭ ئالدىغا بېرىپ
ھال - ئەھۋال سورىدى. ئاندىن كېيىن
سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ئەرزىنى ئادا قىلىپ ئەھ-
ۋالىنى بايان قىلدى. پادىشاھ شاھبال:

— قېنى ئۇ يىگىت؟ — دەپ سورىدى.

سەرۋ بانۇ:

— پالان دەرەخنىڭ تۈۋىدە قالدى، —
دېدى. شاھبال شاھ:

— قۇلزۇم پادىشاھىنىڭ دىۋىلىرى دى-
ۋە ئەسۋەدنى ئۆلتۈرگەن ئۇ يىگىتنى
ئىزدەپ يۈرەرمىش، دەپ ئاڭلىغانىدىم. مۇ-
يادا قۇلزۇم شاھىنىڭ جاسۇسلىرى كۆرسە،

ئۇنى چوقۇم ئېلىپ قاچىدۇ. ھازىرمۇ بارمۇ، يوقمۇ تېخى. ئۇنى دەرھال ئېلىپ كەلگىن، — دەپ تۆت پەرىنى بۇيرۇدى. پەرىلەر بېرىپ قارىسا سەيپۇلمۇلۇك يوق. كېلىپ شاھبالغا خەۋەر قىلدى. شاھبال غەمكە چۆكۈپ:

— يەنە ئىزدەڭلار، — دەپ پۈتكۈل پەرىلەرنى تۆت تەرەپكە تارقاتتى. ئۇلار ھەممىسى ئىزدىدى. بۇ خەۋەر بەدىئۇلجامالغا يەتتى. بەدىئۇلجامال كېچە-كۈندۈز يىغلاپ، خۇدايىتا ئالادىن تىلەر ئىدى. دادىسىغا خەت ئىۋەتىپ: «دادام سەيپۇلمۇلۇكنى تېپىپ بەرسە بەرسۇن، بولمىسا مېنىڭ ئۆلگىنىم شۇ» دەپ ئىلتىجا قىلىپ ئاھ ئۇرۇپ ياتاتتى.

ئاشۇ پەيتتە بىر ئاقساق پەرى كېلىپ شاھبالغا:

— ئۈچ دىۋە بىر ئادەمنى ئېلىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى، — دەپ خەۋەر قىلدى. شاھبالنىڭ غەزەپ ئوتى شۇنداق ئۆرلىدىكى، پۈتۈن لەشكەرلەرنى يىغىپ قۇلزۇم شەھىرىگە ئەلچى كىرگۈزدى. «مېنىڭ ئادىمىمنى قايتۇرسۇن» دېدى. قۇلزۇم پادىشاھى:

— ئۇنى ئەكەلگەن ھامانلا ئۆلتۈرگەنىدىم، — دەپ ئەلچىنى قايتۇردى. شاھبال شاھ يەنە ئەلچى كىرگۈزدى. ئۇ ئەلچى يەنە شۇنداق جاۋاب بىلەن ياندۇرۇلدى. شاھبال ئىبنى شاھرۇخنىڭ غەزىپى قايناپ:

— ئەگەر مېنىڭ ئادىمىمنى قايتۇرۇپ بەرمىسە، شەھىرىنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىۋېتىمەن. بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىسام ئېتىم شاھبال ئىبنى شاخرۇخ بولماي قالسۇن! — دەپ قەسەم قىلدى. شۇندىن كېيىن ئىككى ئارىدا شۇنداق قاتتىق جەڭ بولدىكى، گويا قىيامەت بولغاندەك بولدى. بىر سائەتتە قۇلزۇم لەشكەرلىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، پارە-پارە قىلدى. پادىشاھ قۇلزۇمنى ئەھلى ئايالى بىلەن قوشۇپ ئەسىرگە ئالدى.

— ئۇ ئادەم قېنى؟ — دېدى شاھبال شاھ قۇلزۇم شاھىغا، — قەيەرگە يوشۇردۇڭ؟ ئۇنى تۇتۇپ كېتىشكە ساڭا كىم رۇخسەت قىلدى؟ مېنىڭ بېغىمدىكى ئادەمنى تۇتۇپ كېتىشكە، تېخى مەندىن سورىماي ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە سېنىڭ نېمە ھەددىڭ؟! دەرھال ئۇ ئادەمنى تېپىپ بېرىپ مەندىن قۇتۇل.

قۇلزۇم شاھى يەنە:

— ئۇنى تۇتۇپ كەلگەن ھامانلا ئۆلتۈرگەنىدىم، — دېدى.

شاھبال شاھنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، قۇلزۇم شاھىنى ياتقۇزۇپ ساغرا تېرىسىنى تىلىپ، بىر تاسما ئالدى. ئاندىن يېرىلغان جايغا تۇز قويدى. قۇلزۇم شاھى جاراھەتنىڭ ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي سەيپۇلمۇلۇكنى قۇدۇقتىن چىقىرىپ بەردى. ئۇنى شاھبال ئىبنى شاھرۇخنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. شاھزادە ئۆلگۈدەك بوپتۇ. چاچلىرى قېشىغا چۈشۈپتۇ. شاھزادىنى كۆرۈپ، شاھبال شاھنىڭ ئۇنىڭغا مېھرى چۈشۈپ قالدى. ئۇنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن گۈلىستانى ئىرەمگە ئېلىپ كەلدى. ئاندىن شاھبال شاھ سەيپۇلمۇلۇكتىن سوئال سوراشقا باشلىدى:

— بارچىدىن نېمە يېقىن؟

— ئۆلۈم ئەڭ يېقىن.

— نېمە ياخشىراق؟

— ھەممىدىن تىرىكلىك ياخشى.

— دۇنيادا تىرىك تولىمۇ، ئۆلۈكمۇ؟

— ئۆلۈك تولا. چۈنكى دۇنيادا مۇھتاجلىق تارتقانلارمۇ ئۆلۈكتۇر.

— دۇنيادا ئەر تولىمۇ، ئايالمۇ؟

— دۇنيادا ئايال تولا، چۈنكى ھەر قانداق ئەر بىرەر ئىش قىلىشنى بىلمەي، ئايالنىڭ تەدبىرى بىلەنلا ئىش قىلسا، ئۇ ئەلۋەتتە ئايالدۇر.

— قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە شاھبال. سەيپۇلمۇلۇك:

— قىيامەت غايىبتۇر. غايىبنى پەقەت تەڭرىلا بىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

شاھبال ئىبنى شاھرۇخ ئىنتايىن خۇشال بولدى. دېدى:

— ئەي قۇلزۇم شاھى، سەن شۇنداق كىشىنى نابۇت قىلاتتىڭمۇ؟ قۇلزۇم شاھى خىجالەتتىن يىغلاپ گۇناھىنى تىلىدى. شاھبال ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، يەنە ئۆز شەھىرىگە پادىشاھ قىلدى. شاھبال شاھ سەرۋ بانۇ بىلەن بەدىئۇلجامالغا «سەيپۇلمۇلۇكنى ساق - سالامەت تاپتۇق» دەپ خەۋەر بەردى. خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ ئۆلگەن تېنىگە جان كىردى. سەرۋبانۇ مىڭ نەپەر پەرىزات بىلەن شاھبالنىڭ ئالدىغا كەلدى. شاھبال شادخۇرام بولۇپ، ئۆز ئوردىسىغا قايتتى. سەرۋبانۇ سەيپۇلمۇلۇكتىن ھاردۇق سورىدى. سەرۋبانۇنىڭ سەيپۇلمۇلۇكنى دەرەخ تۈۋىدە قويۇپ كەتكەندىن كېيىنكى يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. شۈكرىلەر قىلدى.

بەدىئۇلجامال كۆرۈنۈشتە تىرىك، ئەمەلىيەتتە ئۆلۈك ئىدى. ئەمدى ھەقىقىي ھاياتقا ئېرىشتى.

ئەقىسسە، سەرۋبانۇ ئۇرۇق - تۇغقان قەبىلىلىرى ۋە شاھبال ئىبنى شاھرۇخ بىلەن مەسلىھەت ئۆتكۈزۈپ، توي تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلدى. شاھبال شاھ نەچچە يىللاردىن بېرى يىغقان ئەتىۋارلىق ماتالىرىنى، دۇررى - جاۋاھىرلارنى، لازىملىق نەرسىلەرنى راسلاپ پۈتكۈل پەرىزاتلارنى يىغىپ شۇنداق توي قىلدىكى، دۇنيا ئاپىرىدە بولۇپ مۇنداق توي بولمىغانىدى. ئۆز رەسمى قائىدىسى بويىچە بەدىئۇلجامالنى سەيپۇلمۇلۇككە نىكاھ قىلىپ بەردى. ئۇلار بىر يىل گۈلستانى ئىرەمدە ئويناپ كۈلۈپ يۈردى. بىر كۈنى شاھبال:

— ئاتا - ئانىڭىزنى سېغىنغانسىز، ئۇلارمۇ سىزنى سېغىنغاندۇر. سىزلەرگە يىراق بولغان بىلەن بىزگە بىر ئايلىق يولدۇر. بېرىپ كېلىپ يۈرگىلى بولىدۇ، — دېدى.

— پەرمانىڭىزغا ئىتائەت قىلىمىز، — دېدى سەيپۇلمۇلۇك.

شاھبال يول تەييارلىقىنى پۈتتۈردى، ئۇلارنى بىردىن دىۋىگە مىندۈرۈپ، يەتتە مىڭ لەشكەر بىلەن مىسىر شەھىرىگە يولغا سالدى. بىر ھەپتە يول يۈرۈپ سەرەندىپ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. سەرەندىپ خەلقى، مەلىكە خاتۇن ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بەدرە، سائىد بۇلارنى كۆرۈپ، خۇشاللىقتىن يىغلىشىپ، بىھوش بولدى. يەنە ھوشلىرىغا كېلىشتى. سەرەندىپ شاھى يەتتە كېچە - كۈندۈز زىياپەت بەردى. سائىدقا پادىشاھانە لىباسلارنى كىيدۈرۈپ، تولىدىن تولا ناۋازىشلار قىلاتتى. ئەمما، سەيپۇلمۇلۇك گۈلستانى ئىرەمگە بېرىپ قايتىپ كەلگىچە سائىد بىلەن مەلىكىنىڭ بىر - بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغانىدى. بۇنى ئۇققان بەدىئۇلجامال:

— بىز ئىككىمىزمۇ ئېمىلداش، ئۇلارمۇ ئېمىلداش ئىكەن. مەنمۇ يالغۇزلۇقتا

چىدالمايمەن. مەلىكىمۇ سېغىنىدۇ، شۇڭا مەلىكىنى سائىدقا نىكاھلاپ بەرسەك، بىز بىلەن بىللە بارسا، بىر يەردە بولساق، كەلسەك - بارساق بىللە بولساق،— دېدى.

بۇ سۆز ھەممىگە ماقۇل كەلدى. مەلىكىنى سائىدقا نىكاھ قىلدى. سائىدقا باشتىن - ئاياغ شاھانە لىباسلار كىيدۈرۈپ، يول تەييارلىقىنى قىلىپ، سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلار مىسىر شەھىرىگە راۋان بولدى. پادىشاھى سەرەندىپ ئايالى، بالىلىرى، يۇرت ئۇلۇغلىرى شەھەردىن ئۈچ كۈنلۈك يەرگىچە بېرىپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ ياندى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى بىر دىۋىگە مىندۈرۈپ يولغا سالدى. دىۋىلەر ھاۋاغا ئۆرلىدى.

— ئۈچ كۈن بۇرۇن سەيپۇلمۇلۇك بىر دىۋىدىن «مېھمان بارىدۇ» دەپ ئاتا-ئانىسىغا خەت ئەۋەتكەنىدى. پادىشاھ ئاسىم خەتنى كۆرۈپ، خۇشاللىقتىن بىھوش بولدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ:

— بۇ ئوڭۇممۇ چۈشۈممۇ؟— دەپ سورىدى. باشقىلار:

— بۇ چۈش ئەمەس، شاھزادىمىز سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ساق - سالامەت قايتىپ كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت،— دېيىشتى.

شاھ ئاسىم خۇداغا مۇناجات قىلىپ:

— ئەي ئۇلۇغ، مېھرىبان يېگانە خۇدا! ھەممە ئىشقا قادىرسەن. بارنى يوق، يوقنى بار قىلالايسەن. كۆزۈمنى ئاۋۋال بار قىلغانىدىڭ، كېيىن يوق قىلدىڭ، ئەمدى يەنە بار قىلغىن، ئوغلۇم سەيپۇلمۇلۇك كېلۇرمىش، ئۇنى بىر كۆرۈپ ئۆلسەم ئارمىنىم يوق،— دەپ بېشىنى سەجدىگە قويۇپ يىغلىدى. تەڭرى تائالا دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلدى. كۆزى ئېچىلدى. پادىشاھ ئاسىم بۇرۇنقىدىن چەكسىز خۇشال بولۇپ، يۇرت كاتتىلىرىغا ۋە سائىدنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭلىغان تامام ئەل خۇشاللىقتىن يىغلاشتى. پادىشاھ شەھەرنى پاك - پاكىز تازىلاشقا پەرمان قىلدى. ئاندىن ئۆزى ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ۋاقتىكى سەيپۇلمۇلۇك بىلەن سائىد پادىشاھنى كۆردى. ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلىدى. كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇپ، يىغلاشتى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. شۇنداق يىغلاشتىكى، گويا قىيامەت قايىم بولدى. نەچچە قېتىم بىھوش بولۇپ يەنە ھوشىغا كېلىشتى. مېھمانلارنى مىسىر شەھىرىگە باشلاپ كىردى، ئالىي ئوردىغا چۈشۈردى. پادىشاھ ئاسىم كەلگەن مېھمانلارغا قىرىق كېچە - كۈندۈز بەزمە تۈزۈپ، زىياپەت بەردى. ھەر بىرىگە ھەر كۈنى باشتىن - ئاياغ رەڭگا - رەڭ كىيىم كىيدۈرۈپ، شۇنداق مېھمان قىلدىكى، بۇنىڭ تەرىپىنى مىڭ يىلدىمۇ يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايتتى.

زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مېھمانلارنىڭ قالىدىغانلىرى قېلىپ، قايتىدىغانلىرى قايتىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن شاھبال شاھقا بەدرە، خاتۇنغا ئۆز لايىقىدا باش ئاياغ كىيىم ۋە ھەدىيىلەرنى تەييارلاپ، ئۇلارنى يولغا سالماقچى بولدى. ئاسىم ئىبنى سەفۋان تەخت سەلتەنىتىنى ئوغلى سەيپۇلمۇلۇككە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، سائىدنى ۋەزىر قىلدى. ئاندىن يانىدىغان مېھمانلارنى ئوبدان سوۋغا - سالاملار بىلەن ئۆز لايىقىدا رازى قىلىپ، شاد

خۇرام هالدا ياندۇردى. ئۇلارنى پادىشاھ ئاسىم يۇرت ئاكابىرلىرى بىلەن ئۈچ كۈنلۈك يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن بىر نەچچە كۈن ئەيش-ئىشرەت ۋە پاراغەت بىلەن ئۆتتى. پادىشاھ ئاسىم كۈندۈزى ئادالەت بىلەن، كېچىسى ئىبادەت بىلەن بولدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ قالدى. تۆت يۈز شەھەرنىڭ هۆكۈمالىرىنى يىغدى. كېسەلنى ساقايتىش ئۈچۈن قىلمىغان چارە-ئامال قالمىدى. ئەمما كېسەلى يامىنىغا تارتىپ پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. شاھنى ئۆز رەسمىي قائىدىلىرى بىلەن هازا ئېچىپ ئۇزاتتى. قىرىق كېچە-كۈندۈز قارىلىق تۇتتى. بۇ خەۋەر شاھبال ئىبنى شاھرۇخقا ئاڭلاندى. ئۇلارمۇ سەيپۇلمۇلۈككە مۇسىبەتتە هەمدەم بولۇش ئۈچۈن گۈلىستانى ئىرەمدىن يېتىپ كېلىپ تەزىيىگە قاتناشتى. شاھبال:

—قۇدامنىڭ ياشلىرى نەچچىگە يەتكەن بولغىيتتى؟— دەپ سورىدى. ۋەزىرلەر هېسابلاپ كۆرۈپ:

— ئىككى يۈز ئىككى ياشلاردا ئالەمدىن ئۆتتۇپتۇ،— دەپ جاۋاب بەردى.

شاھبال ئىبنى شاھرۇخ كۆپ قايغۇردى. ئۇ بىر ئاي تۇرۇپ گۈلىستانى ئىرەمگە ياندى. تامام يۇرتىنىڭ پادىشاھ ئەمىرلىرى يىغىلىپ، شاھبال شاھنى ئۇزىتىپ قويدى.

ئەلقىسسە، سەيپۇلمۇلۈك شۇنداق پادىشاھ بولدىكى، ئىنتايىن كۆڭۈللۈك يۇمشاق، ئەپۇچان، كەرەملىك رەھىمدىل ئىدى. ئادىل ئىش قىلدى. خەلق سۆيەر يول تۇتتى. هېچكىمگە ئازار بەرمەي، هەققانىيەت بىلەن يۇرت سورىدى. ئەللىك يىل پادىشاھ بولدى. بەدىئۇلجامال پەرىدىن ئىككى پەرزەنت ۋۇجۇدقا كەلدى. ئاخىر بۇ ۋاپاسىز پەلەك ئۇلارغىمۇ يۈزسىزلىك قىلدى. ئۇلارمۇ پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كەتتى.






## پادىشاھ بىلەن موزدوز

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا تەكلىماكان چۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بىر شەھەر بار ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى كوڭلى يۇمشاق، مىجەزى ياخشى كىشى ئىكەن. دۆلەت ئىشلىرىدا خەلىقنى ۋە دۆلەتنى ياقلايدىكەن. شۇڭا شەھەردىكى ھەممە كىشى ئۇنى تەرىپلىشىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ پادىشاھنىڭ خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ بالىنىڭ دولىسىدا لىقانچىلىق چوڭلۇقتا قارا خال بار ئىكەن. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ ھۆكۈمالاردىن:

— بۇ قانداق ئالامەت؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كىتابتا كۆرۈشمىزچە، ھەر كىشىدە بۇنداق ئالامەت كۆرۈلسە خەتەرگە ئۇچرار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھۆكۈمالار.

بۇ بېشارەتتىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، ئوغلىنى ياخشى ئىنكئانا تەكلىپ قىلىپ ئوردىدىن چىقارماي بېقىپتۇ. بالا تۆت ياشقا كىرىپتۇ.

شاھ ئوردىسىنىڭ قېشىدا بىر موزدوز ئولتۇرۇشلۇق ئىكەن. ئۇ دىيانەتسىز، قارا نىيەت ئادەم ئىكەن. پادىشاھ ھەقدىسايىلىك ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىكەن. شاھزادە شۇ كۈنلەردە ئوردىدىن چىقىپ ھەقەمسايىسى موزدوزنىڭ باللىرى بىلەن ئويناشقا باشلاپتۇ ۋە كۆپىنچە موزدوزنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ - چىقىدىغان بولۇپتۇ. پادىشاھنىڭ بىر دانىشمەن سول قول ۋەزىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ پادىشاھقا ئەرز قىپتۇ:

— ئەي پادىشاھىم! بىزدە «يامانغا يولۇقساڭ يارىسى، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار» دېگەن گەپ بار. شاھزادە موزدوز ۋە ئۇنىڭ باللىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئويناي - دىغان بولۇپ قاپتۇ. مېنىڭچە شاھزادىنى موزدوز بىلەن سۆھبەتلىشىشتىن توسماق كېرەك. شاھزادە موزدوز ۋە ئۇنىڭ باللىرىنىڭ خۇيلىرىنى ئۆگىنىپ قالمىسۇن، چۈنكى گۆدەكلەر قايسى مىجەزلىك كىشىلەرگە قوشۇلسا شۇ كىشىنىڭ مىجەزى ۋە ھەرىكىتىنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالىدۇ. بۇنى كېيىن تۈزەتمەك مۇشكۈل ئىش، — دەپتۇ.

— بۇ بالا تېخى كىچىك، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۇ ھازىر موزدوزغا ئۆچكىنىپ قاپتۇ. ھازىرچە سەۋر قىلايلى، چوڭ بولۇپ ئەقلىگە كەلگەندە نەسىھەت قىلىپ ئۇنىڭ ھەيلىنى ياندۇرايلى.

ۋەزىر پادىشاھتىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خەمكىن بولۇپتۇ. پادىشاھ موزدۇزنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئىنئام بېرىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ پەرزەنتىم سەن ۋە سېنىڭ پەرزەنتلىرىڭ بىلەن ئۇلپەتلىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ساڭا تاپىلاپ قوياي، سەن بۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىن. مەن ساڭا كاتتا ئىنئاملارنى بېرىمەن.

موزدۇز پادىشاھتىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شاھقا توققۇز تەزىم قىلىپ:

— پېقىر قۇللىرى گەرچە بۇ ئىشتا ئۆزۈمنى قابىلىيەتلىك دەپ چاغلىمىساممۇ، ئەمما سىلىنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرى تۈپەيلىدىن پەرزەنتلىرىنى ياخشى ئاسرايمەن، ئۇنى يامان قىلىقلاردىن توسىمەن، بارلىق ھىممىتىمنى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا سەرپ قىلىمەن. ھەممە ھاياتىمنى ئۇنىڭ تەربىيىسىگە ئىشلىتىمەن، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ موزدۇز شاھزادىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن شاھقا كۆپتىن-كۆپ ۋەدىلەر بېرىپتۇ. ئەتىگەن-كەچلەردە شاھزادىنى پەرۋىش قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، بۇ خىزمەتنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئوردىغا كىرىپ-چىقىدىغان، پادىشاھ بىلەن ھەمسۆھبەتلىشىدىغان دەرىجىگە ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشىپتۇ.

موزدۇز شاھزادىنى كۈندۈزلىرى باغلارنى تاماشا قىلىشقا ئېلىپ بارىدىكەن. بەزى كېچىلىرى ئۆز ئۆيىدە باللىرى بىلەن بىللە قوندۇرىدىكەن.

كۈنلەر-ئايلار ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇ موزدۇزنى چاقىرىپ كېلىپ ئوغلىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىرمۇنچە سۆزلەرنى تەكىتلەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. شۇندىن كېيىن نۆكەرلىرى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

پادىشاھ سەپەرگە كەتكەندىن كېيىن موزدۇز پادىشاھنىڭ سەپەر سىرتىدىكى چارھار باغقا شاھزادە ۋە بىرنەچچە چاكارلارنى ئېلىپ سەيلە-ساياھەتكە چىقىپتۇ. موزدۇز شاھزادىنىڭ بېشىدىكى بېزەكلىك قىممەت باھالىق تاج، ئۈستىبېشىغا قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيگەنلىكىنى كۆرۈپ نىيىتىنى بۇزۇپتۇ، ئۇنىڭ پەسلىك تەبىئىتى تۇتۇپتۇ. ئۇ مۇنداق ئويغا چۆكۈپتۇ: «بۇ تاج ۋە تون يۈز سودىگەرگە دەسمايە بولغۇدەك پۇلغا يارايدىكەن. ھازىر شاھزادىنىڭ ئاتىسى سەپەرگە كەتتى، ئانىسى شەھەردە بالىسىدىن كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ ئولتۇرىدۇ. مەن بۇ بالىنى يىراق يەرگە ئېلىپ قېچىپ، ئۇ يەردە كىيىم-كېچەك ۋە تاجنى ئېلىۋېلىپ ئۆزىنى چاكار قىلىپ ساتقىنىم ياخشى».

موزدۇز ئۆزىنىڭ بۇ ئويىنى چاكارلار ئىچىدىكى ئۆزىگە سىرداش بىرىگە ئېيتىپتۇ. ئىككىسى ئىتتىپاق تۈزۈپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا ئۇلار شاھزادە ۋە چاكارلارغا دورا بىھوش سېلىنغان چاينى ئىچۈرۈپ، ھوشىدىن كەتكۈزۈپتۇ. شۇندىن كېيىن شاھزادىنى ساندۇققا سېلىپ تۆگىگە تېڭىپتۇ. ئۆزلىرى ئات-تۆگىلەرگە مىنىپ بۇ باغدىن يىراق شەھەرگە قېچىپتۇ. ئۇلار كېچىدە ناھايىتى تېز مېڭىپتۇ. تاڭ يورۇغاندا بۇ شەھەرنىڭ تەۋەلىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ باشقا بىر مەملىكەتكە يېتىپ بېرىپتۇ.

باغدا بىھوش بولۇپ قالغان چاكارلار تاكى ئەتىسى ئاش ۋاقتىغىچە ئويغانماستىن يېتىپتۇ. بىر چاغدا باغۋەن گۈللەرگە سۇ ئېچىپ، سۇ ياقىلاپ چاكارلارنىڭ قېشىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا ھەممىسى بىھوش ياتقۇدەك، بۇنىڭدىن ھەيران بولغان باغۋەن يۈۋاي

دەرھال كونا سىرىكە ئېلىپ كېلىپ چاكارلارنىڭ ئاغزىغا قۇيۇپتۇ. چاكارلار كەينى-كەينىدىن بىر قانچىنى چۈشكۈرۈۋېتىپ ھوشىغا كېلىشىپتۇ. ئۇلار ئاخشام يېرىم كېچىدە موزدۇز بەرگەن چاينى ئىچكەندىن كېيىن بىھوش بولغانلىقىنى، ھازىر بولسا موزدۇز ۋە ئۇنىڭ شېرىكى شاھزادىنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى بىلىپتۇ. ئۇلار دەرھال بۇ ئىشنى خانىشقا خەۋەر قىپتۇ. خانىش دەرھال ئاتلىنىپ باغقا بېرىپ، ھەر قانچە ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالماپتۇ.

مەلىكە ئۇ كۈنى پۈتۈن باغنىڭ ئەتراپىنى ۋە موزدۇزنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپتۇ. موزدۇزنىڭ ئۆيىگە كەلمىگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن شاھزادىنىڭ يوقالغانلىقىنى خەۋەرچى ئارقىلىق سەپەردىكى پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ.

پادىشاھ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن دەرھال شىكاردىن قايتىپ كەپتۇ. قانچە ئىزدەپمۇ ئوغلىنى تاپالماپتۇ. پادىشاھ بىلەن خوتۇنى ئوغلىنىڭ دەرد-پىراقىدا تولا يىغلاپ ھالىدىن كېتىپتۇ، ياداپ بىر تېرە-بىر سۆڭەك بولۇپ قاپتۇ.

موزدۇز بىلەن ئۇنىڭ شېرىكى باشقا مەملىكەتكە كېلىپ شاھزادىنىڭ ئالتۇن تاجى ۋە قىممەت باھالىق كىيىم-كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ نۇرغۇن پۇلغا سېتىپتۇ. ئۆزى بولسا شۇ شەھەردە سودىگەرچىلىككە مەشغۇل بولۇپتۇ.

شاھزادىنى سېتىۋالغان تۆمۈرچى پادىشاھنىڭ نۆكەر ۋە لەشكەرلىرىگە قورال-ياراغ ياسايدىكەن. ئۇ، شاھزادىنى ھەم ئۇستا تۆمۈرچى ھەم كامالەتكە يەتكەن ئوۋچى قىلىپ يېتىشتۈرۈپتۇ.

شاھزادە ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن شىكارغا چىقىپتۇ. شۇ كۈنى شاھزادىنىڭ ئەسلى دادىسى پادىشاھنىڭ ئىنىسىمۇ شىكار قىلىپ چىققانىكەن. لېكىن پادىشاھنىڭ ئىنىسى شىكار ئۈستىدە ھېچ نەرسە ئوۋلىيالماپتۇ. ئاخىر ئۇلار ھاردۇق ئېلىش ئۈچۈن بىر بۇلاق بېشىدا ئولتۇرغاندا ئۇلارنىڭ يېنىغا شاھزادە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئېتىنىڭ ئارقىسىغا ئىككى كىيىك ۋە بىرنەچچە توشقاننى باغلىۋالغانىكەن. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئىنىسى نۆكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ شاھزادىنىڭ ئوۋلىغان كىيىكلىرىنى تارتىۋېلىشنى بۇيرۇپتۇ. نەۋكەرلەر شاھزادىنىڭ يېنىغا زورلۇق بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئوۋ قىلغان كىيىكلىرىنى بۇلىماقچى بوپتۇ. شاھزادە ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن نۆكەرلەرنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپتۇ. بىراق ئاخىر ئۆزى ماغدۇرسىزلىنىپ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ.

نۆكەرلەر ئۇنى چەمبەرچەس باغلاپ ئۆز شەھىرىدىكى پادىشاھنىڭ قېشىغا ئۇلاچا قىلىپ ئېلىپ كەپتۇ.

شاھزادە ئوردىغا ئېلىپ كېلىنىپ ئۆز ئاتىسى پادىشاھنىڭ ئالدىغا تۇرغۇزۇلۇپتۇ. لېكىن پادىشاھ بۇ بالىنىڭ ئۆز بالىسى ئىكەنلىكىنى، شاھزادىمۇ پادىشاھنىڭ ئۆز ئاتىسى ئىكەنلىكىنى تونۇماپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىنىسىغا قاراپ:

بۇ ئوۋچى بالىنى نېمە گۇناھ بىلەن تۇتۇپ كەلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئىنىسى راست گەپنى ئېيتماي:

بىز ئۇنىڭ ئوۋلىغان نەرسىلىرىنى بىزگە سېتىپ بېرىشنى ئېيتقانىدۇق، ئۇ بەرگىلى ئۇنىمىدى ۋە بىزگە ھاقارەت قىلدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كەلدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شاھزادە ئۇنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىگە چىداپ تۇرالماي:

— يوقسۇ، پادىشاھى ئالەم، ھەقىقىي ئەھۋال ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس. ماڭا

ئىجازەت بەرسىلە مەن راست سۆزلەپ باقاي، — دەپتۇ.

— قېنى سۆزلە، — دەپ رۇخسەت قىپتۇ پادىشاھ.

شاھزاد مۇنداق دەپتۇ:

— مەن شەھەرگە قوشنا مەملىكەتتىكى بىر تۆمۈرچىنىڭ ئوغلىمەن. شىكار قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىققانىدىم. تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ بىرنەچچە جانىۋارلارنى ئوۋ قىلدىم. قايتىش سەپىرىمدە بۇ نۆكەرلەرگە يولۇقتۇم. ئۇلار مەندىكى ئوۋلىغان نەرسىلەرنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغانىدى، مەن بەرمىدىم. شۇ چاغدا بۇ نۆكەر باشلىقى ئۆز ئادەملىرىگە مېنى تۇتۇشنى بۇيرۇدى. مەن بۇلارنىڭ ئۆكتەملىك قىلغىنىغا چىدالماي قاتتىق ئېلىشتىم. ئاخىر يالغۇز كېلىپ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم.

پادىشاھ ئۆز ئىنىسىغا قارىغانىكەن، ئۇ گەپ-سۆز قىلماي ئۆزىنىڭ ئۆكتەملىكىگە پۇشايمان قىلىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھ ئۆز ئالدىدا تۇرغان ئوغلىنى باغرى تونۇغاندەك بولۇپ ئۇنىڭ قەددى-قامىتىگە ئۇزاق سەپسېلىپتۇ. ئاندىن شاھزادىگە:

— سەن راست سۆزلەپ مېنى قايىل قىلدىڭ. مەن سېنى ئۇ يېنىمدا نۆكەر باشلىقى قىلىشنى لايىق كۆردۈم، ئەگەر قوبۇل تاپساڭ ئوردىدا قالغىن، — دەپتۇ.

— جانابلىرى مەن قۇللىرىغا مۇنداق ئىشەنچە قىلغان ئىكەنلا مېنىڭ باشقا ئارمىنىم يوق. خىزمەتلىرىنى جان پىدالىق بىلەن قىلىپ، ئۆزلىرىگە سادىق بولىمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، شاھزادىنى ئۆز يېنىدا نۆكەر باشلىق قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

پادىشاھ شاھزادىنى ئۆز يېنىغا تۇرغۇزغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلمەپتۇ. بىراق بۇ بالىنىڭ بىلىملىك ۋە ئەقلى-ھوشى جايىدا ئىكەنلىكىنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. شاھزادە تۆمۈرچىدىن ئۆگىنىۋالغان ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىرنەچچە خىل قورال-ياراغ ياساپ پادىشاھقا كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ بۇ ھۈنىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئېشىپتۇ.

شاھزادە بىلەن پادىشاھنىڭ كۈنسېرى قويۇقلىشىۋاتقان بۇ خىل يېقىن مۇناسىۋىتىنى كۆرگەن ئوڭ قول ۋەزىر چىداپ تۇرالماپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: ناۋادا پادىشاھ ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ ئوغۇل بالىسى يوق. پادىشاھلىق ئاشۇ ۋەتەنسىز ئوۋچىغا قالىدىغان ئوخشايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ قولى بىلەن پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ شاھلىق تەختىگە ئۆزۈم چىقىشىم كېرەك. ياكى بولمىسا، پادىشاھنىڭ قولى بىلەن بۇنى ئۇجۇقتۇرۇش كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى شاھزادىنى ئۆيىگە چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي يىگىت، مۇشۇ مەملىكەتتە پادىشاھ بولۇشنى ۋە پۈتۈن خالايىققا ھۆكۈم يۈرگۈزۈشنى خالامسەن؟ ئەگەر مەقسىتىڭ ئاشۇنداق بولسا، ھىيلە بىلەن پادىشاھنىڭ قولىدىكى ئۈزۈكنى ئالغىن، ئۇ ئۈزۈكنىڭ خاسىيىتى شۇكى، كىم ئۇنى قولىغا كىرگۈزسە پۈتۈن مەملىكەت ئۇنىڭغا قارايدىغان بولىدۇ. خالايىقلارمۇ ئۇنى مۇۋاپىق تاپىدۇ. ئۇنى ئېلىشنىڭ ھىيلىسى شۇكى: سەن پادىشاھنىڭ نۆكەرلەر باشلىقى بولغاچقا پادىشاھ تەختى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۈستىدە ئۇيقۇغا كەتكەندە، يۇمشاق دەسسەپ بېرىپ قولىدىكى ئۈزۈكنى ئالغىن. ماڭا بەرسەڭ مەن ئۇنى سەن ئۈچۈن ساقلاپ بېرىمەن. كېيىن پادىشاھنى ئۆلتۈرىمىز. شۇ چاغدا سەن ئۈزۈكنى قولۇڭغا سېلىپ خالايىققا كۆرسەتسەڭ، قولۇڭدىكى ئۈزۈكنى كۆرگەن جېمى خالايىقلار: «پادىشاھ نەۋكەر باشلىقىنى ئورنىغا ۋارىس قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۈزۈكنى باشتىلا بېرىۋەتكەنىكەن» دەپ سېنى ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن مەن ساڭا شۇنى شەرت قىلىپ قويۇمەنكى، سەن پادىشاھ بولۇپ تەختكە چىقساڭ، مەن ۋەزىر بولىمەن. قىزىمنى ساڭا توي قىلىپ بېرىمەن.

شاھزادە ئۇنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ قاپتۇ ۋە پادىشاھ ئۇخلاپ قالغان چاغدا ئالدىغا بېرىپ ھېلىقى گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈكنى پەم بىلەن قولىدىن سۇغۇرۇۋېپتۇ. بىراق بۇ چاغدا پادىشاھ ئويغىنىپ قاپتۇ.

— نېمىشقا قولۇمدىكى شاھلىق بەلگىسى بولغان بۇ ئۈزۈكنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلدىڭ؟! — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھنىڭ ھەيۋىسىدىن قورققان شاھزادىنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى تىترەپ ئەقلى-ھوشى قالماپتۇ، سۆز بېسىپ گەپ-سۆزمۇ قىلالماپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن پادىشاھ:

— جاللات، بۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ھارامتاماقنىڭ دەرھال كاللىسىنى ئېلىڭلار! — دەپ ھۆكۈم قىپتۇ.

جاللاتلار شاھزادىنى پادىشاھنىڭ ئالدىدا يالىڭاچلاپ، كاللىسىنى چېپىشقا تەييارلىنىپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ كۆزى بىردىنلا بالىنىڭ دولىسىدىكى قارا خالغا چۈشۈپتۇ. پادىشاھ جاللاتلارنى توختىتىپ بالىدىن:

— ھەي ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ناپاك ئىنسان، مەن ساڭا ئۆزۈڭنى ئاقلاش پۇرسىتى بەرمەكچىمەن. سەن بۇ جازادىن قۇتۇلاي دېسەڭ، ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى، سېنى كىملەر چوڭ قىلغانلىقىنى، كىم-كىملەرنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق ۋە زورلىشى بىلەن بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزۈشكە ئۇرۇنغانلىقىڭنى راستچىللىق بىلەن سۆزلە، راست سۆزلىسەڭ، بىر قوشۇق قېنىڭدىن ئۆتىمەن، بولمىسا، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا جېنىڭنى جەھەننەمگە ئۇزىتىمەن! — دەپتۇ.

پادىشاھتىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شاھزادە ئۆز ئەھۋالىنى پادىشاھ ئالدىدا يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە سۆزلەپتۇ. ئاخىرىدا پادىشاھنىڭ قولىدىكى ئۈزۈكنى ئوغرىلاشقا ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ بۇيرۇغانلىقىنى سۆزلەپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھ، ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلتۈرۈلۈشكە ھۆكۈم قىلىنغان بۇ نۆكەر باشلىقى بۇندىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن تۆت ياش ۋاقتىدا مۇزدۇز تەرىپىدىن ئوغرىلاپ كېتىلگەن ئۆز شاھزادىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. «بالام، جېنىم بالام» دېگىنىچە بېرىپ ئوغلىنى سۆيۈپتۇ ۋە شاھزادىسىنىڭ قول-ئاياغلىرىنى بوشىتىپ كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيدۈرۈپتۇ. ئاندىن دەرھال ھېلىقى سۇيىقەستچى ۋەزىرنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. كېيىن ئوغلىنىڭ تەلىپى بويىچە قوشنا مەملىكەتتىكى تۆمۈرچى بوۋاينى پادىشاھ ئۆز شەھىرىگە تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرۈپ، ئۆز ئوغلىنى مۇشۇنداق باتۇر، ھۈنەرۋەن قىلىپ يېتىشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىنئاملارنى بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۆز ئوغلى بىلەن تېپىشقاندىن تۇرمۇشنى خۇشال-خورام ئۆتكۈزۈپتۇ.

# ھېكايەتلەر

ئاقساق تىمور ھىندىستانغا بېرىپ، نەغمىچىلەرنى چاقىرىپ دېدىكى:

— بۇ شەھەردە ئۇستا نەغمىچىلەر كۆپ دەپ ئاڭلىغانىدىم.

كۆزى كور بىر نەغمىچى بۇ سۆھبەتتە تەييار بولۇپ، نەغمە قىلدى. پادىشاھ: كۆپ خۇرسەند بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىدى. ئۇ:

— ئىسمىم دۆلەتتۇر، — دېدى. پادىشاھ دېدى:

— دۆلەت كور بولامدۇ؟

ئۇ جاۋاب بېرىپ:

— ئەگەر دۆلەتنىڭ كۆزى كور بولمىسا، ئاقساقنىڭ ئۆيىگە كىرمەس ئىدى، — دېدى. پادىشاھقا بۇ جاۋاب يېقىپ كېتىپ، ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئام بەردى.

× ×

بىر كىشى ئۆز يېقىنىغا خەت يېزىۋاتاتتى. ناتونۇش بىرى كېلىپ، ئۇنىڭ يېزىۋاتقان خېتىگە قاراشقا باشلىدى. خەت يېزىۋاتقان كىشى خەتنىڭ كېيىنكى قۇرلىرىغا:

— بىر بىگانە ئەخمەق خېتىمگە قاراپ تۇرىۋالدى. شۇ سەۋەبتىن سىرلىرىمنى ئېنىق يازالمىدىم، — دېگەن سۆزلەرنى يازدى. ناتونۇش كىشى:

— مەن خېتىڭنى ئوقۇغىنىم يوق، نېمىشقا مېنى ئەخمەق دەپ يازىسەن، — دەپ ئاچچىقلاندى.

— ئەگەر خېتىمنى ئوقۇمىغان بولساڭ، ئەخمەق دەپ يازغىنىمنى نەدىن بىلدىڭ، — دېدى خەت يېزىۋاتقان كىشى.

ھېكمەت: كىشىلەرنىڭ يېزىۋاتقان خېتىگە قاراش تولىمۇ ئەدەبسىزلىكتۇر.

× ×

بىر بالا قودۇق بېشىدا نان يەپ ئولتۇرغانىدى. تۇيۇقسىز قولىدىكى نان قودۇققا چۈشۈپ كەتتى. بالا يىغلىغىنىچە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئاتىسى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوغلىنىڭ قولىدىن يېتىلىگىنىچە قودۇق بېشىغا كەلدى-دە، ئىككى قولىنى قودۇقنىڭ ئىككى قاسنىقىغا قويۇپ، قودۇق ئىچىگە ئېڭىشىپ قارىدى. ئۇ سۇدىكى ئۆزىنىڭ ئەكسىنى تونۇيالماي، شۇنچىلىك ئاچچىقى كەلدى:

— ھەي قىرى شەيتان، مۇشۇنچىلىك كىچىك بالىنىڭ قولىدىكى ناننى تارتىۋېلىپ يەپ تىرىكچىلىك قىلغۇچە، ئاچلىقتىن ئۆلگىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ، — دېدى.

ھېكمەت: نادانلىق — ئۆز-ئۆزىگە ھاقارەت ئېلىپ كېلىدۇ.

× ×

بىر كىشىنىڭ يەتتە بالىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇرۇش-تالاشلارنى كۆرۈپ، ھېلىقى كىشى ئوغۇللىرىنى ئالدىغا چاقىردى ۋە يەتتە تال تاياقچىنى بىر قىلىپ باغلاپ ئوغۇللىرىغا سۇنۇپ:

— قېنى، بۇ تاياقچىلارنى سۇندۇرۇپ بېقىڭلار،— دېدى.

ئۇلار ھەر قانچە كۈچەپ باقسىمۇ تاياقچىلارنى ھېچقايسىسى سۇندۇرالمىدى. ئاخىرى:

— سۇندۇرۇشقا كۈچىمىز يەتمىدى،— دەپ بۇ بىر باغلام تاياقچىنى ئاتىسىنىڭ قولىغا قايتۇردى.

ئاتىسى تاياقچىلارنىڭ باغلىمىنى يېشىپ ئوغۇللىرىغا بىردىن تارقىتىپ بېرىپ:

— مانا، بۇنى سۇندۇرۇپ بېقىڭلار،— دېدى.

ئوغۇللار تاياقچىلارنى دەرھال ئېلىشىپ، ئوڭايلا سۇندۇرۇپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتىسى ئوغۇللىرىغا قاراپ:

— كۆردۈڭلارمۇ ئوغلانلىرىم، سىلەرمۇ خۇددى شۇ تاياقچىلارغا ئوخشايسىلەر. ئەگەر ھەممىڭلار ئىتتىپاقلىشىپ ياشىساڭلار، سىلەرگە ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. مۇبادا بىر-بىرىڭلار بىلەن ئازارلىشىپ ئۆتسەڭلار، سىلەرنى ھەرقانداق ئادەم بوزەك قىلىدۇ،— دەپ نەسىھەت قىلدى.

ھېكمەت: ئايرىلغاننى ئېيىق يەر.

× ×

بىر دانىشمەن ھەر كۈنى مەسچىتتە ئولتۇرۇپ، كىشىلەرگە ۋەز ئېيتاتتى. بىر ئادەم ئۇ يىغىلىشتا دائىم يىغلايتتى. بىر كۈنى دانىشمەن ئېيتتىكى:

— مېنىڭ سۆزۈم ئۇنىڭغا بەك تەسىر قىلدى. بۇ ئادەم شۇ سەۋەبتىن يىغلايدۇ.

باشقىلار ھېلىقى يىغلىغان كىشىگە ئېيتتىكى:



— بىزگە بۇ دانىشمەننىڭ سۆزلىرى ھېچ تەسىر قىلمايدۇ، سېنىڭ كۆڭلۈڭ قانداقتۇ؟ ھەر كۈنى يىغلايسەن.

ئۇ كىشى ئېيتتىكى:

— دانىشمەننىڭ سۆزىگە يىغلىمايمەن. مېنىڭ بىر ئورۇق ئۆچكەم بار ئىدى. ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم، كېيىن ئۇ قېرىپ ئۆلۈپ قالدى. دانىشمەن ۋەز ئېيتقاندا ساقىلى تىترەپ، مېنىڭ شۇ ئورۇق

ئۆچكەمنى ئېسىمگە سالدۇ، چۈنكى ئۇمۇ
مۇشۇنداق ئۇزۇن ساقال ئىدى.

× ×

ئۆتكەن زاماندا بىر ۋەزىر بار ئىدى.
ئۇ توختىماي ساقىلىنى يۇلاتتى. بىر كۈ-
نى پادىشاھ ئۇنىڭغا دېدىكى:
— ئەگەر ساقىلىڭنى يۇلىدىغان ئادى-
تىڭنى تاشلىمىساڭ، سېنى جازالايمەن.
ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەزىر پادىشاھقا
شۇنداق خىزمەت قىلدىكى، پادىشاھ ئۇنىڭ-
دىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى ۋە:
— نېمىنى تەلەپ قىلساڭ، ساڭا
شۇنى بېرىمەن، — دېدى. ۋەزىر:
— تەقسىر، مەن سىزدىن باشقا نەر-
سە تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت ماڭا ساقى-
لىمنى يۇلۇشقا ئىجازەت بەرسىڭىز، — دېدى.

× ×

بىر كىشى دوستى بىلەن خورما يەپ
ئولتۇرۇپ ئۇرۇقلارنىڭ ھەممىسىنى دوس-
تىنىڭ ئالدىغا دۆۋىلەپ ئۇنى خىجالەت
قىلماقچى بولدى. ئۇ دوستىغا:
— قارىغاندا سىز خورمىنى بەك ياخ-
شى كۆرىدىغان ئوخشايسىز. ئالدىڭىزدا خور-
ما ئۇرۇقى شۇنچە كۆپ يىغىلىپ قاپتۇ، — دېدى.
دوستى جاۋابەن:
— مېنىڭچە، خورمىنى مەندىنمۇ بەك-
رەك ياخشى كۆرىدىكەنسىز، چۈنكى ئالدى-
ڭىزدا نە خورما، نە خورما ئۇرۇقى، ھېچنېمە
قالماپتۇ. قارىغاندا سىز خورمىلارنى ئۇرۇقى
بىلەن قوشۇپلا يەپ تۈگەتكەن ئوخشايسىز، —
دېدى. ھېلىقى كىشى خىجالەتچىلىكتە نېمە
دېيىشىنى بىلمەيلا قالدى.

ھېكمەت: بىراۋغا ئورا كولىما، ئۆزۈڭ
يىقىلۇرسەن.

* *

ئىككى ئاكا-ئۇكا سەپەرگە چىقتى.
ئۇلار يول ئۈستىدە بىرىگە ئالتۇن، بىرىگە
گۆھەر توشقۇزۇلغان قاپچۇق تېپىۋالدى.
ئىنىسى:
— مېنىڭ مۇرادىم ھاسىل بولدى، ئەمدى
ئۆيگە قايتىمەن، — دېدى. ئاكىسى بولسا:
مەن جاھاننى ساياھەت قىلىمەن، — دېدى
ئاكا-ئۇكىلار ھېلىقى ئالتۇن بىلەن
گۆھەرنى تەقسىم قىلىشتى. ئاندىن ئاكىسى
ئۆز ئۈلۈشىنى ئىنىسىغا تاپشۇرۇپ ئايالىغا
بېرىپ قويۇشنى تاپىلىدى. ئەمما ئىنىسى
ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ھېلىقى ئامانەتنى
ئاكىسىنىڭ ئېيتقىنىچە يەڭگىسىگە تاپشۇرماق-
چى بولدى. لېكىن گۆھەرنى بەرمەي، ئال-
تۇنىنىلا تاپشۇردى.
ئۈچ يىلدىن كېيىن ئاكىسى سەپەر-
دىن قايتىپ كەلدى ۋە ئايالىنىڭ قولىدا
ئۆزى ئەۋەتكەن گۆھەرنى كۆرمىدى. ئۇ
ئىنىسىدىن ئۆز ئايالىغا ئەۋەتكەن گۆھەرنىڭ
قانداق بولغانلىقىنى سورىدى. ئىنىسى:
— ئايالىڭغا بەرگەنىدىم، — دېدى.
ئاكىسى:
— ئايالىم گۆھەرنى كۆرمىگەنلىكىنى
ئېيتتى، — دېدى.
— ئايالىڭ يالغان سۆزلەيتۇ، — دېدى
ئىنىسى. شۇنىڭ بىلەن ئاكىسى ئايالىنى
ئۇرۇشقا باشلىدى. ئايالى بولسا تاياققا چى-
دىماي قېچىپ قازىنىڭ ئالدىغا باردى-دە،
بۇ ھەقتە قازىغا ئەرز قىلدى.
قازى ئاكا-ئۇكىلارنى ھوزۇرىغا چاقىر-

www.uyghurkitap.com

تىپ كەلدى ۋە ئىنىسىدىن:

— گۆھەرنى بۇ ئايالغا قاچان بەر-
گەنىدىڭ؟ بەرگەن چېغىڭدا بىرەر كىشى
بارمىدى؟ - دەپ سورىدى.

ئىنىسى:

— ئىككى كىشى بار ئىدى، - دەپ
جاۋاب بەردى.

قازى:

— ئۇلارنى ئېلىپ كەل، — دەپ بۇي-
رۇدى. ئىنىسى ئىككى كىشىنى تېپىپ، ئۇ-
لارغا ئازراق پۇل بەردى ۋە:

— مەن بىلەن بىللە، قازىنىڭ ئالدىغا
بېرىپ مەن ئۈچۈن يالغاندىن گۇۋاھلىق
بېرىڭلەر، - دېدى.

ئەلقىسسە، ھېلىقى ئىككى كىشى يال-
غان گۇۋاھلىق بەردى. قازى ھېلىقى ئا-
يالنىڭ ئېرىگە قاراپ:

— ياخشىسى، گۆھەرنى ئايالىڭدىن
سورىغىنىڭ تۈزۈكتەك تۇرىدۇ، — دېدى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئايال يىغلى-
غىنىچە سۇلتاننىڭ ئالدىغا باردى ۋە گۆ-
ھەر توغرىسىدا ئەرز قىلدى. سۇلتان ئەھ-
ۋالنى ئاڭلاپ:

— نېمىشقا قازىنىڭ ئالدىغا بارماي-
سەن، — دەپ سورىدى.

— باردىم، لېكىن ئادالەت بىلەن سو-
رىمىدى، - دېدى ئايال. سۇلتان ئىككى
ئاكا - ئۇكىنى ۋە ئىككى گۇۋاھچىنى چاقى-
رىپ كەلدى ۋە ئۇلارنى بىر — بىرىدىن
ئايرىپ قويدى. ئاندىن كېيىن ھەربىرىنىڭ
قولىغا مۇم تۇتقۇزۇپ، مۇمدىن ھېلىقى
گۆھەرنىڭ سۈرىتىنى ياساپ چىقىشقا ئەمر
قىلدى.

ھېلىقى ئاكا — ئۇكا ئوخشاش شەكىل-
دە ياساپ چىقتى. ئىككى گۇۋاھچى باشقا
شەكىلدە ياسىدى.

سۇلتان ھېلىقى ئايالغا:

— سەنمۇ ياساپ باق، — دەپ پەرمان
قىلدى.

— مەن ئۇ گۆھەرنى ھېچقاچان كۆ-
رۈپ باقمىغان تۇرسام، كۆرمىگەن نەرسى-
نىڭ شەكلىنى قانداقمۇ ياسىيالايمەن، -
دېدى ئايال.

سۇلتان گۇۋاھچىلارنىڭ ياسىغان
گۆھىرىگە قاراپ غەزەپ بىلەن:

— ئەگەر راست سۆزلىسەڭ قويۇۋې-
تىمەن، بولمىسا، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولى-
سەن، - دېدى.

ئىككى گۇۋاھچى تىترەشكە باشلىدى
ۋە:

— بىز ئىككىمىز گۆھەرنى كۆرمىگەن،
يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن ئىدۇق، — دەپ
ئىقرار قىلدى.

سۇلتان ھېلىقى كىشىنىڭ ئىنىسىنى
قامچىلاشقا بۇيرۇدى. ئۇ بىرقانچە قامچىنى
يېگەندىن كېيىن «گۇناھ مەندە» دەپ
ئىقرار قىلدى.

سۇلتان قازىنى چاقىرتىپ كەلدى:

— ئەلنىڭ ئەرز - داد ئەھۋالىنى
نېمىشقا ئادالەت بىلەن سورىمىدىڭ؟ - دەپ
ئۇنى قازىلىق مەنسىپىدىن ئېلىپ قاشلىدى.
گۆھەرنى بولسا ئايالغا ئېلىپ بەردى.

× ×

بىر شائىر پادىشاھنىڭ ئالدىدا گۇناھقا
يەتتى. پادىشاھ جاللاتقا:

— ئۇنى كۆز ئالدىمدا ئۆلتۈرگەي-

سەن، - دەپ ئەمر قىلدى.

شائىر قورقىنىدىن لاغ - لاغ تى-
تىرەشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن شاھنىڭ
بىر خادىمى شائىرغا:

— بۇ نېمىدېگەن نامەردلىك، نېمى-
دىگەن قورقۇنچاقلىق، ئەرلەر بۇ تەرىقىدە
قورقۇپ كەتمەيدۇ، — دېدى.

— ئەي خادىم، سەن ھەقىقىي ئەر-
كەك بولساڭ، كەل، مېنىڭ ئورنۇمدا ئول-
تۇر، مەن بۇ ئورۇندىن تۇرۇپ كېتەي، -
دېدى شائىر ۋە ئورنىدىن تۇردى. خادىم
بۇ چاغدا تىترەشكە باشلىدى.

پادشاھ بۇ كۈلكىلىك ئەھۋالنى كۆ-
رۈپ، قايىل بولدى ۋە كۈلۈپ كېتىپ،
شائىرنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلدى.

× ×

بىر ئادەم ھەر كۈنى بازاردىن ئالتە
نان سېتىۋالاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئادەمنىڭ
بىر دوستى ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ھەر كۈنى ئالتە نان سېتىۋالسەن
ئۇنى نېمە قىلىسەن؟

— بىر ناننى ساقلايمەن، بىر ناننى تاش-
لايمەن، ئىككى ناننى كۆمىمەن ۋە ئىككى ناننى
قەرز بېرىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى ھې-
لىقى ئادەم.

— سېنىڭ سۆزۈڭنى ھېچ چۈشىنەل-
مىدىم، تەپسىلىيرەك سۆزلە، - دېدى دوستى.

— بىر ناننى ساقلىغىنىم — ئۆزۈم يې-
گىنىم، بىر ناننى تاشلىۋەتكىنىم — ئايالىمغا
بەرگىنىم، ئىككى ناننى كۆمگىنىم — ئاتا — ئا-
نامغا بەرگىنىم، ئىككى ناننى قەرز بەرگى-
نىم - ئىككى ئوغلۇمغا بەرگىنىمدۇر، - دەپ
چۈشەندۈردى.

× ×

بىرى بىر دەرۋىشنىڭ سەللىسىنى
ئەپقېچىپ كەتتى. دەرۋىش ئۇدۇل گۆرۈس-
تانلىققا بېرىپ ئولتۇردى، كىشىلەر دەر-
ۋىشكە:

— سەللىڭىزنى ئەپقاچقان كىشى باغ
تەرەپكە كەتتى. ئەمما، سىز نېمىشقا بۇ
يەردە ئولتۇرىسىز؟ — دەپ سوراشتى.

— ئۇ بەربىر بىر كۈنى مۇشۇ يەر-
گە كېلىدۇ، شۇڭا ئۇنى كۈتۈۋاتىمەن، -
دېدى دەرۋىش.

× ×

پادىشاھ بىر چاقچاقچىدىن رەنجىپ،
ئۇنى پىلنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلاشقا
ئەمر قىلدى. چاقچاقچى نالە — پەرياد كۆ-
تۈرۈپ دېدىكى:

— ئەي شاھىم، مەن بىچارە پىلنىڭ
ئايىغى ئاستىغا لايىق ئەمەسمەن، ياخشىسى
مېنى توشقاننىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلاڭ.
ۋەزىر پىلنىڭ ئايىغى ئاستىغا لايىق، چۈن-
كى ۋەزىر سېمىز، ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى
پىلنىڭ ئايىغى ئاستىدىمۇ يەنجىلمەيدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ۋەزىرگە قا-
راپ كۈلدى ۋە ۋەزىردىن:

— ئۇنىڭ دېگىنى توغرىمۇ؟ — دەپ
سورىدى. ۋەزىر شاھقا:

— ئەزىبرايى خۇدا، بۇ ھارام-
زادىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرسىڭىز

بولمىسا، بۇ مېنى ھالاكەتكە تاشلىغۇدەك.-
دەپ يىغلىدى.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ چاقچاقچىنىڭ گۇناھىدىن كەچتى.

× ×

بىر كۈنى قارچىغا خورازغا:

— سەن بىر ۋاپاسىز جانىۋارسەن، ئىمىشقا دېسەڭ، ئادەملەر سېنى باقىدۇ، ساڭا ئۆي ياساپ بېرىدۇ. ئەمما، سېنى تۇتماقچى بولغاندا، نېمىشقا قاچىسەن. مەن گەرچە چۆل-باياۋاننىڭ قۇشىمەن، ئادەمزاتنىڭ قولىدىن بىرقانچە كۈن ئوزۇق يەپ كۆندەك بولسام، ئۇلار ئۇچۇن شىكار قىلىمەن، ئۇلاردىن ھەرقانچە يىراقلاپ كەتسەممۇ، يەنە قاچان چاقىرسىلا قايتىپ كېلىمەن، دېدى.

خوراز:

— سەن بىرەر ئۇچار قاناتنى زىخقا تارتىلغان ھالەتتە كۆرۈپ باققانمۇ سەن؟ مەن كۆپلىگەن خورازلارنىڭ كاۋاپ زىخىدا ۋە ئوت ئۈستىدە كاۋاپ قىلىنغانلىقىنى كۆرگەنمەن. سەنمۇ بىرەر ئۇچار قاناتنى زىخقا كۆرگىنىڭدە ئىدى، ئادەملەردىن مەندىنمۇ بەتتەر يىراققا قاچقان بولار ئىدىڭ، — دېدى.

قارچىغا كېكەچلەپ قالدى.

× ×

بىر ئوغرى بىراۋنىڭ ئېتىنى ئوغرىلىماقچى بولۇپ، ئېغىلغا چۈشكىنىدە تۇتۇلۇپ قالدى.

ئاتنىڭ ئىگىسى ئوغرىغا:

— ئەگەر ئېتىمنى قانداق ئوغرىلايدىغانلىقىڭنى كۆرسىتىپ بېرەلىسەڭ، سېنى قويۇۋېتىمەن، — دېدى. ئوغرى بۇ تەلەپكە دەرھال ماقۇل بولدى ۋە ئاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاتنىڭ پۇتىنى چاتقان ئارغامچىنى كەستى، ئاندىن كېيىن، ئالدىرىماي ئاتنى يۆگەنلىدى.

ئەلقىسسە، ئوغرى ئاتقا مىندى-دە، چاققانلىق بىلەن چىپىپ كېتىۋېتىپ، ئات ئىگىسىگە:

— ئات دېگەن جانىۋارنى مانا مۇشۇنداق ئوغرىلايدۇ! - دەپ ۋارقىرىدى.

كىشىلەر ھەرقانچە قوغلاپمۇ ئوغرىغا يېتىشەلمىدى.



# ئەپسانىلەر

## ئۆلگىنىنىڭ ئوتنى يارىتىشى①

(ئەپسانە)

تۇنجى ئادەم يەر يۈزىگە بىنا بولغاندا، ئۇلۇغ ئىلاھ ئۆلگىن ئۇنىڭغا ياۋا مېۋە ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كۆرسىتىپ: «بۇ نەرسىلەرنى تېپىپ كۆر، تاپسا شۇنى ئوزۇقلۇق قىل» دەپتۇ. تارگىن نەدى ئاتلىق بۇ تۇنجى كىشى ياۋا مېۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يەپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەملىك ۋە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ، تۇنجى ياز تارگىن ياۋا مېۋە ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يەپ، ناھايىتى ساغلام ياشاپتۇ. ياز ئۆتۈپ قىش كەپتۇ. تارگىن قىشنى تەسلىكتە ئۆتكۈزۈپ يەنە يازغا ئۇلىشىپتۇ. شۇندىن باشلاپ يازدا قىشنىڭ ئوزۇقىنى تەييارلىۋالىدىغان بوپتۇ.

ئەمما قىش كەلگەندە نۇرغۇن ھايۋانلار بۇ يەرگە توپلىشىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمەپتۇ. تارگىن تاياق توقماق بىلەن ھايۋانلارنى قوغلاپتۇ. ھايۋانلار ئۆلگىنگە ئەرز قىپتۇ. ئۆلگىن ھايۋانلارنىڭ ئەرزىنى سوراپ: «بۇندىن كېيىن ئوت-چۆپ ئۆسۈملۈكلەر سىلەرنىڭ (ھايۋانلارنىڭ) ئوزۇقىڭلار بولسۇن. ئادەملەر ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەپ، تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كىيسۇن» دەپتۇ.

دەسلەپ ئادەملەرگە ئوت ھاجەت بولمىغانىكەن. ئۆلگىن ئادەملەرگە گۆش يېيىشنى بۇيرۇغاندىن كېيىن ئوتقا ئېھتىياجى چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆلگىن ئاسماندىن بىرى ئاق، بىرى قارا ئىككى تاشنى ئېلىپ چۈشۈپتۇ. بىر تۇتام قۇرۇق چۆپنى (ئوتنى) بىر تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، يەنە بىر تاش بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرغانىكەن، لاپپىدە ئوت يېنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆلگىن ئادەملەرگە تۇنجى قېتىم ئوتنى يارىتىپ بېرىپتۇ، ھەمدە «بۇ ئوت خاسىيەتلىك تاشنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان شاپائىتى، شۇڭا ئوتنى ئۇلۇغلاڭلار» دەپتۇ.

## ئىلاھى دەرەخ ئانا②

تاغ باغرىدىكى بىر كەڭ يايلاقتا دادا بىلەن قىزدىن تەركىب تاپقان بىر ئائىلە كىشىسى بولۇپ، ئۇلار خۇشال - خورام ۋە خاتىرجەم ياشايدىكەن. يايلاقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغ ئۆڭكۈرىدە بولسا بىر ئالۋاستى بولۇپ، ئۇ ئۇزۇندىن بېرى قىزنى پايلاپ يۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئالۋاستى قىزنى بېرىشكە ئۇنىڭ دادىسىنى مەجبۇرلاپتۇ. دادىسى ئۇنىمىغاندىن كېيىن ئالۋاستى بۇ كىشىنى يەۋېتىپتۇ. قىز بولسا قېچىپ كېتىپ شاخلىرى باراقسان بىر قېرى دەرەخنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە دەرەخقە يالۋۇرۇپ قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قېرى دەرەخ يېرىلىپ قىزنى ئۆز باغرىغا ئاپتۇ.

ئالۋاستى بولسا يوغان بىر پالتا بىلەن دەرەخنى غولىدىن كەسمەكچى بولۇپتۇ. دە-

---

① بۇ ئەپسانە ئالىمە نىنىڭ «شامان دىنىنىڭ بۈگۈنى ۋە ئۆتمۈشى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

② بۇ ئەپسانە «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 9 - سانىدىن ئېلىندى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەخ ئاغرىقتىن ئازابلىنىپ كۆز ياشلىرىنى
تۆكۈپتۇ. دەرەخ كاۋىكىدىكى قىز تەگرىدىن
ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بۇ چاغدا
ئاسماندا بىر نۇر پەيدا بولۇپ، نۇر بىـ
لەن تەڭ بىر كۆك بۆرە ئالۋاستىنىڭ يېـ
نىغا چۈشۈپتۇ، بۇ كۆك بۆرە ئالۋاستىغا
ھەيۋە قىپتۇ. ئالۋاستى بۆرىدىن قورقۇپ
قېچىپ كېتىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ تۇرغان
بىر سېرىق قۇشقاچ تاغ چوققىسىدا ياشايدىـ
غان ئاق كىيىملىك، ئاپئاق ساقاللىق خىـ
زىر بوۋاينىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن
قىزنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، خىزىر
بوۋاي سېرىق قۇشقاچ بىلەن بىللە قىزنىڭ
يېنىغا ئۇچۇپ كەپتۇ ۋە قىزغا: «قىزىم خاتىرـ
جەم بولۇڭ. بۇ دەرەخ بىزنىڭ ئانىمىز، ئۇ
سىزنى قوغدايدۇ. مەن سىزنى ئەتە ئېپكەتكىلى
كېلىمەن، شۇڭغىچە ساقلاپ تۇرۇڭ» دەپتۇ.
بوۋاي كەتكەندىن كېيىن نامازشام بولغانـ
دا ئالۋاستى بوۋاي قىياپىتىگە كىرىپ، دەـ
رەخ ئانىدىن قوينىنى ئېچىشنى تەلەپ قىپـ
تۇ. دەرەخ قوينىنى ئېچىپتۇ. بۇ چاغدا سېـ
رىق قۇشقاچ پەيدا بولۇپ: «ئەي دەرەخ
ئانا، بۇ خىزىر بوۋاي ئەمەس، بەلكى ئۇـ
نىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئالۋاستى» دەپـ
تۇ. ئەھۋالنى ئۇققان دەرەخ ئانا دەرھال
قانىتىنى يېپىۋاپتۇ. نەتىجىدە ئالۋاستىنىڭ
بىر پۇتى بىلەن بىر قولى دەرەخ كاۋىكىغا
قىسىلىپ قاپتۇ، ھەر قانچە قىلىپمۇ ئاجرىـ
تالماپتۇ. شۇ پەيتتە كۆكتىن چۈشكەن نۇر
ئارىسىدا كۆك بۆرە قىياپەتلىك ھېلىقى
بوۋاي پەيدا بولۇپتۇ، ئالۋاستى قورققىنىدىن
قېچىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرەخ
ئانا ئالۋاستىنىڭ قول پۇتىنى ئۈزۈۋاپتۇ.
ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا كۆك بۆرە سۈرەتلىك
بوۋاي دەرەخ ئانىدىن قىزنى سوراپ ئېـ
لىپ، ئۆز ئائىلىسىگە سالامەت يەتكۈزۈپتۇ
ۋە قىزغا باشپاناھ بولغان دەرەخ ئانىغا رەھـ
مەت ئېيتىپتۇ.

## بۆرىگە جورا بولغان قىز ①

ئېگىز ھارۋىلىقلار قەدىمكى قىـ
زىل تۇرالارنىڭ نەسلىدىن ئىكەن .... ئېيـ
تىشلارغا قارىغاندا تەڭرىقۇتنىڭ ئايالى ئىكـ
كى قىز تۇغقان بولۇپ، بۇ قىزلار ئىنتايىن
چىرايلىق ئىكەن. بۇ ئەلنىڭ كىشىلىرى ئۇـ
لارنى پەرىلەر دېيىشىدىكەن.
ھون تەڭرىقۇتى: «قىزلىرىم پەقەت
تەگرى بىلەن جورىلىشىشقا مۇناسىپ» دەپ
ئېلان قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىقۇت
ئۆز ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئادەم قەدىمى
يەتمەس جايغا بۈيۈك بىر قورغان سالدۇـ
رۇپ، قىزلىرىنى شۇ قورغانغا جايلاشتۇرۇپـ
تۇ ۋە بۇ جايغا «تەڭرىنىڭ ئۆزى كېلىپ
قىزلىرىم بىلەن جورا بولۇشىنى ئۈمىد قىـ
لىمەن» دەپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە
بۇ قىزلارنىڭ ئانىسى قىزلىرىنى كۆرۈپ كېـ
لىش تەلىپىنى قويغاندا تەڭرىقۇت «بۇنداق
قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى
كىشىلەر بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن» دەپ
رۇخسەت قىلماپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتكەنـ
دىن كېيىن بىر قېرى بۆرە پەيدا بولۇپ،
كېچە ـ كۈندۈز قورغاننى ياقلاپ ھوۋلايدىـ

① بۇ ئەپسانە «ۋېيىنامە. ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى»گە خاتىرىلەنگەن. دۇەن ليەن
چىڭ نىڭ «دىڭلىڭ، گاۋچې ۋە تېلى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 121 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

غان بوپتۇ. بۆرە قورغان تېمىنىڭ تۈۋىنى
كولاپ بىر ئۇۋا ياساپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋې-
رىپتۇ. بۆرە قورغان يېنىدىن زادى
كەتمەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزلارنىڭ كىچىكى
ئاچىسىغا «دادام بىزنى مۇشۇ قورغانغا ئو-
رۇنلاشتۇرۇپ قويغاندا تەڭرى بىلەن جورا
بولۇشىمىزنى ئارزۇ قىلغان. ھالا بۈگۈنگە
كەلگەندە بۇ جايدا بىر بۆرە پەيدا بولدى.
بۇ دادام نىشانلىغان ئىلاھ (تەڭرى) نىڭ
ئۆزى» دەپتۇ ۋە قورغاندىن چىقىپ ئاشۇ
ئىلاھقا جورا بولماقچى بوپتۇ. سىڭلىسىنىڭ
سۆزىنى ئاڭلىغان ئاچىسى قاتتىق چۆچۈپ
كېتىپ: «بۇ ھايۋان تۇرسا، ئۇنىڭغا جورا
بولمەن دېيىش ئاتا - ئانىمىزغا قىلىنغان
ھاقارەت!» دەپتۇ. سىڭلىسى ئاچىسىنىڭ
سۆزىگە پىسەنت قىلماي، قورغاندىن چى-
قىپ، ئاشۇ بۆرىگە جورا بوپتۇ. ئۇنىڭدىن
بالا تۇغۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپى-
يىپ بىر ئەلنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپتۇ.

## خاسىيەتلىك دەرەخ ①

قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقى-
دىغان توغلا، سېلىنگا دەريالىرىنىڭ قويۇل-
دىغان جايىدا «قۇملانچۇ» دېگەن يەر بار
ئىكەن. شۇ يەردە بىر - بىرىگە ياندىشىپ
ئۆسكەن ئىككى تۈپ دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ
نامى «خىستوقا» ئىكەن. ئۇنىڭ تېنى قارى-
غايغا ئوخشايدىكەن، ياپرىقى ئارچىنىڭكىگە
ئوخشايدىكەن. يەنە بىرى ياۋا قارىغايىئى-
كەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇ ئىككى تۈپ
دەرەخنىڭ ئارىسىدا ئۇشتۇمتۇتلا بىر دۆڭ
پەيدا بولۇپ قاپتۇ. نۇر ئالدى بىلەن مۇشۇ
دۆڭگە چۈشىدىكەن. كۈن ئۆتكەنسېرى بۇ
دۆڭ ئېگىزلەشكە باشلاپتۇ. بۇيەردىكى كى-
شىلەر دۆڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھۆرمەت ئېھ-
تىرام بىلدۈرىدىغان بوپتۇ. دۆڭنىڭ ئىچى-
دىن خۇددى ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك ئاۋازلار
ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. ھەر كېچىسى دۆڭنىڭ
ئۈستىدە شامغا ئوخشاش بىر نۇر چاقناپ
ئوتتۇز قەدەم ئارىلىقنى يورۇتۇپ تۇرىدى-
غان بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۆڭدىن
ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئىشىك-
تىن قارىغىدەك بولسا، ئىچىدە بەش ئوتاۋ
(ئۆي) بولۇپ، ھەر بىرىگە كۈمۈش سەگەن-
چۈكلەر ئېسىلغان، ھەر بىر سەگەنچۈكتە
بىردىن ئوغۇل بوۋاق ئولتۇرغان بولۇپ،
ئۇلارنىڭ ئاغزىدا ئېمىزگە بار ئىكەن. قە-



① جۇۋەينى: «تارىخىي جاھان كۇشاي»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل
نە شرى، خەنزۇچە، 1 - قىسىم 63 - 68 - 69 - بەتلەردىن ئېلىندى.

بىلە ئاقساقىلى بۇ خىسلەتلىك بوۋاقلارنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشۈپتۇ. بۇ بەش ئوغۇل بوۋاق ھاۋانى كۆرۈپلا ھەرىكەتلىنىپ ئوتاۋدىن چىقىشىپتۇ. چوڭ بولۇپ، تىلى چىقىپ، كىشىلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى سورۇشتۇرۇپتۇ. كىشىلەر ئۇلارغا ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بەش ئوغۇل «ئانىمىز» دەپ دەرەخقە چوقۇنۇپتۇ. شۇ ھامان دەرەخ تىلغا كىرىپ: «پەزىلەتلىك بالىلىرىم، يېنىمغا دائىم كېلىپ تۇرۇڭلار، مېھرى-شەپقەت، ۋاپانى ئۇنتۇپ قالماڭلار، سىلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۈڭلارنى، نامىڭلارنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپتۇ. ئەتراپتىكىلەر بۇ بەش ئوغۇلغا ئىتائەت قىلىدىغان بوپتۇ. كىشىلەر: «بۇ ئوغۇللارنى تەڭرى ئاتا قىلغان» دەپ بىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسىنى خاقان قىلىشقا قارار قىلىشىپتۇ. ئەڭ كىچىكى بۆكۈتىكىن بولۇپ، ئۇ ھەم چىرايلىق، ھەم ئەقىللىق، ھەم تالانتلىق ئىكەن، نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەلنىڭ كىشىلىرى بۆكۈتىكىننى خاقان قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپتۇ، ھەمدە ھېلىقى خاسىيەتلىك ئىككى تۈپ دەرەخكە داۋاملىق ئىبادەت قىلىدىغان بوپتۇ.

## قارلۇق شەھىرىنىڭ غايىب بولۇش سىرى

قارلۇق شەھىرى پىيالما شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەسلىدە مۇنبەت جاي ئىكەن. قارلۇق شەھىرىدىكىلەر بۇدداغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ، بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچى ئارخاتلارنى بوزەك ئېتىپ، شېغىل-تاش ئاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇددانىڭ غەزىپى قوزغالغان. قاتتىق بوران چىقىپ شەھەرنى قۇم بېسىپ كەتكەن. شەھەرلىكلەرنىڭ بىرسىلا ئارخاتلارغا خەيرىخاھلىق قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئامان قالغان. كېيىنچە نۇرغۇن كىشىلەر كۆمۈلۈپ قالغان گۆھەرنى تاپىمىز دەپ، شەھەرگە يېقىنلاشقان، لېكىن ھېچكىم مەقسىتىگە يېتەلمىگەن①.

## بۇغداي دېنى نېمە ئۈچۈن سوقىچاق؟

ئۆزىنى ئالىم چاغلاپ يۈرگەن ھازازۇل خۇدالىق تالىشىپ شەيتانغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن دوزاختا يالغۇز ئازابلىنىشتىن قورقۇپ، بەندىلەرنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئازدۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

بۇ ھازازۇل شەيتان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەندىلەرنىڭ كۈندىلىك ئوزۇقى بولغان بىر تال يۇمىلاق بۇغداي دېنىنى ئېلىپ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا:

— سىز خۇدانىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، شۇڭلاشقا سىزنى خۇدا پەيغەمبەر دەرىجىسىگە

① بۇ رىۋايەت تاڭ سۇلالىسى زامانىدا ئۆتكەن راھىب شۈەن جۇاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە سەپەرنامە» ناملىق كىتابىدا خاتىرىلەنگەن. بۇ نۇسخا «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1987-يىلى نەشر قىلغان «جاھاننامە» I B. 677-بەتتىن ئېلىندى.

كۆتۈردى. سىزنىڭ ئەۋلادلىرىڭىز مۇ خۇدانىڭ ئالدىدا شۇڭلاشقا ئۇلۇغ. بىراق خۇدا سىزنى ھەم يېمەس ھەم ئىچمەس قىلىپ ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئەۋلادلىرىڭىزنىڭ يېمەكلىكىنى كۆرۈپ تۇرسىڭىزمۇ تەمىنى بىلمەيسىز. مېنىڭچە ئەۋلاتلىرىڭىز يېگەن نوزۇقنىڭ تەمىنى بىلگەن بولسىڭىز خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا ۋە رەھمىتىگە تېخىمۇ قايىل بولغان بولاتتىڭىز. شۇڭا بەندىلەرنىڭ نازۇ-نېمەتلىرىنى تېتىپ كۆرۈپ، ئۇلار ئۈچۈن خۇداغا رەھمەت ئوقۇپ قويارمىكىن دەپ، بىر تال بۇغداي دېنى ئەكەلدىم، — دەپتۇ. ۋە بىر تال يۇملاق نەرسىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بېرىپتۇ. بۇنىڭغا ھەۋەسلەنگەن ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇغداينى ئاغزىغا سېپتۇ-دە، يۇتماقچى بوپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ تۇرغان خۇدا شۇ ئان جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇق قىلىپ:

— ھەي جىبرىئىل، سەن دەرھال ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ كانىيىنى سىق، كانىيىدىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ئۆتۈپ كەتمىسۇن، ھەمدە ئۇ شەيتانغا ئالدانغانلىقى ئۈچۈن تەۋۋا قىلسۇن، — دەپتۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام دەرھال خۇدانىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ، ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ كانىيىنى بىر سىققانىكەن، ھېلىقى يۇملاق بۇغداي ئېزىلىپ سوقچاق بولۇپ قاپتۇ ۋە بىر تەرىپىگە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ باش - بارماق تىرنىقىنىڭ ئىزى چۈشۈپ قاپتۇ. شۇندىن بۇيان بۇغداي دېنى سوزۇنچاق بولۇپ قالغانىكەن.

### ئوۋچى بىلەن غايىب ئانا①

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر قەبىلە ئەل بولۇپ، ئۇلار تاش، كالتەك ۋە نەيزىلەر بىلەن تۈرلۈك ھايۋانلارنى ئوۋلاپ كۈن كەچۈرىدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ كېيىنچە ئۇلار ئوۋغا چىقىپ، بارچە ھايۋانلارنى بىر جىلغىغا قاماپ، ھۇجۇم باشلىغان ۋاقىتتا، كۆكتىن بىر دەھشەتلىك ۋەھىمە كېلىدىكەن - دە، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ قوللىرى تۇتماس بولۇپ، قولىدىكى قوراللىرى چۈشۈپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قەبىلىنىڭ كۈن ئۆتكۈزۈشىمۇ قىيىنغا چۈشۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەل ئاقساقاللىرىنىڭ چۈشىگە «ئوۋ پىرى» ئايان بوپتۇ-دە، شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي قېرىنداشلىرىم، سىلەرگە «غايىب ئانا» نىڭ قارغىشى تەگدى. مۇشۇ غۇربەتچىلىككە يەنە ئازراق چىداڭلار. تەگرى سىلەرگە شۇنداق بىر قۇتلۇق ئوغۇل بۇيرۇدىكى، ئۇ ئۆز ئىچىڭلاردا پات يېقىندا دۇنياغا كەلگۈسى. ئۇنىڭ بەلگىسى تۇغۇلۇشى بىلەنلا كۆكتە چاقماقلار چېقىلىپ

① كائونا «جوڭگودىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ مىفلىرىنى تۈرلەرگە ئايرىش ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيىسى يامانلاش ئۈچۈن. تەييارلىغان ئىلمىي ماقالىسىدىن ئېلىندى. بۇ ئەپسانىدە ئوۋ تەگرىسى، «غايىب ئانا» نىڭ ئوبرازى نامايان قىلىنغان.



پۈتۈن ئالەمنى قارا تۇمانلار قاپلايدۇ. مانا
شۇ بەلگە بىلەن بىللە يارالغان ئوغۇل
سىلەرنى غۇربەتچىلىكتىن قۇتقۇزىدۇ. بۇ
قىرىق ئوقلۇق ئوقيا كەلگۈسىدىكى ئوغۇل-
نىڭ ئوۋغا ئىشلىتىدىغان قورالىدۇر،
دەپتۇ - دە، قولىدىكى ئوقيانى قىرىق
تال ئوقى بىلەن ئاقساقالنىڭ يېنىغا تاش-
لاپلا غايىب بولۇپتۇ. ئاقساقال ئويغىنىپ
قارىسا، چۈشىدە كۆرگەن ئوقيا قىرىق تال
ئوقى بىلەن يېنىدا تۇرغىدەك، بۇنى
كۆرۈپ پۈتۈن ئەل شاد - خورام بولۇپ خۇشاللىققا
چۆمۈپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا «ئوۋ پىرى»
ئېيتقان بەلگىلەر كۆرۈنۈپ، ئوغۇل دۇنياغا
كېلىپتۇ. ئۇ ئوغۇل شۇنداق تېز چوڭ-
يىپتۇكى، بىرىنچى قىرىق كۈندە مېڭىپ-
تۇ، ئىككىنچى قىرىق كۈندە سۆزلەيدىغان
بوپتۇ، ئۈچىنچى قىرىق كۈندە ساداق
تارتىدىغان بولۇپ، ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇنىڭ
ئۈزگەن ئوقىدىن قاناتلىقلارمۇ قېچىپ
قۇتۇلالمايدىكەن... كۈنلەرنىڭ بىرىدە
ئوۋچى بىر توپ كېيىكلەر ئىچىدىن سېمىز
بىرسىگە ئوق ئۈزەي دەپ تۇرۇشىغا،
خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك بىر ئاق
چاچ موماي ئوۋچىنىڭ ئالدىدا پەيدا
بولۇپتۇ - دە، ھەممە كېيىكلەرنى باشلىغان-
چە تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ كېتىپتۇ.
ئوۋچىمۇ كەينىدىن ئۆڭكۈرگە كىرىپ
قارىغۇدەك بولسا، بىرمۇ كېيىك يوق.
پەقەتلا ھېلىقى ئاق چاچ موماي ئولتۇر-
غىدەك. ئوۋچى بۇ مومايغا ھۆرمەت بىلەن
سالام بېرىپتۇ، موماي ئوۋچىنىڭ سالىمىنى
ئىلىك ئېلىپ، ئوۋچىغا كېيىكنىڭ تۇيىقىدا
ئۇسسۇزلۇق سۇنۇپتۇ. ئوۋچى شۇنچە
ئىچسىمۇ تۈگىتەلمەپتۇ. ئاخىرى موماي
ئوۋچىدىن:

ــ بالام، كېيىك بىچارىلەرنى قىرـ
ۋەتكەنلىكىڭىزدىن 10 قېتىم بېشارەت
بەرسەمۇ ئۇنىمدىڭىز. نېمە ئۇچۇن
بۇنداق قىلىسىز؟ سىزگە زادى نېمە
كېرەك؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ئوۋچى ئۆز
ئېلىنى بېقىش ئۇچۇن شۇنداق قىلىشقا
مەجبۇر ئىكەنلىكىنى مومايغا تەپسىلىي
چۈشەندۈرۈپتۇ. بۇنى ئۇققان موماي
قاتتىق بىر ئۇھ تارتىپتۇ ـ دە:
ــ بالام تالاغا چىقساڭ ھېلىقى سەن
ئاتماقچى بولغان قارا تىكە تۇرىدۇ.
شۇنىڭغا ئەگەشكىن. ئۇ خەلقىڭگە بىر قانچە
ئون يىل يەتكۈدەك ئوزۇقلۇق تېپىپ
بېرىدۇ. بۇندىن كېيىن ئوۋچىلىق قىلغۇچى
بولماڭلار ــ، دەپتۇ ـ دە، كۆزدىن غايىب
بولۇپتۇ. ئوۋچى تالاغا چىقسا راستتىنلا
بىر قارا تىكە يول باشلاپتۇ. ئوۋچى
ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭا ـ ماڭا ئاخىرى
خىلۋەت بىر جىلغىنىڭ تاقالغان يېرىدە
قارا تىكەمۇ ئوۋچىنىڭ كۆزىدىن غايىپ
بولۇپتۇ. بۇ يەردە ئوۋچىنىڭ ئېلىگە بىر
قانچە ئون يىل يېسىمۇ تۈگىتەلمىگىدەك
گۆش ۋە ھەر خىل مېۋىلەر تۇرغىدەك.
شۇنداق قىلىپ ئوۋچى ئۆز ئېلىنى بۇ
تەييار نېمەتلەر بىلەن بېقىپ، پۈتۈن ئەل
باياشاتتا ياشاپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن بۇ
ئەل ئوۋچىلىق قىلمايدىغان بولۇپتۇ.

## ئايال تەڭرىنىڭ ئالەمنى بىنا قىلىشى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا پۈتۈن ئالەمدە
پەقەت چەكسىز سوزۇلغان قاراڭغۇلۇققا
چۆمۈلگەن ئاسماندىن باشقا ھېچقانداق
نەرسە يوق ئىكەن. مانا شۇ ئالەمنى پەقەت
بىرلا ئايال تەڭرى باشقۇرىدىكەن. لېكىن
ئادەمدىن ئېگىز ۋە چوڭ ئىكەن. ئادەتتىكى
چاغلاردا ئۇ ئۇخلايدىكەن. ئويقۇدىن ئويغىـ
نىپ كېرىلگەندە ئۇنىڭ بەدىنى پۈتۈن
يەر يۈزىنى قاپلاپ كېتىدىكەن. غولىچىنى
يايسا پۈتۈن ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ
چېتىگىچە يېتىدىكەن. كۆزىنى ئاچسا ئالەم
يورۇيدىكەن. كۆزىنى يۇمسا ئالەمنى
قاراڭغۇلۇق باسىدىكەن. ھەربىر نەپەس
ئالسا گۈلدۈرمامىلار گۈلدۈرلەپ، چاقماق
چېقىپ پۈتۈن ئالەم زىلزىلىگە
كېلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئايال تەڭرى
زېرىكىپ بىر دەم تارتىپتىكەن، دۇنيادىكى
بارلىق چاڭ ـ توزانلارنى ئىچىگە بىراق
سۈمۈرۈپ ئاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ
يۇتۇۋالغان چاڭ ـ توزانلىرىنى قايتا
قۇسقاندا ئۇنىڭدىن ئاي، كۈن، يەر، يۇلتۇز،
ئادەم ۋە باشقا جان ـ جانىۋارلار، ئۆسۈمـ
لۈكلەر پەيدا بولۇپتۇ①..

## يەرنىڭ پەيدا بولۇشى②

ئەڭ قەدىمكى زاماندا پۈتۈن
ئالەم سۇ بىلەن تولغانىكەن. تەڭرى بىلەن
ئەڭ دەسلەپكى ئادەم ئىككىنسى شۇ سۇ
بىلەن قاپلانغان كۆك دېڭىزنىڭ يۇقىرىـ
سىدا تۇرۇپ، ئادەملەرگە دېڭىزنىڭ تېگىـ
دىن تۇپا ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇپتۇ.
ئادەم تۇپىنى ئەكەلگەندىن كېيىن تەڭرى
ئۇ تۇپىنى دېڭىزغا چېچىپتۇ، ھەم

① بۇ ئەپسانە يۇقىرىقى مەنبەدىن ئېلىندى.
② بۇ ئەپسانە يۇقىرىقى مەنبەدىن ئېلىندى.

«دۇنيا، سەن بىر شەكىلگە ئايلانغىن» — دەپ بۇيرۇق قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تەڭرى ئادەمگە يەنە تۇپا ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. لېكىن، ئادەم ئەكەلگەن تۇپىنىڭ بىر سىقىمىنى تەڭرىگە بېرىپ، يەنە بىر سىقىمىنى تەڭرىدىن يوشۇرۇپ ئۆزى يۇتۇۋاپتۇ. تەڭرى تۇپىنى يەنىلا سۇغا چېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇپا بارغانسېرى قېتىپ، يوغانلاپتۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئادەمنىڭ يۇتۇۋالغان تۇپىسىمۇ بارغانسېرى چوڭىيىپ، ئادەمنىڭ جېنىغا ئارام بەرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم تەڭرىدىكە يالۋۇرۇپ، ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىپتۇ، ھەم ئاغزىدىكى تۇپىنى قايتىدىن قۇسۇپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن يەر پەيدا بولۇپتۇ.

## «يەتتە قاراقچى» يۇلتۇزى

كۆك ئاسماندا جىمىرلاپ تۇرغان «يەتتە قاراقچى» يۇلتۇزى ئۆز زامانىسىدا ئۇچىنغا چىققان ئوغرى ئىكەن. ئۇلار خەلققە تىنچلىق بەرمىگەچكە ئادەملەر بىرلىشىپ، ئۇلارنى تۇتماق بوپتۇ. ئاخىرىدا قىلمىشى چېكىدىن ئاشقان بۇ يەتتە قاراقچى خەلقنىڭ جازاسىدىن قېچىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئالدىدىكى تۆتى باشلىغۇچى، كەينىدىكى ئۈچى ئەگەشكۈچى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىككى يورۇق يۇلتۇز بولسا، ئۇلارنى قوغلاپ چىققان ئىككى باتۇرنىڭ سىياقى ئىكەن. ئىككى باتۇرغا ياندىداش تۇرغان ئىككى يورۇق يۇلتۇز بولسا، بۇ باتۇرلارنىڭ مىنىپ چىققان ئېتى ئىكەن. بۇ ئاتلار تۆمۈر قوزۇققا باغلاقلىق ئىكەن. ئاتلار قوزۇقنى چۆگىلەپ ياياليدىكەن. يەتتە قاراقچى ئاشۇ ئىككى ئاتنى (ئاق بوز ئات بىلەن كۆك بوز ئات) قانداق قىلىپ بولسىمۇ ئوغرىلاشنىڭ يولىنى ئىزدەيدىكەن. لېكىن ئىككى باتۇر كۆزدىتىپ تۇرغاچقا ئوغرىلار يېقىن كېلەلمەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئوغرىلار ئۆزىنى يوشۇرۇپ كۆزگە كۆرۈنمەيدىكەن. ①

## يوپپىتىر — «ئېشەك قىرغان» ھەققىدە

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سودىگەرلەر ئېشەكلەرگە يۈك ئارتىپ كېتىۋېتىپ يولدا بىر ئۆتەڭگە كېلىپ قونۇپتۇ. ئۆتەڭ ئىگىسىگە: «چولپان يۇلتۇزى چىققان ۋاقىتتا بىزنى ئويغىتىۋەتكىن» دەپ تاپىلاپتۇ. بىر چاغدا كۆزەتكۈچى يوپ-يورۇق بولۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان يوپپىتىرنى كۆرۈپ: «چولپان تۇغدى، ئەمدى يولغا چىقىڭلار» دەپ سودىگەرلەرنى ئويغىتىپتۇ. سودىگەرلەر تاڭ يېقىنلاپ قاپتۇ، دەپ ئالدىراش يۈكلىرىنى ئېشەككە ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. لېكىن تاڭ ئاتماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىۋىرغان چىقىپ، يەمگە تويمىغان ئېشەكلەر توڭلاپ قىرىلىپ (ئۆلۈپ) كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، يوپپىتىرنى «ئېشەك قىرغان» دەپ ئاتاپتۇ.

---

① بۇ ئەپسانە ئاسترو - كوسمولوگىيىلىك مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدىكى ئېتنولوگىيىلىك قاراشلارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## ئىككىلىك پەرقى بار

ناسقا ئوخشاش بىر نەرسىنى دائىم بۇرنىغا پۇرايدىغان بىرسى تەجەللىدىن:

— ھەزرىتىم، ناسۋالنى ئاغزىغا چەككەن بىلەن بۇرنىغا چەككەننىڭ قانچىلىك پەرقى بار، — دەپ سوراپتۇ. تەجەللى: ئىككى بارمىقىنى بۇرنى بىلەن ئاغزىنىڭ ئارىلىقىغا قويۇپ تۇرۇپ:

— ئىككىلىك پەرقى بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## نېمە يامىنكەن؟

تەجەللى قەشقەردىكى بىر دوستىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپتۇ. تەجەللىنىڭ ساز ئاڭلاشقا ئامراقلىقىنى بىلگەن دوستى سازچى چاقىرتىپ، بىرقانچە دوستى بىلەن مەشرەپ تۈزۈپتۇ. ئولتۇرۇش تازا قىزىغاندا، سىرتتىن بىرسى ھودۇققان ھالدا:

— ××× ئاخۇنۇم كىردى، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان سازەندىلەر سازلىرىنى يوشۇرۇپتۇ، سىرتتىن ھېلىقى ئاخۇنۇم كىرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن تەجەللى:

— بالىلىرىم نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. سازەندىلەر جاۋابەن:

— بۇ ئاخۇنۇم سازنى ناھايىتى ئۆچ كۆرىدۇ، — دەپتۇ. بۇنىڭغا غەزەپلەنگەن تەجەللى ئاخۇنۇمنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماستىنلا زەردە بىلەن:

— دائىم ئىشەكنىڭ ھاڭرىغىنىنى ئاڭلايمىز-يۇ، ئۆزىمىزنىڭ گۈزەل ئاۋازلىق چالغۇمىزنى ئاڭلىساق نېمە يامىنكەن؟ — دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن مەشرەپ قايتا باشلىنىپتۇ.

## ئۈچ مۇھىم شەرت

تەجەللىنىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدىغان بىر كىشى:

— ھەزرىتىم، ئىككىسىلەننىڭ كۆڭلىمىز خېلى يېقىن، ئەمما مېنىڭ ئۆيۈمگە بىرەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uighurkitap.com



قىيتمىمۇ بارمىدىلا، بۈگۈن بىر بېرىدىپ كەلسىلە ناھايىتىمۇ خۇشال بولاتتىم، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تەجەللى:

— مېنىڭ مۇھىم ئۈچ شەرتىم بار. ئەگەر مۇشۇنىڭغا كۆنسىڭىز بارىمەن، دەپتۇ، ھېلىقى كىشى قول باغلاپ تۇرۇپ:

— ۋاي ھەزرىتىم، قانداق شەرتلەر بولسا كۆنىمەن، — دەپتۇ. تەجەللى:

— بىرىنچى شەرتىم: مېنى ئۇرمايسەن.

بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى كىشى ھەيران بولغىنىدىن قول باغلاپ تۇرۇپ:

— ۋاي ھەزرىتىم، سىلىنى ئۇرغىلى بولامدىغان، — دەپتۇ، تەجەللى يەنە:

— ئىككىنچى شەرتىم: ماڭا زەھەر يېدۈرمەيسەن، — دەپتۇ، ھېلىقى كىشى تېخىمۇ ھەيران قېلىپ، قول باغلاپ تۇرۇپ:

— ۋاي ھەزرىتىم، ئۆزلىرىگە ئۇنداق قىلغىلى بولامدىغان، — دەپتۇ.

— ئۈچىنچى شەرتىم: مېنى تۇرمىگە سولاپ قويمايسەن، — دەپتۇ. ھېلىقى كىشى قول باغلاپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ۋاي ھەزرىتىم، ئۆزلىرىنى ھەرگىز ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ.

تەجەللى بىلەن ھېلىقى كىشى ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرسا، ئۆي ئىگىسىنىڭ بالىسى كىرىپ، دادىسىنى خاپا قىلىپ قويۇپتۇ، دادىسى ئاچچىقىدا بالىسىنى ئۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن تەجەللىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— مېنى نېمىشقا ئۇرىسىز؟ — دەپتۇ. ھېلىقى كىشى:

— يوقسۇ ھەزرىتىم، مەن ئۆز بالامنى ئۇردۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تەجەللى:

— ئاشۇ قىلغىنىڭىز مېنى ئۇرغىنىڭىز بولمامدۇ، — دەپتۇ.

ئۆي ئىگىسى ئىنتايىن خىجىل بولۇپتۇ.

بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن تەجەللىگە تاماق ئېلىپ كىرىپتۇ، تەجەللى تاماقنى تولۇق يەپ بولماي تۇرۇپلا توختىۋاپتۇ، ئۆي ئىگىسى:

— باقسىلا، ھەزرىتىم دەپ زورلاپ تۇرۇۋاپتۇ. تەجەللى ھەزرىتىم:

— نېمىشقا ماڭا زەھەر يېدۈرىسىز؟ — دەپتۇ. ئۆي ئىگىسى:

— يوقسۇ ھەزرىتىم، مەن سىلىنى تاماققا زورلىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تەجەللى:

— تاماقنى كۆپ يېيىشكە زورلاش زەھەر بولماي نېمە؟ — دەپتۇ. ئۆي ئىگىسى ناھايىتىمۇ خىجىللىق ھېس قىپتۇ.

تەجەللى بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ قايتىشقا تەمشىلىپتۇ. ئۆي ئىگىسى:

— بۇ تۈنجى قېتىم كېلىشلىرى، ئۇنداق قىلماي بىردەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ، تەجەللى بۇنىڭغا سەل خاپا بولۇپ:

— نېمە ئۈچۈن مېنى تۇرمىگە سولاپ قويىسەن؟ — دەپتۇ. ئۆي ئىگىسى تەجەللىنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. بۇ، ئۆزى ھاڭ-تاڭ قاپتۇ.

## ئەدەبلىش

تەجەللىنىڭ يەكەندىكى ئىزامىدىن ئىسىملىك كۆرەڭ بىر دوستى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئىزامىدىن ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ. تەجەللى ئۇنىڭدىن:

— ئەھۋالىڭ قانداقراق، — دەپ
سوراپتۇ. نىزامىددىن:
— ھازىر كۆڭلۈم ئوبدان بولۇپ
قالدى. ئىلگىرىكىدەك قاتاردا يوق ئەمەس.
بەگ - غوجاملار بىلەن باردى - كەلدى،
ئولتۇرۇش - قوپۇشتا بىرگە ئۆتۈۋاتىمەن، —
دەپتۇ. تەجەللى:

نىزامىددىن مۆتىۋەر،
ئىبلىس بىلەن باراۋەر.
بەگكە بەرمە......
بەرسەڭ ئەگەر ماڭا بەر.

دېگەندىكەن، نىزامىددىن ئوسال ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

## كەمتەرلىك

تەجەللى خۇش چاقچاق، ھازىر جاۋاب شائىر بولۇپلا قالماي سەممىمىي، ساپ دىل كىشى ئىكەن.

بىر قېتىم خۇمۇلى (ئالىم ئەھمەد زىيائىينىڭ دادىسى موللاخۇن ھاجى) قاغىلىققا بېرىپتۇ. تەجەللى بىلەن تۇنجى قېتىم دىدار كۆرۈشۈپ ھاياجانلانغان خۇمۇلى سالاملاشقاندىن كېيىنلا:

بۇ دەم مۇشتاقى دىدارى تەجەللى،
ھەمىن دەم تافت ئەنۋارى تەجەللى.

مەنىسى:
(تەجەللىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار ئىدىم. مانا ھازىر تەجەللىنىڭ نۇرلىرى كۆز ئالدىمدا جۇلالاپ تۇرۇپتۇ.) دېگەنىكەن.

تەجەللىمۇ خۇمۇلىغا دەرھال ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىدىغان مۇنداق بىر بېيىت بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

باتىن جو دىۋە ئەمۇ بىزاھىر پىرىشتەئەم،
بارۇدى مەئسىيەت سەراپا سىرىشتەئەم.

مەنىسى:
(ئىچىم دىۋىدەك، ئەمما زاھىردا① پەرىشتىدەكمەن،
باشتىن - ئاياغ گۇناھىنىڭ تۈتۈنى بىلەن بۇلغانغانمەن.)

ئېيتىپ بەرگۈچى:
قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىدىن: شەمئۇلداخان خوجا قاتارلىقلار.
توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇختەر مامۇت مۇھەممىدى

① كۆرۈنۈشتە.

www.uyghurkitap.com

# قوشاقلار

پاناھسىز قالغان يېتىم،
ھەرگىز چىقمايدۇ يولۇ.
ئاچ، يالاڭغاچ يۈرۈدۇ،
ئۆزى رۇزۇنۇڭ قۇلۇ.

خەلقنى باش ئەگدۈرگەن،
ئۇنۇڭ قانلىق قامچىسى.
تۇردۇ دېگەن گالۋاڭمۇ
بوپتۇ بەگنىڭ غالچىسى.
چوڭۇيۇپ پاتماغانغا،
يىرتىلغاندۇ ئالچاسى.

خەقلەر نىمە قىلغاندۇ،
دەلدەكچىسى تۇردۇغا.
رەھىم قىلماي ھايدايدۇ،
باش ئۆكتەنىڭ تۇغۇغا.
يەرگە چەكمەل كىپەنلىك،
ئاشى ئوخشار ئاغۇغا.

ئانام مېنى تۇغمىسا،
بۇ دەردلەرگە قالمايتتىم.
سارەم مەندىن جان دېسە،
تەييار تۇرۇپ يانمايتتىم.
يارىم بىلەن بىر بولسام،
ئۆمرۈم بويى قانمايتتىم.

يوقسۇزلۇق قولى مېنى،
قاتقۇزمىدى يارىمغا.
بايمۇ قۇلاق سالمادى،
مېنىڭ يىغا-زارىمغا.
مەن كۈنۈمنى تاپشۇردۇم،
ياراتقان خۇدايىمغا.

*　*

بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى،
تۈگۈلۈك باراشى يارىپ.
ھاشارچىغا يېتەلمەي،
كەلدىم بوستاندىن يانىپ.
گايىت بىر سويىما بەردى،
تۇرسام قورساقىم ئاچىپ.

لايسۇلۇقلار ئورايدۇ،
ئالتىنچى ئايدا ئورمانى.
يار قاشىغا باراي دەپ،
تاپالمادىم ئامالنى.
چۆل قۇدۇقتىن ئۆتكەندە،
تىلەپ يېدىم سويمانى.

*　*

ئاچچىقنى① ياقاسىدا،
تېنەپ كېتىپ جامالى.
شۇ سۇنۇ ئېتىۋالىپ،
لايسۇغا بول ئۇگالى.
بىزگە ئۇگالى بولماسۇن،
ساۋۇت بەككە بارالى.

*　*

مېنى سوراپ كەلىپتۇ،
جانىم ئانام ئالماخان.
بىر چىنە سۇ بەرمەدى،
باي ئاغچىسى زورەمخان.
ئەسلىدە بىز بىر تۇغقان،
دەككە بەردى مەرەمخان.

① ئاچچىق — دەريا ئىسمى

* *

بۇ يەردىن ماڭسان كۆنى،
يىراق ئۇزاپ كەتمەيدۇ.
شايارىدىن كەلگەن ئۇنلار،
بىر چاڭگالدىن يەتمەيدۇ.
قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن
قېچىپ كەتسە كەتمەمدۇ.

بۇ يەردىن قاچقان كۆنۈ
چۆل قۇدۇققا يەتكەندۇ.
بۇ زۇلۇمنىڭ دەستىدىن
ئۆيگە قېچىپ كەتكەندۇ.
گۆدەك باللا بىلمەيدۇ،
ئىككىسى بىر دەردمەندۇ.

ئالدىمدا ماڭىپ كەتتى،
غوداي بىلەن سالدامچى.
ئادەم ئاتمىش دەپ ئۆتتى،
جىگدە باشلام يالغانچى.
ئېشەك باققان باللار،
ئوغرىلاپتۇ ئاغامچى.
ئاغامچىنى سېتىپتۇ،
ئېشەك باققان باللار.
ئۇنى كىشى ئاڭلىسا،
تاشا كەنتلىك تاۋلار①.
قارا قاسىم دىدى، دەپ
ئارام بەرمەي قاۋلار.
ئارام بەرمەي قاۋلار،
بىزنى يەنجالىڭ قاسىمنى.
بۇ يەردە كىم بىلىپتۇ،
چوڭ مەلدە ھاشىمنى.
بارغاندا بىز كۆرەرمىز،
نەچچە رەھەت، تازىمنى؛
نەچچە رەھەت تازىمنى،
قاچانغا ئۇنۇتالى.

① تاۋا — ئەيپلەش

ئاچالنى ئېتىۋالىپ،
بۇگۇرنى قورۇتالى.
دىلدىرام ئىزى بىلەن
سۇنى ئاياغ تاتالى.

بىزگە ھاشار چاپقۇزدى،
سۇنۇ جىق كىبلەدۇ، دەپ.
ئوسا قىلىپ تېرىسا،
ئاشنى جىق بېرەدۇ، دەپ.
بىز خۇداغا يىغلايمىز،
باللارغا نان تىلەپ.

قوي باقمەن جاڭگالدا،
ئۆيگە كەلمەي يىل بويى.
ئازابلايدۇ ئاش بەرمەي،
يوقاپ كەتسە بىر قويى.
مېنى قۇل قىلىپ ئالغان،
يۇنۇس بەگنىڭ مال - پۇلى.

ئاتام مېنى ئەپ كەتسە،
ساقىيادۇ ئاغرىقىم.
يۇنۇس بەگنىڭ زۇلمىدىن،
قۇرۇپ كەتتى ئىچ - باغرىم.
باينىڭ پۇلى يىلمەيمىز،
ئېتىلىپ كەتتى ئاغزىم.

سەككىز يىل بولدى ماڭا،
توگ بەيدىغان قەرزمۇ؟
ئاڭلانماغان ئوخشايدۇ،
شاگىيۇغا تۇتقان ئەرزمۇ.
مېنى بايغا قۇل قىلغان،
خۇدايىم پۈتكەن پەرزمۇ؟

* *

ھەجگە ماڭدى يۇنۇس بەگ،
قانات ياساپ پولىدا.
جان بىيويتۇ، ئاگلىساق،
ھەرە مەتنىك پولىدا.
تاپقان ئوغۇل - قىزىگنى
قويدۇك كىمىنىك قولىدا.

تۇپلاپ رەتلىنگۈچى: مويىدىن سايىت

# ئىستېداتلىق ئالىم ـ ئىبراھىم مۇتئىي

مەھرىگۇل تۇرسۇن

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخى مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىمىزنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن كۆپلىگەن ئىجادكارلارنى كۆرىمىز. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن مول ماددىي ـ مەنىۋى بايلىقلارنى يارىتىپ، تارىختا ئۆچمەس نام قالدۇرۇپ كەتكەن. خەلقىمىز يالغۇز ئۆزىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئېلىمىزنىڭ جۈملىدىن ئىنسانلار دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشقان بۇ ئۇلۇغ ئەدىب، ئالىم، سەنئەتكارلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە خەلقىمىز ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىملار ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئىزىدىن بېسىپ، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىي مىراسلارغا ۋە ئىلغار ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ كەلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن ئېلىمىزدىكى ئەدىب، ئالىم، سەنئەتكارلارنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشكە كەڭ پائالىيەت يولى ئېچىپ بېرىلدى. ئالىملىرىمىزنىڭ ئەمگىكى بەدىلىگە ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە كۆپلىگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بولۇپمۇ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلارنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش، تېكىستولوگىيە، دىئالېكتولوگىيە، ئەدەبىياتشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىق ساھەلىرىدە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

يۇقىرىقى مۇھىم نەتىجىلەر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە ئۇزاقتىن بۇيان ئىزچىل ئىلمىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئالىملىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. مانا شۇ نەتىجىلەرنى قولغا ئالغاندا ئىستېداتلىق ئالىم ئىبراھىم مۇتئىينىڭ ئۈنۈملۈك ئىلمىي ئەمگىكى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئىبراھىم مۇتئىي 1920 ـ يىلى ماي ئېيىنىڭ 1 ـ كۈنى تۇرپان شەھىرىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. تۇغۇلۇپ ئىككى ياشقا تولغاندا ئاتىسى مۇتئىيللا ھاجىم ئالەمدىن ئۆتۈپ، بوۋىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆستى. 7 ياشقا تولغاندا بوۋىسى ئابدۇللا ھاجىم ئىبراھىم مۇتئىينى ئەلى ئىبراھىموۋ ئىسىملىك تاتار مۇئەللىم ئاچقان يېڭى مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى. ئەلى ئەپەندى ئالىي مەلۇماتلىق، قابىل، ئەنتايىن تەلەپچان ئۇستاز بولۇپ، ئىبراھىم مۇتئىينىڭ سەبىي قەلبىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. ئىبراھىم مۇتئىي بۇ ھەقتە توختىلىپ: «مەكتەپكە تۇنجى قەدەم بېسىشىم بىلەنلا شۇنداق تەلەپچان ئۇستازنىڭ تەربىيىسىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىم ـ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمدا خۇددى شەبنەم قەدىر كېچىسىدە ئۇچرىغان نۇردەك ماڭا ھايات يولۇمنى كۆرسەتكەنىدى، مېنى ئالغا يېتەكلەپ، قەلبىمدە ئۇنتۇلغۇسىز ئىز قالدۇرۇپ ئۆتكەنىدى» دەيدۇ.

ئىبراھىم مۇتىئى ئوقۇشقا كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي يۇرتىدىن ئانىسى، كۆيۈمچان بوۋىسى ئالەمدىن ئۆتتى. ئىككىنچى قېتىم يېتىم بولغان ئىبراھىم مۇتىئىنى ئاكىسى جامال ئۆزىنىڭ ھامىيلىقىغا ئېلىپ، ئۈرۈمچىدىكى تاتار مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەردى.

ئىبراھىم مۇتىئى 1935-يىلى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ، تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەدەنىيەت-ھوقۇق فاكۇلتېتىدا بىلىم ئېلىشقا كىرىشتى. ياش ئىبراھىم مۇتىئى ئەجدادلارنىڭ: «ئىلىم-پەننى سۆيۈش، ئۇنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش — ئىنسانىي تەرەققىياتقا ۋە يۈكسىلىشكە يۈزلىنىشكە ئىگە قىلىدىغان ئامىلدۇر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىگە چىن مەنىسى بىلەن ئەمەل قىلىپ، بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا غەيرەت بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشتى. بىر تەرەپتىن رۇس تىلىنى ۋە ئاساسىي پەنلەرنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. ئىككىنچى تەرەپتىن س. يې. مالوفنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقى ۋە تۈركىي تىللار توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى پىششىق ئۆگەندى. ئىبراھىم مۇتىئى بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بىر ئالىمنىڭ ساھەدە ئىزدىنىش ئۈچۈن، شۇ ساھەدە ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئىمكان قەدەر پىششىق تونۇشۇپ چىقىش كېرەك» دەپ، ئۆز تەجرىبىسىنى يەكۈنلىگەن. ئىبراھىم مۇتىئى شۇ داۋاملىق توغرا تونۇش ۋە مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە بىلەن ئۆزلۈكسىز بىلىم ئاشۇرۇشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى خىزمەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا مۇستەھكەم ئۇل سالدى.

ئىبراھىم مۇتىئى ئوقۇشنى تاماملاپ، 1937-يىلى تاشكەنتتىن قايتىپ كەلدى. ئالىمنىڭ ئىلمىي ھاياتى ئەنە شۇ يىلدىن باشلاندى. دەسلەپ، يەنى 1937-يىلى 10-ئايدا ئىبراھىم مۇتىئى (سەيپۇللايۇپ، ئابلىمىت ھاجىيۇپ قاتارلىق ئۈچ كىشى بىلەن بىللە) شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەندى. ئىبراھىم مۇتىئىگە پېداگوگىكا پېنى تەقسىملەندى. ئىبراھىم مۇتىئى شۇ دەۋرلەردە پېداگوگىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسى ھېسابلانغان رۇس كلاسسىك ئۇشىنسكىينىڭ «پېداگوگىكا» ناملىق ئەسىرىنى رۇسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ ساقچى ئىنىستىتۇتى، مەكتەپ قارىمىقىدىكى تەرجىمانلار كۇرسى، شىنجاڭ شۆيۈەنى، شىنجاڭ تىل مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئەدەبىيات ۋە ئۇيغۇر تىلى، مەكتەپ گىگىيېنىسى قاتارلىق پەنلەردىن دەرس ئۆتتى. شۇنداقلا شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تىل مەكتىپىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئىشلەپ، ئا- تەتقىقات، تىل ۋە تەرجىمە خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان شۇ يىللاردا ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «ئۇيغۇر تىلى سەرفى (مورفولوگىيەسى)»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ نەھۋى (سىنتاكسىسى)»، «ئۇيغۇر تىلى ئىملا تەكلىپى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ دەرسلىكلەر 1948-يىلى نەشر قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىر تۇتاش ئوقۇتۇش قوللانمىسىغا ئايلاندى.

ئىبراھىم مۇتىئى ئۆزىنىڭ ئون نەچچە يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتى توغرىسىدا

سۆزلىگىنىدە ئۆزى بىۋاسىتە دەرس بەرگەن ۋە تەربىيىلىگەن ئوتپۇللا مۇتەللىپ، ئەھمەت سۇلتان، ئابلىز نازىرى، ئىبراھىم ئەخمىدى، پەيزۇللا راخمان، ئەلقەم ئەختەم، ئىبراھىم ئۆمەر قاتارلىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نامىنى پەخىرلەنگەن ھالدا كۆرسىتىپ ئۆتتىدۇ. 1949-يىلى 70 كە يېقىن ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەن بولۇپ، بۇلار ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە بۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت، تىل-تەرجىمە ۋە نەشرىيات خادىملىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، بۇ ساھەلەرنىڭ تايانچ كۈچلىرىگە ئايلاندى.

1949-يىلى 11-ئايدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن بېيجىڭغا باردى. 1950-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 1953-يىلغىچە دۆلەت مىللىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىدى. بۇ جەرياندا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئۇيۇشتۇرغان رۇس تىلى كۇرسىدا دىڭ يىڭچاۋ قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىغا رۇس تىلىدىن دەرس بەردى. جۇ ئىنلەي زۇڭلىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. 1953-يىلى 1-ئايدا مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى رەسمىي قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىبراھىم مۇتىئىي ئۇيغۇر تەرجىمە تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. بۇ دەۋردە ئاساسەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆججەتلىرىنى، ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە ۋە نەشىر قىلىش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. پارتىيە مەملىكەتلىك 8-قۇرۇلتىيىنىڭ 1-، 2-قېتىملىق يىغىنلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىنىڭ تەرجىمە خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. بىر قاتار ئىلمىي ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسىدىكى ئاتالغۇلارنى بېكىتىش، قېلىپلاشتۇرۇپ چىقىشقا بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ قېلىپلاشقان ئاتالغۇلار ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنىڭ كېيىنكى تەرجىمىلىرىدىمۇ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» نىڭ تەرجىمىلىرىدىمۇ ئاساسەن شۇ بويىچە ئىشلىتىلدى. يەنە بېيجىڭغا يۆتكىلىپ بارغان دەسلەپكى مەزگىللەردە بېيجىڭ داشۆسىنىڭ شەرق تىللىرى پاكۇلتېتىدا تەكلىپكە بىنائەن ئۇيغۇر تىلىدىن دەرسمۇ ئۆتتى.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ تالانتلىق مۇتەخەسسىس تىل-تەرجىمە، نەشرىياتچىلىق ۋە تەتقىقات سېپىدە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان پەيتتە، سولچىل خاتالىقنىڭ كاساپىتىدىن 1960-يىلدىن تاكى 1978-يىلغىچە بولغان 18 يىل ۋاقىت ئىچىدە ئىلمىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنى ئېلىمىز زىيالىيلىرىغا يېڭى ھايات بەخش ئەتتى. 1978-يىلى ئىبراھىم مۇتىئىي ئۈستىدىكى ناھەق ھۆكۈم ئېلىپ تاشلىنىپ ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقى ئەسلىگە كەلدى. ئىبراھىم مۇتىئىي تەتقىقات پائالىيىتىنى قايتا باشلىدى. 1978-يىلدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتىدا تەتقىقاتچى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە تەتقىقاتچى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل-تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

ئىبراھىم مۇتىئى ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتى داۋامىدا قانچىلىك توسقۇنلۇقلارغا ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرگە يولۇقمىسۇن، ئىلمىي ئىزدىنىشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى.

ئالىمنىڭ تەرجىمە پائالىيىتى 1937-يىلى ئوقۇتقۇچى ۋاقتىدا چېخ پېداگوگى ئاموس كامېنسكىنىڭ «پېداگوگىكا» ناملىق ئەسىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن باشلانغان. 1939-يىلىغا كەلگەندە، «شىنجاڭ گېزىتى» دە تاس-س نىڭ خەۋەرلىرىنى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىشلىدى.

ئالىمنىڭ ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى «تۈركىي تىللارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ماقالىسى بىلەن باشلاندى. جۇڭگودا تۇنجى قېتىم مەھمۇد قەشقەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تونۇشتۇرۇلغان بۇ ماقالە 1948-يىلى نەنجىڭدا چىقىدىغان «ھازىرقى دەۋر» ژۇرنىلىدا (خەنزۇ تىلىدا) ئېلان قىلىنىپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا سازاۋەر بولغانىدى.

ئالىم 50-يىللىرى تەرجىمە-تەھرىرلىك ۋە ئاتالغۇ مەسىلىلىرى بويىچە چوڭقۇر ئىلمىي ئىزدىنىشلەردە بولدى. شۇ قاتاردا چىيەنلۇڭ خان زامانىسىدا تۈزۈلگەن «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» نى نەشر قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ زور كۈچ چىقاردى. بۇ لۇغەت مانجۇ، تىبەت، موڭغۇل، ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىنىڭ ئۆزئارا سېلىشتۇرما لۇغىتى بولۇپ، تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە مۇھىم تارىخىي يادىكارلىقلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ لۇغەتنىڭ نەشر قىلىنىشى ماھىيەتتە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنى قىممەتلىك تەتقىقات مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتتى. خەلقئارادىكى 20 نەچچە پەنلەر ئاكادېمىيىسى بۇ لۇغەتنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ، مىللەتلەر نەشرىياتىغا تەبرىكنامە ئەۋەتتى.

ئىبراھىم مۇتىئى 70-يىللاردا كورلىدىكى ۋاقتىدا كېچىلىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى سۆزلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئىشلىدى، ئۇنى نەشرگە تەييارلاشنىڭ پىرىنسىپلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ دەسلەپكى پىكىرلەرنى تەييارلىغانىدى.

بەختكە يارىشا 1978-يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىش خىزمىتىنى ئۆزىنىڭ نۇقتىلىق پەن-تەتقىقات تۈرى قىلىپ بېكىتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئالىم «دىۋان» نىڭ ئۇيغۇرچىسىنى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىگە مەسئۇل خادىملاردىن بىرى سۈپىتىدە قاتناشتى ۋە «دىۋان» نى تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىشنىڭ ئاساسىي قائىدە-پرىنسىپلىرىنى ئىشلەپ چىقتى. بۇ قائىدە-پرىنسىپلار «دىۋان» نىڭ ساغلام ئىشلىنىپ نەشردىن چىقىشىدا ئالاھىدە رول ئوينىدى. چوڭ ھەجىمدىكى بۇ ئۈچ توملۇق «دىۋان» ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن نەشردىن چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئالىمنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى گۈزەل ئارزۇسى ئاخىرى رېئاللىققا ئايلاندى. پېشقەدەم ئالىم بۇ ھەقتە توختىلىپ: «يولداش چىڭخۇانىڭ: «دىۋان» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» نى تەرجىمە قىلماسلىق — بۇ بىر جىنايەت» دېگەن سۆزى ماڭا مەدەت ۋە ئىلھام بولغانىدى» دەيدۇ.

بۇ شاھانە ئەسەر مۇئەللىپ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆز ئېلى ۋە ئۆز تىلىدا، ئۆز ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغانلىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى تارىخىي خارەكتېرلىك زور ۋەقە بولۇپلا قالماستىن بەلكى، خەلقئارا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلىم-پەن ساھەسىدىمۇ چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. بېيجىڭدىكى ئاتاقلىق ئالىم فۇ ماۋجى: «بىروككىلمان «دىۋان» نى ئىشلەشكە 10 يىل ۋاقىت سەرپ قىلغانىدى، سىلەرنىڭ 3-4 يىل ئىچىدىلا ئىشلەپ چىققىنىڭلار ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى زور ۋەقە بولدى» دەپ ئالاھىدە تەبرىكلىدى.

ئالىم ئىبراھىم مۇتىئى ئۆز خىزمەتدىشى، تونۇلغان مۇتەخەسسىس مىرسۇلتان ئوسمانوۋ بىلەن بىللە «دىۋان» يېزىلغان دەۋردىكى ئەدەبىي تىل - خاقانىيە تىلىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى خۇسۇسەن قەشقەر، خوتەن شىۋىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى كونكرېت ئەھۋالى توغرىلىق قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا مەخسۇس، ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام مازىرى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، شۇنىڭدەك تارىخىي يادىكارلىقلار ۋە قەدىمكى جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى. بۇ جايلاردىكى ئاتاغلىق ئۆلىمالار، پېشقەدەم زىيالىيلار، يۇرتنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇلار بىلەن قايتا-قايتا سۆھبەت ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ياشىغان دەۋرى، يۇرتى، تەرجىمەھالى، ئەجدادلىرى ۋە مازىرى ھەققىدە نۇرغۇن يېڭى ماتېرىياللار ۋە ئىشەنچلىك، كونكرېت تارىخىي ھۆججەتلەرنى توپلاشقا مۇيەسسەر بولالىدى.

شۇ قېتىملىق ئىلمىي ئىزدىنىش ۋە جاپالىق تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق قولغا كەلگەن قىممەتلىك ماتېرىياللار، تارىخىي مەنبەلەر ئاساسىدا پېشقەدەم ئالىم ئىبراھىم مۇتىئى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد قەشقەرى» ناملىق ماقالىسىنى ھەم ئىلمىي دوكلاتلارنى يېزىپ چىقتى. شۇنىڭدەك ئالىم ئۆزىنىڭ خىزمەتدىشى مىرسۇلتان ئوسمانوۋ بىلەن بىرلىكتە «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالىنى يېزىپ چىقىپ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1984-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلدى. بۇ تارىخىي ھۆججەتلەر ئاساسىدا يېزىلغان ماقالىلەر مەملىكەت ئىچى ۋە دۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسىدە چوڭ يېڭىلىق سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىندى. يۇقىرىقى ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ش. كىبىروۋ تەرىپىدىن رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «سوۋېتسكايا تۈركولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1987-يىللىق 3-سانىغا بېسىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن 1988-يىلى نەشىر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلى بويىچە تەكشۈرۈشلەر» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلۈپ، ئالاھىدە يېزىلغان تەقرىز ئىلاۋىسى بىلەن ئېلان قىلىندى. تەقرىز ئىلاۋىسىدە «ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن تېپىلمىلار ۋە ماتېرىياللار مەخسۇس ئىزدىنىشلەرنىڭ نەتىجىسى سۈپىتى بىلەن زور ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ يۇقىرى باھا بەردى.

پېشقەدەم ئالىم ۋە [illegible] ئۇيغۇر تىلى، نۇرغۇن [illegible] تارىخىي يادىكارلىقلاردىن ئىبارەت چوڭراق ھەجىمدىكى «ئىرىق بىتىك»، «پال كىتابى» قاتارلىق تەبىرنامە ناملىق ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا يەشمە قىلىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1980-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەر شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر-

تىلىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە دۇنيا قارىشىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇھىم مەنبەلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئىستېداتلىق ئالىم ئىبراھىم مۇتىئى ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش، ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە «مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللار ۋە ئۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەتقىقات»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدا ئالدىمىزدا تۇرغان ۋەزىپىلەر»، «تۈركىي تىللار دىۋانىدا ئاساس قىلىنغان تىل — خاقانىيە تىلى ھەققىدە»، «چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنى»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تارىخىي يادىكارلىقى»، «تەرجىمە نەزەرىيىسى ھەققىدە»... قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى. بۇ ماقالىلەر ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى ۋە ئاپتور تەرىپىدىن مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوقۇلدى.

بۇ ماقالىلەرنىڭ كۆپچىلىكى تىل تارىخىغا ۋە تۈركىي تىللارنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنى تەكشۈرۈش مەسىلىلىرىگە ئائىت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پېشقەدەم ئالىم ئۆزىنىڭ بۇ بىر قاتار ماقالىلىرىدا ئۆزى توپلىغان مول تارىخىي ۋە ئەمەلىي مەنبەلەرگە ئاساسەن، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئالىملارنىڭ مۇناسىۋەتلىك پىكىر-مۇلاھىزىلىرىنى ھېسابقا ئېلىش بىلەن بىر قاتاردا، ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى، كۆز قاراشلىرىنى ۋە ئىلمىي قىياسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئالىمنىڭ بۇ ماقالىلىرى ئىچىدە 18 پارچىسى «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى» سەرلەۋھىسى ئاستىدا 1991-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن توپلام سۈپىتىدە نەشر قىلىندى. پېشقەدەم ئالىمنىڭ يۇقىرىقى ئىلمىي مەھنىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى ۋە تىلشۇناسلىقىغا قوشۇلغان زور تۆھپە ھېسابلىنىدۇ.

ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىلمىي مەھنىتى بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ۋە تېگىشلىك شۆھرەتكە مۇيەسسەر بولغان بۇ ئالىم 1989-يىلى 4-ئايدا تەكلىپ بىلەن ئامېرىكىغا بېرىپ، خارۋارد داشۆسىدە مەشھۇر ئالىم يۇسۇف ف. فلېچېرنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن «ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى» دېگەن تېمىدىكى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ يىغىندا «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا يېڭى كىرگەن دەۋردىكى ئىسلام مەدرىسلىرى» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇدى. ماقالە شۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى ۋە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىندى.

پېشقەدەم ئالىم ئىبراھىم مۇتىئى جاپالىق ئىلمىي مەھنىتى بەدىلىگە 1984-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالاندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا كادىرلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن 1986-يىلى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى كوللېكتىپ نەشرگە تەييارلىغانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە مۇكاپاتقا مۇيەسسەر بولدى.

ئىبراھىم مۇتىئى تونۇلغان ئالىم ۋە جامائەت ئەربابى بولۇش سۈپىتى بىلەن 1990-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىندى. پېشقەدەم ئالىم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5-، 6-، 7-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزا-

www.uyghurkitap.com



سى بۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ.

ئىستېداتلىق ئالىم ئىبراھىم مۇتىئى جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مائاۋىن مۇدىرى (ھازىر پەخرىي ئىجرائى ئەزاسى)، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو يەر ناملىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي مەسلىھەتچىسى، جۇڭگو مىللىي تىل - يېزىق تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يەر ناملىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى بولۇشتەك ئىلمىي سالاھىيىتى بىلەن بۇ بىر قاتار ئاممىۋى ئىلمىي تەشكىلاتلاردا تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

يېقىندىن ئالىمنىڭ نام - شەرىپى ۋە قىسقىچە تەرجىمىھالى «دەۋرىمىزدىكى جۇڭگو تىلشۇناسلىرى» قامۇسىنىڭ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالدى.

مەن بۇ ئىستېداتلىق ئالىمنى زىيارەت قىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىمدىن پەخىرلەنگەن ھالدا، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە قەدىمكى يازما يادىكارلىقلارنى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى جەھەتتە قانداق تەجرىبە - ساۋاقلىرى ۋە تەشەببۇسلىرى بارلىقىنى سورىغىنىمدا، ئالىم تەمكىنلىك بىلەن تۆۋەندىكىچە جاۋاب بەردى:

قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا، مېنىڭچە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

A. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەر تەتقىقاتى دۇنيا مىقياسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات. دانىيە، رۇسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئامېرىكىدا 18 - ئەسىردىن تارتىپ نۇرغۇن ئالىملار بۇ خىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن قىممەتلىك ئىلمىي خۇلاسىلەرنى مەيدانغا چىقاردى. شۇڭا بۇ خىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىلمىي خادىملار ئالدى بىلەن ئاشۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مۇمكىنقەدەر ئەتراپلىق خەۋەردار بولۇشى كېرەك.

B. قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ تىلى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ۋە ھازىرقى تىلىمىزدىن خېلى كۆپ پەرقلىنىدۇ. شۇڭا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىلگىرى قەدىمكى تىلىمىز ھەققىدە ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇش كېرەك.

C. قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ تىلى ھەققىدە بۇ چاققىچە نەشر قىلىنغان ھەممە تىل قوراللىرىنى مۇمكىنقەدەر تولۇق توپلىۋېلىش كېرەك.

D. قەدىمكى ئەسەرلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلى ھەققىدە ئالدى بىلەن ئوبدان تەييارلىق كۆرۈپ، بۇ ئۇسۇلنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى پۇختا ئىشلەپ چىقىش كېرەك. ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى، ئىشلىتىلىدىغان فورمۇلىلار، مەنبەلەرنى كۆرسىتىش ئۇسۇلى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر ھەققىدە پۇختا تەييارلىق كۆرۈۋېلىش ۋە ئىشلەش داۋامىدا بۇلارغا ئىزچىل ئەمەل قىلىش كېرەك.

E. ئىلمىي خىزمەت — مەسلىگە ئويېكتىپ مۇئامىلىدە بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل «ئىللا» خىزمەت. شۇڭا تەتقىقاتقا بىر ئاز مۇھىبسىيات ئامىللىرى ئارىلىشىپ قالماسلىقى كېرەك.

F. ئىلمىي خىزمەتتە بىر ئادەم ھەرقانچە زور بىلىملىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىلىمىدە ھامان بىر چەك بولىدۇ. شۇڭا بۇنى ئەستە تۇتۇپ، بىر مەسىلە ھەققىدە بىرەر

خۇلاسىگە كەلگەندە، بىرئاز ئىمكانىيەت قالدۇرۇش، گەپنى تولا مۇتلەقلەشتۇرۇپ كېتـ
ۋەتمەسلىك، «مېنىڭ تەتقىق قىلىپ بېرىپ يەتكەن جايىم مۇشۇنچىلىك. مەن ئويـلاپ
يەتمىگەن نۇقتىلار بولۇشى مۇمكىن، مۇنداق نۇقـتىلار بولسا، كېيىنكى تەتقىقاتچىلار تو-
لۇقلار، ياكى تۈزىتەر» دېگەن پوزىتسىيەدە بولۇش كېرەك. ئەكسىچە، ئۇنداق قىلماي
«مەن ھەممىنى ئىنقىلاپ بولـدۇم» دەپ تۇرۇۋالساق، بۇ ئەخمىقانە مەنمەنـلىك بولۇپ،
بىر ئىلمىي خادىمغا زادىلا ياراشمايدۇ.

G. قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتى ئۇزۇن مۇددەت، ئىزچىل ئىشلەشنى تەلەپ قىلىـ
دىغان جاپالىق خىزمەت. بۇ ساھەدە ئىشلەشكە بەل باغلىغاندا، ھەممە قىيىنچىلىقلارغا
بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، جاپاغا چىداش تەييارلىقى بولۇش كېرەك.

H. بىرمۇنچە چەت ئەل ئالىملىرى: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر ئۈستىدىكى
تەتقىقاتتا، شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىدىن چىققان تەتقىقاتچىلاردا چەت ئەللىكلەردە بولمايدىـ
غان بىرخىل سەزگۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلار ئەگەر شۇ ئۈستۈنلۈكنى ئوبدان ئىشلىتەلىسە،
بۇ خىل تەتقىقاتتا زور يېڭىلىق ئېلىپ كېلەلەيدۇ» دەپ ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. شۇڭا
چەت ئەل ئالىملىرى تەتقىق قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرنى بىز ئۆزىـ
مىز قايتا تەتقىق قىلساق، ئۇنىڭدىكى بىرمۇنچە قىيىن مەسىلىلەرنى ئوڭاي ھەل قىلىپ
چىقىپ، بۇ خىل تەتقىقاتتا بىر مۇنچە يېڭىلىقلارنى كىرگۈزۈشىمىز مۇمكىن.

ئەڭ ئاخىرىدا يەنە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، قەدىمكى ئۇيـغۇر
تىلىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنى بىر قانچە خىل مەدەنىيەت (قەدىمكى ھىندى مەدە-
نىيىتى، قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتى، قەدىمكى ئىران مەدەنىيىتى) ساھەلىرى بىلەن ئالا-
قىدار بولىدۇ. شۇڭا بۇ ساھەلەر ۋە شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك تىللاردىن ئاساسىي بىلىم
ئىگە بولماي تۇرۇپ، نۇرغۇن كونكرېت مەسىلىلەرنى ۋە ئاتالغۇلارنى توغرا چۈشە
نگىلى بولمايدۇ. شۇڭا تەتقىقات خادىملىرىمىز ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسىنى پۈتۈن كۈچ
بىلەن كېڭەيتىشى، مۇمكىنقەدەر كۆپرەك تىللاردىن خەۋەردار بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر.

قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار پۈتمەس - تۈگىمەس بىر بايلىق. تۇرپان
ۋە تارىم ئويمانلىقىدىن تېپىلغان يازما ماتېرىياللارنىڭ تېخى زور بىر قىسمى چەت
ئەللەردە (ئاساسەن گېرمانىيە، فرانسىيە ۋە رۇسىيىلەردە) ساقلىنىپ ياتماقتا. بۇلارنى
يورۇقلۇققا چىقىرىش، تەتقىق قىلىنمىغانلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئېلان قىلىش پۈتۈن بىر
ئەۋلاد تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن يېتىپ ئاشىدىغان زور خىزمەت، بۇ ھەقتە چەت ئەللەردە
قىلىنىۋاتقان تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئازلا بىر قىسمى بىزگە تونۇشتۇرۇلدى. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا
مۇشۇ ساھەدە ئاز - تولا خىزمەت قىلالىغان بولسام، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلىغان بولاتتىم.

ئىستىبداتلىق ئالىم ئىبراھىم مۇتىئى يۇقىرىقى ئارزۇسى بىلەن سۆزىنى تاماملاپ
چاچلىرىنى سىلىدى. ئالىمنىڭ ئاپئاق چاچلىرى ئەگرى تېغىنىڭ ئاق قارلىرىدىن رەڭ
ئالغاندەك. ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى ھايات سىزىقلىرى - ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى توقاي
ئۆمۈر ئەتىزلىرىنىڭ ۋە ئىلمىي مېھنەت بىلەن ئۆتكەن شانلىق تارىخىنىڭ شاھىدى ئىدى.
بىز شۇنداق ئالىملىرىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن ئىپتىخارلىنىمىز. ئالىمغا ئۇزاق ئۆمۈر،
كېيىنكى ئىلمىي مېھنىتىگە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمىز.

# تۆھپىكار ئەدىب، تەتقىقاتچى — ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

قادىر ئەكبەر

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدە كۆپلىگەن نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى، تارىختىن بۇيان قول يازما ھالىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەر رەتلىنىپ نەشر قىلىندى. «قۇتادغۇبىلىك»، «خەمسە» ۋە «رابىئە - سەئدىن» گە ئوخشاش يىرىك ئەسەرلەر ئۈستىدىكى تەتقىقات بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. جۈملىدىن سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىقى ساھەسىدىمۇ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر مەيدانغا كەلمەكتە. بۇ نەتىجىلەر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ جاپالىق مېھنىتى بىلەن بىۋاسىتە باغلىقتۇر. يازغۇچى، تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بۇ ساھەدە جاپالىق مېھنىتى بىلەن تونۇلغان پېشقەدەملىرىمىزدىن بىرى. ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى ئىش - ئىزلىرىنى باشقا مەتبۇئاتلار بىلەن بىر قاتاردا «بۇلاق» ژۇرنىلىدىنمۇ روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مەن «بۇلاق» ژۇرنىلىدا پېشقەدەم يازغۇچى ۋە تەتقىقاتچى ئۆتكۈر ئەپەندىمنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتىم. سۆھبىتىمىز تۆۋەندىكىچە داۋاملاشتى.

— ھۆرمەتلىك ئۆتكۈر ئاكا، ئالدى بىلەن سىزنىڭ 70 ياشقا كىرگەنلىكىڭىزنى قۇتلۇقلايمەن. سىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرىڭىز خەلقىمىزگە ئايان. بىر ئەسىر ئۆمرىڭىز ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىيات ئىلمىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتتى. ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغان كەڭ كىتابخانلار، ياش قەلەم ئىگىلىرى سىز بىلەن دىدارلىشىشنى، سۆھبەتلىشىشنى؛ ئەدەبىيات، ئىلمىي تەتقىقات ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت ماھارىتى، تۇغرىسىدىكى پىكىر - مۇلاھىزىلىرىڭىزنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا بۈگۈن قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ، سىز بىلەن ئىختىيارىي سۆھبەتلەشمەكچىمەن. تۆۋەندە بەزى نۇقتىلارنى سىزدىن سورىغىم كەلدى، ئەپۇ قىلىڭ!

— 70 ياشقا توشقانلىقىمنى سەمىمىي تەبرىكلىگىنىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت! ئۆزئارا سۆھبەتلىشىش ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ كۆڭۈللۈك مەشغۇلات. مەيلى ئىختىيارىي ئازادە سۆزلىشەيلى، سوئاللىرىڭىزغا قىزغىن جاۋاب بېرىشكە تىرىشىمەن.

— ئۆتكۈر ئاكا، سىزنىڭ تەرجىمىھالىڭىز بۇچاغقىچە «تارىم» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغانىدى. بۇ قېتىم مەن سىزنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى پائالىيىتىڭىزنى تونۇشتۇرماقچىمەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىزنىڭ قىسقىچە تارىخىڭىزنى سۆزلەپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— بولىدۇ، بۇ ھەققىدە ئازراق سۆزلەپ بېرەي:

مەن 1923-يىلى قۇمۇلدا ئوتتۇراھال تىجارەتچى ئائىلىدە دۇنياغا كۆز ئاچتىم. مەن تۆت ياشقا يەتكىچە ئاتا-ئانامدىن يېتىم قالدىم. دادام تىلەشنى بىلگىنىم ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا مېنى ئۆزىنىڭ سودىگەر دوستى ئوسمان ھاجىغا ئوغۇللۇققا تاپشۇردى. ئوسمان ھاجىم سودىگەرچىلىك بىلەن شەرقتە بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، چىڭداۋ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە، غەربتە بولسا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە، ئەرەبىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگىچە بېرىپ كۆپنى كۆرگەن ئوقۇمۇشلۇق، تەرەققىيپەرۋەر كىشى ئىدى. ئۇ ئۆمۈر بويى پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بولغاچقا مېنى بەكمۇ ئارزۇلاپ ۋە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىدى. دەسلەپ مېنى ئۆزى ئوقۇتتى، خەت-ساۋادىم چىققاندىن كېيىن دىنىي مەكتەپكە بەردى. دىنىي مەكتەپتە دەرسلىك قىلىنغان كلاسسىك ئەسەرلەر ئىچىدە «سوپى ئاللايار» دېگەن كىتاب تىلىنىڭ چۈشىنىشلىك، ئاممىباپ، گۈزەل، ئەسىرلىك ۋە ۋەزنىنىڭ جاراڭلىقلىقى بىلەن مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن ئىككى مىڭ مىسرالىق شېئىردىن تۈزۈلگەن بۇ كىتابنىڭ كۆپ قىسمىنى يادلىۋالغانىدىم.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوسمان ھاجىمنىڭ قېيىن ئانىسى ئامازخان موللاي ھېكايە، چۆچەكلەرنى سۆزلەشكە بەكمۇ ماھىر ئىدى. ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان كۆپلىگەن چۆچەك-رىۋايەتلەر ھېلىغىچە ئېسىمدە. بۇلار مېنىڭ سەبىي قەلبىمدە بەدىئىي ئەدەبىياتقا نىسبەتەن زور ھەۋەس قوزغىغانىدى.

ئوسمان ھاجىم تىجارەت بىلەن ياقا يۇرتلارغا كېتىپ قالغان چاغدا ئۇنىڭ ئىنىلىرى مېنى قاتتىق قورۇق-يوگۇر يېتىم ئىشلارغا سالغاندىن تاشقىرى، يەنە پادا بېقىشقا ئەۋەتتى. («قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانىمدىكى «مېنى سورىسا پادا باقسۇن، پالا ياقسۇن» دېگەن مىسرالار ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ خاتىرىسىدۇر.) مەن پادا بېقىپ يۈرگەن مەزگىللەردە پادىچى روزى بوۋا دېگەن كىشىگە ھەمراھ بولۇپ قالغانىدىم. روزى بوۋا نۇرغۇن ئىشقىي-سۆيگۈ قوشاقلىرىنى بىلىدىغان، كەچۈرگەن، تەمكىن، خۇشچاقچاق، سۆزمەن كىشى ئىدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە 1907-يىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى — «تۇرپاقلار يىغىلىقى» بىلەن 1912-يىلىدىكى تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدىكى مەشھۇر خەلق قوزغىلىڭى توغرىسىدا نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. بۇلار مېنىڭ كېيىنكى يازغان «ئىز» ناملىق تارىخىي رومانىم ئۈچۈن دەسلەپكى ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ قالدى.

1934-يىلى ئوسمان ھاجىم دادام ئائىلىمىزنى ئۈچتۇرپانغا كۆچۈرۈپ باردى.

مەن ئۇ يەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە پەننىي بىلىم ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. 1936-يىلى مېنى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. مەن ئۈرۈمچى بىرىنچى گىمنازىيىدە ئۈچ يىل ئوقۇغىنىمدىن كېيىن 1939-يىلى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا ئىمتىھان بېرىپ، ئوقۇشقا كىردىم. 1942-يىلى بۇ مەكتەپنىڭ پېداگوگىكا فاكۇلتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردۈم.

ئۈرۈمچىدىكى مەكتەپ تۇرمۇشى مەن ئۈچۈن يېڭى ھايات دەۋرى بولدى. ئوقۇش جەريانىدا مەن لىن جىلۇ، لى زىلياڭ قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنىڭ، شۇنىڭدەك دۇ جۇڭيۈەن ئەپەندى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئايۇپ مەنسۇرى قاتارلىق ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەسىرىدە چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە ئىگە بولدۇم. ئاتاقلىق يازغۇچى ماۋدۇن (شېن يەنبىڭ) ۋە جاڭ جۇڭشى قاتارلىق ئىلغار زاتلارنىڭ يېڭى پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد ۋە ئىنقىلابىي ئەدەبىياتتىن ئۆتكەن دەرسلىرىنى ئاڭلاپ، ئىدىيە ھەم كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئالغا باستىم. بۇ ھال مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىمغا تۈرتكە بولدى، ئىجادىي پائالىيىتىمگە پايدىلىق زېمىن ھازىرلاپ بەردى.

1943-يىلى باھاردا مىلىتارىست شېڭ شىسەي «تەرەققىيپەرۋەر» لىك نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزىنى گومىنداڭ قوينىغا ئاتتى. چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنى ۋە نۇرغۇن ئىلغار زاتلارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارغا دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسى ئىچىدە گومىنداڭغا قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئەۋج ئالدى. ئەلۋەتتە مەنمۇ بۇ ھەرىكەتلەردىن چەتتە قالمىدىم. شۇ توپەيلى 1944-يىلى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندىم. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىر قىسىم ئىنقىلابچىلارنى تۈرمىدىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى. مەنمۇ شۇ قاتاردا 1945-يىلىنىڭ باشلىرى تۈرمىدىن چىقىپ، نەشرىيات ئورۇنلىرىدا تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم.

ئازادلىقتىن كېيىن خېلى بىر مەزگىلگىچە ئاساسەن تىل تەرجىمە خىزمىتى، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولدۇم. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي خادىمى بولۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدىم.

تۇنجى شېئىرىڭىز قاچان ئېلان قىلىنغان؟

1938-يىلىدا شىنجاڭ شۆيۈەندە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىلا تام گېزىتىگە شېئىرلارنى يازاتتىم. ئۇ چاغدا شېئىر يېزىش ھەۋىسىم ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، بۇنى ھەقىقىي شېئىر دېگىلى بولمايتتى، بۇ پەقەت قاپىيىلىك سۆزلەر دىنلا ئىبارەت ئىدى. كېيىنچە ماھارىتىم ئۆستى. شېئىرلارنى ھەۋەس بىلەن ئەمەس، بەلكى قىزغىن ئىلھاملا

بىلەن يازىدىغان بولدۇم، بۇ چاغدا مەملىكىتىمىزدە ياپونغا قارشى ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتاتتى، بىزدە «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش» غايىسى كۈچلۈك، ۋەتەنپەرۋەرلىك كەيپىياتىمىز ئۈستۈن ئىدى. تۇنجى ئەسىرىم — «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» ناملىق لىرىك داستان «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1942 - يىل 7 - ئايدىكى سانىدا ئىككى بەتكە تولۇق بېسىلىپ چىقتى. مانا بۇنى — تۇنجى ئېلان قىلىنغان ئەسىرىم دېسەم بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن «گاڭ قانات لاچىن»، «ئىيۇل بورانلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرىم «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 42 - 43 - يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنىپ تۇردى، 1942 - يىلى «تاغچە قاندىن مىليون چېچەك-لەر» ناملىق بىر پەردىلىك دراما يازغانىدىم. ئەينى يىللاردا بۇ ئەسەر بىر پەردىلىك سەھنە ئويۇنى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ مۇكاپاتلانغان ئىدى.

— بۇنىڭدىن 40 نەچچە يىل بۇرۇن يەنى 1947 - 1948 - يىللىرى سىز بىزگە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن دەرس ئۆتكەنىدىڭىز. ئېسىمدە قېلىشىچە، سىزنىڭ «نەۋائى ئىزىنى بويلاپ» سەرلەۋھىلىك بىر ماقالىڭىزنى 1948 - يىلى «ئەرك» گېزىتى-دىن ئوقۇغانىدىم. ماقالىدا نەۋائىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن. دېمەك، 40 - يىللاردىن تارتىپ سىزنىڭ يىرىك ماقالىڭىز ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان.

— مېنىڭ ئەدەبىيات سەنئەت تەتقىقاتىغا كىرىشىم 40 - يىللارنىڭ بېشىدىلا باشلانغان. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن «مىللىي تىياتىرچىلىق سەنئىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى نېمە» دېگەن ماقالە ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىمنىڭ تۇن ى مېۋىسى ئىدى. 1947 - 1948 - يىللاردا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىلمىي مۇنازىرىلەر بولۇپ تۇراتتى. بايا سىز ئوقۇدۇم، دېگەن ھېلىقى ماقالە شۇ يىللاردىكى تەتقىقاتىمنىڭ داۋامى ئىدى. ئاشۇ يىللاردىن باشلاپ كلاسسىك ئەدەبى-يات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئىزدىنىشىمنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدىم. خۇسۇسەن 80 - يىللارغا كەلگەندە ئىلىم - پەن ساھەسىدە گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ ئىلھامى ئاستىدا كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا كىرىشىپ، بۇ ساھەدە ئاز - تولا مېھنەت قىلدىم. مەسىلەن، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەر»، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە — ‹قۇتادغۇبىلىك›»، «چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە ئارۇز ۋەزنى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىيا-تى»، «‹قۇتادغۇبىلىك› تە ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالەت تېمىسى»، «رۇبائىي ۋە ئۇنىڭ كلاسسىك نەمۇنىلىرى»، «يىپەك يولىدىكى ناخشا ئاۋازى — تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق 20 پارچىدىن ئارتۇق تەتقىقات ماقالىلىرىم مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر قىسىم گېزىت، ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ غەربىي ئاسىيا تەتقىقاتى جەمئىيىتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەمئىيىتى، شىنجاڭ «قۇتادغۇبى-لىك» تەتقىقاتى جەمئىيىتى ... قاتارلىق 8 ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى، پائالىيەتلىرىگە

www.uyghurkitap.com

ئىلگىرىلەپ قىلىپ، بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى، مۇدىرىيەت ئەزاسى بولۇشتەك سالاھىيەت بىلەن، ئىلمىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش ئىشلىرىدا ئۆز بۇرچۇمنى ئۆتەپ كېلىۋاتىمەن. بۇ ھال مېنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىمگە كەڭ پائالىيەت يولى ھازىرلاپ بەردى.

— 80 - يىللار ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىنى كەڭ كۆلەمدە تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن، ئىلمىي پائالىيەتلەرمۇ قىزغىن داۋاملاشقان بىر دەۋر بولدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئىككى زور ئەدەبىي يادىكارلىقى «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى نۇسخىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىشىغا سىز بىۋاسىتە قاتناشتىڭىز، بولۇپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەش، كىرىش سۆزىنى تەييارلاش خەنزۇچە تەرجىمىسىنى بېكىتىش ئىشلىرىغا ناھايىتى كۆپ ئەجىر سىڭدۈردىڭىز. كلاسسىك ئەدەبىي يادىكارلىقلارنى ھازىرقى زامان تىلىدا قايتا تەييارلاش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك؟ بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

— پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى «ئىلىم-پەن باھارى» دا يەنى 80 - يىللاردا كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە زور يۈكسىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى، مەرھۇم ئالىم ۋە ئەدىب ئەھمەد زىيائى، تونۇلغان تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتئىي قاتارلىق بىرمۇنچە ئىلمىي خادىملارنىڭ قاتنىشىشى ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر جەھەتتىكى ياردىمى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۈستىدە كۆپ ئىشلار قىلىندى، ئەدەبىيات خەزىنىمىزگە يەنە قىممەت باھا دۇردانىلەر قوشۇلدى. «دىۋان» ۋە «بىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «قىسسەسۇلئەنبىيا» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئۆزىمىز تەييارلىغان نۇسخىلىرى دۇنياغا كەلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ كاتتا مۇۋەپپەقىيەت دەپ مۇئەييەنلەشتۈرسەك بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، قانائەتلەنگۈدەك دەرىجىدە ئەمەسمىز. مەملىكىتىمىزدىكى باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا، قوشنا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا بىز تېخى خېلى كۆپ ئارقىدا قالدۇق. بىزدە كلاسسىك ئابىدىلەر ئىنتايىن كۆپ، ئاچتۇق دېسەك، ئۇنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىلا ئاچقاندىمىز. تەتقىقاتقا ئەستايىدىللىق بىلەن كەلسەك، ھازىرقى زامان تىلىغا ئۆرۈپ قويۇش بىلەن تەتقىقات چېكلىنىپ قالسا بولمايدۇ؛ ئەپسۇسكى، بىزدە ئەھۋال شۇنداق بولۇپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» كە سىرتتا ئوبدان تەتقىق قىلىندۇق. مۇھاكىمە، ئىلمىي مۇلاھىزىلەرنى ئۇيۇشتۇرمىدۇق. «دىۋان» ھەققىدە يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلەر بەكمۇ ئاز. «قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىقاتىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. دەرۋەقە، «بىلىك» ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىمۇ ھەقىقىي ئىلمىي سەۋىيىگە يەتتى دېيىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز! ھازىرغا قەدەر ئابدۇرېھىم نىزارىي، ھىرقىتى، زەلىلى قاتارلىق مەشھۇر نامايەندىلەرگە بېغىشلانغان مەخسۇس تەتقىقات ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلگىنى يوق، ئۇلارنى ئەتراپلىق چوڭقۇر تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلمىدۇق. «بارىغا شۈكرى» دەپ كلاسسىك ئېسىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھو-

زور ئېلىپ بېرىۋەردۇق. بۇنداق مىساللارنى كۆپلەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ!

— ئايرىم كىشىلەردە «كلاسسىك ئەدەبىياتنى ئۆگىنىشنىڭ، ئۇنى تەتقىق قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىش ئۈچۈن پايدىسى يوق» دەيدىغان قاراشلارمۇ بار. بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. كلاسسىك ئەدەبىياتنى بىلمەي تۇرۇپ، زامانىۋى ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ، كېيىن بىر پۇرسەت چىقار. بىزنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۆگىنىشكە، ۋارىسلىق قىلىشقا ۋە ئۆلگە ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئاجايىپ نەمۇنىلەر بارلىققا كەلگەن، ئىنسانىيەت بىلەن تەڭ ياشايدىغان ئۇلۇغ ئابىدىلەر يارىتىلغان. ئەنە شۇلارنى ئوبدان بىلسەك، بۇنىڭ زىيىنى بولماس ئىدى.

كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا مەخسۇسلىشىش ـ مۇتەخەسسىسلىشىش، ساھەلەر بويىچە چوڭقۇرلىشىش ئۇسۇلىنىڭ قانات يېيىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. بىزدە دىۋانشۇناسلار، بىلىكشۇناسلار، نىزارىيشۇناس، مۇتەللىپشۇناس قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر كۆپلەپ يېتىشسە، تەتقىقات سەۋىيىمىزنى ھەقىقىي ئىلمىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرگىلى بولىدۇ. بىز كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن بەدىئىي ماھارەتنى، تىل ئىپادە بايلىقىنى ئۆگىنىمىز. شۇڭا بۇ نۇقتىلار قانچىكى كەڭ تەتقىق قىلىنسا، شۇنچە پايدىلىق بولىدۇ.

كلاسسىك ئەدەبىيات بايلىقلىرىنى ئېچىش، تەتقىق قىلىش ۋە خەلققە يەتكۈزۈش جەھەتتە «بۇلاق» ژۇرنىلى خۇشاللىنارلىق ئىش قىلىۋاتىدۇ. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ خەلقىمىز ئالدىدىكى تۆھپىسىنى ھەقىقەتەن قانچە ماختىساق، ئارزىق قىلىدۇ. ھەر ساندا بىرەر كلاسسىك ئابىدە ھەققىدە تەتقىقات ماقالىسى چىقىپ تۇرسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

«... بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كۆزۈمدىن بويان ئويلاپ كەلگەن مۇنداق بىر پىكرىمنى ئېيتىپ ئۆتەي: ھازىر قەدىمكى ئابىدىلەر ئۈستىدە يېزىلغان ماقالىلەردە بىرخىل ناتوۋاپىق ئادەت داۋاملاشماقتا. ئۇ بولسىمۇ ئابىدىدىن نەقىل ئالغاندا ئەسلى مەتنىنى ئالماي، ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى ياكى ھازىرقى زامان تىلىدىكى يەشمىسىنى ئېلىش ئادىتى. مېنىڭچە بۇ ئىلمىي ئۇسۇل ئەمەس. بۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ: ئابىدىنىڭ ئەسلىسى ئۇنتۇلۇپ، ئۇ بىر كادىرماش نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ «بىلىك» ھەققىدىكى ماقالىلەردە كۆپرەك ئۇچرىماقتا. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئەسلى تېكىستىنى بارغانسېرى ئۇنتۇلۇپ، ئۇنىڭ نەزمىي يەشمىسى تارقالماقتا. يەشمە ــ مەيلى ئۇ نەزمىي ياكى نەسرىي ئۇسلۇبتا بولسۇن ــ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھازىرقى زامان تىلىدىكى چۈشەندۈرمىسى، خالاس! مەتبۇئات ساھەسىنىڭ بۇ ئەھۋالغا دىققەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

— 1986 ـ يىلى سىز ئامېرىكىدا ئېچىلغان خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتىڭىز. بۇ يىغىن ۋە ئۇ يەردە سىز ئۇچراشقان چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلار ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز!

— 1986 - يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرىدىن فېۋرالنىڭ بېشىغىچە ئامېرىكا كالىفورنىيە داشۆسى لوس ئانژېلوس شەھىرىدە «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» چاقىرىلدى. بۇ يىغىنغا جۇڭگو، ئامېرىكا، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە ... قاتارلىق 14 دۆلەت ۋە رايوندىن جەمئىي 47 ۋەكىل — تەتقىقاتچى قاتناشتى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى توققۇز كىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىككى نەپەر ئۇيغۇر بار ئىدۇق. يىغىنغا قاتناشقان تەتقىقاتچى — ئالىملارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى خەلقئارادا نوپۇزلۇق جۇڭگوشۇناسلار ھەمدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار خەلقلىرى ئەدەبىياتى بىلەن ئۇزۇن يىل شۇغۇللانغان مەشھۇر دوكتور ۋە پروفېسسورلار ئىدى. رەسمىي ئىلمىي مۇھاكىمە تۆت كۈن داۋاملاشتى، مەن بۇ يىغىندا «〈قۇتادغۇبىلىك〉 نىڭ جۇڭگودىكى تەتقىقات ئەھۋالى» دېگەن تېمىدا سۆزلىدىم. كېيىن، ئامېرىكا غەربىي ۋاشىنگتون داشۆسى شەرقىي ئاسىيا تەتقىقاتى مەركىزىنىڭ پروفېسسورى، «شەرقىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى ھېنرى. ي. شۋاررزى، گېرمانىيىلىك تۈركىيشۇناس نىكوراس پوپپې، گېرمانىيە ھامبۇرگ داشۆسىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور سېر. تاۋتېس قاتارلىق چەت ئەللىك پروفېسسورلار بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم.

پروفېسسور ھېنرى. ي. شۋاررزى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ توپلىنىشى، بۇ بايلىقنى قانداق مۇئامىلە قىلىنىۋاتقانلىقىغا ئۆزىنىڭ بەك قىزىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن قىسقىچە ئەھۋال چۈشەندۈرۈپ: «بىزدە مەخسۇس ئىلمىي مۇئەسسەسەلەر بار. بۇ مۇئەسسەسەلەر توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە ساقلاش جەھەتتىكى ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يەنە، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنى قەرەللىك توپلاپ ئېلان قىلىپ تۇرىدىغان 〈بۇلاق〉 ناملىق ژۇرنىلىمىزمۇ بار...» دېدىم. شۋاررزى ناھايىتى خۇشال بولدى. «مەن ئاشۇ ژۇرنالنى كۆرسەم بولامدۇ؟ ماڭا ئەۋەتىپ بەرسەڭلار ئىكەن!» دېدى ھاياجانلىنىپ.

چەت ئەل ئەدەبىياتشۇناسلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىلىمى چوڭقۇر ئالىملار ئاز ئەمەس ئىكەن. ئۇلار تۈركىي تىللارنى پىششىق بىلگەندىن باشقا، تۈركىي تىلدىكى كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنىمۇ پۇختا بىلىدىكەن.

لوس ئانژېلوستىكى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا چەت ئەل ئەدەبىياتشۇناسلىرىنىڭ شىنجاڭ خەلقلىرى ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا ناھايىتى قىزىقىدىغانلىقى، تەتقىق قىلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى...

— ۋاقىت چىقىرىپ، قىممەتلىك پىكىر - مۇلاھىزىلىرىڭىزنى ئىزھار قىلغىنىڭىز ئۈچۈن ئىنتايىن مىننەتدارمەن! سىزگە كۆپ رەھمەت، ئۆتكۈر ئاكا!








ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



源　泉（布拉克）（维吾尔文）总45期
MAGAZINE OF BULAK

بۇلاق (ئومۇمىي 45 - سان) (پەسىللىك ژۇرنال)
(UIGHUR LANGUAGE) QUARTERLY

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN 65-1063/I
本刊代号：58-108　定价：2.60元
ISSN 1005-0876/国外代号：Q 1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 108 — 58　باھاسى: 2.60
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: Q 1118